ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## خوتەن دەستىلىكى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار ، ئادەملەر ، ۋەقەلەر

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە

مەدەنىيەت ، مائارىپ ، تېبابەت

يىپەكچىلىك ، قاشتېشى ، گىلەمچىلىك

ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ھېكايەتلەر

خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، چۆچەكلەر (تاللانما)

خەلق داستانلىرى

يەر ناملىرى

خوتەن دىئالېكتى

كىتابلار ئۇچۇرى

چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن

كارخانىچىلار

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

11

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ISBN 7-5631-2040-8

ISBN 7-5631-2040-8
（维文）定价：27.30元

9 787563 120406 >



# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## خوتەن داستانلىرى


تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— خوتەن دىئالېكتى

**تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 13 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 0001 — 3050

ISBN 7—5631—2040—8
باھاسى: 27.30 يۈەن

# مۇندەرىجە

**خوتەن دىئالېكتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ................... 1**
ئابدۇللا سۇلايمان
قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ............. 1
خوتەن دىئالېكتىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ... 10
خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ... 14
خوتەن دىئالېكتىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى......... 17
خاتىمە.................................................... 23

**خوتەن دىئالېكت سۆزلۈكلىرى........................................ 29**
روزى سايىت
**كېرىيە شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش .......... 267**
ئابدۇرشات مۇساجان
مۇقەددىمە ............................................... 267
كېرىيە شېۋىسىنىڭ باشقا شېۋىلەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى ............................................... 273
كېرىيە شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ......... 277
كېرىيە شېۋىسىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ...... 300
كېرىيە شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ......... 334
خاتىمە ..................................................... 351

**گۇما شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى** ........................ 357
ئابدۇقادىر سادىر
گۇما شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى............ 358
گۇما شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ............ 370
گۇما شېۋىسىنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ......... 384
گۇما شېۋىسىنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ......... 396

# 目录

和田方言总论……………………………………………… 1

阿布都拉·苏来满

古于阗语发展进程……………………………………… 1

和田方言的语音特点 ………………………………… 10

和田方言的词汇特点 ………………………………… 14

和田方言的语法特点 ………………………………… 17

后记 ………………………………………………… 23

和田方言词汇 ………………………………………… 29

肉孜·沙依提

初考于田土言……………………………………… 267

阿布都日夏提·木沙江

序言………………………………………………… 267

于田土言与其它土言的关系……………………… 273

于田土言的语音特点……………………………… 277

于田土言的形态特点……………………………… 300

于田土言的词汇特点……………………………… 334

后记………………………………………………… 351

**皮山土言及其特点** …………………………………………… 357

**阿布都卡得尔·沙得尔**

皮山土言的语音特点 ………………………………… 358

皮山土言的词汇特点 ………………………………… 370

皮山土言的语法特点 ………………………………… 384

皮山土言的语义特点 ………………………………… 396



ئابدۇللا سۇلايمان

# خوتەن دىئالېكتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

## قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىل ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىلەرنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەنىدى. ئەمگەك — يەنى ياشاش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى ئىپادىلەيدىغان، مۇناسىۋەتلىشىدىغان ۋە پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان تىلنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغانىدى.

تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تىلنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ جەريان ئۇرۇقداشلىق، تائىپە، قەبىلە، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ھەرقايسى مىللەت تىلىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ھەمدە ھازىرقى زامان تىلىنىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇرۇق، تائىپە، قەبىلە تىللىرى ۋە شېۋىلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان جەرياندۇر.

بۇ ماقالىنىڭ تېما ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قىسقىلا ئەسلەتمىدىن كېيىن ئەسلىي بايانىمىزغا ئۆتەيلى.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغىنىغا بىر مىليون 700 مىڭ يىل بولدى دەپ قارىلىدۇ. گەرچە خوتەندە كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى تېخى بايقالمىغان بول-

سىمۇ، ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «12 مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا گۈزەل، كۆركەم خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇشقا باشلىغان»[1] ئىدى. شۇنداقكەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز 10 مىڭ يىللاردىن بۇرۇنقى زامانلاردىلا بۇ زېمىندا ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغانىدى. قەدىمكى ئۇدۇن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6-7 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، «قاشتېشى يولى» نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ قەدىمكى يۇرتتا ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇق-قەبىلىلەر تاش قورال ياساشتىن ئىبارەت بىر خىللا ئىجتىمائىي ئەمگەكلىك تۇرى بىلەنلا شۇغۇللىنىشتىن قاشتېشى يىغىش، قېزىش، چارۋىچىلىق، ئېكىنچىلىك، يىلىچىلىك، شەھەر-قەلئە ياساش، ھەر خىل ھۈنەر-سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشقىچە بولغان ئېتنو مەدەنىيىتىدە ئۆزىگە خاس بولغان تىلنى يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەگ-يىلتىزلىق تىللىرىغا ئۆتتۈشۈشنى، قوبۇل قىلىشنى، قوشۇۋېلىشنى، ياساشنى بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «خوتەن دىئالېكتى» نىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس ياراتتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 242-يىلى قۇرۇلغان ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مىڭ يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن تارىخىغا نەزەر سالساق، غەربىي يۇرتتا (ھازىرقى شىنجاڭدا) ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ ئۆزلۈكسىز كۆپەيگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، شۇ دەۋرلەردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئۇدۇن، گۇما، ئۇزۇنتات، نىيا قاتارلىق 30 نەچچە شەھەر بەگلىكلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى بۇ مۇھىم تۈگۈنلەر ئىچىدە ئۇدۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئالاھىدە كۆزنىكى بولغان. ھىندىستان ئارقىلىق تارقىلىپ، شىددەت بىلەن كېڭەيگەن بۇددا دىنى بۇ رايوننى بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان. ۋېي، جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن باشلاپ

[1] «گۆھەر زېمىن خوتەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل خەنزۇچە نەشرى 241-، 242-بەتلەر.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگىچە (مىلادىيە 220-يىلىدىن 907-يىلىغىچە) نۇرغۇن مەشھۇر بۇددا ئۆلىمالىرى ۋە راھىبلار ئۇدۇنغا كېلىپ تەلىم ئالغان ياكى نوم تەپسىرچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولغان. 872-يىلى (شيەنتۇڭنىڭ 13-يىلى) ئۇدۇن خانىنىڭ ساجۇ مىراۋۇلى جاڭ يىچاۋنىڭ جىيەنىگە يازغان بىر مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ خانلىق نامىنى «ئۇلۇغ ئۇدۇن دۆلىتى پەغپۇرى» دەپ ئاتىغان. ئۇدۇن ۋېساراخان جەمەتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىڭ يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن.

مىلادىيە 926-يىلى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى مۇسا ئارسلانخان شۇ چاغدا يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇدۇنغا قارشى «غازات» ئۇرۇشى قىلىپ، ئۇدۇننى ئۆزلىرىگە قارام قىلدۇرۇپ، ئىسلامىيەت دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن بولسىمۇ، قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلانغان ئۇدۇن ھۆكۈمدارلىرى ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، قەشقەرغىچە باستۇرۇپ بارغان. مىلادىيە 1006-يىلى قاراخانىيلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سۇلتانى يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئۇدۇن رايونىدىكى بۇددىستلارنى ئەسلىدىكى ئېتىقادىدىن ئۇزۇل-كېسىل ۋاز كەچتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان. ئۇدۇن ۋېسارا خانلىقى يىمىرىلىپ، بۇ رايون پەيدىنپەي تۈركلەشتۈرۈلگەن.

ئۇنداقتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى خوتەن رايونىدىكى ئاھالىلەر قايسى تىلنى ئىشلەتكەن؟ بۇ سوئالغا ئەلۋەتتە ئىنسانشۇناسلار، تىلشۇناسلار، تارىخچىلار قوللانغان مېتود ۋە ئۇسۇل بويىچە، بۇ رايوندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ۋە شۇ يادىكارلىقلاردا ئىشلىتىلگەن تىلغا؛ بۇ رايون ئاھالىسى ئىشلىتىۋاتقان ھازىرقى زامان تىلىدىكى قەدىمكى زامان تىل قالدۇقلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي يەكۇندۇر.

ئاشۇ ۋەسىقە-ھۆججەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق يازغان: «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى خىل تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارى-

لىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. سوغداق (Soɬdaķ)، كەنجەك (Kanqək)، ئارغۇ (Arɬu) ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ. چەت ئەللەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان خىتىن (hotan خوتەن)، تىبىت (tübüt تىبەت) ۋە تاڭغۇت (tanqut) لارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق. ئۇلار تۇركلەر ئىلگە كىيىنرەك كەلگەن»، «... تۇبۇتلارنىڭ ئايرىم تىلى بار، خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە يېزىقى بار. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى تۇرك تىلىدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ». بۇ بايانلاردىن تارىختا بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئايرىم تىل ۋە يېزىق قوللانغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئارخېئولوگلار 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن تاپقان تېپىلمىلار ئىچىدە توخرىلارغا ئائىت نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بارلىقىغا ئاساسەن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگە جايلاشقان ئاھالىلار ئومۇمەن قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تالىق بولغان توخرىلار ۋە ساكلاردىن ئىبارەت ئىدى، دەپ ھېسابلىماقتا. دەرۋەقە «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174-يىلىدىن 160-يىلىغىچە بىر قىسىم ساكلار ئىلىمىزنىڭ كەڭسۇ (گەنسۇ) رايونلىرىدىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى خوتەن ئېكىنزارلىقىدا يەرلىشىپ قالغان»①. بەزى ئالىملار: «ساكلارنىڭ تىلى ئالاھىدە تىل ئىدى، بۇگۇنكى كۇندە خوتەن بىلەن مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق قاتارلىق جايلىرىدا قەدىمكى ساكلارنىڭ شېۋىسى ساقلىنىپ قالغان»② دەپ ھېسابلاپ، قەدىمكى خوتەن تىلىنى «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتاشتى، شۇنداقلا دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا) غارلىرىدىن قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى «خوتەن ساك تىلى»دا يېزىلغان بىر مۇنچە ھۆججەت-ۋەسىقىلەرنىڭ بارلىقىغا، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ 10-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا (شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چۇنخۇا يىللىرى) يېزىلغانلىقىغا ئاساسەن

① ② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 19-، 21-، 22-بەتلەر.

«خوتەن رايونىدا 10-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ ساكلار ياشىغان. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ خان جەمەتلىرى ساكلاردىن بولغان»[1] دەپ قاراشقان. «ساك تىلى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گېرمانىيىلىك سانسكرىتشۇناس رودېسىنىڭ يۇقىرىقى ۋەسىقىلەردىكى تىلنىڭ شەرقىي ئىران تىلى شېۋىسىدىكى ساك تىلىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ بەرگەن نامى بولۇپ، گەرچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «ساك تىلى» دېگەن نامنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ھەمدە بۇ نام تىل جەھەتتە قەدىمكى خوتەن تىلىغا يېقىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، تارىخىي رېئاللىقنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەر ۋە غەربنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ساكلارنىڭ ئۇدۇننى بويسۇندۇرغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات چېلىقمايدۇ. جاڭ چيەن، بەن چاۋ، بەن يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدۇنلۇقلار بىلەن ساكلارنىڭ پەرقى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، ئۇلار باشقا-باشقا رايوندا ياشىغان، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇن يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بۇخىل تىلنى ئەزەلدىن «ساك تىلى» دەپ ئاتىمىغان، ئۇدۇنلۇقلارنى ساكلار دەپمۇ ئاتىمىغان.

ئۇدۇن رايونىغا تۈركلەر كىرىشتىن ئىلگىرىكى يوتقان خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان، ئىرق ئالاھىدىلىكى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرگۈچى بىر قىسىم رەسىملەر، خاتىرە، ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغان بەزى ئالىملار: يوتقانلىقلارنى ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ، تىلىنى «يوتقان تىلى» ، يەنى «خوتەن تىلى» دەپ ئاتىسا؛ بەزىلىرى ۋەسىقىلەردىكى تىلنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى ئىران تىلىغا مەنسۇپ دەپ قاراپ، «شەرقىي ئىران تىلى» ئىدى، دەپ ئاتىغان. بىراق خوتەن تىلىنىڭ ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى سوغدى تىلىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، يەنە بەزىلەر ئۇنى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا بايان قىلىنغان ئۇلۇغ ياۋچىلار تىلىغا، يەنى كوشان

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 19-، 21-، 22-بەتلەر.

تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان[1]. مەلۇمكى، تارىختىكى ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى بولغان كوشان ئىمپېرىيىسى مىلادىيە 120-يىلى خوتەن، يەكەن، قەشقەر خانلىقلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ رايونلارغا ئۇلارنىڭ تىلىنىڭمۇ تەسىر قىلغانلىقى تارىخىي پاكىتتۇر.

يەنە ئوخشاش بولمىغان قاراشلاردىن: «نىيا، ئۇدۇن، پىشامشان (چارقىلىق ئەتراپى) قاتارلىق جايلاردا ئاساسەن قەدىمكى ھىندىستان-نىڭ غەربىي شىمال شېۋىسى قوللىنىلاتتى، بۇ ئومۇمەن ‹نىيا ئاۋام تىلى دېيىلەتتى›» دەيدىغان؛ شۇنداقلا خوتەن رايونىدىن تېپىلغان مىلادىيە 2-ئەسىردىن ئىلگىرىكى كارۇشتى يېزىقىدا ھىندىستاننىڭ قارا تىلى (پراكىرت) دا يېزىلغان نوم بىتىگ «دارماپادا» غا ئاساسلىنىپ ئــوتتۇرىغا قويۇلغان قەدىمكى خوتەن تىلىنى «ھىندى تىلى» دەپ ئاتاشلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بىراق، قەدىمكى خوتەن تىلىنى نوقۇللا «ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ... شەرقىي ئىران تىلى... ھىندى تىلى» دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ياكى، بۇ تىلنى «ئىران تىللىرى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ تىل» دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ، تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئېنىقكى، ئوخشىمىغان ئىككى خىل تىل سىستېمىسىدىن ئەبجەش بىر تىل ھاسىل بولمايدۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. يەنى بىرى ئاساس، يەنە بىرى ياردەمچى بولىدۇ. ئاساس تىل لېكسىكا، مورفولو-گىيە جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازانسا؛ ياردەمچى تىل مەلۇم جەھەتتە لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئىزنى قالدۇرىدۇ. بۇ قائىدىگە قارى-غاندا، بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇدۇنغا كىرگەن پراكىرت تىلى (نوم تىلى) مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن لېكسىكا جــەھەتتىن بىر مەزگىل «ئۈستۈنلۈك» قازانغان بولسىمۇ، لېكىن

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 27-بەت.

«خوتەن تىلى»نى ھەممە جەھەتتىن بويسۇندۇرالمىغان[1]. بۇ يەكۈنىمىزنى تۆۋەندىكى ئىككى پاكىت تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەيدۇ: بىرى، مەشھۇر سەيياھ شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ خانىدانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر» (« 大唐西域记 ») دېگەن كىتابىنىڭ 12 ـ جىلدىدا: «قۇستانا (خوتەن) يېزىقىنىڭ قائىدىسىدە ھىندىستان يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، ئۇنىڭ شەكلى ئازراقلا ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما، تىلى بولسا بۇ ئەلدىكى ئاھالىنىڭ مىجەزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ تىلىدىن پەرقلىنىدۇ؛ ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، جۇڭگو تىلىنىڭ ئۆزگەرمىسىمۇ ئەمەس» دەپ يازسا، يەنە بىرى، ياپونىيە تارىخچىسى يۇتىيەنخېڭ «ئاۋرېل ستەيىن نىيا خارابىسىدىن تاپقان كارۇشتى يېزىقىدىكى خاتىرىلەرنىڭ تىلى ھەقىقەتەنمۇ ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، ئىران تىلىمۇ، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلىمۇ ئەمەس ئىدى»[2] دەپ يازغان. يۇتىيەنخېڭ ئەپەندى: «بۇ تىل تۈركىي خەلقلەر بۇ يەرگە كىرىشتىن بۇرۇن، مۇشۇ رايوننىڭ ئېغىز ۋە يېزىق تىللىرىدا ئىشلىتىپ كەلگەن تىل بولۇپ، بەزى ئالىملار بۇ تىلنى ‹ئۇدۇن تىلى› ياكى ‹خوتەن تىلى› دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ‹ئىران تىلى› ياكى ‹شەرقىي ئىران تىلى› دەپ قارايدۇ. ئەگەر ‹ئىران تىلى› دەپ قارىلىدىغان بولسا، ‹خوتەن تىلى›نى ‹سوغدى تىلى› بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بۇ تىلنىڭ دەسلەپكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز»[3] دەيدۇ.

دەرۋەقە قەدىمكى خوتەن تىلىدا يۇقىرىقى تىللاردىكى ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلالمىساقمۇ، شۇنداقلا بۇ رايوندا مىڭ يىلغا يېقىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بۇددا دىنى تەسىرىدىن، ئاھالىلەر تىلىغا ھىندى تىلى (پراكرىت) ئاستا-ئاستا سىڭىشكە باشلاپ، سانسكرىتچە ئامىللارنى پەيدا قىلغانلىقىنى چەتكە قاقمىساقمۇ، قەدىمكى خوتەنلىكلەر قوللانغان بۇ تىلنىڭ «ئۇدۇن تىلى» ياكى «قەدىمكى خوتەن تىلى» ئىكەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىغان.

---

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 1-نەشرى.
② ③ يۇتىيەنخېڭ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 1-نەشرى.

«تەكلىماكاننى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىر قانچە خىل دىن ۋە بىر قانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىلىرى بولغىنىدەك، بىر قانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭمۇ ئۇچرىشىش ۋە ئارىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى مەلۇم ... خوتەن بوستانلىقلىرىدا مانا مۇشۇنداق ئارىلىشىش قاتلامقاتلام يۈز بەرگەن. خوتەن دىئالېكتىدا بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ ئىزلىرى دېيىشكە بولىدۇ».

قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق يازغان: «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنجەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى ‹ئېلىف› (Elip) نى ‹ھ(h)› غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز. مەسىلەن، تۈركلەر ‹ئاتا› نى ‹اتا› (ata) دېسە، ئۇلار ‹ھاتا› (hata) دەيدۇ؛ تۈركلەر «ئانا» نى ‹انا› (ana) دېسە، ئۇلار ‹ھانا› (hana) دەيدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقان بۇ خىل تىل ئادىتى خوتەن دىئالېكتىدا ھازىرمۇ قىسمەن ساقلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئالاپۇ ـ ھالاپۇ (يالغانچى، پوچى)، ئىلدام ـ ھالدام (تېز، چاپسان)، ئالاڭ ـ ھاللاڭ (ئوچۇق)، ئابدال ـ ھابدال (تىلەمچى)... دېگەنلەردەك.

قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ تۈركچىلىشىشىگە كەلسەك، خوتەن رايونى «ئىسلامىيەتتىن كېيىن پۈتۈنلەي تۈركلىشىشكە باشلىغان» دېيىلسىمۇ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ناھايىتى ئاستا تۈركچىلىشىشكە باشلىغان بۇ تىل تاكى 11-ئەسىردىمۇ تۈركچىلىشىش جەريانىنى تاماملاپ بولالمىغان. خوتەن قاراخانىيلار تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ 50 يىلدىن كېيىن ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خوتەنلىكلەرنى «ئىككى خىل تىل بىلىدىغان» دەپ ئىزاھلىشىمۇ بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك، 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ دەسلەپتە ئىسلامىيەت قوشۇنلىرى، ھاكىمىيەت مەمۇرلىرى، كېيىنچە يەر ئۆز-

لەشتۈرۈش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ھەرخىل قەبىلىلەر (ياغما، قار-لۇق، ئوغۇز، چىگىل، قارچۇق، چارۇق، چۇمۇل، مەركىت ۋە باش-قىلار) خوتەن رايونىغا كۆچۈپ كەلگەچكە، 12-ئەسىردە «خاقانىيە» تىلىنىڭ، 15 - 16-ئەسىرلەردە «چاغاتاي تىلى» نىڭ تەسىرى بىلەن ۋە قەدىمكى خوتەن تىلىنى تەگ-يىلتىز قىلىپ، بۇ رايوندا يېقىنقى ئەسىرلەردە «قەشقەر تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى مەيدانغا كەلگەن. بۇ دىئالېكت-شېۋىلەردە ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، ھۈنەر-سەنئەتلىك خەلقنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك، تېبابەتچىلىك ساھەلىرىدە؛ مەنىۋى ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان فولكلور، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتلەردە ياراتقان مول ئىجادىي تۆھپىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، پەقەت مۇشۇ رايونغا خاس بولغان جانلىق، ئوبرازلىق سۆزلەر، ئاتالغۇ، ئۇقۇملار ئىجاد قىلىنغان.

كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللاردىن سىرت، بۇ رايوندىكى يۈلتۇزلار تۈركۈمىدەك ئۆزۈك بوستانلىقلار ۋە ئاھالە ياشىغان تاغلىق جايلار مۇساپىسىنىڭ بىر-بىرىگە يىراق بولۇشى، بولۇپمۇ بۇ بوستانلىقلار ئاھالىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىكى يىراقلىقى سەۋەبىدىن تەكلىماكاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى باشقا جايلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش، ئارىلىشىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى قاتارلىق ئامىللار قوشۇلۇپ خوتەن رايونىدا بىر دىئالېكت بەلۋېغى شەكىللەنگەن.

فونېتىكا، گراماتىكا بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن خېلى بىر قىسىم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە خوتەن دىئالېكتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاكتىپ، ئىجابىي تەسىرى ئارقىلىق بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان پەيدىنپەي ئەدەبىي تىل نورمىسىغا چۈشكەن ۋە چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، ھېلىھەم بەزى چەت يېزا-كەنتلەر، تاغلىق رايونلاردىكى ئاھالىلارنىڭ جانلىق تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل نورمىسىدىن (فونېتىكا، لېكسىكا جەھەتتىن) قىسمەن پەرقلىنىپ تۇرماقتا.

شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش لازىمكى، تىلشۇناسلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈچ چوڭ دىئالېكتىنىڭ بىرى دېيىلگەن خوتەن

دىئالېكتى رايوندا يەنە فونېتىكا، گراماتىكا بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن بەزى پەرقلەرنى ساقلاپ كەلگەن «گۇما شېۋىسى»، «قاراقاش شېۋىسى»، «ئىلچى شېۋىسى»، «لوپ شېۋىسى»، «كېرىيە شېۋىسى» (چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇلار خوتەن دىئالېكتىنىڭ شېۋە رايونلىرىدۇر. بۇ شېۋىلەر خوتەن دىئالېكتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مەيلى خوتەن دىئالېكتى ياكى خوتەن دىئالېكتىنىڭ يۇقىرىقى بەش شېۋە قاتلىمى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكتلىرى بىلەن بولغان پەرق - ئۆزگىچىلىكلىرى پەقەت تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسى ۋە لۇغەت تەركىبىدە كۆرۈلۈپ، گراماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدە پەرقلەر يوق دېيەرلىك.

# خوتەن دىئالېكتىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

خوتەن دىئالېكتىدىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر تاۋۇش ئۆزگىرىشى، ئاجىزلىشىشى، چۈشۈپ قېلىشى، كۆپىيىپ قېلىشى ۋە تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيىسى قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

**1. تاۋۇش ئۆزگىرىشى جەھەتتە**

بۇ دىئالېكتتا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ئاساسەن بۇزۇلغان بولۇپ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بىر قەدەر ئاجىز. مەسىلەن: كۆزۈڭ ← كۆزەڭ، ئويۇن ← ئويان، ئۆلۈم ← ئۆلەم، ئۆتۈك ← ئۆتەك، توكۇر ← توكا، قولۇم ← قولام ... دېگەنلەردەك.

ئەدەبىي تىلدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئۆ» تاۋۇشى بۇ دىئالېكتتا «ئو» دەپ؛ «ئۈ» تاۋۇشى «ئۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: جۈپ ← جۇپ، گۆش ← گوش، گۈل ← گۇل ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى چۈشۈپ قې-

لىپ، ئەدەبىي تىلدىكى «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەر-نى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن: ھوشيار ← ئۇشىشا، ھەشقاللا ← ئەشقاللا، ھۆل ← ئۆل ... دېگەنلەردەك.

بۇخىل تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە، بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كېلى-دىغان «ئا» تاۋۇشىنىڭ مۇئەييەن شەرت ئاستىدا ئۈزۈك تاۋۇشقا (مە-سىلەن: بارىدىكەن ← بارتكەن، ئالىدىكەن ← ئاتكەن. . . ) ئايلىنى-شى؛ سۆزلەر ھەرخىل شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، شۇ سۆزدىكى ئۈچ شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدا كەلگەن بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ «ت» تاۋۇشىغا (مەسىلەن: قىلىمەن ← قىتمە، كېلىدۇ ← كىتۇ. . . ) نۆۋەتلىشىشىنى كۆرستىش مۇمكىن.

تۈرلىنىشى ۋە ھېچقانداق گىراماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىسىمۇ، بىر قىسىم سۆزلەردىكى بىرىنچى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرى-شى، خوتەن دىئالېكتىدىكى فونېتىكىلىق ھادىسىدۇر. بۇ جەھەتتە: «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ «ئە» بولۇپ كېلىشى؛ «د» تاۋۇشىنىڭ «ت» بولۇپ (مەسىلەن: ئوقۇيدۇ-ئوقۇيتۇ، ئىشلەيدۇ-ئىشلىتۇ. . . ) كېلىشى؛ «ھ» تاۋۇشىنىڭ «ي» بولۇپ (مەسىلەن: ھېساب - يىساب، ھېكايە - يېكايە. . . ) كېلىشى؛ «ئا» تاۋۇشىنىڭ «ئە» بولۇپ (مە-سىلەن: ئادەم - ئەدەم، لاسىدە - لەسىدە. . . ) كېلىشى؛ «ئې» تاۋۇشىنىڭ «ئى» بولۇپ (مەسىلەن: كېچە - كىچە...) كېلىشى؛ تۈپ سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «چ» تاۋۇشىنىڭ «ش» بولۇپ (مەسىلەن: قىزغۇچ-قىزغۇش، ئاچقۇچ - ئاچقۇش. . . ) كېلىشى قاتارلىقلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

بۇ دىئالېكتتا ئايرىم سۆزلەردە كېلىدىغان «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا (مەسىلەن: ئۆيگە كىرىڭ - ئۆيگە كىيىڭ، ئۆيگە سۇ كىرىپتۇ - ئۆيگە سۇ كىيىپتۇ. . . ) نۆۋەتلىشىدۇ. بىراق، بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا كېلىدىغان «ق // ك // پ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆز-لەرگە ئۇلانغاندا «غ // گ // ۋ» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمەيدۇ.

## 2. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

خوتەن دىئالېكتىدا بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار

ئۆلىنىپ، بىرىنچى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە كەلگەندە تاۋۇش ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

گەپ+ئىم= گېپىم ـ گىپىم، بەل+ئىم=بېلىم ـ بىلىم ... ۋە باشقىلار.

ئەدەبىي تىلدا «يە// دە» دېگەنگە ئوخشاش بىر ئوچۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن ئوچۇق بوغۇم ئۆزگەرسە، شۇ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلاشمايدۇ. بىراق، بۇ دىئالېكتتا بىر قىسىم سۆزلەردىكى بوغۇم ئۆزگىرىشى تۆپەيلىدىن تاۋۇش ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

دەيلى ـ دېيلى، دەيمىز ـ دېتۇ، قىلايلى ـ قېتىمىز ... دېگەنلەردەك.

بۇ دىئالېكتتا مەلۇم كونكرېت شارائىتتا جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئالمىشىپ، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

پىياز ـ پىشاز، يۆتەل ـ ھۆتە، يىپ ـ شىپ، يىك ـ شىك، يىلىك ـ ھىلىگ

### 3. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، خوتەن دىئالېكتىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇلارغا: «ر» تاۋۇشى ساناق سانلار تەركىبىدە كەلگەندە (مەسىلەن: قىرىق ـ قىخ، بىر ـ بىي. . .)؛ «ر» تاۋۇشى ئىسىم، پېئىل سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە (مەسىلەن: ھارۋا ـ ھايۋا، بارىمەن ـ بايىمە، رادىئو ـ يادىئو. . .)؛ «ر» تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە// ئى» لارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەندە (مەسىلەن: كىرپە ـ كىپە، گىردە ـ گىدە. . .)؛ «ي» تاۋۇشى كۆپ بوغۇملۇق پېئىللاردا «ر// ق» تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە (مەسىلەن: سايرىماق ـ سارىماق، ئايرىلماق ـ ئارىلماق. . .)؛ «ي» تاۋۇشى مەلۇم سۆزلەردە «س// چ» تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە (مەسىلەن: قايچا ـ قاچا، قايسى ـ قاسى. . .)؛ بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن «ھ» تاۋۇشى بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇ-

مىدا بوغۇم بېشى ياكى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە (مەسىلەن: مەسلىھەت ــ مەسلەت، ئەھۋال ــ ئەۋال...) چۈشۈپ قېلىشىنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

## 4. تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى

ئەدەبىي تىلدىكى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بەزى سۆز-لەرنىڭ ئالدىغا، بۇ دىئالېكتتا بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تاۋۇش ئاجىزلىشىپ، شۇ سۆزدە بىر بوغۇم كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ھاك ــ ئاھاك، ھېكى ــ ئاھېكى... دېگەنلەر-دەك.

يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ 3-شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن ئورۇننى، تەرەپنى بىلدۈرىدىغان «ئاستى // ئۈستى...» دېگەندەك رەۋىشلەر كېلىشلەر بىلەن تۇرلەنگەن-دە، كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى بىر «ن» تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئۈستىدە ــ ئۈستىندە، ئاستىنىڭ ــ ئاستىن-نىڭ ... دېگەندەك.

## 5. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى

خوتەن دىئالېكتىدىكى مۇھىم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكنىڭ يەنە بىرى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسى-مىلياتسىيىلىشىشى، بولۇپمۇ سۆزلەرگە ھەرخىل قوشۇمچىلار ئۇلان-غان ئەھۋالدىكى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشىنىڭ كۆپرەك كۆرۈلۇ-شىدۇر. بۇ جەھەتتە: «چ // ش» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە «س» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، تۈپ سۆز ئاخىرىدىكى «چ // ش» تاۋۇشلىرىنىڭ «س» تاۋۇشىغا (مەسىلەن: چۈشسەم ــ چۈسسەم، كەچسەم ــ كەسسەم...) ئۆزگىرىشىنى؛ «ت» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە «س» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇم-چىلار ئۇلانغاندا، تۈپ سۆز ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشىنىڭ «س» تاۋۇ-شىغا (مەسىلەن: كەتسۇن ــ كەسسۇن، ساۋاتسىز ــ ساۋاسسىز...) ئۆزگىرىشىنى؛ «ت» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان قىسمەن سۆزلەرگە «چ» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، تۈپ سۆز ئاخى-رىدىكى «ت» تاۋۇشىنىڭ «چ» تاۋۇشىغا (مەسىلەن: سائەتچى ــ سا-

ئەچچى، سەنئەتچى ـ سەنەچچى. . . ) ئۆزگىرىشىنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «ز» تاۋۇشى بىلەن «س» تاۋۇشىنىڭ، «ن» تاۋۇشى بىلەن «ل» تاۋۇشىنىڭ (مەسىلەن: قانلىق ـ قاللىق، جانلىق ـ جاللىق. . . ) ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى كۆرۈلىدۇ ھەمدە بۇ خىل تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى سەۋەبىدىن بەزى سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئەجەب ـ ھەجەب / ھېجىپىي، ھەشقىپىچەك ـ ئەشقىپىچەك / ئاشقىپىچەك. . . دېگەنلەردەك.

بۇ دىئالېكتتا يەنە «ت» تاۋۇشى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تىل ئۇچى ئۇزۇك تاۋۇش بولغان «ت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «دۇرۇر// تۇرۇر// ئۇرۇر» لارنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇلار لوپنۇر دىئالېكتىدا بىر «د» شەكلىدە ساقلىنىپ كەلگىنىدەك، بۇ دىئالېكتتىمۇ بىر «ت» شەكلىدە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

| خوتەن دىئالېكتىدا: | چاغاتاي تىلىدا: | قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: |
|---|---|---|
| كېتىمىز | كەلەدۇرمىز | كەلىپ تۇرۇرمىز |
| ئېيتتىمە | ئەتەدۇرمەن | ئېتە تۇرۇرمەن |
| يانتىمىز | ياناۋدۇرمىز | يان تۇرۇرمىز |

## خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

ماقالىمىزنىڭ بېشىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل ئامىل، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىيەت، ھۈنەر-سەنئەت جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەر تۈپەيلىدىن خوتەن دىئالېكت رايونىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تەڭدىشى يوق نۇرغۇن سۆز-ئاتالغۇ، ئۇقۇملار ھەم ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلىگەن ۋارىيانتلىرى بار. بۇ مۇستەقىل سۆزلەر ئىچىدە ئىسىملار كۆپرەك، ياردەمچى سۆزلەر ئىچىدە ئىملىق، ئۇندەش، ئۇلا-

ـمىلار كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇخىل لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكىدەك (ئىلاۋە: دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلۈكلىرى ھەرپ تەرتىپى بويىچە مەخسۇس سەھىپىدە كۆرسىتىلگەچكە، بۇ يەردە پەقەت زۆرۈردىيەت ۋەجىدىن ئازلا مىسال ئېلىنىدۇ) كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرى، ھۈنەر-سەنئەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇشۇ رايونغا خاس بولغان سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

2. بۇ دىئالېكتتىكى قىسمەن سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى مەنە دائىرىسى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ ياكى پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «كاداڭ» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «تەجرىبىلىك، پىشقان ئادەم...» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بۇ دىئالېكتتا «ھاكاۋۇر، مەنمەنچى. . .» دېگەندەك مەنىدە؛ «گاداي» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «نامرات، يوقسۇل» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بۇ دىئالېكتتا «ياشانغان، قېرى كىشى. . .» دېگەندەك مەنىدە؛ «يامان» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «ئەسكى» مەنىسىنى بىلدۈرسە، بۇ دىئالېكتتا دەرىجە رەۋىشى ئورنىدا كېلىپ، «ناھايىتى، ئىنتايىن» دېگەن مەنىدە (بۇ ئادەم يامان كۈچلۈككەن. . .) قوللىنىلىدۇ.

3. بۇ دىئالېكتتا قىسمەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش بولسىمۇ، فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: مۇت ـ بىكار، ھەقسىز / ئۆملاقمان ـ ھەمىشە، دائىم/ تەممەت ـ مۇتلەق، پۈتۈنلەي/تەدان ـ قۇۋ، ھىيلىگەر / پەلتەڭ ـ ئەپكەش ... دېگەندەك.

4. بۇ دىئالېكتتا ھەم ئەدەبىي تىلدىكى سۆزنى ھەم دىئالېكت-شېۋە سۆزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش ئەھۋاللىرى بار. مەسىلەن: زادى ـ زادى/غولى، راستىنلا ـ راستىنلا / چىمپىششىغ، قاۋۇل ـ قاۋۇل / گەۋرى. . . دېگەنلەردەك.

5. بۇ دىئالېكتتا قىسمەن سۆزلەر ئەدەبىي تىلغا ياندىشىپ مەنىداش سۆز گۇرۇپپىسى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، خەلق ھەرئىككىسىنى چۈشەنسىمۇ، ئۆز شېۋىسى بولغىنىنى كۆپرەك قوللىنىدۇ. مەسىلەن: گال ـ پوكان / قوچۇش ـ مالتىلاش / چىرايلىق ـ ئۇز / جىق ـ

ئاۋۇن / دۆت ـ دېۋەڭ. . . دېگەنلەردەك.

6. بۇ دىئالېكتتا قانۇنىيەتلىك تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياكى ئالمىشىش ھادىسىلىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما، مەنە، تەلەپپۇز جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشايدىغان سۆزلەر بار. مەسىلەن: ئابرۇي ـ ئاۋۇي / ئىتتىك ـ يىتتىگ / ھۆپۇپ ـ ھۆپەپ / مۇشۇك ـ مىش / كارىۋات ـ كاتۇ / چويلا ـ چالۇ. . . دېگەنلەردەك.

7. بۇ دىئالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى ئاتالغۇلارنىڭ بىرقانچە خىل ئاتىلىشى بار. مەسىلەن: «تۇغۇش» دېگەن ئاتالغۇنى ئالساق، ئەدەبىي تىلدا «توخۇ تۇغدى، قوي تۇغدى. . .» دېگەندەك ھەممىسىگە «تۇغدى» سۆزى قوللىنىلسا، بۇ دىئالېكتتا «قوي قوزىلىدى، توخۇ تۇخۇم قۇيدى، كالا موزايلىدى، ئات تايلىدى، ئەچكۇ ئوغلاقلىدى. . .» دەپ قوللىنىلىدۇ.

8. بۇ دىئالېكتتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىلىق تەركىبلىرى ھازىرغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردىن ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىۋاتقانلىرى خېلى كۆپ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | خاقانىيە تىلىدا: | خوتەن دىئالېكتىدا: |
|---|---|---|
| پاكىز، ساپ | ئېرىغ | ئېرىغ |
| كۆپ، بەك | بىچاغ | بىچاغ |
| ئاستىن | ئالتىن | ئالتىن |
| ئوچۇق | ھاللاڭ | ھاللاڭ |
| تېز، چاپسان | شاپ | شاپ |
| ئىش ھەققى | مانجۇ | مانجۇ |
| تۆڭلۈك | تۇنۇك | تونۇك |

دېگەنلەردەك.

9. تارىخىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىۋى ئامىللار ۋە تىل تەرەققىياتى ئېھتىياجىدىن خەنزۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن بۇ دىئالېكتقا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن: ساي (ھازىر)، ساخۇ (گومۇش)، سەيپۇڭ (كىيىم تىككۈچى)، ئەمبەل (ئاشتاختا)، جۇسەي (كۇدە)، تېڭشا (ئاڭلا)، جا (ساختا)، خارەت (ياغاچ-

ـچى) ، كالپۇك (لەۋ) ، زەدەك (سەۋزە) ، سەگ (ئىت) ، چەپ (سول) ، زەدا (باي، پۇللۇق، زەردار) . . . دېگەنلەردەك.

10. بۇ دىئالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى ئۈلانمىلار (مۇ // چۇ // غۇ // قۇ // زە // يۇ // ئا // ئە // دە // لا // ھ قاتارلىقلار) بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولمىغان «ھاما // ھەدە // ھاما-ھاما // ھەدە-ھەدە // ھەدەڭ-ھەدەڭ // ھېچپىي // ھەكىمۋاتو // ھاسنوي // ھازنوي // ھەربادى ...» قاتارلىق ئۈلانمىلار ئېغىز تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇلار جۈملىلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئۇلانغان جۈملىلەرگە تەكىتلەش، سوراق، يېلىنىش، ئۆتۈنۈش، جېكىلەش، بەزلەش قاتارلىق مەنىۋى تۇسلەرنى بېرىپ، گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ.

11. بۇ دىئالېكتتا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان قىسمەن ئىملىق سۆزلەر بار. مەسىلەن: ھام // ھەئىئە // ھىئىئى // ھۆم // ھەھ. . . ھەھ . . . دېگەنلەردەك. ئۇلار مۇستەقىل مەنە بىلدۈرمىسىمۇ، جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، كونكرېت نۇتۇق شارائىتىدا جۈملىلەرگە گرامماتىكىلىق مەنە يۈكلەپ، ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

12. بۇ دىئالېكتتا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان «ھېجېن // ھېلىق // ھوجون // ئۇجۇن-ئۇجۇن // ھۇي // ھاي ...» دېگەندەك ئىملىق ۋە ئۈندەشلەر بولۇپ، ئادەتتە تەلەپپۇزدا جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، كەمسىتىش، يىرگىنىش، ھەيرانلىق، ئۆتۈنۈش، قورقۇش قاتارلىق ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ، جۈملىلەرگە گرامماتىكىلىق تۇس بېرىدۇ.

بۇ ئىملىق ۋە ئۈندەشلەرنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسى، گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى ئۈندەشلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

## خوتەن دىئالېكتىنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

بۇ دىئالېكتنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن فونېتى-

كىلىق ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن خېلىلا پەرقلىق.

**1. ئىسىم جەھەتتە:**

ئەدەبىي تىلدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ 1-، 2-شەخستە سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغانلىرى «ئىم// ئۇم// ئىڭ// ئۇڭ» شەكلىدە كەلسە، بۇ دىئالېكتتا «ئام// ئەم// ئاڭ// ئەڭ» شەكلىدە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: پۇت-پۇتۇم - پۇتام // قول-قولۇڭ - قولاڭ // كۆڭلەك-كۆڭلىكىم - كۆينىكەم // كۆز-كۆزۈڭ - كۆزەڭ // قۇلاق-قۇلىقىم - قولىقام . . . دېگەنلەردەك.

بەزىدە «ئۇ// ئۈ» سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ياسالغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە 3-شەخس قوشۇمچىلىرى بۇ دىئالېكتتا «ئىسى// سى» شەكلىدىلا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇن-ئۇنى - ئۇنىسى // پۇل-پۇلى - پۇلىسى // ئۆي-ئۆيى - ئۆيىسى. . . دېگەنلەردەك.

بۇ دىئالېكتقا خاس بولغان ئىسىملارغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ھۆللۈمەن+لىك=ھۆللۈمەنلىك // خارەت+چىلىك= خارەتچىلىك. . . دېگەندەك.

**2. سۈپەت جەھەتتە:**

سۈپەتلەرنىڭ ئوخشىتىش قوشۇمچىسى «دەك// تەك» بۇ دىئالېكتتا «دەي// تەي» بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: پاختىدەك - پاختىدەي // مۇشۇكتەك - مۇشۇكتەي. . . دېگەندەك.

بۇ دىئالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى سۈپەت ياسىغۇچى «لىق// لىك// لۇق// لۈك» قوشۇمچىسى ئوخشاشلا قوللىنىلىش بىلەن بىرگە، يەنە «لىگ// لەگ// لىغ// لۇغ» قاتارلىق جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان شەكىللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: زەيلىك - زەيلىگ // كۆزلۈك - كۆزلەگ // ئۇتۇقلۇق - ئۇتۇغلۇق // ئەقىللىق - ئېقىللىغ // ئۆلۈك - ئۆلەگ. . . دېگەندەك.

ئەدەبىي تىلدىكى سۈپەت ياسىغۇچى «ق// ئىق» قوشۇمچىلىرى-

نىڭ بۇ دىئالېكتتا «غ // ئىغ» بولۇپ (مەسىلەن: قايناق - قايناغ // قاتتىق - قاتتىغ) كېلىشىمۇ ئۇچرايدۇ.

كېلىدىغان زامان سۈپەتداش ئەدەبىي تىلىمىزدا «غا» مورفېمىسى ئارقىلىق ياسالسا، بۇ دىئالېكتتا «قان» مورفېمىسى ئارقىلىق ياسىلىدۇ (بۇ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئامىللارنىڭ بۇ دىئالېكتتا ساقلىنىشى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر). مەسىلەن:

ياندىغان - يانتىقان // كېتىدىغان - كېتتىقان // ئالىدىغان - ئاتقان // بارىدىغان - بارتقان... دېگەنلەردەك.

بۇ دىئالېكتقا خاس بولغان سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق يېڭى سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەك + ئۆز = بەكئۆز // هېۋەت + خور = هېۋەتخور... دېگەندەك.

## 3. سان جەھەتتە:

ئەدەبىي تىلدا دەرىجە سانىنى بىلدۈرۈشتە «چى» قوشۇمچىسى ئۇلانسا، بۇ دىئالېكتتا «جى» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىككىنچى - ئىككىنجى // بەشىنچى - بەشىنجى... دېگەنلەردەك.

## 4. رەۋىش جەھەتتە:

«پ // ىپ // ۇپ» لەر ئەدەبىي تىلدىكى رەۋىشداش ياسىغۇچى مورفېما بولۇپ، بۇ دىئالېكتتا بۇلاردىن «پ // ىپ» لا بار. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ شەكلى بولمىغاچقا، «ۇپ // ۈپ» ئورنىدا «ئاپ // ئەپ» كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇپ - ئوقاپ // سۆيۈپ - سۆيەپ // قونۇپ - قوناپ // كۆيۈپ - كۆيەپ دېگەنلەردەك.

بۇ دىئالېكتتا مەقسەت رەۋىشى ياردەمچى پېئىل «قوپ» بىلەن كەلسە، كەلگۈسى زامان بولۇشلۇق شەكلىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بارماقچى بولدۇم - باغىلى قوپتام // مېڭىشقا تەييارلاندىم - ماڭغىلى قوپتام // قىلماقچى بولۇۋاتىمەن - قىلغىلى قوپتام ... دېگەنلەردەك.

بۇ دىئالېكتتا خاس رەۋىشلەردىن مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقى-

لىق يېڭى رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: هوتناق+تەك= هوتناقتەك // هېقىي (لار) + چە= هېقىلارچە... دېگەندەك.

بۇ دىئالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى رەۋىشلەر قوللىنىلىش بىلەن تەڭ، شۇ رەۋىشكە مەنىداش كېلىدىغان شېۋىلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: دائىم - هىلاڭ // هەرگىز - هۆددەس // هازىر - ساي // بىكار - هەقسىز - مۇت ... // دېگەندەك.

**5. پېئىل جەهەتتە:**

خوتەن دىئالېكتىدا پېئىلنىڭ ئۆزىدىكى تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغان «غۇلۇق // قۇلۇق // گۇلۇك // كۇلۇك» تىن ئىبارەت زۆرۈرىيەت رايى بار. مۇئەييەن گىراممىتىكىلىق شەكىلگە ۋە گىراممىتىكىلىق مەنىگە ئىگە بۇ شەخسسىز قوشۇمچىلار پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا ئىپادىلىنىدىغان دەرىجە، بولۇشلۇق، بولۇشسىز، تۇس قاتارلىق گىراممىتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئۆتكۈزگۈلۈك (ئۆتكۈزۈش لازىم) // ئىشلەتكۈلۈك (ئىشلىتىش كېرەك) // بارغۇلۇق (بېرىش لازىم) // قوققۇلۇق (قورقۇش كېرەك)...

«ئۈزگۈلۈك ئايىنى، چىقىپ يەتتە قات كۆك قەرىدىن // سۈزگۈلۈك تاشپاقىنى ئوكيان-دېڭىزلار تەكتىدىن» (ماۋزېدۇڭ «جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش» تىن).

«غۇلۇق // قۇلۇق // گۇلۇك // كۇلۇك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىسىملارغا بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى بولمايدىغان؛ ئۆتكەن هەرىكەتنى بىلدۈرمەيدىغان؛ هەرىكەتنامىلاردەك ئىسىمنىڭ سان، شەخس كاتېگورىيىسى ۋە كېلىش شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنمەيدىغان؛ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكمەيدىغان ئالاهىدىلىكلىرى بار. گەرچە خاهىش، بۇيرۇق، زۆرۈرىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ شەكىل قىسمەن هاللاردا سۈپەتلەرگە ئوخشاش بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى (مەسىلەن: دېگۈلۈكنى دېدىڭ، يېگۈلۈكنى يېدىڭ...) بولۇپ كەلسىمۇ، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشتىنى ئومۇمىي ئەهۋال دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

خوتەن دىئالېكتىنىڭ پېئىللاردىكى روشەن ئالاهىدىلىكى هېساب-

لىنىدىغان بۇ شەكىلدە، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «گۇلۇك // كۇلۇك»؛ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «غۇلۇق // قۇلۇق» ئۇلىنىپ كېلىپ يەنە «يا» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: كۇلەيلى ـ كۇلگۇلۇك(يا) // كۆرەيلى ـ كۆگۇلۇك(يا) // بارايلى ـ باغۇلۇق(يا) // ياپايلى ـ ياپقۇلۇق (يا) ... دېگەنلەردەك.

پېئىل يىلتىزلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، «گەك // غاق» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن (مەسىلەن: بېرىدىغان ـ بەگەك // ئالىدىغان ـ ئاغاق) سۈپەتداشلارنىڭ ياسىلىشىنى؛ 1-شەخس بۇيرۇق رايىدىكى پېئىل يىلتىزىغا 1-شەخس قوشۇمچىسىنىڭ «ئى» شەكلىدە (مەسىلەن: بارايلى ـ بارىلى // كەتمەيلى ـ كەتمىيلى...)؛ «دا // تە» شەكلىدە (مەسىلەن: ئۆستۈردۈم ـ ئۆستەدىم // بولدۇردۇم ـ بولدادىم...) ئۇلىنىپ كېلىشىنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

بۇ دىئالېكتتا ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن كېيىن «تام // تەم»؛ بولۇشسىز ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىدىن كېيىن «دام // دەم» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، ئەدەبىي تىلدىكى ئېنىق ئۆتكەن زامان شەخس قوشۇمچىلىرى «دۇم // تۇم // دۇق // تۇق» ئۇلىنىپ كېلىدىغان شەكلىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: قوشتۇم ـ قوشتام // ئورمىدىم ـ ئومىدام // كۆرمىدىم ـ كۆمىدەم // ئۆتتۇق ـ ئۆتتەك... ۋە باشقىلار.

بولۇشلۇق-بولۇشسىز، ھازىرقى زامان خەۋەر رايىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان پېئىلدا دائىم قوللىنىلىدىغان ياردەمچى پېئىل «تۇر» قوشۇلۇپ، ئەدەبىي تىلدىكى ياردەمچى پېئىل «ۋات» شەكلىنى ھاسىل قىلسىمۇ، لېكىن، بۇ دىئالېكتتا «يات» شەكلى بويىچە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سۆزلەۋاتىدۇ ـ سۆزلەپ تۇرتۇ // ئالمايۋاتىدۇ ـ ئامايياتتۇ // كېلىۋاتىدۇ ـ كېلىپياتتۇ... دېگەنلەردەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر پېئىلىدا رەۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىغا «دىم // دىڭ» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ، ئاندىن «پ» قوشۇمچىسىنىڭ (مەسىلەن: قىلىۋىدىم ـ قىلىپتىم //

مېڭىۋىدى ـ مېڭىپتى // ياساۋىدىم ـ ياساپتىم. . . ) ئۇلىنىشىنى؛ گۇمانىي سوراق شەكلىدىكى 1-شەخس «ت» نىڭ سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچە بىلەنمۇ (مەسىلەن: يازمامدىمەن ـ يازمامتىمەن // بارمامدىمەن ـ بامامتىمەن // كۆرمەمدىمەن ـ كۆمەمدىمەن. . . ) ياسىلىشىنى؛ «سال» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت بولۇۋاتقانلىقىنى (مەسىلەن: دەپ تاشلىدى ـ دەپ سالدى // تىللاپ تاشلىدى ـ تىللاپ سالدى // ئۆرۈپ تاشلىدى ـ ئۆرۈپ سالدى. . . ) ئىپادىلىشىنى؛ «بوغاي» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ گۇمانىنى بىلدۈرىدىغان (مەسىلەن: كۆرگەندۇ ـ كۆرسە كۆرگەن بوغاي // ئالسا ئالغاندۇ ـ ئاسا ئاغان بولغاي. . . ) پېئىللارنى ياسايدىغانلىقىنى ھەممە بۇ دىئالېكتقا خاس بولغان پېئىللاردىن سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى پېئىللارنىڭ ياسىلىدىغانلىقىنى، بۇ دىئالېكتنىڭ پېئىللاردىكى خۇسۇسىيەتلىرى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**6. ئۇلانمىلار جەھەتتە:**

خوتەن دىئالېكتىدىكى ئۇلانمىلارنىڭ ئەدەبىي تىلدىن قايسى جەھەتلەردە پەرقلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:①

1) ئەدەبىي تىلدىكى ئۇلانمىلار پەقەت بىرلا بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. ئەمما، بۇ دىئالېكتتىكى ئۇلانمىلار ئىككى ياكى كۆپ بوغۇملۇق. ئەدەبىي تىلدىكى ئۇلانمىلارنىڭ قانداق تىل ھادىسىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلاش قىيىن بولسا، بۇ دىئالېكتتىكى ئۇلانمىلار لېكسىكىلىق مەنە بېرىدىغان سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشى بىلەن ئۇلانمىغا ئايلىنىپ قالغان (مەسىلەن: ھەئە دېگىن ـ ھە دېگىن ـ ھەدە// ھەئە دەڭ ـ ھەدەڭ. . . )

2) ئەدەبىي تىلدىكى ئۇلانمىلار ئومۇمەن جۈملە ئاخىرىغا ئۇلانسا، بۇ دىئالېكتتىكى ئۇلانمىلارنىڭ قوللىنىلىشى بىر قەدەر ئەركىن بولۇپ، جۈملە بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىسىدىمۇ (ئادەتتە

① ئۇلانمىلارنىڭ تۆت جەھەتتىكى پەرقى، مۇھەممەتئىمىن سابىرنىڭ «(ھ، ئۇلانمىسىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىكى ئورنى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989-يىل 3-سان) ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

يەككە ئۇلانمىلار جۇملە ئاخىرىدا، قوشما ئۇلانمىلار جۇملە بېشىدا) كېلىدۇ.

3) ئەدەبىي تىلدىكى ئۇلانمىلارنىڭ تەكرار شەكلى يوق. ئەمما، بۇ دىئالېكتتىكى ئۇلانمىلار تەكرارلىنىپ قوشما ئۇلانمىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ قوشما ئۇلانمىلارنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسى ئاددىي ئۇلانمىلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

4) ئەدەبىي تىلدىكى ئۇلانمىلار كونتېكستتا قاراتما سۆز بولۇپ كەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ دىئالېكتتا ئۇلانمىلار قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. يەنى بۇ ئۇلانمىلار ئېلىۋېتىلسە، جۇملىنىڭ مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. قوشۇلۇپ كەلسە، جۇملىدىكى ئوي-پىكىر ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

## خاتىمە

خوتەن دىئالېكتىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن شۇنى ئېيتىش لازىمكى، بۇ دىئالېكت مەركىزىي دىئالېكت ۋە لوپنۇر دىئالېكتىغا ئوخشاشلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئەدەبىي تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسىدۇر. بۇ مەنبە ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەدەبىي تىلنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، تىل تارىخى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئىگىلەپ، دىئالېكتلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ئازىيىشىنى، تىلنىڭ بىرلىككە كېلىپ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. ھاسىلات شۇكى:

1. خوتەن دىئالېكتى يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ماقالىنىڭ بېشىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، بۇ رايون تارىختا كۆپ قەبىلە، مىللەت ياشىغان؛ كۆپ دىنلىق، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقان؛ كۆپ خىل يېزىق قوللىنىلغان قەدىمكى بوستانلىق بولۇپ، بۇ يەردە

ياشىغان ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تىل-يېزىقى بىلەن مەيدانغا كەلگەن
بىباھا مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى،
جۇملىدىن ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزگىچە رەڭ-جۇلاسى بىد-
لەن كۆز چاقنىتىدۇ. بۇ دىئالېكتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى
ئۆزگىرىشلىرى ۋە قەدىمكى تىل ھادىسىلىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ قې-
لىشلىرى تىلشۇناسلىق، ئېتىمولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، توپونومىيە،
مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى، ئىنسانشۇناسلىق ساھەلىرىنى مول ماتېرى-
ياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. جانلىق يەر ئۈستى مۇزېي ھېسابلىنىد-
غان بۇ رايوندىكى شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن ھېسابسىز
فولكلور بايلىقى، ھۆججەت-ۋەسىقىلەر تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ
تۇرماقتا.

2. خوتەن دىئالېكتى باشقا دىئالېكتلارغا ئوخشاش، ئەدەبىي
تىلدا تەڭدىشى يوق سۆزلەرنى مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تىل تەتقىقا-
تىدىن قارىغاندا، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن باشلاپ، بۇ دىئالېكتقا
خاس بولغان خېلى بىر قىسىم سۆزلەر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان
ئىجتىمائىيەت، پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ،
ئەدەبىي تىلدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە. ئەپسۇسلىنارلىقى
شۇكى، بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە ئاتالغۇ، ئۇقۇملارنىڭ كۈنسايىن
مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار ياسىد-
لىپ ئۈلگۈرمەيۋاتىدۇ ياكى ياساشقا سەل قارىلىۋاتىدۇ. بۇ ھال «ئاتال-
غۇ، ئۇقۇم قەھەتچىلىكى» نى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئەدەبىي تىلدا ياسالغان بىرقىسىم ئاتالغۇ، ئۇقۇملار ئىخچام، ئوبراز-
لىق ئەمەس. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن دىئالېكت-
لارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ، مەنبەدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

3. خوتەن دىئالېكتى باشقا دىئالېكتلارغا ئوخشاش، ئەدەبىي
تىلدىكى كۆپ مەنىلىك، شەكىلداش، مەنىداش سۆزلەرنى بېيىتىدۇ
ھەمدە سۆزلەرنى ئىخچام، راۋان، ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئەدەبىي
تىلدا مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسى دېگەندەك كۆپ ئەمەس، بىر قىسىم
سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى «ئېنىق، راۋان، ئىخچام بولۇش» پرىنسىپىغا
ئەمەل قىلىنمىغاچقا، يېزىقتىلا قوللىنىلىپ، جانلىق تىلدا ئىشلەت-

مەسىلەك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. خەلق تەرىپىدىن ياسالغان سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولۇپ، مەنىداش سۆزلەرنى بېيىتىپلا قالماي، سۆزلەرنىڭ «ئېنىق، راۋان، ئىخچام بولۇش» نى تەمىن ئېتىپ، ئېغىزدىمۇ، يېزىقتىمۇ تەڭ ئىشلىتىش تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ.

4. خوتەن دىئالېكتى باشقا دىئالېكتلارغا ئوخشاش، چەت تىللاردىن كىرگەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ ۋە تىل ساپلىقى، تىل ئىزچىللىقىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

ھەرقانداق تىل باشقا تىللارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمىغىنىدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمۇ باشقا تىللاردىن كىرگەن ئاتالغۇ، ئۇقۇملار بىلەن ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ مىللەت بىللە ياشاۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تىل ئۆتۈنۈش نورمال ئەھۋال. بىراق، ئىپادىلەش قىيىن بولغان بەزى ئاتالغۇ، ئۇقۇملار خەلقىمىز ئىچىدە (دىئالېكت — شېۋىلەردە) بار تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى باشقا تىللاردىن ئىزدىمەي، ئاشۇ مەنبەدىن ئېلىشىمىز ياكى مەنبەدىن پايدىلىنىپ ياسىشىمىز لازىم.

تىل ئامىلى ئەۋلادنى ئەجدادقا ئۇلاپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر رىشتە. «گراماتىكا — تەگنىڭ تەسىرى ئەڭ ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان ساھە». باشقا دىئالېكتلارغا ئوخشاش، خوتەن دىئالېكت سۆزلىرىدە قەدىمكى تىل ئېلېمېنتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن مول. بۇخىل پايدىلىق تىل ئامىلى ئەدەبىي تىلنى بېيىتىپلا قالماستىن، ئەۋلادلار بىلەن ئەجدادلار ئارىلىقىنى قىسقارتىشقا، تىل ساپلىقى ۋە تىل ئىزچىللىقىنى قوغداشقا پايدىلىق.

ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن دىئالېكتى باشقا دىئالېكتلارغا ئوخشاش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلايدىغان ئاساسلارنىڭ، ئەدەبىي تىلدا ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىۋاتقان بەزى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى ئايرىشتىكى ياردەمچىلەرنىڭ بىرىدۇر.

# پايدىلانمىلار

1. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1-توم.
3. يۇ تيەنخېڭ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 1-نەشرى.
4. ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 1-نەشرى.
5. تۇراپ قاسىم، ئابدۇرېھىم زۇنۇن قاتارلىقلار تۈزگەن: ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي 1-نەشرى.
6. ئوبۇلقاسىم روزى: «خوتەن دىئالېكتى توغرىسىدا»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986-يىل 2-سان.
7. غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار: «دىئالېكتلار — ئەدەبىي تىلنى بېيىتىشنىڭ مەنبە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2003-يىللىق 1-سان.
8. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى».
9. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل 10-ئاي، 1-نەشرى.
10. مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل 1-نەشرى.

# «سۆزلۈك ئامبىرى» غا كىرىش ئالدىدا

خوتەن دىئالېكتى فونېتىكا، گراماتىكا جەھەتلەردە ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىئالېكت - شېۋىلەرگە سېلىشتۇرغاندا پەرقلەر كۆپ بولمىسىمۇ، لېكسىكا جەھەتتىمۇ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ دىئالېكتنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىكى پەرقلىرى ئالدىنقى ماقالىدە ۋە كېيىنكى ماقالىلەردە ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىلدى.

بۇ كىتابنىڭ تېما ئېھتىياجى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان تۆۋەندىكى «خوتەن دىئالېكت سۆزلۈكلىرى» خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم «سۆزلۈك ئامبىرى» دۇر.

«خوتەن دىئالېكت سۆزلۈكلىرى» — مەرھۇم خەلق شائىرى، جامائەت ئەربابى روزى سايىتنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەن، يىغىپ توپلىغان ۋە سېلىشتۇرۇپ ئورگىناللاشتۇرغان يېرىك ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

شائىر روزى سايىت ۋاپاتىدىن ئىلگىرىكى 10 يىللار داۋامىدا خەلق ئىچىدىن، ئــەدەبىي ئەنجۇمەنلەردىن، توي - باراۋەتلەردىن بىرلەپ، ئىككىلەپ، ئونلاپ «سۆزلۈك» توپلاپ، خۇددى ھەسەل ھەرىسى شىرنە يىغقاندەك بۇ بايلىقلارنى يىغىپ خاتىرىلىدى، سېلىشتۇردى، ئىزاھ يازدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگىكى ئۆزىنىڭ ئالدىن ئويلىشلغان پىلانى بويىچە بولغاندا، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشماقچىدى. شائىر كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ «سۆزلۈكلەر» نى تىلشۇناسلارغا، پېشقەدەم ئۇستازلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئالغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ نەشر قىلدۇرماقچى بولغانىدى. بىراق، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. شائىر جىسمىنىڭ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە تۆت يىل بولغان بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇ خالىس ئەمگىكىنىڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى، زامانداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى ۋە ھۆرمىتىنىڭ يەنە بىر ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، دىئالېكت تەتقىقاتىغا سۇنۇلغان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

كۆرسىتىش لازىمكى، خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئېتىمولوگىيە، سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە سۆزلەرنىڭ سېمانتىكا جەھەتتىكى تەھلىلى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. شائىرنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكىدە مانا بۇ جەھەتلەر

ئالدىن كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۈچ جەھەتتىكى ئىلمىي تەھلىللەر ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن، روشەن ئايرىلمىغان (بۇ ئاخىرقى بېكىتىشكە ئۆلگۈرەلمەگەنلىكتىن بولغان، ئەلۋەتتە). شائىر ئاشۇ تىنىمسىز توپلاش، رەتلەش داۋامىدا خوتەن رايونىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 70 ـ 90 - يىللىرىدىكى تىل ئىستېمالىدىن كۆرە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرى ھەم ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەزگىللەرنى نەزەرگە ئېلىپ، يېقىنقى 30 يىللار داۋامىدا خوتەن ئاھالىلىرى تىل ئىستېمالىدىن پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئورتاق بولۇپ كەتكەن (ئەسلىي خوتەن دىئالېكتى بولغان) سۆزلۈكلەرنىمۇ، بەزىلەر «چەت تىلدىن كىرگەن سۆز ئىدى» دېگەن قىسمەن سۆزلۈكلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ «خوتەن دىئالېكت سۆزلۈكلىرى» ئامبىرىغا كىرگۈزگەن.

بۇ قېتىم شائىرنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكىنى يەنىلا ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئارزۇسى ۋە قولىيازما (كارتا) ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىپ، قىسمەن تاللاش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقتىم.

«خوتەن دىئالېكت سۆزلۈكلىرى» ناملىق بۇ دىئالېكت ئامبىرىدا مول تىل ماتېرىياللىرى بىلەن بىر قاتاردا، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، خەلق قوشاقلىرى، ئەپسانە - رىۋايەتلەرمۇ شەرھى ئورنىدا خېلىلا كۆپ كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھال خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ بېيىتىپلا قالماستىن، بۇ رايوندىكى رەڭمۇرەڭ فولكلور بايلىقى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىش جەھەتلەردىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەب ـــ تىل سەنئەتكارى، ئەدەب ـــ مىللەت تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنى بېيىتقۇچى، ئەدەب ـــ ئۆز ئىجادىغا خەلق تىلىدىن ئىبارەت تەگ - يىلتىزدىن ئوزۇق قوبۇل قىلغۇچىدۇر. شائىر روزى سايىتنىڭ بۇ يىرىك ئىلمىي ئەمگىكى ۋە ماكان، زامان سىناقلىرىدىن ئۆتەلەيدىغان شېئىرىيىتى قوشۇلۇپ، ئاشۇ يۈكسەك باھانى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىشىنىمەنكى، بۇ «سۆزلۈكلەر» ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىز ئىزدەيدىغان، بىز ئەتىۋارلايدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتاشتۇرغۇچى ئۈزۈلمەس رىشتىگە ئايلىنىدۇ.

**ئابدۇللا سۇلايمان**

2005 - يىل سېنتەبىر، خوتەن

روزى سايىت

# خوتەن دىئالېكت سۆزلۈكلىرى

## ئا

**ئاپخان:** ئارپىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بۇغداي بىلەن بىرگە ئۆسۈپ قالىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈك. لېكىن، ئارپىدەك باشاق چىقىرىدۇ. ئاپخان ئارىلىشىپ قالغان داننىڭ ئۈنى قارا بولۇپ قالىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاپخان «ئارپاغان» دەپ يېزىلغان. م:

*«بۇغداينىڭ باھانىسىدا ئارپىخان سۇ ئىچىپتۇ».*

*مەككە دەپ ئۇرۇقنى سالسام، ئارپىخان ئۈنۈپ چىقتى.*

**ئاپقۇت:** ئۆتۈكنىڭ سوندجاق قىسمى، ئۈنى كۆن بىلەن ئەستەرلىك قىرىم ئارىسىغا تارشا ئېلىپ مولغۇي بىلەن قاتۇرۇپ ياسايدۇ. ياغىچىغا سۆگەت ياغىچى تاللىنىدۇ. م:

*بۇ ئۆتۈكنىڭ ئاپقۇتىغا ياخشى ئىشلىمىگەن گەپ. شۇڭا ماكچىيىپ كېتىپتۇ.*

كۆچمە مەنىدە بەزى تۇتامى يوق ئادەملەرنى «ئاپقۇتىنىڭ تايىنى يوق» دەپ تەنە قىلىدۇ.

**ئابايام:** بايا، ھېلىراقتا، سەل بۇرۇن. م:

*ئابايام باشقا گەپ قىلاتتىڭىز، ئەمدى بىلەك گەپ قىلىۋاتىسىز!؟*

**ئا ... ئە:** («ئا» تاۋۇشى سوزۇلىدۇ. «ئە» تاۋۇشى تېز چىقىرىلىدۇ) ۋادەرىخ، دەرىخا دېگەندەك ئۆزگە هاي بېرىش، تەسەللات قىلغاندەك ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. م:

*ئا ... ئە، ھەممىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە قويدۇم.*

*ئا ... ئە، قانداق قىلساڭلار*

*ئۆزەڭلارنىڭ ئىشى، مېنى ئاۋارە قىلـ*
*ـماڭلار.*

**ئاسمان ياغدى** (تاغ سۆ-
زى) : يامغۇر ياغدى. كېرىيە،
نىيە تاغلىرىدا «هاۋا ياغدى»
دەيدۇ.

**ئابـدىنىكام** (ئابـدىـنـ-
ـكـام — ئابدان) : ناهايىتى
مەخپىي، ناهايىتى ئوبدان بىر
نەرسە. ئاساسەن بىر - بىرىنى
ئەركىلىتىش، بىر-بىرىگە قىـ-
ـزىقتۇرۇش تەرىزىدىكى هېسسىـ-
ـياتنى ئىپادىلەيدۇ. م:
*— ماڭا نېمە ئالغاچ كەلدىڭ؟*
*— ئابدىنىكام ئابدان بىرنەر-*
*سە ئەكەلدىم، ئۆزەڭ تاپ.*
*— كىم ئەۋەتتى؟*
*— ئابدىنىكام ئابدان كىشى.*
ئاساسەن كىچىك بالىلار-
نىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن
بۇ سۆز قوللىنىلىدۇ.

**ئـاڭـقـىرىش:** پەرق ئېـ-
ـتىش، هېس قىلىپ چۈشىـ-
ـنىش، بىلىش. م:
*سىزنى غەرەزئاڭقىرىدىغان ئا-*
*دەم دېسەم، ئۇنداق ئەمەسكەنسىز.*

**ئاياق:** ياغاچتىن ئويۇپ
ياسالغان تاماق قاچىسى. بۇ
خىل قاچىدا تاماق ئاسان سو-
ۋۇيدۇ. شۇڭا خوتەننىڭ شە-
هەر-يېزىلىرىدا ئاياقتا ئاش يې-
يىش ئۇدۇمغا ئايلانغان. كلاس-
سىك شېئىرلاردا «ئاياق» سۆزى
كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ، مەي -
شاراب ئىچىدىغان قەدەھ ئىدى.

**ئايخاڭزا:** ئۇيغۇر ئايالىـ-
ـرىنىڭ قۇلىقىغا سالىدىغان زىنـ-
ـنەت بۇيۇمى، ئۇنىڭ چېچىلىپ
تۇرىدىغان زىغىزىغلىرى بار.
«ئالتۇندا ياسالغانلىرى» ئال-
تۇن ئايخاڭزا، كۈمۈشتە ياسال-
غانلىرى «كۈمۈش ئايخاڭزا»
دېيىلىدۇ. م:

*ئايخاڭزاڭ قۇلاقىڭدا،*
*قارايمەن ياراشقانغا.*
*خەق سېنى مېنىڭ دەپتۇ،*
*بەرمەيمەن تالاشقانغا.*

**ئاياغلىغ:** خامان تەپكەنـ-
ـدە مالنىڭ ئايىغىغا تاشلىنىدىـ-
ـغان ئەنجۇ.

**ئايپاڭ:** ئايپاڭۋاش، ئاي-
پاڭ يەر (پارقىراق يەر) ، ئاي-
پاڭ كۆل (كەڭ كۆل) . ئاي-
پاڭ سۆزى كۆچمە مەنىلەردە
كۆپ قوللىنىلىدۇ.

**ئاۋلاق** (ئاق كېسەل) :
خەلق ئارىسىدا «سالما يېگەن
توخۇنىڭ تۇخۇمىنى يېسە، ئاۋ-
لاق بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان
چۈشەنچىلەر بار. كۆچمە مەنـ-

لەردە بۇ سۆزنى ھاقارەت، كەمە-
سىتىش تەرىزىدە كۆپرەك ئىشلى-
لىتىدۇ.

**ئاۋاپ:** ئالدامچى، قاق-
تى- سوقتى قىلغۇچى. ھازىر-
قى ئىستېمالدىكى «قارىچى»،
«قويمىچى» دېگەن سۆزلەرگە
باراۋەر كېلىدۇ.

**ئاۋلەن** (بۇزۇلغان، ئا-
دەت سۆزى): ئالدى بىلەن،
دەسلەپ. م:

*ھازىر بۇ يەردە ئالشىپ ئول-*
*تۇرمايلى، ئاۋلەن تويىنىڭ ۋاقتى بىر*
*كەلسۇن قېنى.*

بەزى لەۋزىلەردە «ئاگە-
لەن» دەپ ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز
قىلىدۇ.

**ئاۋۇشلۇق:** مەھسۇلاتلى-
رىنىڭ كۆپىيىپ چىقىشى، ئەت-
كەن ئاشنىڭ ئېشىپ چىقىشىغا
ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىدۇ.
م:

*ئاق قوناقنىڭ مەھسۇلاتى بەك*
*ئاۋۇشلۇق ئىدى.*

*خانئىرىقنىڭ گۈرۈچىنىڭ ئې-*
*شى بەك ئاۋۇشلۇق چىقىدىكەن.*

ئەگەر بۇنىڭغا پېئىل قو-
شىنى بەرسەك، سۆز «ئاۋۇت-
ۇش» قا ئۆزگىرىپ، كۆپەي-
تىش، ئاشۇرۇش، لىقلاش،
جىقلاش دېگەندەك مەنىلەرنى
ئىپادىلەيدۇ. م:

*ئەمگەك كۈچىنى دەرھال ئا-*
*ۋۇتمىساق، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بول-*
*غىلى بولمىغىدەك.*

*ھەي، گەپنى ئاۋۇتمايلى، بى-*
*رىپ ئىشىمىزنى قىلايلى.*

**ئاۋۇنماق:** ئاۋۇندۇرۇش
ياكى ئاۋۇندۇرماق، كۆڭۈلنى
ياسىماق. بۇ سۆز ئاساسەن كۆ-
ڭۈلنى تىندۇرۇش، كۆڭۈلگە
تەسەللى قىلماقنى ئىپادىلەي-
دۇ. م:

*كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ قويۇپ*
*قىلغۇلۇقنى قىلىۋالدى.*

*مېنى ئاۋۇندۇرمىسلا، بولدى،*
*ئەمدى سىلىگە ئىشەنمەيمەن.*

**ئانىي:** بوزەك، ياۋاش.
«ئانىي» سۆزى باشقا سۆزلەر
بىلەن بىرىككەندە ئاندىن تولۇق
مەنە ئاڭلىتالايدۇ. م:

*بىزنى ئايال دەپ ئانىي تاپمە-*
*سىلا.*

*«ياۋاشنى ئانىي تاپىسا ئاخى-*
*رەتتە سورىقى بار».*

*قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى،*
*ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى.*
*بىزنى ئانىي تاپسىڭىز،*
*ئاخىرەتتە سورىقى.*

**ئانداغ:** «ئۇنداق، ئاند-

داق، مۇنداق» تىن كەلگەن.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا
«ئانتاغ» دەپ ئېلىنغان. م:
*قەن سالمىغان سىنچاپىنى،*
*ئىچكۇم كەلمەيدۇ.*
*ئانداغ - مۇنداغ يىگىتكە،*
*تەگكۇم كەلمەيدۇ.*

**ئاندىزگىن:** ئۇنىڭدىن
كېيىن، ئاندىن كېيىن دېگەن-
دەك تەكىت سۆزى بولۇپ، را-
يونلار بويىچە ئېيتىلىشى ھەر
خىل بولىدۇ. بەزىلەر «ئاندى-
كىن»، بەزىلەر «ئاندىگىدىن»
دەيدۇ. ئىشقىلىپ بۇ سۆز
جۈملىدە باغلىغۇچىلىق رولىنى
ئويناپ جۈملىلەرنى ئىزچىللاش-
تۇرىدۇ. م:
*بىرىپلا پىچاننى ھارۋىغا باس-*
*تىم، ئاندىزگىن كالىلارنى ئېغىلدىن*
*چىقاردىم.*

**ئاماق:** «ئامراق» سۆزى-
نىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشى.
بەزىلەر «ئوماق» مەنىسىدىمۇ
ئىشلىتىدۇ. م:
*ئاماق بالام، گەپ ئاڭلاڭ -*
*ھە؟*

**ئالەت:** ئەرلەرنىڭ ئۇياتى-
لىق جايى. ئەۋرەت دەپ چۈ-
شەنسىمۇ بولىدۇ. م:
*گەپىنى ئاز قىلىپ ئۆزىڭىزنى*
*تۈزەڭ، ئالىتىڭىزنى يۆگەڭ، ھاللاڭ*
*قاپتۇ.*

**ئالاغىلاپ:** ئالا - بۇلىماچ
قىلىپ زىننەتلەنگەن غىلاپ بو-
لۇپ، بۇ خىل غىلاپلارنى ئاس-
قان كىشىلەر كۆرەڭ، پوچى،
پەردازخور كەلگەچكە، «ئالاغى-
لاپ» دەپ ئۆزىگە لەقەم ئال-
غان. بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە
ئىستېمال قىلىنىپ، ھېيلى-
گەر، گەپ بىلەن جان باقىدى-
غان يۈزسىز ئادەملەرنىڭ قىيا-
پىتىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. م:
*ئالاغىلاپلىق قىلمىسىڭىز، كۆ-*
*ڭىلىز ئۆتمەيدۇ - ھە سىزنىڭ.*
*ئادەملەرنى ئوبدان تاللايلى،*
*ئارىمىزدىن بىرەر ئالاغىلاپ چىقىپ*
*قالمىسۇن.*

**ئالمىلاش:** چىرمىۋېتىش،
ئالماشتۇرۇپ باغلاش. بەزى جايلاردا
«ئالمىلەكلەپ» باغلاش دەيدۇ. ئال-
مىلەكلەپ باغلىغاندا بىرسى چىڭ
باغلىنىدۇ، يەنە بىرسى ئاسان يەش-
كىلى بولىدۇ. م:
*ئېشەكنىڭ بېشىنى ئالمىلەك-*
*لەپ باغلاڭ جۇما.*

**ئاللا - ئاللا:** جېدەل -
غوۋغا ئاۋازى. م:
*چاي ئىچىپ ئولتۇرساق ئاس-*
*تىن تەرەپتىن ئاللا - ئاللا چىقىپ*

كەتتى. *باللار يۈگۈرۈشۈپ كېتىش-
تى. ئاڭلىساق، جاغاللار بىلەن قارد-
ىلار ئىككى تام بولۇپ ئۇرۇشۇپتۇ
(جاغاللار «جاغال» لەقەملىك جە-
مەت، قارىمانلار «قارىمان» لەقەملىك
جەمەت)*.

*توۋلىشىپ ئاللا-ئاللا،
جاھاننى بىر ئالماڭلا.
كۆڭلۈڭلەرگە ئىنساپنى،
خۇدايىم بەرسۇن ياللا.*

**ئاتقۇچى:** پاختا، يۇڭ
ئېتىپ ھۈنەر قىلغۇچى. ئوق
ۋە يالارنى ئاتقۇچى (ئېتىش ما-
ھىرى). پو ئاتقۇچى.

**ئاتىلا:** ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ
بىرى. بۇغداي ئۇمىچى دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. ئۇنى بۇغداي ئۇننى
قازاندا قورۇپ، سارغايغاندىن
كېيىن سۇغا چېلىپ تەييارلاي-
دۇ. قىچا قاتارلىق دورا-دەر-
مەكلەر قوشۇمچە قىلىپ ئىچىد-
ىلىدۇ. زۇكامغا پايدا قىلىدۇ.
بۇ تاماق سەپەرگە چىققانلارغا نا-
ھايىتى باب كېلىدۇ. م:

*يەڭگەم ئېتىدۇ ئاش-ئاتىلا،
ئۇسسۇپ بېرىدۇ خام-خاتىلا.*

**ئاتىغ:** ئۇلاغقا ئارتىلغان
يۈكنىڭ ئۆزى ئاتىغدۇر، بۇ ئى-
سىم ئاساسەن مال-ئۇلاغلاردا
ئوتۇن توشۇيدىغانلارنىڭ تىلى
بولۇپ كەلگەن. ئىككى تەرەپكە
سايلاپ، باغلاپ ئارتىلغان ئو-
تۇن «ئاتىغ» بولۇپ، ئوتتۇرد-
ىسىغا تولدۇرۇلغان قىسمى «تۆ-
پىلىك» دېيىلىدۇ. «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا «ئارتىغ» دەپ
يېزىلغان. م:

*— ئۇنىڭ ئوتۇنى سامداپ
كەتكەندەك تۇرامدۇ-نېمە؟
— ئاتىغى ياخشى تەڭشەلمە-
گەن گەپ.*

كۆچمە مەنىلەردە ئېغىرلىد-
قى يوق، مەۋقەسى يوق ئادەم
ۋە ئىشلارنى «ئاتىغىنىڭ تايىنى
يوق»، «ئاتىغى بوش» دەپ تە-
نە قىلىدۇ.

**ئاژنىماق** (كېرىيە تەرەپلەر-
دە «ئاژلىما»ق دەيدۇ): قورسىقى
تويماي ئۆتۈش، ئاچ قېلىش.
م:

*ئەتىدىن بىركۈن ئاژلىدىم.*

**ئاجاق:** ئۇستىخانلىرد-
ىنىڭ ئاجراپ كېتىشى. چاپلاپ
قويغان نەرسىنىڭ ئاجراپ كې-
تىشى، قۇراشتۇرۇلغان نەرسى-
نىڭ ئاجراپ كېتىشى. ئاجاق
ساندۇق. ئاجاق كارىۋات. ئا-
جاق سۆڭەك.

ئاجاق سۆزى مەجازدا،
ئىسكەتىدىن چۈشكەن، كوزىرد-

ـدىن ئايرىلغان ئايالىلارغا قارىـ
ـتىپ (كەمسىتىش تەرىزىدە)
ئىشلىتىلىدۇ.

**ئــاچپاقا:** تويماس، ئاچ
كــۆز ئادەمگە تەنە قىلىنىدۇ.
مەجازدا — تەمەخور ئادەملەرنى
تەرىپلەيدۇ.

**ئــاچــارى** (ئاچا ئارى):
ئىككى تىللىق ئاچاياغاچ. بۇغـ
ـداي ئەنجۈلىرى، ئوت - چۆپ
پىچانلىرى ئاشۇ ئەسۋابنىڭ يارـ
دىمى بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈلىـ
ـدۇ. كۆچمە مەنىدە — ئورۇق،
ئېگىز، ئاجىز ئادەملەرنى ئوخـ
شىتىپ «ئاچا ئارى» دەيدۇ.

**ئاختىخانا:** ئايغىر ئاتلارـ
نى باقىدىغان ئېغىل. ئەسلىدە
«ئاتخانا» ياكى «ئاختا قىلىنىـ
ـغان ئاتلارنى سولايدىغان ئېـ
غىل» بولۇشى مۇمكىن.

**ئــادالاش:** پــاكــىزلاش،
خىللاش، لازىملىق نەرسىلەرنى
خىللاپ ئايرىۋېلىش، ناچارلىرىـ
ـنى بىر ياققا ئايرىشقا ئوخشاش
ھەرىكەت ناملىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاداپ:** قوي - قوزىلارغا
ئــوزۇق ئــورنــىدا بېرىلىدىغان
يەم. قايناقسۇغا كېپەك ياكى
ئۇن چېلىپ، سۇيۇق ھالدا تەيـ
يارلىنىدۇ. ئەتىيازدا ياكى مالـ
ـلار ئورۇقلاپ كەتكەن ۋاقىتلاردا
ئــىچۈرۈلۈپ، سۈت پەيدا قىـ
ـلىشقا بېرىلىدۇ.

**ئــارچى:** ئىككى تەرەپـ
ـنىڭ ئارىسىغا كىرگۈچى، ياـ
راشتۇرغۇچى. م:

*«ئۇرۇشقاننى يولۇڭغا باق،*
*ئارچىغا ئالتە تاياق».*

**ئــاپــۇتۇللۇغ:** تەڭدىشى
يــوق، كــارامەتلىك، ناھايىتى
يۇزلۇك. بۇ سۆز خەلق تىلىدا
كۆپ قوللىنىلىدۇ. م:

*دادىڭىز ھەر قانچە ئاپۇتۇللۇغ*
*ئادەم بولسىمۇ، سىزدىن قورقۇپ قالـ*
*مايمىز. تۆپىمىزدە خۇدايىم بار.*

*ھــەر قانچە ئاپۇتۇللۇغ ئىش*
*بولسىمۇ، تەخىر قىلىڭلار.*

**ئاران:** ناھايىتى تەسلىكـ
ـتە، تاس قالدى دېگەن مەنىنى
بــىلدۈرىدۇ. ئىشلىتىلگەندە:
يىغلىغىلى ئاران قالدى. چىددىـ
ـيالماي ئاران بەردى. ئاران -
ئارانلاردا بەرگىنى مۇشۇ، دېـ
گەندەك جۈملىلەر كەلتۈرۈلىـ
ـدۇ.

«ئــاران» نــىڭ يەنە بىر
ئــۆزگىرىشى بار. ئۇ بولسىمۇ
«ئارۇن» سۆزى. بۇ سۆز: كىـ
چىكلىتىش، ناھايىتى ئاز قالـ
غانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن،

تاۋۇشتىكى «ئا» بوغۇمى تېز، «رۇن» بوغۇمى سوزۇپ ئېيتىلىدۇ. م:

*نېنىڭىزدىن ئارۇن بېرىڭا.*
*ئازراق ئىچىڭ، ئارۇن سۇ قالدى.*

**ئازما:** ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ سەكرەتمىسى (خەنزۇ تىلىدا «زاكۇ» دەيدۇ). ئۇ ئېتىز بىلەن بۇ ئېتىزنىڭ سۇ چۇشۇرگىسىمۇ ئازما دېيىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۇ ئازمىلار قومۇش ياغىچىدا تۇجۇپىلەپ ياسىلاتتى. هازىر سېمونت، ياغاچ بىلەن ياسىلىدۇ. م:

— *بۇگۇن نېمە ئىش قىلدىڭلا؟*

— *ئېتىزلارغا ئازما باغلىدىم.*
*ئېلىشۇېشىنىڭ چوڭ ئازمىسىنى كەلگۇن تارتىپ كېتىپتۇ.*

**ئاسقىش:** يۇرىكى ئېغىش (قورقۇنچىدىن)، بەدەن ئەزالىرى چۆچۇش، يۇرەك ئەزالىرى قورقۇپ ئاغرىش. م:

*ئىشىك تۇيۇقسىز قاتتىق ئېچىلىپ كەتتى. قورقۇپ يۇرىكىم ئاسقىپ كەتتى.*

*چەكمەنىڭنى بازارغا،*
*ئاچقىتىڭمۇ ئامرىقىم،*
*يىراق يەردىن چالما ئاتسام،*
*ئاسقىتىڭمۇ ئامرىقىم.*

**ئاسقۇ:** كىيىم ۋە باشقىلارنى ئاسىدىغان بۇيۇم. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ يېزا ئۆيلىرىدە ئىككى تۇۋرۇكنى تۇتاشتۇرۇپ چىرايلىق ياغاچلاردا ئاسقۇ ياسىلاتتى. ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك، نازۇك جابدۇقلار ئېسىلاتتى. م:

*تاۋار كۆڭلەك ئېپ بەرسەم،*
*ئاسقۇغا ئېسىپ قاپسىز،*
*كەچتە كېلىڭ دەپ قويۇپ،*
*شام بولماي يېتىپ قاپسىز.*

كۆز گىرۋەكلىرىگە چىقىپ قالىدىغان بىر خىل جاراهەت بار. بۇنىمۇ، «يىگناسقۇ» دەپ ئاتايدۇ. ئەنئەنىۋى قائىدىلەردە بۇ خىل يارا چىققاندا دەرهال يىگنە ئېسىۋالسا تېزرەك ساقىيىپ كېتىدۇ دېيىلىدۇ.

**ئاشلىماق:** قوي، تۇلكە، ئېيىق، يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلىدۇر. يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ تۇكلىرىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، جۇۋىغا لايىق قىلىپ تەييارلاش ئۇچۇن ئارپا ئۇنىنىڭ ئېچىتقۇسىغا بىر نەچچە كۇن چىلاپ، ئاندىن كېيىن باشقا تېخنىكىلىق ئۇسۇللار ئې-

لىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ تېرىنى «ئاشلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. م:

*تېرىنى ئاشلاپ نېمە قىلىسىز،*
*تېرىنى ئاشلاپ جۇۋا قىلىمەن.*
*ھەي - ھەي ئۇكىجان بىلىۋىلىڭا،*
*جۇۋىنى قىشلاپ ئۇۋا قىلىمەن.*

**ئاشۇنماق:** نەپسىدىن ئاشۇرۇۋالماق، ئىقتىساد قىلماق، كۆپەيتمەك. م:

*ئۆزىدىن ئاشۇنغىدەك ۋەجى يوق تۇرۇپ، بىزگە خېلى غەمخورلۇق قىلدى.*

*ئەگەر ئۆزىڭىزدىن ئاشۇنالىسىڭىز، بىر قانچە كىتاب ئالغاچ كېلەرسىز.*

**ئاغلاقچى:** ئوردا ئىچىدىكى مەمۇرىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا كۆچمە مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى ئارىدا گەپ ئېلىپ يۈرگۈچىمۇ بۇ سۆز بىلەن ئاتىلىدۇ. م:

*شاخ ئېگىلدى پەس بولدى،*
*كۈن ئېگىلدى كەچ بولدى.*
*ئاغلاقچىنىڭ دەستىدىن،*
*جان ساقلىماق تەس بولدى.*

**ئاقلامچى:** ئۆيگە ھاك چېچىپ ئاقارتقۇچىدۇر. كۆچمە مەنىدە كىشىلەر «ئادۇۋكات» نىمۇ «ئاقلامچى» دەيدۇ.

**ئاقاغ:** توقۇش دۇكانلىرىدا ئارقا تەرەپكە، ئۇزۇنسىغا تارتىلغان يىپ — «ئارقاغ» بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «ئارقاغ» دەپ ئېلىنغان. توقۇلما نەرسىلەر ئاقاغ ۋە ئۆرۈش يىپلىرىدىن تەشكىل تاپقاچقا، «ئاقاغ - ئۆرۈش» سۆزى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ. كۆچمە مەنىدە مۇنداق ئىستېمال شەكلى بار، يەنى، «مېھمانلار ئاقاغ - ئۆرۈش كەلگىلى تۇردى. ئوڭ سېپىمىزنى تاپالمىدۇق». بۇ مىسالدا — تەرتىپىنىڭ تېز ۋە قالايمىقان بولغانلىقىنى، مېھمانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى (يەنى ئاقاغ - ئۆرۈشىنىڭ پەرقىنى)، كىم كەلگەن، كىم كەلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئالتىن:** ئاستىنى، ئاستى تەرەپ، تەگ، تۆۋى. «چاشتانى ئىلىك بەگ» دىمۇ «ئالتىن» دەپ ئېلىنغان. م:

*يانچۇقۇمنىڭ ئالتىنىدا ساقلىغان پۇلنى سىزگە بەردىم، ئەمدى ھېچنېمە قالمىدى.*

**ئاغ:** ئىشتاننىڭ ئېغىنى كۆرسىتىدۇ. م:

*بۇ ئىشتاننى ئاغ سېلىپ تىـ*

كەمدۇق ياكى قالماقچە تىكەمدۇق؟

— ئاغ سىلىپ تىكىپ بەرسە. لە. ئىغى كەڭرەك بولسۇن.

**ئاما** (باغلىغۇچى سۆز) : ئەستاغپۇرۇللا دېگەن سۆز بىلەن باراۋەر قوللىنىلىدۇ. ئومۇمەن كەيپىيات جەھەتتە ئۆزگىچە هاي بەرمەكنى ئىپادىلەيدۇ. م:

*...ئاما داداڭنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، كاچىتىڭغا نەچچىنى يەيتتىڭ.*

*ئاما دېدىم، ھېلى باكار، تاياقنى ئۆزۈڭ تېپىپ يەيسەن ماقىما.*

**ئاغۇلۇق:** ئالغۇلۇق. «ئىلىش كېرەك» دېگەن سۆزنىڭ ھەم بۇيرۇق ھەم ئۆتۈنۈش شەكلىدە ئېيتىلىشى.

## ئە

**ئەي:** قوۋۋەت، كۈچ، زىرائەتكە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئوغۇت؛ پىششىقلاپ ئىشلىمەك (خېمىرنى، تېرىنى) ؛ سىغىن كالىنى سىغىشتىن بۇرۇن موزىيىغا ئەمدۇرمەك ... م:

*تالىنىڭ ئىيى بوش بولغاچقا، ئۈزۈمى ئوخشىمىدى.*

*خېمىرنى راسا ئەيلىۋېتىڭ، نېنى ئوبدان ئوخشايدۇ.*

*تۆت - بەش تېرە يىغىلىپ قاپتىكەن، ئەيلىگىلى بەردىم.*

**ئەن:** راۋان، توسالغۇسىز، كاشىلىسىز؛ بەلگە - نىشانە (ھايۋانلارنىڭ قۇلىقىغا سېلىنىدىغان) ؛ رەختنىڭ ئېنى، كەڭلىكى. م:

*سودىلىرى ئەن كەتسۇن، دەسلەپكى خېرىدارنى ياندۇرمىسىلا ئەمدى.*

*بۇ يىل يايلاققا چىقىرىدىغان ماللارنىڭ قۇلىقىغا ئەن سالدىم.*

*ئىچقىنى بەك ئويمايدىغان ئىشتى، قاراڭ، سۇ بەك ئەنشىپ كەتتى.*

*رەختنى ئەنلەپ بولۇپ ئاندىن تاڭايلى.*

*بۇ چىتنىڭ ئېنى ئەجەبمۇ كەڭكىنا!*

**ئەنسىلىغ** (تاغ شېۋە-

ـسى) : بارغانسېرى تېيىزلە-
شىپ كېتىدىغان يول. م:

*ئەنسىلىغدا تېيىلىپ،*
*پۇتۇم قايرىلدى.*
*يار باشقىنى تاپقاندا،*
*بىزدىن ئايرىلدى.*

**ئەندە** (ئۆندە) : ئەمەس ئىش (ئۇياتقىدەك) ، ئەيىب - نۇقسان؛ ئاقىۋەتنى ئويلىماي قىلىپ سالغان سەۋەنلىك. م:

*ئالدىڭىزدا ئەندە ئىش قىلىپ قويدۇق، خاپا بولمىسىڭىز؟*

*بەك ئەندە ئىش بوپتۇ، ئەسلىدە ئويلىشىپراق بىر ئىش قىلىدىغان گەپكەن.*

*ئەندەلىك بىزدىن ئۆتتى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا!*

**ئەندەرەش** (ئۆندەرەش) : ئالدىراش، ئالدىراشلىق، تېز پۈرسەت. م:

*مۇشۇ كۈندە ناھايىتى ئەندەرەش بوپكەتتىم.*

*ئەندەرەشچىلىكتە سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.*

بىر شائىرنىڭ غەزىلى مۇنداق يېزىلغان:

«ئۆتنە ئالەم» بۇ ياران ئەن-
دەرىمەك،
تۇرمىغاي ھېچكىم قىران ئەن-
دەرىمەك.
بۇ ھاياتلىقىدا دوقال - ئەگىم
تولا،
گاھ شامال بار، گاھ بوران،
ئەندەرىمەك.

**ئەت:** گۆش؛ ئەت - قىل (بۇيرۇق پېئىل) ؛ يۇمشاق. م:

*بۇ قوينىڭ ئېتى خېلى يامان ئەمەسكەن.*

*ئۆي سالماق بەك تەسكەن، ئۆي پۈتكىچە بىر ئىلىك ئېتىمدىن چۈشتۈم.*

*ھەي! ئىشكىنى مەھكەم ئەت، ئۆيگە سوغۇق كىرىۋالدى.*

*ئېتىزنىڭ ئەت تويىسىنى يۆتكىۋەتكىنىڭلار نىمىسى؟!*

**ئەپ:** ماس، ئۇدۇل - باب كېلىش، ئۇدۇل كېلىپ قېلىش؛ ئەپلەش (ئەدىپىنى بېرىش) ، يارىشىپ قالماق. م:

*بۇ ناھايىتى ئەپ چارىكەن.*

*بۇ ئىشنىڭ ئەپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان!*

*ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي ئەپلىۋەتمەيلىمۇ؟*

*نەۋاقىچە ھومايىشىپ يۈرىدىغان گەپ، ئەپلىشىپ قىلىڭلار ئەمدى.*

*يا قېشىڭدىن چەتلەشمەي،*

يا چىرايلىق گەپلەشمەي،
يۇرەرمىزمۇ يۇمىلاق،
ئۆمۈر ئاخىر ئەپلەشمەي.

**ئەپلىگۈچ:** قوشۇق. م:

*ھەي خوتۇن، ئاشنى ئاچىقىپ ئەپلىگۈچنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭ نىمەسى، قولدا ئىچەمتىمىزيا.*

**ئەرجىم:** بىمۇقىم؛ بىر خۇلاسىگە كەلمەك؛ تايىن تېپىش. م:

*بۇ ئىشنى ئەمدى ئەرجىم قىلساق، سىز كېلىپلا بۇزىۋەتتىڭىز.*

**ئەرگۈل:** قوي - كاللارنى باغلاپ باشقۇرغاندا، ماللارنىڭ گېلى باغلاق بىلەن بوغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن باغلاققا ئەرگۈل (باشۋېغى بېكىتىلگەن، ئوقى مىدىرلاپ تۇرىدىغان ھالقا) بېكىتىدۇ. مال ئايلىنىپ چۆرگىلىسىمۇ ھالقا ئايلىنىپ باغلاق گالغا چىرماشمايدۇ. ئەرگۈلنى بۇرۇن مەزمۇت ياغاچ بىلەن ياسايتتى. ھازىر تۆمۈر بىلەن ياسايدۇ.

**ئەش:** يېپىرىلمايدىغان، ئېتى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرىمايدىغان شاپتۇل، ئۇ كەچ كۈزدە پىشىدۇ. ئۇزاق ساقلاشقا، يىراق جايغا يۆتكەشكە ئەپلىك؛ پىلە قۇرتىنىڭ غوزەككە كىردىشى ئۈچۈن قۇرتقا سېلىپ بېرىدىغان سامان غوللۇق ئوت (ئەشلىك)؛ يىپنى ئەش (بۇيرۇق پېئىل) م:

*يارما شاپتۇل دەپ ئالسام ئەش چىقىپ قالدى.*

*پىلە قۇرتىغا ئەشلىك سالىدىغان چاغ كەلدى.*

*پىلە باقتىم بەش تىۋەڭ،*
*غوزا تۇتتى ئەشلىكتە،*
*يار خىيالى ئوينايدۇ،*
*مىنىڭ كۆڭلۈم غەشلىكتە.*

*يارما شاپتۇل، ئەش شاپتۇل،*
*ئوخشىغانىنى كۆرەيمۇ؟*
*ئوتىڭىز يامان بالا، ،*
*ئاخشاملىققا بارايمۇ؟*

**ئەتىلەتتىن:** ئەتىگىچە، ئەتىلىككىچە، كېيىنچە. م:

*بۈگۈن بىر نىمە دىيىشمەيلى،*
*ئەتىلەتتىن بىر گەپ بولار.*
*ئەتىلەتتىن كەلسىلە،*
*ئۆگۈنلەتتىن كەلسىلە.*
*ئىشەنجىدىن چىقاردىم،*
*ماڭا كۆكۈل بەرسىلە.*

**ئەچۇشمەك:** ئېلىپ چۇشمەك، چۇشۇرمەك (ئېگىزدىن). م:

*ئەتە تاغدىن ماياق ئەچۇشكەلى بارغۇدەكمىز.*

**ئەلكۈن:** ئەل-جامائەت، يۇرت-مەھەللە، ئادەملەر. م:

ئەلكۈننىڭ ئالدىدا ياخشى نام
ئالاي دېسەڭ ئەدەپلىك بول.
بۇ ئىشنى ئەلكۈنگە قانداق
چۈشەندۈرگۈلۈك ئەمدى؟

قېشىڭىزغا ئۆتەي دەپ،
كېمە سالدىم كەلكۈنگە،
توي قىلايلى ئىككىمىز،
داڭقى كەتسۇن ئەلكۈنگە.

**ئەللە:** خەقلەر، غەيرىي-لەر، ئۆز باغرى بولمىغان ئا-دەملەر. م:

كۆزۈمگە قاراۋەردىڭىز، ئەللە-نىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئىزا تارتتىم.
بۇ بىزنىڭ ئەمەس، ئەللىنىڭ نېمىسى، چېقىلمايلى!

بارار بولساڭ مەللىگە،
سىرنى ياياڭ ئەللىگە.
سىر يايسىڭىز ئەللىگە،
گەپ تېپىلار دەللىگە.

«ئەللىگە بەرقىزنىڭنى، ئەللە-دىن ئال سۆزۈڭنى».

**ئەگىنە** (ئەگۈن، ئە-گىن): هويلا-قورو تېمىغا بې-كىتىلگەن شادىلىق توساق، دەرۋازا. م:

يارىم سېنىڭ دەرۋازاڭ،
غىچىر - غىچىر ئەگىنە،
غىرىپلىق ئەسىر قىلدى،
پات - پات يوقلاپ كەلگىنە.

ئىشىكىڭگە قۇليا سەپسەن،
ئەگىنەڭنى ھاڭ قوياپ،
ئۆلگىچە ئوينايلى بىللە،
باشقىلارنى تاڭ قوياپ.

**ئەستا** (ئەستاغپۇرۇللا): «خەپ-خەپ» لىمەك، ئۆزىگە ھاي بېرىپ ئاچچىقىنى بېسىۋالماق، ئەپ-سۇسلانماق. م:

ئەستا، ئادەمنى مۇنچىمۇ ئانسى تاپقان بارمۇ؟

**ئەرەن:** ئەر، يىگىت، ئەركەك، ئەرەنچە، ئەرچە، ئەر سىياقىدا، ئەرگە ئوخشاش، ئە-رەنلىك؛ ئەرلىك جىنسى ئەزا. م:

ئەرەنچە ياسىنىپ قېچىپ كې-تەلەرسىزمۇ؟
بۇ ئەرەنچە كىيىم نەچچە پۇل؟
ئەگەر بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چى-قىرالمىسام، ئەرەنلىكىمنى كېسىۋې-تەرمىنا؟

يار ئۆزىنى چاغلاسۇن،
بېلىنى مەھكەم باغلاسۇن.
بىزنى دېگەن ئەرەنلەر،
ئاھ يۈرىكەم دەپ يىغلاسۇن.

**ئەرەكتە** (ئېرەكتە): ئەر كىشى، ئايالنىڭ ئېرى.

م:

*قويغا غۇلاق بولغۇدەك،*
*ئارقىدىكى تىرەكتە،*
*قاچان بىلەر قەدرىمنى،*
*ۋاپاسى يوق ئەرەكتە.*

**ئەينا:** ئەنە (كۆرسىتىش
ئالماش)، «غۇ، قۇ» قوشۇمـ
چىسى. م:
*قىشىڭىزدا تۇرامدۇ ئەينا،*
*شۇنىمۇ كۆرمىدىڭىزما؟*
*مەن باشتا دىگەن ئەينا، ئەمـ*
*دى ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ئىش قىلىڭ!*

شائىر روزى سايىتنىڭ بىر شېـ
ئىرىدا مۇنداق كەلگەن:

*نىگارىم كەلدى گۈل*
*قىسقان پېتى ئەينا،*
*تىنىق - نەپىسدە*
*پاك سۆيگۈ ئوتى ئەينا.*
*كۆرۈشتۇق، سۆيدى*
*مەڭزىمگە ئەجەپ ئىللىق،*
*ھۇزۇرلاندى يۈرەكىنىڭ*
*قات - قېتى ئەينا.*

**ئەينىيا-ئەينا:** تەكىتـ
لەش، ئەپسۇسلىنىش مەنىسىـ
نى بىرىدۇ. م:
*ئەينىيا - ئەينا، مىنىڭ دىگىـ*
*نىمدەك بولدى؟...*
*ھەي قارىغۇ، ئەينىيا - ئەينا*
*ئالدىڭدا تۇرسىمۇ «قېنى؟» دەۋەر-*
*گىنىنى!*

**ئەبگا:** ئەخمەق، ھۇ-
رۇن، بەتقىلىق كىشى. م:
*ئۇ ناھايىتى ئەبگا بىر نىمە،*
*ئوڭشالمىقى تەس.*
*بەكمۇ ئەبگالىشىپ كېتىپسىز،*
*ئۆزىڭىزنى ئۇنداق تاشلىۋەتمەڭ.*

*يۇلغۇن چىچىكى سايدا،*
*پىننە ياغىچى چايدا،*
*سىزگە ئوخشاش ئەبگانى،*
*بار تۇتماقتىن نىم پايدا؟*

**ئەندەك-ئەندەكقىنا:** ئاز،
ئازراقلا (ۋاقىت ئۇقۇمى). م:
*ئەندەكقىنا تەخىر قىلىپ تۇر-*
*سىلا، بىزنىڭ كىشى كەلگەندە بىر*
*نىمە دىيىشىپ، با مەسلىھەت ئىش*
*قىلساق؟*

**ئەلەم:** تۇغ - بايراق؛
جەڭ؛ دەرد - پىراق، بىراۋدىن
يەتكەن ئازار. كىرىيە شىۋىسىدە
«ھەلەم» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
م:
كونا جەڭنامىلەردە مۇنداق
يىزىلغان:
*گەرد ئايان بولدى.*
*گەرد ئاراسىدىن تۇغ - ئەلەمـ*
*لەر كۆتۈرگەن لەك - لەك لەشكەر-*
*لەر كاشغەرغا تەرەپتىن چىقىپ چىنما-*
*چىن تەرەپكە قاراپ راۋان بولدىلەر*
...

*ئەلەم كۈرىشى قىلماي قەلەم*
*كۈرىشى قىلايلى!*
*ئالا موزاي قۇيرۇقىنى ئەلەم*
*تىكلەپ، بەدەر قاچتى.*
*«ھەزسۇلتان» دا بىر ئەلەم،*
*خۇدانىڭ ئىلكىدە قەلەم،*
*ھېچكىشىگە كەلمىسۇن،*
*بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.*

**ئەندىكمەك:** چۆچۈمەك، جىددىيلەشمەك، ئالدىرىماق. م:

*بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ*
*كېتىۋاتسا ئەندىكمەي تۇرىدىلىغۇ؟*
*سىزگە كۆيگەن يۈرەك، سۇ*
*سەپكىنىڭىزگە ئەندىكەمتى؟*
*چېچىڭىزنى تۇم ئۆرۈپ،*
*كۆيدۈرۈپ بىغەم يۈرۈپ،*
*گاھى ـ گاھ نازلىق كۈلۈپ،*
*سۆيدۈرۈپ ئەندىكتۈرۈپ،*
*جاننى ئاللا بوغماق سىكىلەك،*
*يېڭ قىلدى يۈرەك ...*

**ئەم:** داۋا، شىپا. م:
*بالىغا چېچەك سۇيى ئەملەتتىم.*
*بىز ئۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ نېمىچە، ئىشەكنىڭ ئېمىچە تۇغقان. بالام، ئەمچەكنى چىشلىمەي ئەم.*

**ئەمچى:** تېۋىپ، داۋالىغۇچى. م:

*چوڭ قاپاقتىن ياغ بۆلدۈم،*
*بېرىم جىڭلىق كەمچىدە.*
*ساقىيامدۇ ئىشىق ئوتى،*
*داۋالاتسا ئەمچىدە.*

**ئەمەك:** ئادەملەرنىڭ بىر-
بىرىگە يېقىنلىقىنى بىلدۈرىد-
غان سۆز. م:
*ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تولىمۇ*
*ئەمەكلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار سايىدەك*
*ئەگىشىپلا يۈرىدۇ.*

**ئەمگەلدۈرمەك:** جاپاغا
سالماق، ئاۋارە قىلىپ قوي-
ماق. بۇ مېھماننىڭ ساھىبخاز-
نى جۇۋتىپ، جاپاغا سېلىپ
قويۇشىغا قارىتىپ ئېيتىلىد-
غان تەكەللۇپ سۆز. «ئالتۇن
يارۇق» تا «ئەمگەندۈرمەك»
دەپ ئېلىنغان. م:
*ھەر قايسىلىرىغا ۋاقتىسىز مېھ-*
*مان بولۇپ كېلىپ ئەجەپمۇ ئەم-*
*گەلدۈرۈۋەتتۇق ـ ھە؟*
*نېمانچە ئەمگىلىدىغان ئىش،*
*بىز يا مېھمان بولمىساق ...*

**ئەلەڭ ـ سەلەڭ:** يېڭى
كېسەلدىن قوپقان، ماغدۇرىغا
كېلەلمىگەن ئادەم. م:
*ئەتىيازنىڭ بۇ تەرىپىدە مىجە-*
*زىم تازا ياخشى ئەمەس، ئەلەڭ ـ*
*سەلەڭ يۈرىۋاتىمەن.*
*بوران چىقىپ ئۆرىدى،*

هويلامدىكى باراڭنى.
ئەلەڭ ـ سەلەڭ بوپقالدىم،
كۆرسەتمىگەچ قاراڭنى.

**ئەلمى ـ تەلمى:** ئېپى ـ جېپى، ئۇجۇر ـ بۇجۇرى. م:
ئەندىشە قىلماڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىشنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلىۋالسىڭىز تەمتىرمەيدىغان بولىسىز.

**ئەدەت** (ئىددەت): ۋاقىت چېكى، مۆھلەت، مۇددەت، ۋاقىت؛ نىكاھتىن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئۈچ ئاي 10 كۈن ساقلاش ۋاقتىغا قارىتىلغان سۆز بولۇپ، ئۈچ ئاي 10 كۈن ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدا بالا بولسا ئاشكارىلىنىپ بولغىچە بولغان ۋاقىت. چۈنكى، ئايال كىشى ھامىلىدار بولسا، بالىنىڭ دادىسىنى ئېنىقلاش ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا ئىددەت تۇتۇش شەرت قىلىنغان. مۆھلەت توشقاندىن كېيىن قايتا نىكاھلانسا بولىدۇ. ئىددەت-ئەدەت بولۇپ قالغان.

**ئەدەتسىز:** ھېسابسىز، نۇرغۇن، چەكسىز، ناھايىتى كۆپ. م:
ئەدەتسىز كەپسىز بالا بولدىغۇ بۇ؟
بۇگۈنكى تويغا ئەدەتسىز جىق مېھمانلار يىغىلدى.

**ئەدەش:** دەل ـ دەرەخ، زىرائەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۆكلەپ بېرىشى، تۇپ كۆپەيتىشى. مەجازىي مەنىدە: ھاي دېگەنسېرى بەكرەك ئەزۋەيلەش. تۇرك ـ رونىك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا بۇ سۆز «ئەدەد، ئەدەتمەك» دېيىلگەن. م:
ئۆتكەن قېتىم كۆرگىنىمدە بۇ ئېتىزنىڭ مايسىسى شالاڭ تۇراتتى. ھازىر قارىسام شۇنچە ئەدەپ كېتىپتۇ.
ھاي دېگەندىن كېيىن ھاي بولماي نېمانچە ئەدەپ كېتىسىز.
«خېنىم» دېسەم «ھە؟» دەيسىز،
گەپ قىلمىسام تەگەيسىز،
ھېسابى بار ئاچچىقىنىڭ،
نېمە ئۈنچە ئەدەيسىز.

**ئەزمىدە:** ھەزىم قىلىش، سىڭىرىش. مەجازىي مەنىدە: ئويلاپ كۆرۈش، ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ پىكىر قىلىش، گەپنىڭ تېگىگە يېتىش. م:
تاماقنى ئالدىرىماي چايناپ يېمىسىڭىز ئەزمىدە بولمايدۇ.
سىزمۇ ئەقىل ئىگىسى، ئەتىدىن دېگەنلىرىمنى ئەزمىدە قىلىپ

*كۆرەرسىز.*
*كاكچا ياقتىم گەزىندە،*
*دۇتار چالدىم بەزمىدە،*
*ئاباي دىگەن گىپىمنى،*
*قىلىڭ يارىم ئەزمىدە.*

**ئەسنا:** ۋاقىت، پۇر-
سەت، ھالەت، پەيت. م:
*بۇ ئەسنادا قايسى مېھمانخانا*
*ئىشىك ئىچىپ بىرەتتى؟*
*بىر شىم راسا قىتىپ تۇرغان*
*ئەسنادا رەھىمدىل ئادەملەرگە يولۇق-*
*تۇم، ئۇلار مەندىن خەبەر تاپتى.*

**ئەھ:** سىلكىپ تاشلاش،
رەت قىلىش. م:
ئەھ! سىز بىلەن ھەرگىزمۇ
خۇشۇم قالمىدى.

**ئەدنا** (ئەدناسى): قىس-
قىسى، ئەقەللىيىسى، ھېچ بول-
مىغاندا. م:
*دىپلومى ئالىي مەكتەپنىڭ*
*بولغان بىلەن، ئەدناسى ئۆزىنىڭ*
*يىللىق باھالاش خۇلاسىسىنىمۇ تو-*
*زۇك يازالمايتۇ.*

**ئەخ** (ئاۋاز ئىملىقى):
خەپرۇك تۇكۇرگەن ۋاقتىدا مۇ-
شۇ ئاۋاز چىقىدۇ. م:
*كىچىدىن تۇرسۇنكام ئەخ -*
*ئەخلەپ تۇكۇرۇپ، پەقەت ئۇخلات-*
*مىدى.*

**ئەل:** يۇرت، جامائەت؛
ئەل بولماق — تەسلىم بول-
ماق، بىر گۇرۇھ توپتىن يەنە
بىر توپقا قىتىلماق. م:
*...«يۇسۇپ قادىرخاننىڭ*
*لەشكەرلىرى چىنماچىن بۇتپەرەسلى-*
*رىنى ئەل قىلدى، ئىسلام راۋاج تاپ-*
*تى».*

**ئەسلىگ:** ئىپىدە تۇتۇش
قابىلىيىتى يۇقىرى ئادەم. م:
*خېلى ئەسلىگ ئادەم بىز، كى-*
*چىكىمىزدىكى ئىشلارمۇ ھېلىقىدەك*
*يادىمىزدا تۇرۇپتۇ.*

**ئەمدەش:** بەك تويۇپ
كىتىپ (قورسىقى)، ئاس-
تىن - ئۈستۈن تىنىپ قى-
لىش، بىئارام بولۇش. م:
*ئىشتىھادىن جىق يىسىگىز،*
*مۇشۇنداق ئەمدەپ قالىسىز. تائامنى*
*جىق يىسە تائامنى ئادەم كۆتۈرىدۇ،*
*تائامنى ئاز يىسە تائام ئادەمنى كۆتۈ-*
*رىدۇ دىگەن گەپ بار.*

**ئەزمە:** بىر ئىشقا ئالدى-
رىمايدىغان، سۆرەلمە پالاس،
مىس - مىس ئادەم. م:
*ئەزمىلىك قىلمىسىڭىزچۇ، ئىش*
*دىگەننى شارت - شۇرت بىر تەرەپ*
*قىلىشۇەتكۈلۈك!*
*مەلەمنى تولا كەزمە،*
*ئەتە - ئاخشام ئوقۇپ نەزمە،*
*گىپىڭ بولسا ئوچۇق دە،*

ئەزمەڭنى تولا ئەزمە.

**ئەهه** (يۆتەلگەن چاغدىكى ئاۋاز ئىملىقى): مەسخىرە مەنىسىدىكى ھەرىكەت، چاقىرىش سۆزى (بىشارەت). م:

*كالتە يۆتەل ئادەمدەك «ئەھ - ئەھ» قىلىشۇەرمەي بەكرەك يۆتەلمەمسىز؟*

*ئەهه، ئۇخلىماي چۇش كۆرۈپسىز!*

*باغ كەينىدە «ئەهه» دەپ،*
*شەپە بەرسەم چىقمايسىز،*
*نىمانچىزا قىينايسىز،*
*كۆيگىنىمنى ئۇقمايسىز.*

**ئەهھي:** ۋاي - ۋۇي، ياپىر (تەئەججۇپلەنمەك، ھەيران قالماق). م:

*ئەهھي! ئەجەپمۇئۇزبالىكەن- غۇ بۇ!*

*ئەهھى - ئەهھي يۇتىرەپ،*
*توختاڭ دىبدىم سىكىلەك،*
*سىزدەك گۇزەل خىنىمغا،*
*بىزدىن باشقا كىم كىبرەك؟*

**ئەششۇ:** چۇشكۇرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز ئىملىقى. م:

*ئالا قاراڭغۇلۇقتا كىتىۋىتىپ «ئەششۇ» دەپ بىر چۇشكۇرگىنىم ئۇچۇن، ئىتلار قاۋاپ ئالدىمنى توستى. ئىشەكلەر ھاڭراپ ئالەمنى بىر ئالدى.*

**ئەبجۇش:** قۇيما مىتال؛ مەزمۇت، چىلىڭ نەرسە.

**ئەس - ئەسمەك:** قىتىغۇرلۇق قىلىپ باشقىلارنىڭ قورسىقىنى ئىيسىش، دەي - دەيگە سىلىش. م:

*بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورسىقىم بەك ئىيسىلدى.*

**ئەستە(ر):** شالاڭ توقۇلىدىغان قىشلىق كىيىملەرنى ئەستەرلەيدىغان خام (بۆز). بۇرۇندا ئەستەر بىلەن ئىشلەنگەن باش ياغلىق بولۇپ، ئۇنى «ئەستەر ياغلىق» دەيتتى. م:

*يارىمنىڭ ئۆيى پەستە،*
*چەككەن ياغلىقى ئەستە،*
*ئانىسى يامان جادۇ،*
*كۆرۈشتۇرىدۇ تەستە.*

**ئەتلەس:** مەخسۇس يىپ (يىپەك) تا رەڭدار قىلىپ توقۇلىدىغان رەخت. ئۇنىڭ قارا ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس، سېرىق ئەتلەس، چاچ رەڭ ئەتلەس، خان ئەتلەس ... قاتارلىق تۇرلىرى بار. خوتەن ئۆزىنىڭ مەشۇت - يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن ئۇزاق زاماندىن بىرى جاھانغا مەشھۇر، خوتەن

ئەتلىسى چىداملىق ۋە توقۇلۇ-
شىنىڭ سىپتىلىقى بىلەن مەش-
ھۇر ھەم خېرىدارلىق، ئۇنىڭدا
قىز - چوكانلار كۆڭلەك كىيى-
دۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»
دا ئەتلەس «ئاتلاس» دەپ يې-
زىلغان. م:

*ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپسىز،*
*قارىمەن ياراشقانغا،*
*يار مىنىڭ دېگەن بىلەن،*
*بەرمەيمەن تالاشقانغا.*

*خان ئەتلەس ئېلىپ بەرسەم،*
*كىر قىلماي كىيەلەملا؟*
*كۆيگەنلىرى راست بولسا،*
*ناز قىلماي سۆيەلەملا؟*

**ئەكچىش:** نەم نەرسىنىڭ
شامالدا قۇرۇشقا باشلىشى،
نەمخۇش نەرسە. م:

*كۆڭلەكنى ئەتكەن يۇيۇپ*
*يايسام ئەمدى ئەكچىپتۇ.*
*بەرنىڭ ئاسسى ئىككى - ئۈچ*
*كۈندە ئەكچىگىدەك.*

**ئەۋرەز:** يۇيۇنۇش كاتى-
كى، ئائىلىلەردە بولىدىغان
مۇنچا. تۈركىي تىللىق خەلقلەر
ئۆيلىرىگە، پىنهان ھۇجرىلارغا
ئەۋرەز ياساپ يۇيۇنىدۇ. ئۇنىڭ
شەكلى: تۈز يەرگە سۇ سىڭىپ
تۈگىگىدەك چوڭقۇرلۇقتا كا-
تەكچە ئويۇلۇپ، ئۈستى سۇ
ئۆتۈشكىدەك ئارىلىق قالدۇرۇ-
لۇپ تاختاي بىلەن يېپىلىدۇ.
يۇيۇنغان ۋاقىتتىكى سۇ تاختاي
ئاراشلىرىدىن ئاشۇ كاتەكچىگە
(ئەۋرەزگە) سىرغىپ چۈشۈپ
كېتىدۇ.

**ئەزۋەيلەش:** ئاچچىقنى
بېسىۋالالماسلىق، تەسەللى
بەرگەنسېرى، كۆتۈرۈلۈپ كې-
تىش، چۇسلۇق قىلىش. م:

*ئەزۋەيلەپ كەتكۈدەك ئىش*
*ئەمەسقۇ، بوشراق ئەزۋەيلەڭ!*

**ئەسۋە:** يامان سۈپەتلىك
ئۆسمە، بىر خىل جاراھەت.
م:

*ھاشىم قارىمنىڭ بوتىسغا*
*ئەسۋە پەيدا بولۇپ قاپتىكەن، ئاق*
*لەيلىگۈلنىڭ بەرگىنى چېيىپ قوي-*
*دۇم.*

**ئەسكى:** قەدىمكى، كو-
نا، تارىخى ئۇزۇن. «ئەسكى»
ھازىرقى ئىستېمالدا ئەخلاق-
سىز، قىلىقسىز، مىجەزى ئو-
سال، يامان تەبىئەتلىك دېگەن
مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. خو-

تــەندە بۇ سۆزنىڭ ھەر ئىككى مــەنىسى قوش قوللىنىلىدۇ.

م:

*ئەسكى چاپان كۆرۈۋاتامسىز،*
*ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بار!*
*ئەسكى تاملىقتا ئۇينىماڭ با-لام، تام بىسىۋالىدۇ.*
*ئەســكى قىلىقلىــقىــنى بۇ-نىڭ!...*
*«يــەر ئــەسكى ئەمەس، ئەر ئەسكى» .*
*«ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخ-شى، ئەسكى خوتۇن ئۆيدە» .*

*ئەسكىگە بەرسەڭ،*
*ئىتە ھەم گەپ ئىتە.*
*ياخشىغا بەرسەڭ،*
*ئىتە ھەم كىتە.*

**ئــەگــلــەك:** ئۇن تاسقى-ــغۇچ. ئۇنىڭ ئات قۇيرۇقىدا توقۇپ ياسالغىنىنى «قىل ئەگ-ــلــەك» (قوناق ئۇنى تاسقاي-دۇ) ، يىپەكتە توقۇپ ياسال-غــىــنــىــنى «تاختا ئەگلەك» (بۇغداي ئۇنى تاسقايدۇ) ، سىم بــىــلــەن تــوقۇپ ياسالغىنىنى «سىم ئەگلەك» دەيدۇ. خوتەن-ــدىــن باشقا رايونلاردا بۇ سۆز «ئەلگەك» دەپ تەلەپپۇز قىلى-نىدۇ. م:

*بىزنىڭ يارنىڭ ئەگلىكى،*
*مەشۇت يىپتىن تەگلىكى،*
*قەدرىڭىزنى بىلمەيتۇق،*
*ئەقلىمىزنىڭ كەملىكى.*

**ئەمەن:** ئىتىز، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىــر خىل چۆپ. كۆكى شادا چىقىرىپ كىتىپ، باشلىنالماي قــالغان زەدەك (سەۋزە) نىمۇ «ئەمەن زەدەك» دەيدۇ. م:

*«پۇلى يوق يىگىت ئەمەن پۇ-رايدۇ»*

*ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،*
*يارىمغا نىمە دەمەن.*
*كۆڭلىنى ئۇتالامدىم،*
*ھەگە بولمىسام «ھە» مەن.*

**ئــەزىم:** ئۇلۇغ، كاتتا، جىق. م:

*ئەجىر قىلغانغا خۇدايىم بىرى-دۇ، چۈنكى «ئەجىر - ئەزىم» دەيدۇ ئەمەسمۇ، ئەجىر قىل - ئىشلە، بالام!*
*كــارۋان ئۇزاق يوللارنى بې-سىپ، كەچ بولغاندا بىر ئەزىم دەريا-نىڭ بويىدا توختاشقا مەجبۇر بوپتۇ.*

## ب

**بـۇيـزى:** كېيىـن، كەيـ
ـنىدىن، شـۇنـدىن تـارتـىپ
(«تـۈركىي تىللار دىۋانى» دا
«ئىزى — كېلەر يىل، كېيىنـ
ـكى يىل» دەپ ئىزاھلانغان).
م:
*قەسىمىم ـقەسەم،بۇنىڭ بۇ-*
*يىزى هاراق دېگەن نەرسىنىڭ يېنىد-*
*ـدىن ئۆتمەيمەن!*
*يېزىغا چىققانىنىڭ بۇيىزى تېنىم*
*ساق بولۇپ قالدى.*

**بۇكە:** ئۇششۇق، ئۆكتەم،
دېگىنىنى قىلدۇرماي قويمايدىـ
غان كاج بالا. م:
*ئەجەبمۇ توبغۇزدى بۇ، مۇ-*
*شۇنچىمۇ بۇكە بولۇۋالغان بارمۇ؟*

**بۆ - بۆ:** گومۇش، گاچا
چىراي، قىياپىتى غەلىتە، زۇـ
ۋان سۇرمەس ئادەملەرگە قاردـ
ـتىلىدۇ. هايۋانلارغا قارىتىپمۇ
ئىـپىتىلىدۇ. باللارنى قورقۇـ
تۇش ئۈچۈن «بۆ - بۆ كەلدى»
دېيىلىدۇ. «بۆ - بۆگە ئوخـ
ـشاش گەپ قىلماي قاراپلا تۇردـ
ـدىغان ئادەم بۇ» دېيىلىدۇ.

سورتى غەيرىي، غەلىتە قىياپەتـ
ـلىك قوينى «بۆ - بۆ قوي» دەپ
ئاتايدۇ.

**بـۆش - بـۆش:** كالىنى
چاقىرىش.

**بۆك:** دوپپا، باش كىيىـ
ـمى، مەشۇت ياكى بۆز يىپتا
گۈل بېسىپ تىككەنلىرى «چىـ
ـمەن بۆك»، «بادام بۆك»،
«ئەنجان بۆك» دېيىلىدۇ. سىـ
ـدام ياكى گۈللۈك رەختلەردە
گـۈل بـاسماي تىكىدىغانلىرى
«شـاپاق بۆك»، «ئاق بۆك»
دېيىلىدۇ ۋە باشقىلار. م:
*يارغا ئاتاپ بۆك تىكتىم،*
*ئاق مەشۇتتە گۈل بېسىپ.*
*بۆكنى كىيىپ بېشىغا،*
*كۈلۈپ قويسۇن، كۆز قىسىپ.*

*خەقنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك،*
*قوش قەۋەتلىك سۆكەمگە.*
*مەن يارىمغا ئىشەنسەم،*
*جىگدە ساپتۇ بۆكەمگە.*

**بورانجى:** دەريانىڭ ئىسـ
ـمى، قـاراقاش دەرياسىنىڭ

شەرقىدىن ئىككى كىلومېتىر
چامىسىدىكى يىراقلىقتا جەنۇب-
تىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ.
هازىر بۇ دەريانىڭ تەبىئىي ئې-
قىنى بارغانسېرى ئۆز ئىزىنى
يوقاتماقتا. ئۇنىڭ بوراندەك
شاۋقۇنلۇق ساداسى كىشىلەر-
نىڭ قۇلىقىدىن يىراقلاشماقتا.

**بوغۇناق:** چاڭ - توزان،
توپا - تۇمان، قېقىشتۇرغان
نەرسىلەردىن ۋە ئاياغ ئىزلىرى-
دىن ئۆرلىگەن توزان؛ بوران،
شامالدا توزۇغان توپا. م:

*ئاسماندىن بوغۇناق يېغىپ،*
*كۆزنى ئاچقۇسىز قىلىۋەتتى.*
*باللار يۇگرەشمىسەڭلەرچۇ،*
*بىزنى بوغۇناققا كۆمۈۋەتتىڭلار!*

**بوغماق:** سېمىز، تول-
غان، دوغىلاقنىنا كەلگەن بىر
خىل بەدەن تىپى (بۇ قىز -
چوكانلارنىڭ ۋايىغا يەتكەن،
چىرايى تولغانلىقىنى سۈپەتلەش-
كە ئىشلىتىدىغان سۆز). م:

*بىر ئاي هۈنەر قىلسام، نەچچە*
*بوغماق پۇلغا ئىشلىتىۋاتىمەن.*
*«كىتر» قىلدى يۈرەك،*
*«پېتر» قىلدى يۈرەك.*
*كۆڭلىڭىز بۆلەك.*
*يادىڭىزدا بىز يوقمۇ،*
*بوغماق سېكىلەك؟*

**بوغجۇما:** ئاياللارنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرىنى چىگىپ
ساقلايدىغان بوغچا. ئاياللار
تۈرلۈك ئۇستىۋاش، رەخت ۋە
پارچە - پۇرات نەرسىلىرىنى بىر
پارچە رەخت ياكى ياغلىققا چى-
گىپ بوغچا قىلىپ ساقلايدۇ.
بۇنى «بوغجۇما» دەپ ئاتايدۇ.
م:

*نەچچە بوغجۇمىدا ئىگىنلىرى-*
*ڭىز تۇرۇقلۇق، يەنە ئىگىنىڭ گېپى-*
*نى قىلىدىكەنسىز خوتۇن؟*
*يامانلىغان سېكىلەك،*
*بوغجۇمىسى سۆكۈلەك.*
*بودەك ياردىن يامانلاپ،*
*تاپقان يارى بېگىلەك.*

**بوغانچى:** خالتا، تاغار-
نىڭ ئېغىزىنى بوغۇشقا بولىدى-
غان شوينا. مەجازىي مەنىدە:
پۇخ - دەرد بولماق، ئىچىدىكى
دەرد - ئەلىمىنى ئاشكارىلى-
يالماي بوغۇلماق. م:

*ئىچىمدىكى دەرد - هالىمنى*
*تىڭشىغىدەك ئادەم تاپالماي بوغانچى*
*بولۇپ كەتتىمبا! ...*

**بوغۇلاق:** ئوچۇق - ساپ
بولمىغان ئاۋاز، بوغۇلغان، پۇ-
تۈك ئاۋاز. م:

*زۇكامداپ قالدىم، ئۈنۈم بەكمۇ بو-*
*غۇلاق، بۇگۈن ناخشا ئېيتالمايمەن.*

**بۇقىرام** (بۇقاما): ئۇستى تەرىپى كېسىۋېتىلگەن دەرەخ، دەرەخنىڭ ئۇستى تەرىپى كېسىۋېتىلسە، كېسىلگەن يەردىن كۆكلەپ چىققان نوتىلار بىر ـ ئىككى يىلدا يوغىناپ بادىرا ياغاچ بولىدۇ. دەرەخنىڭ ئۇستى تەرىپىنى ياكى قاپ بېلىدىن كېسىۋېتىشنى «بۇقارماق»، «بۇقىرىۋەتمەك»، «بۇقاما قىلماق» دەيدۇ.

**بۆتچى:** بۆزچى، خام (بۆز) توقۇغۇچى. «باپكا»، «خامچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. م:

*توك ـ توك ئېتەر تۆمۈرچى،*
*پۇلنى ئۇسار كۆنچى.*
*خېنىكىدە ئورا كولاپ،*
*جاننى قىينار بۆتچى.*

**بۆسىلەك:** بۆسۇلۇپ كەتكەن نەرسە، ئۇستىدىن ياكى ياندىن چۈشكەن بېسىم بىلەن تېشىلگەن، پۇكۇلكەن، يىقىلغان نەرسە ياكى ئورۇن؛ ئىچىگە كۆپ نەرسە قاچىلانغانلىقتىن يىرتىلغان يىرتىق.

«نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن باشقىلار بىلەن بىللە بولغان، ئېپىپتىنى يوقاتقان» دېگەن نامغا قالغانلارمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن كەمسىتىلىدۇ.

**بۇلبۇلەك:** دۇتار، راۋابنىڭ قورسىقىدىكى تارىنى كۆتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ياغاچتىن مەخسۇس ياسالغان نەرسە. «خەرەك»، «ئىشەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بولجا:** كېسىۋېتىلگەن دەرەخ كۆتىكىدىن ياشىرىپ چىقىپ چوڭايغان دەرەخ. مۇشۇنداق يېتىلگەن دەرەخزارلىقنى «بولجالىق» دەپ ئاتايدۇ. م:

*بېگى چىققان بولجا نوتىلىرىنى تاقلاپ ـ تاقلاپ كېسىۋەتسەك، قالغانلىرى ياخشى چوڭىيىدۇ.*

**بۇدو** (بۇدا): «بۇ دورەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نۆۋەت، بۇ قېتىم. م:

*بۇدولىققا بىر قېتىم بولدى قىلىلى، يەنە شۇنداق ئىش يۈز بەرسە بولمايدۇ.*

*بۇدو ئامىتىم راسا كەلگەن ئىكەن، توپىنى ئارقىمۇئارقا چۈشۈردۇم.*

**بۇنا:** ئاللىقاچان، ھەش ـ پەش دېگىچە، كۈتكەن ۋاقىتتىنمۇ بۇرۇن (بۇ سۆزنىڭ ھەر ئىككى بوغۇمى ئۇرغۇسىز، تېز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). م:

*ئالدىڭىزغا چىقارمەن دەپ*

*تۇرسام، بۇنا كېلىپ بوپسىز.*

*مائاشىڭىزنى ئالا ـ ئالماي بۇنا خەجلەپ تۇگەتتىڭىزمۇ؟*

**بويانلاق:** ئۆكۈزنىڭ بوقۇسنى تارتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ياغاچ جابدۇق. ئۇ ياغاچنى ئېگىپ، ياي شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى بېشىغا باغلانغان ئارغامچا بوقۇسنىڭ تارتقۇسىغا چېتىلىدۇ. م:

*بۇ بويانلاق ئۆينىڭ بويىنى يالاپ زىدە قىلىۋېتىپتۇ، باشقا بويانلاق ئىشلىتىڭ.*

يەنە «بويانلاقنى قارنىغا ئالماق»، «سۇندۇرماق» بولۇپ كېلىپ، مەجازىي مەنىدە: «ئاچچىقىنى باسالماي ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقماق»نى، «ئىتائەتتىن باش تارتماق»نى ئىپادىلەيدۇ. م:

*ئاچچىقىڭىزغا هاي بېرىڭ، بوقۇسا ـ بويانلاقنى قارنىڭىزغا ئالغاننىڭ نېمىگە پايدىسى؟*

**بويلام:** ئېگىز بوي تارتىپ، ئۆسۈپ تۇرغان ياش تېرەك دەرىخى. م:

*يوغىناپ تۇرغان بويلاملارنى كەسكۈم كەلمىگەنىدى. لېكىن، تال باراڭغا مۇشۇنداق ئۇزۇن تاتمىدىن ئىككى ـ ئۈچى لازىم بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟*

*پالدۇ سالدىم بويلامغا،*
*يىقىلارمۇ هويلامغا.*
*كۆيگىنىم بالا بولدى،*
*شۇ بىۋاپا ئايلامغا.*

**بودەك:** ئۈجمە مېۋىسىنىڭ ئاقىرىپ، هەم چوڭ، هەم مەي باغلاپ پىشقىنى. مەجازىي مەنىدە: ئاق پىشماق، سېمىز، يۈزى گۆشلۈك ... دېگەننى بىلدۈرىدۇ. م:

*بۇ بالا شۇنداقمۇ بودەك، ئۇز پاقلان بولۇپتۇ ـ هە؟*

*مەي باغلاپتۇ ئۈجمىلەر،*
*بودىكىدىن يەيلىمۇ؟*
*ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى،*
*ئانىڭىزغا دەيلىمۇ؟*
*بودەك خېنىم، ئۇز خېنىم،*
*كۆيۈپ يۈرسەك مەيلىمۇ؟*

**بۇل:** يامغۇردا قېلىپ كۆپۈشكەن، نەملىشىپ بۇزۇلغان نەرسە، بۇغداي. بۇل بۇغدايىنىڭ ئۇنىنى «بۇل ئۇن» دەيدۇ. بۇل ئۇندا تاماق ئوخشىمايدۇ، نېنى ئوبدان پىشمايدۇ («بۇل» سۆزىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئىزاهات بېرىلگەن). م:

*بۇل ئۇنۇڭدا ئاش سالدىڭ،*

ئۈزۈك چىقتى.
جاغلىغىدىن يار تۇتسام،
تۈزۈك چىقتى.

**بۈزمىچىلاق:** ئىسراپچى-
لىق، بۇزۇپ - چاچماق. م:
نېمانچە بۇزمىچىلاق بۇ، كۆر-
گەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى،
ئىسراپى كېلىپ قالمىسۇن يانا؟

**بۈدۈڭشماق:** تېپىرلى-
ماق، تۇتۇقتىن ۋە باغلاقتىن
بوشىنىشقا ئۇرۇنماق، قولدىن
چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرى-
كەت قىلماق. م:
بۇ قوي جىم تۇرماي بۇدۇڭ-
شۇۋېرىپ، تېرىسى قىرقىلىپ كەتتى.
ھەر قانچە بۇدۇڭشساڭمۇ بو-
شىنالمايسەن.
يامان توپاق بۇدۇڭشۇپ،
باغلاقنى ئۈزدى.
يار يامانلاپ، غۇدۇڭشۇپ،
قاپاقنى سۇزدى.

**بۈلجۈتماسلىق:** مىدىر-
لاشقا قويماسلىق، بوشاتماس-
لىق، چىڭ تۇتۇۋالماق، قات-
تىق باشقۇرماق. بۇ ئالاھىدە
بىر خىل پېئىل بولۇپ، بو-
لۇشلۇق مەزمۇندا كەلمەيدۇ،
جۈملىدە پەقەت بولۇشسىز مەز-
مۇندا كېلىدۇ، شۇنداقلا كۆ-
پىنچە مەجبۇرىي دەرىجە بولۇپ
كېلىدۇ. م:
مەن ئۇنىڭ بىلىدىن بىر تۇ-
تۇۋالغانچە بۇلجۇتماي دەس كۆتۈ-
رۈپ يىقىتتىم.
بىز ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇيان -
بۇيان بۇلجۇماق يوق، پۇتۇن دىق-
قىتىمىز بىلەن ئولتۇردۇق.
يارىم بىزگە تويمايدۇ،
بۇلجىغىلى قويمايدۇ.
بىزنى شۇنداق بۇلجۇتماي،
ئۆزى يالغۇز ئوينايدۇ.

**بوي:** تۆگمەننىڭ ئاستى-
دىن تاش بىلەن چاقپەلەكنى تۇ-
تاشتۇرىدىغان تۆمۈر. ئادەم ۋە
باشقا نەرسىلەرنىڭ بويى. ئۇ-
زۇنلۇق، ئېگىزلىك. م:
بۇ خېنىمنىڭ ھالىغا خادا بوي-
لىمايدىكىنا!
ناھايىتىمۇ بويلاغ ئېشەككەن،
نەچچە پۇلغا ئالدىلا؟
بۇ گىلەمنىڭ ئىنى بىلەن بو-
يى چوڭ پەرقلەنمەيدىكەن.

**بويلاغ:** ئېگىز بوي (ئا-
دەم ۋە ئات - ئۇلاغلارغا قارىتى-
لىدۇ). م:
كۆزىمىز چۈشتى،
بويلاغ خېنىمغا.
سەكرەپ سۆيەمەن،
كەلسە يېنىمغا.

**بويىسىرى:** بويىنىڭ ئې-

گىز - پەسلىكىگە قاراپ، رەڭ-
لىك تىزىلىش. م:

*ساۋاقداشلار، بوبىبرى تىزد-
لىڭلار!*

**بوزلاق:** توپىلاڭلىق، سۇ
كىرمىگەن بوش توپا، بوزاڭ-
لىق، ئىچىلمىغان يەر. م:

*بىز ماللارنى قومۇش ۋە يانتاق-
لار ياشىرىپ كەتكەن بوزلاققا قويۇ-
ۋېتىپ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە كۆزد-
تىپ ئولتۇراتتۇق.*

**بوتا:** ئالتۇن تاۋلىغۇچى-
لارنىڭ مەخسۇس ئالتۇن ئېرد-
تىشكە ئىشلىتىدىغان ئوچىقى.
تۆگىنىڭ تايلىقىنىمۇ بوتا (بو-
تىلاق) دەيدۇ. م:

*كىپەك ئالتۇن - خام ئالتۇن،
بوتىدا كۆيىدى.
يۈرەك - باغرىم جانانىڭ،
ئوتىدا كۆيىدى.
ئاشۇ ئوتقا ئۆزەك سالغان،
ئۆزەك ئالارسەن،
سەنمۇ ئېرىپ كۆيگەن چاغدا،
بىلىپ قالارسەن.*

**بوبا:** بوۋا، چوڭ دادا.
مەجازىي مەنىدە: بىلەرمەن سى-
ياقىدىكى نەسىھەتگۆي ۋە تولا
ۋەزخانلىق قىلغۇچى كىشىلەرنى
مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىش-
لىتىلىدۇ. م:

*بۇ ئۆي مىنىڭ بوبامدىن دا-
دامغا، دادامدىن ماڭا مىراس قالغان.
ۋاي بوبا، بۇنچىۋىلا ئەقىل
ئۆگىتىپ كەتمەڭ، سىز بىلگەننى
بىزمۇ بىلىمىز.*

**بايا** (بايام): ھېلى،
سەل بۇرۇن، قىسقا ۋاقىت
ئىلگىرى (بۇ سۆز «بايامقى»،
«بايىقى» شەكلىدە تۇرلە-
نىدۇ). م:

*بايىقى كىشى نىمە ئادەم؟
بايا سىز تېلېفون قىلغانمىدىڭىز؟
ئۇلارنىڭ ماشىنىسى بايىلا ئۆتۈپ
كەتتى.*

**باجا:** بىر تۇغقان ئاچا-
سىڭىللارنى نىكاھىغا ئالغان
ئىككى ياكى بىر قانچە ئەر
بىر - بىرىگە باجا بولىدۇ. قۇ-
دىلار ۋە باجىلار ئومۇملاشتۇرۇ-
لۇپ «قۇدا - باجا» دېيىلىدۇ.
م:

*«باجا باجىنى كۆرسە، كۆتى
قىچىشىپتۇ».*

**باقما:** بېقىۋېلىنغان با-
لا. يەكلەش، غۇرۇرنى يەرگە
ئۇرۇشنى ئىستىگەن كىشىلەر.
بۇنداق بېقىۋېلىنغان بالىلارنى
«باقما» دەيدۇ. كىرىيە تەرەپ-
لەردە «بېقىۋالدى»، «بېقىل-
ما» دەيدۇ. م:

*باقما بالىنىڭ ئوتى يامان ئوخشايدۇ، ئۇ ماڭا ئۆز بالامدىنمۇ يېقىن تۇرىدۇ دېسلە.*

**باشلام:** ئىچىقنىڭ بىرـ شى. ئېتىزغا بىرىنچى سۇـ نىڭ دەسلىپىنى ئىچىدىغان يەر. م:

*سۇنى باشلامدا يېتىم ـ ئاـ جىزلارنىڭ يېرىگە ئىچكىلار.*

**باشۋاغ** (باشباغ): ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئېغىزدۇرۇقىغا باغلىنىدىغان قوشۇمچە ئارغامـ چا، ئۇ تاسمىدىنمۇ ياسىلىدۇ. م:

*ئاتنىڭ باشۋىغىنى چىڭ تۇتۇـ ۋال، بۇ ئات سەل شاش كۆرۈنىدۇ.*

**باشتۇڭ:** بېشىغا ئەقىل تۇشمىغان، باشباشتاق، بىـ باش، كەپسىز. م:

*نېمانچە باشتۇڭلۇق بۇ! پەـ قەت گەپ ئاڭلىمايسەنيا؟*

**باقى:** قوينىڭ يېشىغا يەتمىگەن قوزىسى، كىچىك پاقلان (ئادەم ئىسمىنى بىلدۈـ رىدىغان «باقى» ۋە «ئۇ دۇنـ يا»، «مەڭگۈلۈك» نى بىلدۈـ رىدىغان «باقي» بىلەن ئوخـ شاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). م:

*بۇ ئىككى باقى، كۆزبىچە ئوبـ دانلا ئىككى ساغلىق بولۇپ قالدۇ.*

**بەلدەڭگۈ:** ئىككى تەرىپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان يەر، تۈز يولنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قالغان يېرى. م:

*قاراڭغۇدا ئىككى قوزا بەلدەڭـ گۈگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.*

**باتناش:** قېيىداش، خاپا بولۇپ قېلىش، رەنجىپ قېـ لىش. م:

*نېمە، مەندىن باتناپ قالدىـ ڭىزمۇ؟ باتنىماڭ خان قىز ...*

**باتقى** (باتقا): شەكـ لەن، كۆرۈنۈشتە، يالغاندىن. م:

*ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق، نېمە ئامال، باتقىغا بولسىمۇ كۈلۈمسىرەپ، سالاملىشىپ ئۆتىمىز.*

*«بىشەكشىن» نىڭ تاتقىمۇ،*
*«ناشبىكەر» نىڭ تاتقىمۇ،*
*مۇدەممەتلىك يارىڭ يوق،*
*ھىجايىغىنىڭ باتقىمۇ؟*

**بالىغ:** ئۆيلەپ قويۇش يېشىغا يەتكەن، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئالدىدىكى ئوغۇل. قول ـ ئىلكىدە بار، ۋەج ـ بايلىقى كۆپ ئادەم. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆز «بارلىغ» دەپ ئىزاھلانـ

غان. م:

*ئوغلىمىزمۇ بالىغ بولۇپ قال-*
*دى، ئەمدى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ غې-*
*مىنى قىلمىساق بولماس.*

*ئاتا - ئانىسى خېلى قول ئىل-*
*كىدە بار بالىغ ئادەمله رئىدى. بالد-*
*ىلىرىغا كەلگەندە سويغان پىيازغا*
*ئوخشاپ قالدىغۇ - تاڭ!*

**بالىمان:** نەي شەكىللىك
چالغۇ، «پىي - پىي» دەپمۇ ئا-
تىلىدۇ. ئۇ ئىككى غېرىچ ئۇ-
زۇنلۇقتىكى، سۇ كىرمىگەن
يەردە ئۆسكەن قومۇشتىن ياسى-
لىدۇ. ئۇچىدىن پۇۋلەپ چېلى-
نىدۇ. پۇۋلەيدىغان جايىنى قو-
مۇش يىلتىزىدىن بىر ئاز ئېلاس-
تىكلىقىقا ئىگە قىلىپ ئالاھىدە
ياسايدۇ. نەيىنىڭ ئاستىغا بىر،
ئۈستىگە سەككىز دانە چاسا تۆ-
شۈك تېشىلگەن بولۇپ، ئاھاڭ
ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاشۇ تۆ-
شۈكلەرنى بارماق بىلەن ئېچىپ -
يېپىپ ئاۋازنى تەڭشەيدۇ. با-
لىمان ئەڭ قەدىمىي چالغۇ ئەس-
ۋابى، مۇقام پەدىلىرىنى ئورۇن-
داشقا باب كېلىدۇ.

**باستۇق:** ئۆيىدە ئولتۇ-
رۇپ قالغان، ئەلچى كەلمى-
گەن، توي يېشىدىن ئۆتۈپ
كەتكەن قىز. ئېيتىلىشىچە،
گۆدەك چېغىدا كىمكى نىكاھ
ئوقۇلۇۋاتقان نەق مەيداندا تو-
رۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ نى-
كاھى بەتتىلىنىپ قېلىپ،
«باستۇق» بولۇپ قالارمىش.
بۇ نىكاھىي بەتتنى يېشىشنىڭ
ئۇسۇلى — مېيت كۆتۈرۈپ
ماڭغان جىنازىنىڭ ئاستىدىن
ئۇچ - يەتتە مەرتەم ئۆتمەك
لازىم ئىمىش.

**باراق:** قەبىلە - نەسەب-
نىڭ نامى. كېرىيە دەرياسىنىڭ
ئەڭ ئايىغىدىكى يۇرت —
«دەريا بويى كەنتى» دىكى چار-
ۋىچىلار «باراق» ۋە «تەك» لە-
قەملىك ئىككى قەبىلىدىن تەر-
كىب تاپقان. بۇ يەردە تېرىقچى-
لىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلىنمى-
غاچقا، مېۋە - چىۋە، سەي -
كۆكتات يېمەيدۇ. قوقاسقا
كۆمگەن كۆمەچ ۋە گۆش بىلەن
ئوزۇقلىنىدۇ.

بۇ ئىككى قەبىلە بىر - بى-
رىنى «باراقلا»، «تەكلە» دەپ
پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، نە-
سەب - ئەجدادىنى سۈرۈشتە قى-
لىدۇ. ئوغۇل ئۆيلەش، قىز
چىقىرىشتىمۇ ئۆزىگە خاس
ئۆرپ - ئادىتى بار. ھەر بىر
قەبىلە ئۆزىگە نەسەبداش كەلمى-

گەن ئىككىنچى قەبىلىدىن قىز ئالمايدۇ ھەم قىز بەرمەيدۇ. ئاھالىسى دېگىدەك ئورۇق، قوللىرى ئەتسىز، كۆزى دەرھال قاراشقا ئالغاي كۆرۈنىدۇ. ۋارقىراپ سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلار ناھايىتى شالاڭ ئولتۇراقلاشقان. ئەڭ يېقىن ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقى 3 ~ 5 كىلومېتىر، ئەڭ يىراق جايلاشقانلىرى 200 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**باداڭ:** ئېغىز تەرىپى كىچىك، قورسىقى چوڭ قىلىپ توقۇلغان سېۋەت، ئۇ ناھايىتى يوغان ۋە ئېگىز قىلىپ يۇلغۇن ياكى تال چىۋىقلىرىدا توقۇلىدۇ. قۇرۇق يېمىشلەرنى، ئاشلىق، پاختا قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەجازىي مەنىدە: قورسىقى ئالدىغا تومپىيىپ چىققان، پور قورساق ئادەم.

**بالىخانا:** ئۆگزىگە سېلىنغان قوشۇمچە ئۆي. ئۇ ئوت - سامان قاتارلىقلارنى ساقلاش، پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئۆي كەپتەر بېقىش ئۈچۈن سېلىنسا «كەپتەرخانا» دېيىلىدۇ.

**باجىڭگىر:** ئۇزۇن ساقىلىق، بوغقۇچلۇق بېتىنكە، ئاياغ.

**باغلانچى:** مال - چارۋىلارنى باغلاشقا يارىغۇدەك كىچىك ئارغامچا، تانا.

**باغجال:** (بۇ خوتۇن - قىزلار ئىشلىتىدىغان سۆز)، سەزگۈر، قۇۋ، يامان، قىلنى قىرىققا يارىدىغان ... دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. م:

*ئەجەب باغجال خوتۇنكىنا، بىز گەپنى باشلاپ ـ باشلىماي كۆڭلىمىزدىكىنى بىلىۋالدىيا؟*

**بەدەرەپ:** نىجاسەت، چوڭ تاھارەت (پوق)، تاھارەتخانىنى بەزىدە «بەدەرەپخانا» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**بەستە:** ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىغىلىپ، قاتمۇ قات بولۇپ كەتكەن چىرىندا، ئەخلەت - چاۋار، مەينەتچىلىك، قاسماق. م:

*بۇ يەرنىڭ تازىلىقىغا قايسى ئورۇن مەسئۇل؟ قارىغۇسىز بەستە بولۇپ كېتىپتىغۇ؟*

*ئۇستۇبىشىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، نېمانچە بەستە بېسىپ كەتتىڭىز؟*

**بەيىنى:** قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ يان ياغىچى. م:

*بىچارە بالا بويىنىنى قىسقان هالدا بەينىگە يۆلىنىپ، ئىشكتە تۇ-راتتى.*

**بەڭ:** نەشە، كەندىر ئۆ-سۈملۈكىدىن پايدىلىنىپ ياسى-لىدىغان چېكىملىك، «بەڭ» چېكىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرد-ۇالغانلارنى «بەڭگى» دەيدۇ. م:

*«بەڭگى - قەلەندەر، ئوغرى - قىمارۋاز».*

*«بەڭگىنى بالام دىمەڭ، تو-پاقنى كالام».*

*«بەڭنى چېكىپ خۇي بولۇپ-سىز، خۇيى ئەسكى ئۇي بولۇپ-سىز».*

**بەتتە:** پولو (قۇيغاش) نىڭ بىر تۈرى، «بەتتە پولۇ» دەپ قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. بەتتە پولۇ ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدۇ. م:

*باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا تەلمۈ-رۈپ بەتتە پولۇ يېگەندىن، ئۆز ئۆ-يۈڭدىكى زاغرا - ئوماچ ياخشى.*

**بەتنەش:** ئېھتىياتسىزلىق-تىن قول - پۇتى قايرىلىپ كې-تىش. «بەتنىش» دەپمۇ تەلەپ-پۇز قىلىنىدۇ. م:

*پۇتۇم بەتنەپ كېتىپتىكەن، ماڭالماي قالدىم. يۈگرەپ كېتىۋېتىپ، بەتنىپ بەردىم.*

**بەندەر:** يول ئېغىزى، دوقمۇش. م:

*...بەندەر - بەندەرگە ئۇنىڭ سۈرىتىنى چاپلاپ، ئۇچراتقانلار دەر-هال پادىشاهقا مەلۇم قىلسۇن، دەپ پەرمان جاكارلاپتۇ.*

*بىر كاتتا سارايى سالدىم،*
*كوچا ئاغزى ـــ بەندەرگە.*
*ئىشىكىدا راۋاب چالسام،*
*ئوخشاتتىڭ قەلەندەرگە.*

**بەرەھنە:** قىپيالىڭاچ، كىيىم - كېچەكىنى پۈتۈنلەي سېلىۋەتكەن، تۇغۇلما. م:

*تۇۋا، چۇش دېگەننى! شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا، ئاندىن بەرەھنە يۈرگەندەك مىشەن ...*

**بەقەسەم:** كەڭ يوللۇق، رەڭدار قىلىپ توقۇلغان بىر خىل يىپەك رەخت. ئارىلاشما يىپ ئارقىلىقمۇ توقۇلىدۇ. قە-دىمدە كىشىلەر بەقەسەمدە ئۆ-زۈن تون ـــ چاپان كىيەتتى، كۆرپە - يېكەنداز تەييارلايتتى. توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تە-رەققىياتىغا ئەگىشىپ بەقەسەم ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بولدى. م:

*بەقەسەم تونىنى كىيىپ،*

*سەيلە - تاماشاغا باراي.*
*ۋاقتىڭىز يەتسە كېلەرسىز،*
*كەچلىككە قاڭشاغا باراي.*

**بەقەم:** يۇلغۇن ئوتۇنى، يۇلغۇن غولى (تۆتۈق قىزىل رەڭدە بولىدۇ)، يۇلغۇننىڭ قۇم ئاستىدىكى غول يىلتىزى. م:

*يۇلغۇن دېگەن بەقەمكەن،*
*ئۆرۈق - تۇغقان ھەمقەمكەن.*
*چىن كۆڭلىدە بولمىسا،*
*ئاشنا دېگەن لەقەمكەن.*

**بەدرەك:** ۋىجدانسىز، پەسكەش، زاتى پەس، رەزىل، ئىپلاس. م:

«ئابدۇراخمانخان پاشا» داستانىدا مۇنداق كەلگەن:

*ئىسمايىل دېگەن بەدرەك،*
*پىيالىنىڭ چۆلىدە،*
*غوجام پاشاغا قەست قىلدى.*
*شۇم كۆز تەگدى پاشاغا،*
*شۇنداقىنا دېگەندە،*
*خوتەنلىكنىڭ يۈرىكى،*
*شەبنەم چۈشكەن قوغۇندەك،*
*بىرلىپقىنا «تارس» قىلدى.*

**بەز:** مەجازىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. چىڭدىلىپ ياكى چىم - قىياق بېسىپ، كەتمەن ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغان يەرنى «بەز يەر» دەيدۇ. تىغ كەسمەيدىغان بەزى نەرسىلەرنىمۇ «بەز» سۆزى بىلەن سۈپەتلەيدۇ. گەپ ئاڭلىمىغاننى «بەز قۇلاق»، تەپسە تەۋرىمەس ئېغىر مىجەز كىشىلەرنى «بەزدەك»، «بەز ئادەم» دەيدۇ.

**بەشلەم:** ناۋاينىڭ قۇمارغان ناننى بەشتىن - بەشتىن قىلىپ دەستىلەپ تىزىشى. م:

*قومۇرغان نانلارنى بەشلىۋەتتىڭىزمۇ؟ قېنى، قانچە بەشلەم بولغانلىقىنى ساناپ بېقىڭ؟*

**بەشلەك:** بۇرۇندا قەغەز (قارتا) ئارقىلىق ئوينىلىدىغان بىر خىل قىمار. قىمارۋازلار ئۇنى «بەشلەك ئويناش» دەيتتى، ھازىر مەنئىي قىلىنغان.

**بەلكەتمەن** (بەل): گۈرجەك (كىچىك، ھەم كۆل ئېلىش، ھەم ئوتاق ئوتاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغانلىرى «بەل»، «بەلچە» دەپ ئاتىلىدۇ). م:

*بۇ ئېرىقنى بەلكەتمەن بىلەن چېپىپ بولغىلى بولمايدۇ، ياخشىسى كەتمەن بىلەن چاپايلى.*

*بۇ بەلچە تاپ ئارىلىقىغا چۈشمەيدىكەن، قوناق مايسىلىرىنى كېسىۋېتىتى.*

تۇغرىماق، ياغاچ، ئوتۇن -

شاخلارنى توغرىسىغا كەسلىمەك. م:
*بۇ ياغاچلارنى ئالدى بىلەن*
*تەكشى بەلدىۋىلىپ، ئاندىن بىر تە-*
*رەپتىن بىرىپ چىقسىڭىز ياخشى ئو-*
*تۇن بولىدۇ.*

**بەلدەم** (مىقدار سۆز):
كەسلەم، توغرالغان ئوتۇن - يا-
غاچ، ئېگىز - پەس بولۇپ قال-
غان يول. م:
*بۇ ياغاچلارنى بەلدەم - بەلدەم*
*قىلىپ كېسىپ، تۇزرەكلىرىدىن بىر*
*قانچە بەلدەمنى ئايرىپ قويدۇم.*
*بۇ يول بەلدەم - بەلدەم بو-*
*لۇپ كېتىپتۇ، ھارۋىنى جالاقشىتىپ*
*ئۇستىخانلىرىمنى ئاجرىتىۋەتكىدەك*
*قىلدى.*

**بەگەك** (بەرگەك): ئالد-
قىنى ئوچۇق، كىشىلەرگە
ئۇنى - بۇنى بېرىدىغان، سې-
خىي. مەجازىي مەنىدە: مىجە-
زى سۇيۇق ئايال. م:
*بەكمۇ بەگەك بولۇپ كەتمى-*
*سىلە، خەير - ساخاۋەتىمۇ ئۆز يو-*
*لىدا قىلغىنىمىز ياخشى.*

**بەگىنەي:** ئىنچىكە ھەم
ئۇزۇنىسىغا يوغىنايدىغان قو-
غۇن.

**بىزەرى:** بىرئاز، ئانچە -
مۇنچە، بىر مەزگىل. م:
*باللىرىم، بىزىنىڭ ياخشى*
*پەسلى ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ، تەتى-*
*لىڭلار توشقىچە بىزەرى تۇرۇپ، ئان-*
*دىن كېتىڭلار.*

**بىۋاراقى:** بىر باشتىن،
بىر تەرەپتىن، تەرتىپلىك، رەت-
لىك. م:
*ئىش دېگەننى بىۋاراقى قىلىپ*
*تۈگىتىمىز.*
*ساۋۇقىڭنى بىۋاراقى ئۆگىنىپ،*
*پىششىقلا بالام!*

**بىمەسەل:** ئەدەپسىز، ھا-
ياسىز، تايىنى يوق («مە» نو-
غۇمى سوزۇپ، ئۇرغۇلۇق ئېيت-
تىلىدۇ). م:
*ئادەم بار يەردە بىمەسەل گەپ*
*قىلمىغۇلۇق ئوغلۇم.*

**بىبەك** (بىر بەك): تاقا-
رىشماق، ناھايىتى چىڭ تۇر-
ماق، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە
بوش كەلمەسلىك. م:
*گەپ قىلمىسام، بىبەك چىڭ*
*تۇرۇپ، تاكاللىشىپ كەتتىڭىز يا؟*

**بىزمان:** كۈن قىيىلغان
پەيت، كەچقۇرۇن (بەزى جاي-
لاردا «بازمان» دەپمۇ تەلەپپۇز
قىلىدۇ). م:
*بىزمانلىقتا ۋاقتىڭىز يەتسە،*
*بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كېتىڭ.*
*تام كەينىدە ئىزىم بار،*
*ياغلىقىمدا ئۈزۈم بار.*

بىزمانلىققا كەل يارىم،
ساڭا دەيتقان سۆزۈم بار.

يارىم نە كەتتى،
قەشقاغا كەتتى.
ئەتە كېلەمتۇ، بىزمانمۇ؟
يۈرەككە ئوت كەتتى.

**بىــچاغ:** چاغلىغۇسىز، هــەددىــدىن زىيادە، قىياس - مۆلچەردىن چوڭ. م:

ئۇ بىزگە بىچاغ زۇلۇم سالغان،
مانا ئەمدى خەقنىڭ ئاهى ئۇرۇپ،
شۇمشىيىپ قاپتۇ.

**بىيدىنبىكا:** هېچنېمە-دىن هېچنېمە يوق، سەۋەبسىز، بىكاردىن بىكارغا. م:

بىيدىنبىكا گېپىڭىزگە كىرىپ زىيان تارتتىم.

قىلىدىغان ئىش بولمىسا بىي-دىنبىكاغا ساقلاپ تۇرمايلى، قايتىپ كېتەيلى.

چىرىدىن مېڭىپ،
چىقتىم چاقاغا،
يول مېڭىپتىمەن،
بىيدىنبىكاغا.
ئالدىڭغا كەلسەم،
قاچتىڭ تالاغا،
ئىبىست كۆيگەنلىرىم،
مۇزلۇغ ياكاغا.

**بىقۇز:** ئازغىنا، كىچىك-كىنە، ئىغىز (قوۋۇز) غا بىر كەلگۇدەك. م:

بىقۇز چېغىڭىزدىن تارتىپ بىر-قىپ چوڭ قىلدىم، ئەمدى يوغىناپ قالدىڭىزمۇ بالام ...

ئالا قوينىڭ تىرىسىنى،
ياز كەلمەستە ئاشلامسىز،
بىبقۇزچاغدا دوس ئىدۇق،
يوغىناپلا تاشلامسىز؟

**بىشئوچۇق:** نىكاهلانمى-غان، نىكاهتىن ئاجرىشىپ كەتكەن، هازىرچە بىر كىم بى-لەن پۇتۇشمىگەن قىز، ئايال، «بىشى باشتاق» دەپمۇ ئاتىلى-دۇ.

**بىشى باغلاغلىغ:** توي قىلىدىغان كىشىسى بار، باش-قىلار بىلەن نىكاهلىنىشقا چاي ئىچكۈزۈپ قويۇلغان قىز. م:

بالىنىڭ بىشىنى باشقىلارغا باغلاپ قويۇپتىكەنمىز، بىشى باغلاغ-لىغ بولمىغاندا قىزىمىزنى ئۆزلىرىدىن ئايارمىدۇق؟ ...

**بىســغ:** ئالــدىراش، باس - باس، چاپ - چاپ، ئىغىر - بىسىق، تەمكىن، مىجە-زى چــۇس ئەمەس («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «باسىغ» دەپ ئېلىنغان). م:

هازىر قولۇم ناهايىتى بىسىغ،

كېيىنچە كۆرۈشسەكمىكىن؟

«ئۆزى بېسىغ، گېپى سېسىغ».

**بېزەپ:** ئىسراپ، بۇزۇپ - چاچماق؛ كىر - پاسكىنا. م:

*كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى نېمانچىۋا بېزەپ قىلىۋەتكەنسىز؟*

**بېرەندى:** مۇزدۇزنىڭ كۆن - تېرىلەرنى كېسىشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابى. ئۇنىڭ تىغى ياي شەكىللىك، دەستىلەنگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنى بەزى جايلاردا «بوراندا» دەپمۇ ئاتايدۇ. م:

*بېرەندىڭىز كەسمىسە،*
*چاقلامچىغا چاقلىتىڭ.*
*تاقەتىڭىزمۇ چېكى بار،*
*بىزنى بوشراق ساقلىتىڭ.*

**بىرە:** «بىر» نىڭ مۆلچەر شەكلى، مىقدار سۆزلەر ۋە سانلار بىلەن بىرىكىپ مۆلچەرنى بىلدۈرىدۇ. ئالماشلار بىلەن بىرىكىپ نامەلۇملۇقنى بىلدۈرىدۇ. «بىرە - بىرە» بولۇپ كەلسە، «ناگان - ناگاندا»، «بەزى - بەزىدە» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «بەر، بېرىۋەت» دېگەن مەنىدە «بىرە!» بولۇپمۇ كېلىدۇ. م:

*بىرە ئاي، بىرە بېرىم تال، بىرە - ئىككى قېتىم، بىرە نېمە بولدىمۇ؟ بىرە قانداق ئىش يۈز بەردىمۇ؟*

*قارا كۆز ھەر جايدا بار،*
*پىروزا كۆز بىرە - بىرە.*
*پىروزا كۆزنىڭ ئالدىدا،*
*قارا كۆز تېزەك تېرە.*

«بېرىپ قىلىشى مۇمكىن» دېگەن مەنىدە «بىرە» بولۇپمۇ كېلىدۇ. م:

*بايرامغىچە ئىش ھەققىنى بىرە، ئۈنىڭغىچە سەۋر قىلايلى.*

**بىقۇۋۇل:** قۇربى ھېچنېمىگە يەتمەيدىغان، ئىلاجسىز، ئامالسىز، بىچارە. م:

*بى قۇۋۇل چاغلامدۇ يار،*
*بوينۇمنى ئەگمەيمەن ئاكا.*
*مەن دېگەنگە بەرمىسە،*
*ھەرگىزمۇ تەگمەيمەن ئاكا.*

**بىجبىدان:** ئايالالارنىڭ بالىياتقۇسى، چارۋا ماللارنىڭ ماتكىسىنىمۇ «بىجبىدان» دەيدۇ.

**بىلەك:** باشقا، ئۆزگە («تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «بىلەك» دەپ ئېلىنغان). م:

*ئۇرۇق سالدىم چۆنەككە،*
*سويما چۈشتى پىلەككە.*
*خاتىرىڭىز جەم بولسۇن،*
*قارىمايمەن بىلەككە.*

**بىيدۇ - بىيدا:** بىزاۋىتا،

ھەددىدىن زىيادە دەردلەنمەك،
يىغلاپ بىئارام بولماق، ئۆزىنى
ئالدۇرۇپ قويماق. م:
قويسلا، يىغلىمىسلا، ھەر
قانچە بىيدۇ - بىيدا بولغانلىرى بىد-
لەن ئۆلگەننى تىرىلدۈرگىلى بولماي-
دۇ.
ئۆزەمنى بىيدۇ - بىيدا قىلىپ
يۈرگىنىمگە ئىست! ...
مېنى تاشلاپ
كەتكىنىڭگە يىغلىدىم،
كۆزنى ياشلاپ
كەتكىنىڭگە يىغلىدىم،
بىۋاپا يار، دەردى-
ھىجرانىڭ بىلەن،
بىيدۇ - بىيدا
ئەتكىنىڭگە يىغلىدىم.

**بىجىق:** ئەمچەك، تو-
گۈنچەك. م:
«چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن تو-
خۇنىڭ بىجىقى يوق».
ئانا، ماڭا بىجىق چىقىرىپ نان
يىقىپ بەرگىنە!
تاۋار كۆڭلەك ئىچىدە،
لىغىلدايدۇ بىجىقىڭ.
تېگە - تەگمەي باتنايسەن،
يامانمىدى قىچقىڭ.

**بىرەمە:** نەرسە - كېرەك،
كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئىس-
مى نامەلۇم بولغان نەرسىلەر. م:
بالام، ساڭا بازاردىن جىق بىد-
رەمە ئېپكەلدىم.
تويغا كىيىپ بارغۇدەك بىرەمەم
يوق، تويغا بارمايمەن.
يانچۇقۇمدا بىرەمە،
يارىم ساڭا بىرەمە.
ماڭا قىلدىڭ يەتكىچە،
ئۆلمەي قالساق كۆرەمە.

كىيىم - كېچەك — بىرەمەم،
بوغچۇمغا چىگىلىك.
قارايدىغان كۆزۈم يوق،
يار كۆڭلۈمنى ئېگىلىك.

**بىرەتكە:** ئاندا - ساندا،
بەزى - بەزى، بىرەر - بىرەر.
م:
دوختۇر، بىقىنىم بىرەتكە ئاغرىيدۇ؟
يار جامالىڭ ئوخشايدۇ،
نۇقسانى يوق سۇرەتكە.
سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ.
يوقلىمىساڭ بىرەتكە.

**بىخىل:** ھە دېسە، ھەمىد-
شە، دائىم، ئىزچىل. م:
گەپ ياندۇرماي تۇرسام، بىد-
خىل تىللاۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ.
مېنى قورقتى دەپ قالدىڭىزمۇ؟
نېمانداق بىخىل كۆزۈمنىڭ
تېگىگە قاراۋېرىلا، گەپ-سۆزلىرى
بارمىدى - يا؟

**بۆگمەك:** سۆنى (بۆگەچ

بىلەن بۆگەپ) توسماق، توخ-
تاتماق، يىغماق («تۈركىي
تىللار دىۋانى» دىمۇ مۇشۇنداق
ئىزاھلانغان). ئېچىقبىشى ۋە
ئازمىنىڭ سۆيىنى توختىتىش،
شال قويۇپ توسۇشنىمۇ «بۆگ-
دۇق»، «بۆگىۋالدۇق» دەي-
دۇ.

**بۇگەچ** (بۆگەچ): نو-
نىڭ ئاغزىنى توسىدىغان شاخ -
شۇمبا، ئېچىقتا باسىدىغان نەر-
سە. م:

*نوغا بۇگەچ كەپلىشىپ قالغان
چېغىۋا، سۇ بەكمۇ قىيىپ قالدى.
ئاغزىڭىزغا بۇگەچ كەپلەپ
قويىمىغاندىكىن، گەپ قىلىپ تۇرما-
سىز؟*

**بۇۋەك:** تۇغۇلۇپ يېشىغا
توشمىغان بالا. م:

*بىگى تۇغۇلغان بۇۋەكتە نىمە
گۇناھ، مۇشۇ چاغچە ئىمىتمىسلە
ئۇۋالىغا قالماملا؟*

*باشتا مىنى گوللايسىز،
يالاپ بۇۋەك بالىدەك.
ئەمدىلىكتە نىمىشقا،
يۇشۇلدايسىز كالىدەك.*

**بۇلە:** مومۇن (موماياـ
غاچ) ئەتراپىغا دۆۋىلەنگەن سا-
مانلىق دان، مال ئايىغىدا يەم-
شىتىلىپ، سورۇپ دانلىرىنى
ئايرىش ئۈچۈن تەقلەپ قويۇل-
غان دۆۋە. م:

*كۈنجۈت سەپتىم دامانغا،
بۇلە يايدىم خامانغا.
قاچانلىققا يېتەرمىز،
يارىم بىلەن ئارمانغا.*

**بۇك:** بۇكلۇك، قويۇق
ئۆسىپتىدائىي ئورمان، چاتقال-
لىق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دە-
رەخلىكلەر. بۇك - باراقسان-
لىق. خوتەننىڭ شىمالىدىكى
«ئىسلامئاۋات» يېزىسىغا بارى-
دىغان يول ئۈستىدە «يامان-
بۇك» دېگەن كەنت بار. ئۇ-
نىڭغا يېقىن توقايلىقلار «يامان-
بۇكنىڭ جاڭگىلى» دەپ ئاتى-
لىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە بۇ نام-
نى «يامانبۆك» دەپ خاتا تە-
لەپپۇز قىلىدۇ.

**بۇكەرەش:** چارۋا - مال-
لارنىڭ ھەزىم ئىقتىدارىدىن
ئارتۇق ئوزۇقلىنىپ، يېگەن
نەرسىسىنى سىڭىرەلمەسلىكى،
بۇ خىل ئەھۋالدىكى مال «بۇ-
كەرەپ قالدى» دېيىلىدۇ.

**بازارلىق:** شۇ بازار كۈنى
ئۈچۈن تەييارلىق؛ بازاردا خەج-
لەيدىغان پۇل، بازاردا كىيىدى-
غان كىيىم؛ بازىرى ئىتتىك
مال، بازىرى ئىتتىك كىتاب؛

شەھەر ئىچىلىك، ئۆيى شەھەر-
دە ياكى بازاردا تۇرىدىغان ئادەم.
م:

*بۈگۈن چىبەرقۇتنىڭ بازىرى*
*بەك ئىتتىك بوپتۇ.*
*— ئۇ كىمكەن؟*
*— كىىم بولاتتى، بازارلىق*
*دەڭچى.*

مەجازدا: يېكىنىپ ئولتۇ-
رىدىغان ئادەمنى، ئېتىبارى
يوق ئادەم، نەرسىلەرنىمۇ «با-
زارلىقى يوق» دەپ ئىپادىلەي-
دۇ.

**بىخى سالماق:** موزدۇز-
نىڭ چەم بىلەن رەختنى بىرىك-
تۈرۈپ تىكىش مەشغۇلاتى بو-
لۇپ، كۆچمە مەنىدە ئىشنى
ئەستايىدىل، پۇختا، چىرايلىق
قىلماقنى ئىپادىلەيدۇ.

**بۈكلەك:** باراقسانلىق،
كۈن نۇرى چۈشمىگۈدەك دە-
رەخزارلىق، ئۆسۈملۈكلەر زىچ
ئۆسكەن جاي. م:

*مۈشۈ يەر بەك بۈكلەككەن،*
*مۈشۈ يەرگە يوشۇرۇنايلى.*

**بەۋا** (باۋا): مۇۋاپىق،
لايىق.

## پ

**پاۋان** (پالۋان): ئوۋ-
چى، مەخسۇس ئوۋچىلىقنى
كەسىپ قىلغان ئادەم. م:

*تاغقا چىقتىم كىيىك ئاتاي دەپ،*
*رۇزىۋاي پاۋان بىلەن.*
*زەيمۇ قىينالدى بۇ جان،*
*ئەقلى يوق نادان بىلەن.*

**پاراق:** قالايمىقان؛ دۆ-
لەتكە تاپشۇرىدىغان غەللە-ئاش-
لىق؛ كۆلكە (ئاۋاز ئىملى-
قى). قالايمىقانچىلىق مەنى-
سىدە ئىشلىتىلگەندە بۇ سۆز-
نىڭ ئالدىغا «پات» قوشۇپ
ئېيتىلىدۇ. م:

*نېمانچە پاتپاراق بۇ.*
*ئۇ خۇشلۇقىدىن «پاراق» قى-*
*لىپ كۈلۈپ كەتتى.*
*خاماننى ئېلىپلا غەللە-پاراق-*
*نى تاپشۇرۇۋېتەيلى.*

**پاسماق:** پاسكىنا، كىر،

مەينەت («قاسماق» نىڭ باش-
قىچە ئاتىلىشى). مەجازىي مە-
نىدە: جىنسىي ئالاقىدىن كې-
يىن يۇيۇنمىغان جۇنۇپ. م:

*يۈز - كۆزىڭىز بەك پاسماق*
*بوپ كېتىپتۇ.*
*يۇيۇنىۋېتىڭ! ھۇ، پاسماق!*
*يۇيۇنمىغىنىنى! كاساپىتىڭدىن بەرى-*
*كەت قالمىدى.*

**پايكا** (پايكىچى): بۇ-
رۇنقى چاغلاردا يېنىغا تاماكا
خالتىسى ۋە قاپاق چىلىمنى ئې-
سىپ، بازار - رەستىلەرنى ئارى-
لاپ يۈرۈپ خۇمارى تۇتقانلارغا
چىلىم - تاماكا چەكتۈرۈش ھې-
سابىغا تاپقان پۇلى بىلەن تې-
رىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم.
پايكىچىلىقمۇ مەخسۇس كەسىپ
ئىدى. پاپىروس، يۆگەپ چې-
كىدىغان موخۇركىلىشلەپچىقى-
رىشنىڭ تەرەققىياتى پايكىچى-
لىق كەسپىنى ئىستېمالدىن
قالدۇردى.

**پاتاڭ:** بويۇن ئومۇرتقى-
سى، گەجگە بىلەن بويۇن ئارى-
لىقىدىكى پەي. مەجازىي مەنى-
دە: زەكەر، ئەرلىك جىنسىي
ئەزا. م:

*«ئاتاڭ ياخشىمۇ، پاتاڭ ياخ-*
*شىمۇ؟»*
*مايماق بىتىپ قالغان چىغىم،*
*پاتىڭىم ئاغرىپ قوپۇپتىمەن.*

**پەگا:** پەس، ئۆينىڭ
سۇپىسى ئالدىدىكى تار جاي.
م:

*ئۆيىمىز كىچىك، مېھمانلار پە-*
*گادا قالدۇق دەپ رەنجىمەس؟*
*مېنى قويۇپ پەگادا،*
*تۆرگە ئۆتكەن ئۆزىڭىز.*
*يالغان گەپنى جىق قىلىپ،*
*قىزارمىدى يۈزىڭىز.*

**پەشتاق:** تەكشىلىكتىن
كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دۇمبەل،
پەلەمپەي قىلىپ ئېگىزلىتىل-
گەن تاختاي سۇپا. مەجازىي مە-
نىدە: بېشى ئالتاغىل، تارتۇق
باش ئادەم. م:

*مەن بۈگۈن پەشتاققا چىقىپ*
*سۆزلىمەكچى.*
*ئۇنىڭ بېشى پەشتاقكەن، چې-*
*چىنى بەكمۇ تەستە چۈشۈردۈم.*
*يارىم كەتتى مال ھەيدەپ،*
*يايلاقلىقى قوشتاغقا.*
*دادام مېنى بەرمەكچى،*
*دوقا ماڭلاي پەشتاققا.*

**پەرسۇدە:** بۇزۇپ - چاچ-
ماق، ئىسراپ قىلىپ تۈگەت-
مەك. م:

*نۇرغۇن ئىبسىل قولىيازما كىتاب-*
*لار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا*

*پەرسۇدە بولۇپ كەتتى.*

**پەررەك:** ياغاچتىن تىلىپ چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز شال. بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان نىپىز كۆمۈرچەك. نىپىز تۆمۈر. مەجازىي مەنىدە: بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، چىدامسىز نەرسە. م:

*پەررەك شال بىلەن كۆمگەن ئۆگزىكەن ئۇ، ئىغىر نەرسە ئارتمايلى، بولمىسا كۆتۈرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.*

*ھارامزادىلىكنى بوش قىل، بۇرنۇڭنىڭ پەررىكىنى ئېزىۋەتمەي يەنە!*

*بىز ئالدىراپ قول سالىدىغان ئىشنى قىلمايلى، ئەگەر ئۇ بىزگە چىقىلسا ۋاكپەررىكىنى چىقىرىۋېتىمىز!*

*پەررەك تۆمۈر-بوش تۆمۈر،*
*كەتمەن بولۇرمۇ؟*
*يارىدىن ئازار يېمىگەن،*
*دەردمەن بولۇرمۇ؟*

**پەجىم:** ئېلاستىكلىق، مەھكەملىك. م:

*ئىغىرنىڭىزنىڭ پەجىمىنى چىك قىلىڭ دېسەم ئۇنىمايسىز، مانا ئەمدى بالاغا قالدىڭىز!*

*ئازنىلىقتا بارغاندا،*
*بېرەلەمسىز خەجمىنى،*
*دۇشمەن چۇشەر ئارىغا،*
*بوشاتسىڭىز پەجمىنى.*

**پاتاڭگۇچماق:** پۇتى يەرگە تەگمەي، ئېگىزدە ساڭگىلاپ قالماق. ئىككى قولى بىلەن بىرەر نەرسىگە ئېسىلىۋېلىپ پۇتىنى لەپەڭلىتىپ ئوينىماق. م:

*ھېلىمۇ ياخشى، خۇدايىم ساقلاپ بىر توم پۇتاقنى چىك تۇتۇۋاپتۇ. مەن بارسام پاتاڭگۇچلىغىلى تۇرۇپتىكەن. بىر نېمىلەرنى قىلىپ يەرگە چۈشۈرۈۋالدىم.*

*پاتاڭگۇ ئۇچۇپ ئوينىماڭلار، شاخ يىرىلىپ كەتسە پۇت-قولۇڭلارنى زەخمىلەندۈرۈۋالىسىلەر.*

**پاگى** (پاگىر): خېمىر تۇرۇچ. ئىشلىتىشكە كۆزى قىيماي تەۋەررۈك ئورنىدا ساقلىغان ۋەج-مۈلۈكنىمۇ «پاگى» دەيدۇ. م:

*ئۆلەگ مانتا ئەتمەكچىدىم، ئۆيدىكى پاگى كونىراپ كېتىپتۇ، شۇڭا سىزنى پاگى بېرىپ تۇرامدىكىن دەپ كىردىم.*

*يانچۇقتىكى پاگىينى تۇگۈۋەتسەك، بېشىمىزغا يامان كۈن چۈشكەندە قانداق قىلىمىز؟*

**پاي:** سۇ مېيى ياندۇردىغان چىراغنىڭ تەگلىكى،

پۇتقا كىيىدىغان ئاياغنىڭ پا-
يى؛ پەشتاق — پاي؛ خامانغا،
مال ئايىغىغا دەسسىتىپ يۇم-
شىتىش ئۇچۇن تاشلاپ بېرىدى-
غان ئەنجى — پاي؛ پۇل مۇئا-
مىلە سودىسىغا قاتناشتۇرۇلغان
بىر ئۇلۇش دەسمايە — پاي ...
م:

*چىراغپايىنى مەزمۇت ئورناشتۇ-*
*رۇڭ، چىراغ يىقىلىپ كېتىدۇ.*

*بىر پاي ئايىغىمنى ئىزدەپ*
*ھېچيەردىن تاپالمىدىم.*

*تەختىپايغا ئاۋايلاپ دەسسەڭ،*
*يۇتىڭىز تېيىلىپ كەتمىسۇن.*

*مالنىڭ ئايىغىغا پات - پات*
*پاي تاشلاپ تۇرۇڭلار - ھە.*

*بۇ يىل پاي چىكى ساتسا،*
*جىقراق ئېلىنۋالايلى.*

**پايپاس:** سۆرەلمە، قى-
مىر - قىمىر. م:

*ئەجەپمۇ پايپاس ئادەمكەنغۇ*
*بۇ، ئىچىمنى پۇشۇرۇۋەتتى.*

**پايپاسلىماق:** سۆرۈلۈپلا
يۇرمەك، كەينىگە كىرىۋالماق.
م:

*كۈن بويى پايپاسلاپ يۇرۇپ،*
*قانداقمۇ جان باقارسىز؟*

**پاساڭ** (پاساڭداش) :
«ۋاشاڭ ئېتىش» — كۆز كۆن-
لىرى يېمىشلەر يىغىلىپ، قو-
غۇنلار ئۈزۈلۈپ بولغاندىن كې-
يىن چالا قالغانلىرىنى ئىزدەپ
تېپىشنى «پاساڭ ئېتىش»،
«پاساڭداش»، «پىساڭداش»
دەيدۇ. م:

*بۈگۈن بىر كۈندە مىڭچە پا-*
*ڭاق پاساڭداپتىمەن. قوغۇن پاساڭ*
*ئەتكىلى بارسام بىرەر سويىمۇ تاپال-*
*مىدىم.*

**پاتاس** (ئاۋاز ئىملىقى) :
بىرەر نەرسىنى چىشلەپ ئۈزگەن-
دە چىققان ئاۋاز. م:

*چىشلەپ تۇرۇپ تازا كۈچەپ*
*بىر تارتىۋىدىم، «پاتاس» قىلىپ ئۈ-*
*زۈلدى.*

**پاتاسكا** : يەرلىك ئۈسۈل
بىلەن ياسىلىدىغان بىر خىل يۇمشاق
كەمپۇت، ئۇ ناۋات ياساشتىن ئې-
شىپ قالغان ئايرىلما قىيامدا ئىش-
لىنىدۇ. يېپىشلىك ۋە تەملىك،
يۇمشاق بولۇپ، ئېغىزغا سېلىپ
بولغۇچە ئېرىپ كېتىدۇ. م:

*چوكا ناۋات يېمەيمەن،*
*پاتاسكىدىن ئەپ بەرگىن.*
*ئۆزگە يارنى سۆيمەيمەن،*
*ئۆز يارىمنى تەپ بەرگىن.*

**پالچۇق:** پاتقاق لاي؛ سۇ
ئۆرلەپ قالغان، يامغۇر سۇيى
يىغىلىپ قالغان يەر. م:

*ئۆيگە كەلگىچە بەتىنكەمنى*

*كاردىن چىقاردىم. نېمىشقا دەمسىز،*
*يوللار ئەجەپمۇ پالچۇق بوپ كېتىپتۇ*
*ئەمەسمۇ؟*

*سۇنى بەك جىق سەپمەڭ،*
*پالچۇق قىلىۋېتىسىز!*

*دەسسەتمىگىن پالچۇققا،*
*ئايىغىمنى لاي قىلىپ.*
*مەيلىڭ بولسا كەلمەمسەن،*
*ئەلچى باشلاپ چاي قىلىپ؟*

**پارت** (ھەرىكەت ئىملى-
قى): بىرەر نەرسىنىڭ قولدىن
سىيرىلىپ چىقىپ كېتىشى.
ئادەملەرنىڭ تېزلىك بىلەن قې-
چىشى. م:

*مەن ئۇنى تۇتا - تۇتماي*
*«پارت» قىلىپ قولۇمدىن چىقىپ*
*كەتتى.*

**پارتاق** (ھەرىكەت ئىملى-
قى): بىرەر ئادەم ياكى بالىنىڭ
ناھايىتى تېز ھالەتتە يۈگۈرۈ-
شى، بەزى ھايۋانلارنىڭ قېچى-
شىنىمۇ شۇنداق ئاتايدۇ. م:

*مەن ئۇنى چاقىرىپ تۇرسام،*
*پارتاقشىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەت-*
*تى.*

**پاقا بېلىق:** بېلىقنىڭ
بىر تۈرى، ئۇ پوستى ئالچى-
پار، پولتاي كۆز، ئېغىزى يو-
غان، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق كېلى-
دۇ، بۇنداق بېلىقنى يەرلىك
كىشىلەر يېمەيدۇ.

**پاخما:** ياۋا چېكە، باشقا
رايونلاردا ئۇنى «لوپنۇر كەندى-
رى» دەيدۇ. خوتەننىڭ جاڭ-
گاللىرىدا پاخما كۆپ ئۆسىدۇ.
ئۇنى يانجىپ، قوۋزىقىدا چېكە
ئارغامچا ياسايدۇ.

**پاتىكوشاڭ:** قالايمىقان-
چىلىق، پاتىپاراقچىلىق، ئۆز
بېشىمچىلىق. م:

*بىرنەچچە مەس كىرىۋاپتىكەن،*
*تانسىخانىنى پاتىكوشاڭ قىلىۋەتتى.*

*پاتىكوشاڭ ئادەملەر بىلەن بىر*
*سورۇنغا كىرىپ قالسا، ئولتۇرۇشنىڭ*
*ھەرگىز مەززىسى بولمايدىكەن.*

**پايتىما:** قىش كۈنلىرى
پۇتنى سوغۇقتىن ساقلاش ئۈ-
چۈن تاپانغا يۆگەيدىغان كىگىز
پارچىسى ياكى خام؛ تاغدا ياكى
جاڭگال ياقىسىدا ئولتۇراقلاش-
قان ئاھالىلەرنىڭ يۇڭ يىپ بى-
لەن گۈل چىقىرىپ توقۇپ پا-
قالچىقىغا ئورىۋالىدىغان تۇر-
مۇش بۇيۇمى، ئۇنى ئورىۋالسا
يول ماڭغاندا پۇتى تالمايدۇ،
سوغۇقتىن ساقلايدۇ ھەم چى-
رايلىق تۇرىدۇ. گۇما تەرەپتە
ئۇنى «جاۋا» دەيدۇ. م:

*ئۇنىڭ گۈللۈك پايتىمىسى*
*شۇنداق چىرايلىق يارىشىپتۇ.*

*ئــۇ خىيالىدا مىنى پاچىقىغا*
*پايتىما قىلىپ يۆگىمەكچى تېخى.*
*پۇتۇڭدىكى پايتىماڭنى،*
*يارىڭ توقۇپ بەرگەنمۇ؟*
*ئۆي كەينىگە ئىز سايسەن،*
*ئاخشام كەچتە كەلگەنمۇ؟*

**پەرەس:** لىپمۇلىپ، قا-
چىنىڭ سۈيى بىلەن تەڭ. سۆز
ئــاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان
يۈكلىمە پېئىل. م:

*تاغارغا پەرەس بۇغداي ئۇسۇپ قويۇپتىمىز، قانداق يۆتكەرمىز ئەمەدى؟*

*ئــۇ ھەم خوتۇنپەرەس، ھەم پۇلپەرەس بىر نېمىكەن.*

*تەخسەمدە پەرەس لەغمەن.*
*ئاشقاننى قاچان يەمەن.*
*يارىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،*
*گەپىڭ جايىنى دە (ر) مەن.*

**پــەلــەمما:** ھــيلە - مەكىر، ئالداش. م:

*ھۇنەرۋەن دېگەن راست ئىش قــىلغۇلۇق. پەلەمما ئىشلەتسىڭىز، خېرىدارلىرىڭىز تېزىپ كېتىدۇ.*

*پەلەمماسى جىق بىر ئادەمكەنسىز!*

*يارىڭ پەلەمماسى تولا،*
*نازى، مۇئەمماسى تولا،*
*دامۇ ئارقان ئەتكىلى ئۇ،*
*زۇلفىيدىن ئەشتى كۇلا.*

**پــەلىگ:** مەھكەم، پىنھان، چىڭ يوشۇرۇلغان، پۈختا جايلاشتۇرۇلغان. ئادەمگە نىسبەتەن: پەملىك، نەرسە - كېرەكنى چىڭ تۇتىدىغان. م:

*ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتىسىز، نەرسىلىرىڭىزنى پەلىگ ساقلاڭ!*

*پەلىگ ئادەم دېگەن مېلىنى ئوغرىغا ئالدۇرمايدۇ.*

*يارىمنى دېسەم پەلىگ،*
*ئالداپتۇ ئۇنى شەلىگ،*
*پەمى بارنى تاپقاندا،*
*بىزمۇ بولىمىز ئەلىگ.*

**پەسكارى:** بىرەر ئىشنىڭ جىددىي باسقۇچتىن ئۆتۈپ كېتىشى. ئاچچىقلانغۇچىنىڭ ھورىدىن چۈشۈشى. م:

*ئــەنسىرىمەڭلار، مەن بارسام ئىش پەسكارىغا چۈشىدۇ.*

*ئاچچىقلىرى خىلى پەسكارىغا چۈشكەندۇ ئەمدى؟*

**پەرمال:** ئۆي ئۆگزىسىنى ياپقان بالا ياغاچنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتاشتۇرغۇچى چېتىق تاختاي. م:

*تاختا بېشى پەرمالغا،*
*ئۇرۇس مىقنى قاقتىڭمۇ؟*
*ئوتىمىزغا چىدىماي،*
*نەمگە مەيدە ياقتىڭمۇ؟*

**پەللەمچى:** ئالدامچى، ئاز-

دۇرغۇچى، يالغان ئېيتقۇچى. م:

*ھەي پەللەمچى،كەچتەكىنو-
خانىدا كۆرۈشەيلى دەيسىز، شۇنچە
ساقلىسام بارمىدىڭىز - يا؟*

*گېپىم - گەپ! ھەرگىز پەللە-
مەيمەن، پەللىسەم قارا يۈز بولۇپ
كېتەي!*

*كېلىمەن دەپ كەلمىدى،
يارىم مېنى پەللىدى.
باراي دېسەم ئانىسى،
قىزدىن يامان دەللىدى.*

**پەللە:** نىشان - مەنزىل؛ بىر خىل باللار ئويۇنى؛ ئال-داشقا دالالەت قىلماق (بۆي-رۇق). م:

*ئاداشلار ئەمسە ئويۇن باش-
لاندى، پەللىگە كىم بالدۇر بارالىسا
شۇ ئۇتقان بولىدۇ!*

*راست گەپ ئاقمىسا پەللە،
پەللىسەڭ ئاقىدۇ.*

*... ئەللەجانىم ئەللە،
ئالدىمىزدا پەللە.
يارنى بوشراق پەللە،
ئاق بوز ئاتنى چاپتۇرۇپ،
جىگدىلىك ئاراسىدا،
ئالتە خۇپتەن بولغاندا كەللە.*

**پەدىشەپ:** (ئەدەبىي تىلدا: پەردىشەپ) ئىككى كۆ-ڭۈل ئارىسىدا ساقلىنىدىغان ھايا، ھېيىقىش. م:

*ئىغىزىم بار دەپ گەپنى قىلد-
ۋەرمىگۈلۈك، ئارىدىن پەدىشەپ كۆ-
تۈرۈلۈپ كېتىدۇ.*

*پەدىشەپ بىلەنراق ئىش قد-
لايلى، بەك ئوچۇق - ئاشكارا بو-
لۇپ كەتسە، جامائەتنىڭ ئالدىدا
سەت بولار؟*

*سىز ھايالىغ، مەن ھايالىغ،
پەدىشەپ بىلەن.
باغ كەيندە ئۇچرشايلى،
روزى - شەپ بىلەن.
روزى - شەپتە باغقا كىرسەم،
شۇنچە ئەپ بىلەن.
بولغا سالدى گوللامچى يار،
قۇرۇق گەپ بىلەن.*

**پەش:** لەمپە؛ ئۆينىڭ ئالدىغا ياسالغان پەس ئايۋان؛ سۆڭەكسىز گۆش؛ پەش (مۇ-شۇكنى ھەيدەش)؛ كۆز - كۆز قىلماق. م:

*ئايلاندۇردى كۆڭلۈمنى،
ناشتىدا بيگەن پەش گۆش.
نەۋاقىچە يۈرەمەن،
ئالدىڭدا قىلىپ خوش - خوش.*

*مەلىڭىزدە بەش ئايۋان،
بەشلىسى پەش ئايۋان.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
ئاخىرغىچە پۇشايمان.*

*ئۆيان - بۇيان ئۆتسەن،*
*ئايخاڭزاڭنى پەش قىلىپ،*
*قارىمغىن كۆزۈمگە،*
*يۈرەك-باغرىمنى*
*غەش قىلىپ.*

**پەۋادى:** سىرىق رەڭلىك بىر خىل ناۋات، ئۇنى ناۋات قىيامىدىن ئايرىۋېلىنغان «لاي» دا تەييارلايدۇ. مەستخۇش قىلىدىغان بىر خىل دورىنىڭ ئىسمىمۇ «پەۋادى» دېيىلىدۇ. ئۇنى ئىزچىل ئىستېمال قىلسا خۇمارغا ئايلىنىدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا يېشىغا توشمىغان كىچىك قىزلار بىلەن نىكاھلانغان بەزى ئادەملەر، قىزنىڭ ئىچىدىغان چېيىغا پەۋادى سېلىپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۇنى مەست قىلىدىغان ئىشلار بار ئىدى. م:

*باغلىقىمدا پەۋادى،*
*شۇمۇپ يېسىلە.*
*سىۋتىمدە تۇخۇم بار،*
*كۆمۈپ يېسىلە.*
*دوست - دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا،*
*كۈلۈپ يۈرسىلە.*

**پەكا:** تەكشىلىك، تۈزلۈك. ئادەتتە دېھقانلار ئاغدۇرۇلغان تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى تۈزلىگەندە، ئېتىزنىڭ يۈزى تەكشىلەنمىگەن بولسا «پەكاغا كەلمەپتۇ» دەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سۇ باشلاپ قويۇپ سۇنىڭ تەكشىلىكى بويىچە ئېتىز يۈزىنى تۈزلىسە «سۇ پەكرى قىلدۇق» دەيدۇ.

بۇرۇنقى زاماندىكى سۇ تۈگمەنلىرىنى چوقۇپ ياساش ئۇسۇللىرىمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولۇپ، تۆپە تاشنى ئايلاندۇرىدىغان ئوقنىڭ ئۇستىدىگە قىلىنچ شەكلىدە ياغاچ ياساپ ئاستى تاش ئۇستىگە سۇ قۇيۇپ تەكشىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇستى تاشنى ئورۇنلاشتۇراتتى.

**پەن:** ھىيلە - مىكىر، تەدبىر؛ ئىلىم - پەن بولۇپمۇ كېلىدۇ. م:

*ئەگەر پەن ئىشلەتمىگەن بولسا، ئۇ مىنى ھەرگىزمۇ يىقىتالمايتتى.*

*ماڭا پەن قىلمەن دەپ ئويلىماڭ، پەننى بىلگىدەك پەمىم بار.*

**پەغپۇرچىن** (جاي ئىسمى): تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشچە، خوتەن چىنماچىن، پەغپۇرچىن قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان.

**پەم:** پاراسەت، ھوشيارلىق. قىياس - مۆلچەر؛ ئەقىل. م:

مەن ئۈنىڭ مۇشۇنداق قىلىـ
دىغانلىقىنى باشتىلا يەملىگەن.
ئۈنىڭ سودا ئىشلىرىغا خېلى
يەمى بار.
يەم بىلەن ماڭمىسىڭىز تېپىد-
ىلىپ كېتىسىز، يول بەك پاتقاقكەن.
يارنى سۆيسەم يەم بىلەن،
لېۋىم تولدى تەم بىلەن.
لېۋى تاتلىق يارنى دەپ،
يۇرەرمەنمۇ غەم بىلەن.

**پەرغەپ:** تۇتۇق بەرمەس-
لىك، قانات - قۇيرۇقىنى تۇت-
قۇزماسلىق. م:
مېنىڭ بۇ يۇرتتا تۇرۇشقا پە-
قەت رايىم قالمىغانىدى. شۇڭا چاپىد-
ىنىمنى دولامغا سېلىپ بىر كېچىدىلا
پەرغەپ دېگەنچە خەقنىڭ كۆزىدىن
يۇتتۇم.
پەرغەپ دەپ كېتەي ئەمدى،
تەقدىرگە يۇتەي ئەمدى.
يارىم مېنى خار كۆردى،
كۆزىدىن يۇتەي ئەمدى.

**پەندۇرماق:** ئازدۇرماق،
ئالدىماق. م:
خېلى دىققەت قىلغانىدىم، يە-
نە پەندۇرۇپ كەم تارتىپ بەرگەن
ئوخشايدۇ، ئۇرۇق ئاز كۆرۈنىدۇ.
چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ،
كىچىك چىراغنى چاندۇرۇپ،
بىز يارغا نىمە قىلغان،
ھەر دوقمۇشتا پەندۇرۇپ.

**پوكان:** قوشلارنىڭ دان
خالتىسى؛ ئادەمنىڭ ئىشتىھا-
سى؛ يېرىم - يارتا پىشقان (خام
قالغان) تاماق؛ دۆت، تولا يەي-
دىغان كىشىنى «پوكانباي»
دەيدۇ. م:
«قوشقا پوكان خاپىلىقى، يە-
گىتكە خوتۇن خاپىلىقى».
... خالتىدا ئۇن بولسا،
پوكانغا نان بولسا،
خەجگە پۇل بولسا،
كۆتىگە تەپسەڭمۇ،
كەتمەيدۇ خوتۇن.
تاغاردا ئاش بولماي،
ئاسقۇدا گۆش بولماي،
پوكانغا نان بولماي،
ھەر قانچە قىلساڭمۇ،
تۇرمايدۇ خوتۇن ...

**پوكانچى:** قاسساپقا يال-
لىنىپ مال بوغۇزلىشىپ بې-
رىش ھېسابىغا جان باقىدىغان
كىشى، يەنە بوغۇزلانغان مال-
لارنىڭ ئۈچەي - قېرىنلىرىنى
تازىلاپ تۆكىدىغان ئادەم. م:
قاسساپچىلىق قىلاي دېسەم
دەسمايىغا پۇل يوق، پوكانچىلىق
قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**پوتلا:** باش باھاردا دەل -
دەرەخلەردىن چىقىدىغان توز-

غاق. مەجازىي مەنىدە: بۇرنى-
-دىن چىقىدىغان ماڭقا —
سۇيۇقلۇق. م:
*پوتلا - ماڭقىڭىزنى ئېقتىپ*
*يىغلاۋەرمەي، گەپنى ئوچۇق قىلىڭە!*
*بۇ يىل تېرەكلەر يىللاردىكى-*
*دىن بالدۇر پوتلا چىقاردى.*
*قەنچاي تۇتتۇم لېۋىمدە،*
*قورقماي قانغىدەك ئوتلا،*
*پاسارلىقتا ئوخلايدۇ،*
*ئېرىك دېگەن كۆك پوتلا.*

**پوتەي:** بۇرۇنقى ۋاقىت-
لاردا ئىشلىتىلگەن يول مۇسا-
پىسىنى ھېسابلايدىغان ئۇزۇن-
لۇق ئۆلچىمى؛ ھەربىي ئېھتى-
ياج تۈپەيلىدىن يول بويىغا سې-
لىنغان (تۇرا). ھەر بىر پو-
تەينىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن
2.73 چاقىرىم (تۆت كىلومېت-
تىرغا تەڭ). ياشانغان كىشى-
لەر ھېلىھەم «پالانى يەر بىلەن
پوكۇنى يەرنىڭ ئارىلىقى مانچە
پوتەي»، «بۇگۈن مەن مانچە
پوتەي يول ماڭدىم» دەيدۇ.
كېلەڭسىز، سېمىز ئادەملەرگە-
مۇ بۇ سۆزنى سۈپەت ئورنىدا
ئىشلىتىدۇ. م:
*پوتەيدەك سەمرىگەن بىر ئا-*
*دەمكەنغۇ بۇ؟*
*ئىشتىھايىڭىزنى يىغمىسىڭىز،*
*پوتەيلىشىپ كېتىشىۋىرىسىز!*

**پوقلاقخانە:** چولڭ تەرەت-
نى «پوق»، «ئىدىرا»، «بە-
دەرەپ»، «گەندە»، «پېشاپ»
دەيدۇ. بۇلارنىڭ ئاخىرىغا «خا-
نە» (ئۆي) سۆزى قوشۇلۇپ
كەلگەندە تەرەت سۇندۇرىدىغان
جاي ئۇقۇمىنى بېرىدۇ.

**پوستەك:** باش قوناقنىڭ
سىرتىدىن ئاقلانغان پاخال؛
تۇگمەندە تارتىلغان ئۇننى سۇ-
پۇرۇپ يىغىدىغان تېرە. م:
*قوناق ئاقلىسام كەچتە،*
*چىقتى بىر تاغار پوستەك.*
*بېشىمغا بالا تاپتىم،*
*دۇشمەننى كۆرۈپ دوستەك.*

*قانداق سۇپۇرەي ئۇننى،*
*پوستەك بولمىسا قولدا.*
*مەيلىڭ بولسا چىق يارىم،*
*ساقلاپ تۇرىمەن يولدا.*

**پوستەكچى:** تۇگمەندە
باشقىلارنىڭ ئۇننى تارتىپ،
ئۇن سۇپۇرۇپ بېرىپ جان باقى-
دىغان ئادەم. سەلبىي مەنىدە:
باشقىلارنىڭ ئازغىنە نەرسىسىنى
ئېلىپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بى-
لەن ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدىغان
ئادەمنىمۇ «پوستەكچى» دەي-
دۇ.

**پا** (پاھ) : قىزىق، ھارا-
رەت (بالىلارنى قورقۇتۇش سۆ-
زى) . «پاھ - پاھ» بولۇپ
كەلگەندە قىزىقىپ قالماق، ھە-
ۋەسلەنمەك مەنىسىدە كېلىدۇ .
م:
*پا، چۆگۈنىڭ بېغى قىزىق-*
*كەن، قولۇم كۆيۈپ قالدى.*
*«ئالدانىسىز پا - پاغا، تەس-*
*تەك يەيسىز ھامپاغا».*

**پــــيىزى گىچ - گىچ:**
قىيمىلىق تاماقلارغا سېلىنغان
پــــيازنىڭ پىشمىغانلىقىنى،
چاينىغاندا «گىچ - گىچ» قىلى-
غاندەك سېزىلگەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ. كۆچمە مەنىدە: مەسلى-
ھەت قىلىنغان ياكى ۋۇجۇدقا
چىقىۋاتقان بىرەر ئىشنىڭ تېخى
تــازا ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى
ئىپادىلەش ئۈچۈن «پىيىزى تې-
خى خام»، «پىيىزى گىچ -
گىچ» دەيدۇ.

**پوپاڭ:** ۋەزنى يوق، يەڭ-
گىل، ئىچى بوش. مەجازىي
مەنىسىدە: يوقىلاڭ ئىشلارنى
كۆپتۈرمەك، يوغىنىتىپ كۆر-
سەتمەك. م:
*جىقلا كۆرۈنگەندەك قىلىۋى-*
*دى، كۆتۈرۈپ باقسام ناھايىتى*
*يەڭگىل، پوپاڭ بىر نەرسىكەن.*
*ئۆز ئىچىمىزدە يۇغۇشتۇرىدى-*
*غان كىچىككىنە ئىشنى پوپاڭ سې-*
*لىپ، يوغىناتقانىڭ نېمە پايدىسى؟*

**پــورەك:** جــىسمانىيىتى-
دىن گېپى چوڭ، ھالىغا باق-
ماي پو ئاتىدىغان ئادەم. م:
*يار تۇتۇپسىز ئاڭلىسام،*
*گېپى يوغان پورەكنى.*
*قاچامدىكەن ئۇيقۇڭىز،*
*تارتىۋەرسە خورەكنى.*

**پوخۇن:** خېمىرنىڭ تاخ-
تىغا چاپلىشىپ قالماسلىقى
ئۈچۈن سېپىلىدىغان ئۇن،
سۇپىرىدىكى ئۇننى «پوخۇن»
دەيدۇ. بەزى جايلاردا «فۇغۇن»
دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. م:
*ئۇننى پوخۇن قىلىپ تۈگەت-*
*سەڭ، خېمىرنى نېمىدە يۇغۇرىمىز؟*
*يوغلاتتىم نوغۇچنى،*
*پوخۇن سېپىپ تاختىغا.*
*يار كەلمىسە مەن باراي،*
*دېگەن قارار — ۋاقتىغا.*

**پــۇدەگ:** دەي - دەيــگــە
ســالماق، ئىچىنى ئېچىتماق،
قــۇتراتماق. «پۇيدەكچى» بو-
لۇپ كەلگەندە قۇتراتقۇچى، ئا-
رىنى بۇزغۇچى مەنىسىنى بېرى-
دۇ. م:
*سىزمۇ پۇيدەككە ماڭىدىغان-*

*نىڭ بىرسىكەنسىزغۇ؟*
*تـازا پـۇدەگچى ئادەمكەنسىز، خـەقنى پۇدەپ جىدەلگە سالسىڭىز سىزگە نېمە پايدىسى؟*

*شامال چىقىپ قىلۋىدىن،*
*گۈل شېخىنى قايرىدى.*
*پۇدەكچىنىڭ پۇيدىگى،*
*بىزنى ياردىن ئايرىدى.*

**پـۇتـۇك:** يېزىپ قالدۇ- رۇلـغان خەت، نامە. دىمىغى خـىڭىلدايدىغان، ئۇنى پۇتۇك كىشى. بىر ئۇچى پۇتەي نەر- سە، ئاخىرى ئېچىلمىغان كا- مار. م:

*نېبە قەدىمكى شەھىرىدىن قې- زىۋېلىنغان تارشا پۇتۇكلەرنىڭ مەز- مـۇنىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان.*

*ئۇ ھەمىشە دىمىغىدا خىڭىلـ- داپ سۆزلىگەچكە، «پۇتۇك» لەقەـ- مى سىڭىپ قالغان.*

*«سەھۋالىم» دىكى لەخمىنىڭ ئايىغى پۇتۇككەن. بىز ئۇنىڭ ئىچىدـ- گە كىرىپ بىرنەچچە ئارغامچا بويى ماڭغا ـ ماڭمايلا لەخمە تۇگەپ قالـ- دى.*

*تومۇزدا خەت پۇتۇپ،*
*كۆيدى پېشانەم.*
*مەن ئۆلسەم يارانلار،*
*قالۇر نىشانەم.*

**پـۇتـۇكچى:** باشقىلارنىڭ خـېتىنى يېزىپ بېرىدىغان ئا- دەم. بۇرۇنقى مەھكىمە ئورۇنـ- لـىرىدا مىرزىلىق، كاتىپلىق قىلغان ئادەم. م:

*نامە سالدىم چىپەردىن،*
*پۇتۇكچىگە پۇتكۈزۈپ.*
*يار كۆڭلۇمنى غەش قىلدى،*
*جاۋابىنى كۇتكۈزۈپ.*

**پۇتمەك:** ئىشەنمەك، قا- يىـل بولماق؛ خەت يازماق؛ كېمى توشماق (جاراھەت ئېغىد- زىنىڭ)؛ ئاخىرلاشتۇرماق. م:

*ئاز ۋاقىتقا ئايرىلدۇق،*
*كەلگۇچە كۇتۇك ئەمدى.*
*ئۆلمىسەك كۆرۈشكەيمىز،*
*تەقدىرگە پۇتۇك ئەمدى.*

*پىچاقنىڭ ئىزى پۇتتى،*
*جاراھەت كۆزى پۇتتى.*
*كۆيۇكنىڭ پىراقىدا،*
*تەقدىرنىڭ ئۆزى پۇتتى.*

**پۇسات:** سەل ئىلگىرى، بىردەم بۇرۇن ... دېگەندەك ۋا- قىت ئۇقۇمىنى بېرىدىغان سۆز (ئالماش). م:

*ئەتىگەننىڭ ياقى سىزگە ساقـ- لاپ ئولتۇرۇپ، پۇسات بولدى، تا- لاغا چىقىپ كېتىۋىدى، ئەمدى سىز*

كەلدىڭىز مانا ...
هازىرلا قېشىمدا بار بالا، پۇ-
ساتنىڭ ئىچىدە يوقاپ كەتتى.
پۇسات بولدى كەلگىلى،
يارىم قېشىمغا.
بەخت قۇشى قونغاندەك،
يالغۇز بېشىمغا.

**پۇشۇقانماق:** پۇشايمان قىلىپ ئىچىگە تىنماق، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتماق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆز «پۇشۇرقانماق» بولۇپ كەلگەن. م:

قاراقاشتا بار ماڭلاي،
يارىمنى ئۆزۈم داملاي.
پۇشۇقانماڭ قارا كۆز،
دەردىڭىزنى مەن ئاڭلاي.

**پۇخ:** دەردىنى بىرەر كىمگە دېيەلمەي ئىچىگە يۇتماق. دەرد - پۇخ بولماق، ئىچىدە كۆلمەكنى «پۇخۇلداش» دەيدۇ. م:

ئۇنداق پۇخ بولۇپ يۈرمەي،
دەردىڭىز بولسا تەشكىلگە دەڭ بالام.
ئاخشام بېرىپ تۈگمەنگە،
چاپىنىڭنى ئۇن قىلدىڭ.
دەردى، پۇخسۇڭ تۈگمەي،
يۈرىكىمنى خۇن قىلدىڭ.

**پۇخۇسلىماق:** قېيىدىماق، غودۇرىماق، رەنجىپ يۇرمەك. م:

بولغۇلۇق بوپتۇ، ھەر قانچە پۇخۇسلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

لاچىن سوقسۇن غازىڭنى،
قۇرغۇي سوقسۇن غازىڭنى.
پۇخۇسلىساڭ پۇخۇسلا،
كۆتۈرمەيمەن نازىڭنى.

**پۇشقاق:** چەت - ياقا (بۇلۇڭ - پۇچقاق)؛ ئىشتاننىڭ پاچىقى. كېرىيە تەرەپلەردە چورۇق كىيگەندە پاقالچاق ئۈستىگە يۆگەيدىغان گۆللۈك پايتىمىنىمۇ «پۇشقاق» دەيدۇ. م:

باياتتىن قايسى بۇلۇڭ - پۇشقاقتا يوشۇرۇنۇۋالغانتىڭىز؟
پۇشقىقىڭىزنى ئېگىزرەك تۈرۈۋېلىڭ، لاي چاچراپ كەتمىسۇن.

پۇشقاق يۆگەپ پاچاققا،
جابدۇنۇپسىز يايلاققا.
كۆڭۈل بەرمىسەم بۇتكەن،
سىزدەك دىلى مايماققا.

**پۇسكەك:** يەل تۇشۇپ سىرتىغا كۆتۈرۈلۈپ قالغان جاي، تومپايغان ئورۇن. م:

بولدى، پۇۋلىمە! يەل تۇشۇپ پۇسكەك بوپقالغان شارنى پۇۋلەۋەرسەڭ ئېتىلىپ كېتىدۇ.
قورسىقى شۇنداقمۇ پۇسكەك

*ئادەمكىنا بۇ، خۇددى سامان تىققان
تاغاردەك.*

**پــۇتلاش:** كۇتۇلمىگەن،
تۇسالغۇ، چاتاق. م:
*يولغا چىقاي دەپ تۇرسام بۇ
ئىش پۇتلاشتى، ئەمدى ... نەدىكى
پۇتلاش ئىشقا ئارىلىشىپ قالدىما؟*

*ياز بولغاننى كۆرەرمىز،
قىش بولغاننى كۆرەرمىز.
پۇتىڭىزغا پۇتلىشىپ،
قاچانغىچە يۈرەرمىز؟*

**پۇزا:** پاختا چىقىرىدىغان
يەرلىك چىغرىقنىڭ ئوقى؛ خې-
مىرنى جىلىت قىلىپ يايدىغان
ياغاچ ئەسۋاب. چىغرىق پۇزىسى
سېلىندىر شەكىللىك بىر جۈپ
ياغاچنى ئۆز ئارا قارىمۇقارشى
يۆنىلىشتە ئايلىنىدىغان قى-
لىپ، چىغرىق دەستىسىگە ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. پۇزا
ئايلاندۇرۇلغاندا (قول بىلەن
چۆرۈپ)، چىگىتلىك پاختا
ئۇنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدۇ
ۋە چىگىتى ئايرىۋېلىنىدۇ.
م:

*چىغرىقنىڭ پۇزىسى،
چىگىت چاينايدۇ.
يارىم يات - يات كەلمىگەچ،
ئىچىم قاينايدۇ.*

*مانتۇغا خېمىر قىلدىم،
پۇزىدا ئىچىلىڭ يارىم.
كۆڭلۈم تارتىدۇ سىزنى،
مەندىن بوش قىچىلىڭ يارىم.*

**پۇتاغ:** ئۆزۈم تەكلىرىنى
كۈزدە كۆمۈشتىن بۇرۇن ۋە ئە-
تىيازدا توپا ئاستىدىن چىققاد-
دىن كېيىن، مېۋىلىمەيدىغان،
قاتمىغان نوتىلىرىنى كېسىپ
چىقىدۇ. مانا شۇ كېسىۋېتىل-
گەن ھارام شاخلارنى «تال پۇ-
تىغى»؛ بۇ جەرياندىكى تېخنى-
كىلىق «مەشغۇلات»، «پۇ-
تاغ» ياكى «پۇتاغ ئېتىش» بو-
لىدۇ. خوتەندە دەل-دەرەختىن
ئۆسۈپ چىققان شاخ —
«پۇتاق» بىلەن «پۇتاغ» نى
ئايرىم مەنىدە ئىشلىتىدۇ. م:

*تال پۇتىغى ئەتكەندە،
بىللە كەستىڭ ئۆزۈمنى.
بىر قارايمۇ قويمايسەن،
ساڭا تىكسەم كۆزۈمنى.*

**پــوتــا:** بــەلۋاغ؛ ئىككى
غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى مەخسۇس
توقۇپ تەييارلانغان توقۇلما بو-
لۇپ، ئۇنى سەپەرگە چىققاندا
داستىخان قىلغىلى، يىمەكلىك-
لەرنى تۈگۈپ ساقلىغىلى، خەن-
جەر - پىچاقلارنى ئاسقىلى، چې-
لىشقا چۈشكەندە بەل تۇتۇشقىلى

ئىشلىتىدۇ. پوتا ئەرلىك، مەردلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىـتىدە قەدىرلىنىدۇ. پوتىنىڭ يىپەك، يۇڭ ۋە بۆزدە توقۇلغان خىللىرى بار. م:

*ئاسماندا ئايىم كېلىدۇ،*
*ھەر كەچتە دايىم كېلىدۇ.*
*پوتىسىغا ئالما تۈگۈپ،*
*يالغانچى يارىم كېلىدۇ.*

**پۇلۇق:** مەخسۇس يەل - يېمىش قاچىلاش ئۈچۈن يۇلـغۇن ۋە سۆگەت، توغراق تاللىـرىدىن ئۆرۈپ توقۇلغان باغلىق قاچا، ئۇ ياپقۇچلۇق ۋە ياپقۇچـسىز قىلىپ ئىككى خىل توقۇـلىدۇ. قولدا كۆتۈرۈۋېلىشقا ئەپلىك.

مەجازىي مەنىدە: كوچىغا چىقىپ قالغان، نامى يامان ئاـيال. م:

*قولۇڭدىكى پۇلۇقتا،*
*ئالما بارمۇ، ئانارمۇ؟*
*يارنى تاشلاپ كەتكىلى،*
*مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنارمۇ؟*

*تاۋۇزلىرىڭ چۈلۈقمۇ،*
*شاپتۇللىرىڭ سۇلۇقمۇ؟*
*ئارىمىزنى بۇزغىنى،*
*نامى چىققان پۇلۇقمۇ؟*

**پىسىيپوق** (پۇسىبوق): بىر ئىشقا ئالدىرىمايدىغان، قىلغان ئىشى ئاۋۇمايدىغان، سۆرەم پايتىما كىشى. م:

*شۇنداقمۇ پىسىيپوق ئادەمكەنـسىز، ئەتىدىن كەچكىچە قىلغان ئىـشىڭىز مۇشۇمۇ؟*

**پىلىك:** سۇ يېغى قۇيۇپ ياندۇرىدىغان چىراغنىڭ پىلىـكى، ئۇ پاختا ياكى كونا مازدا ئېشىپ تەييارلىنىدۇ. پىلىك چىراغدىكى سۇ يېغى ئىچىگە مىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇچىغا ئوت يېقىلغان پىلىك چىراغدىكى ياغنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ يېنىش ئارقىلىق يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. م:

*پىلىك ئەشتىم پاختىدا،*
*قىشتا ياتتىم تاختىدا.*
*مەن يارىمنى كۈيلەيمەن،*
*سەھەر ئېيتقان ناخشىدا.*

**پىتكە:** ئازراق، كىچىكـكىنە. م:

*بالامنىڭ قورسىقى بەك ئېـچىپ كەتتى. نان بولسا پىتكە بەرـسىلە!*

*خىيىلى ياخشى كۆمۈركەن، ھەممىسىنى بىز قالاپ بولالمىغاندىـكىن، قولۇم - قوشنىلارغا پىتكىدىن ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەك بولار.*

**پىشىنماق:** يۇيۇنماق،

سۇغا چۆمۈلمەك. م:

*— بەك تەرلەپ كەتتىم، سۇغا*
*پىشنىپ كېلەيمىكىن؟*
*— قۇلىقىڭ ئاغرىپ قېلىپ*
*مەن داۋالتىمەن دەپ ئاۋارە، سەن*
*بولساڭ ئۆدەكتەك سۇغا پىشنىپ*
*ياتامسەن؟*

**پىشخىش:** خۇمداندا پىشۇرۇلغان خىش. م:

*ئۆيىنى سالدىم پىشخىشتا،*
*ئۇستى كەمپە، تېگى شال.*
*سەن سۆيمىسەڭ، مەن كۆيمىسەم،*
*قايسىمىزدا بۇ كاشال؟!*

**پاقا:** ئايالالارنىڭ ماتكىسى؛ خوتەندىن باشقا رايونلاردا قۇمچاقنى «پاقا» دەيدۇ. خوتەن رايونىدا پاقىنى «قۇمچاق»، ئۇنىڭ لىچىنكىسىنى «قارا قۇمچاق» دەيدۇ. م:

*ھېلىقى ئەپەندىمنى نىماندىق*
*سەت گەپ قىلىدىكىن دەپتىمەن،*
*ئۇنىڭ يۇرتىدا قۇمچاقنى «پاقا»*
*دەيدىكەن قارىسىلا.*

**پىرىق:** سۇ يەپ قالغان مىۋە، ئۈزۈم. كىرىيە تەرەپلەردە پايدا-مەنپەئەتسىز كىشىنى «پىرىق ئادەم» دەيدۇ. ئۈزۈم تاللىرىنى ئادەتتە ئوتتۇرا يازدىن كېيىن سۇغارمايدۇ. چۈنكى ئۈزۈم شىرنە باغلاش مەزگىلىدە سۇغىرىلسا شېكەر ماددىسى يوقايدۇ. شېكىرى يوق ئۈزۈم «پىرىق» دېيىلىدۇ. م:

*ئىتىزىم تېرىق،*
*ئۈزۈمىم پىرىق،*
*يۇرىكىم زېدە،*
*چىرايىم سېرىق.*
*كۆزۈمنىڭ يېشى،*
*مەڭزىمدە ئېرىق.*

**پىتىنگان:** چەيزە، تۇرپان رايونىدا «پىدىگەن» دەيدۇ. م:

*پىتىنگان سوغۇق نەرسە،*
*ئۇرۇقى جىق ئېتىدىن.*
*يارىم مېنى سۆيمەيدۇ،*
*يۇرىكىنىڭ قېتىدىن.*

*پىتىنگاندا سەي قىلسام،*
*يار يېمەيدۇ ئەزىتىپ.*
*نەۋاقىتچە يۇرەمەن،*
*يۇرىكىمنى دەز ئېتىپ.*

**پىسە:** بەرەس (ئاق كېسەل). م:

*ئىچىنىڭ قوتۇرلىقىدىن، ئەسكىلىكى تېشىغا چىقىپ پىسە بېسىپتۇ.*

**پىسەندە** (پىسەبەندە): تىل-ھاقارەت مەنىسىدىكى ئىبارە. م:

*ماڭغان يولۇڭ ئاق بولسۇن،*
*سورساڭ «ئامان - ئېسەن» دە.*
*كىم ئۇنۇتسا ۋەدىنى،*
*ئاشۇ بولغاي پىسەندە.*

**پېمىدىماق:** پەيت كۈت-
مەك، ئىزىغا چۈشمەك. م:
*خېلى بولغان بۇ ئىشنى پىې-*
*مىدىغلى، ئاخىرى ئۇقتاسىغا كەل-*
*دى مانا! قولۇمغا بىر چۈشسە دەپ*
*پېيمىداپ يۈرەتتىم، نەق ئۇستىدىن*
*چۈشۈپ تۇتتۇم.*

**پىسەپ** (پەسەپ): شىر-
نە قايىنىتىش ياكى مەيزاپ سې-
لىش ئۈچۈن، سۈيى سىقىۋې-
لىنغاندىن كېيىن قېپقالغان
كېرەكسىز نەرسىلەر. م:
*چارەك - ئىششەك ئۈزۈمدىن،*
*بىر سېۋەت پىسەپ سىقتىم.*
*يارىم كەلسە ئىچسۇن دەپ،*
*مەي - مەيزاپ ياساپ چىقتىم.*
*مەيزاپ ئىچىلى بىللە،*
*بىكار كەتمىسۇن كۆنلە.*

**پىششىغ:** پىشقان نەر-
سە، يېمەكلىك. مەجازىي مەنى-
دە: ئۆز كەسپىگە ماھىر، تەج-
رىبىلىك ئادەم؛ چىمپوق،
چىڭگىز (بېخىل) كىشى.
«پىششىغ» نىڭ ئالدىغا
«چىن» قوشۇلسا جەزمەن،
چوقۇم، كەم - كۈتىسىز دېگەن
مەنىلەرنى بېرىدۇ. «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دىمۇ «پىششىغ»
دەپ ئېلىنغان. م:
*بالىمىزنى ھۈنەرگە پىششىغ ئا-*
*دەمگە شاگىرتلىققا بېرەيلى.*
*بىر پۇلنىڭ ئۇستىدە تىك تۇ-*
*رىدىغان پىششىغ ئادەمكەنسىز.*

**پارسۇق:** تاسادىپىي،
ئۇشتۇمتۇت، كۈتمىگەن، ئويل-
لىمىغاندا. م:
*دېمەيدىغان گەپ ئىدى، ئې-*
*غىزىمدىن پارسۇق چىقىپ كەتتى.*

**پولوس:** ئۇششۇك تەگ-
كەن، توڭلاپ ئېرىگەن قو-
غۇن، كاۋا. م:
*ئۇششۇك تەگكەن پولوس قو-*
*غۇننىڭ تەمى قالمايدىكەن.*

**پاتمىچۇق:** سۇسىز قۇر-
غاق يەرلەردە ياشايدىغان كەس-
لەنچۈك. بەزىدە شاگىرتنىڭ
ئۇستىغا يەتكۈچە بولغان ۋاقتى-
نىمۇ «پاتمىچۇقنىڭ كېلە بو-
لۇشىغا مىڭ يىل بار» دەيدۇ.

**پەرەڭ ياغلىق:** ئايالار-
نىڭ باش ياغلىقى (ئىنگلىز
مېلى). م:
*چىتتا كۆينەك كىيىپلا،*
*پەرەڭ ياغلىق چىگىپلا.*
*يۈز ئۆرگەن نەدە بار،*
*بىرنى سۆيمەي كېتىپلا.*

**پەرەڭگى:** پەرەڭ مىلتى-
قى. يەرلىك ئاچا مىلتىق بى-
لەن قونداقلىق مىلتىقنى پەرق-
لەندۈرگەندە بۇ سۆزنى ئىشلى-
تىدۇ.

**پۇشا:** يۇرت نامى، خو-
تەن ناھىيىسىنىڭ مۇز تاغقا يان-
داش بىر كەنتى. بۇ كەنتتىكى-
لەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇل-
لىنىدۇ، ئۆمرىدە شەھەر كۆ-
رۈپ باقمىغانلار خېلى سانىنى
ئىگىلىگەچكە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ
قەدىمكى شەكلى بىر قەدەر ساپ
پېتى ساقلىنىپ قالغان.

**پىننەش:** ھالدارلىق،
كىبىر - تەكەببۇرلۇق. م:
*ئېرى ئەمەل تۇتۇپ بولغىچە،*
*خوتۇنى پىننەش پەيدا قىلىپ قاپتۇ.*

**پەتەك:** بويى ئۆسمى-
گەن، پاكار بويلۇق كىشى. ئە-
گەر بۇ سۆزنىڭ ھەر ئىككى بو-
غۇمى ئۇزۇك ھەم تېز تەلەپپۇز
قىلىنسا، مەنىسى ئۆزگىرىپ،
ئاياغنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان
تەرلىك، تاپانلىق، پايتىما ئو-
قۇمىنى بېرىدۇ. م:
*ئاۋازىنى ئاڭلاپ خېلى چوڭ*
*ئادەم ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم،*
*قارىسام بىر پەتەك نېمىكەن.*

**پۇل:** نەرسە-كېرەك سې-
تىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان ئاق-
چا، ئەمما كونا زاماندا بىر يۇ-
مىلاق (يۇمىلاق تەڭگە، تە-
يىن، داچەن قاتارلىق مېتال
ئاقچا) بىر پۇل ھېسابلىناتتى.
م:
*— ماۋۇ بىر پۇلنى بىرەي، ئۇ-*
*نىڭغا غازغا دان، ئېشەككە بىدە، ماڭا*
*بىيمىلىك ئەكىلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ*
*شاھ مەشرەپ قاراقاش بازىرىدا بىرەي-*
*لەنگە.*

**پاپى:** پاكار، پەتەك كى-
شى؛ تەبىئىتى ناھايىتى ئىس-
سىق دورا ئۆسۈملۈكى. م:
*«ئادەمنىڭ پاپىسى بولغىچە،*
*ئېشەكنىڭ تاپىسى بولغان ياخشى.»*

**پالتۇك:** سۇكە (سۇپا)
نىڭ ئالدىدىكى ئويۇق يەر (پە-
گا). «ئۇنىڭ جايى پالتۇكتا»
دەپ ھۆكۈمەتسىز كىشىنى تەنە
قىلىدۇ. م:
*يارنىڭ ئۆيى قولتۇقتا،*
*كۆڭلى ھاشىم تاتۇقتا.*
*بىزنى شۇنداق ياراتماي،*
*قالغۇدەكسەن پالتۇكتا.*

**پاتناق:** لاي - لاتقا ئارى-
لاش كەلگەن سۇ، پاتقاق ئاق-
قان سۇ. م:
*ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئەجەب*
*پاتناق كەپتۇ، ئېتىزلىقنى لاي بې-*

سىپ كەتكۈدەك ئەمدى.

*ئۆستەڭنىڭ سۈيى پاتناق،*
*ئىچكىلى بولمايدۇ،*
*يارىم تېخى بىسناق،*
*سۆيگىلى بولمايدۇ.*

**پىڭتاس:** ھېچقانداق شەپىسىز چاغ، جىمجىت ۋاقىت. م:

*خەلق ئىغىزىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوقاندىن تالىپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەرگە دىن، ئىمتىياز تەمەسىدە چىققان بىرى «خانلىق مەدرىسە» دە ئۆلىمالار بىلەن ئېلىپ بارغان بەس - مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قېلىپ «خوتەنلىك ياۋاش ئىمىش، شۇ يەرگە باراي» دەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىدىكى ئۆتەڭدە قونغاندا سارايۋەندىن ئەھۋال قانداقراق دەپ سورىغاندىكەن: «ئالەم پىڭتاس» دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپتىن ھەيران قالغان ھېلىقى كىشى «بىرەر شەپە يوقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. سارايۋەن «جىمىلام - جىت تۇرىدۇ» دەپ گېپىنى توختىتىپتۇ. «ئەگەر، — دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئادەتتىكى بىر سارايۋەننىڭ گېپى مۇشۇنداق سىرلىق بولسا (خوتەنلىكنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار) دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىغا بارساق قەشقەردىكىدىنمۇ بەك شەرمەندە بولغىدەكمىز، بۇ يەردىن دەرھال كېتىپ قالايلى» .شۇنداق قىلىپ «پىڭتاس» بىلەن «جىمىلام - جىت» نىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن قوقانلىق زاۋىدىن قايتىپ كېتىپتۇ.*

**پۇرپا** (پىرپا) : تاراپ كەتمەك، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە يوقالماق. م:

*«پاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلغانتى، يىغىلغان ئادەملەر بىردەمنىڭ ئىچىدە پۇرپا قىلىپ تارقىلىپ كەتتى.*

**پىشەنداز:** ئۇشتۇمتۇت، قاراپ تۇرۇپلا، يۈزدىن - يۈزگە. م:

*مەن ئۇنى بۇنداق ئىغىزى يامان چاغلىمايتىكەنمەن، تۇۋا، بۇزۇمدىن يۈزۈمگە پىشەنداز تىل سالدى.*

**پال - پال:** بىر خىل تاغ جىنسى. ئۇ قارا رەڭلىك، قات - قات ئاجرالمىسى بار، كۈن نۇرىنى ئۆتكۈزمەيدۇ. كىچىك باللار كۆزەينەك ياساپ ئوينايدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئېشىپ

بارماقتا. پال - پالنى توك دەز-
مال قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە
بولىدۇ. ئۇ خوتەننىڭ تاغلىرى-
دىن كۆپ چىقىدۇ. بەزى شې-
ئىرلاردە «يۇنجەمە» دەپ تەلەپ-
پۇز قىلىندۇ. پەن ئاتالغۇسىدا
«چىرىمتال» دەيدۇ.

**پالۋاش:** بېشى پارقىراق،
پاينەكۋاش. م:

*مەن بۇزاڭدىن قارىسام،*
*سايىغ دېگەن تۈز كۆرۈنىتۇ.*
*ئاق خەسىدە كۆينەك كىيىپ،*
*پالۋاش قىرى قىز كۆرۈنىتۇ.*

**پالۋاش ئۆدەك:** ياۋا ئۆر-
دەكنىڭ بىر خىلى، بەدىنىنىڭ
تۈك-پەيلىرى سېرىققا مايىل،
باش قىسمىنىڭ تۈكى يېشىل
رەڭدە پارقىراق كېلىدۇ. م:

*ئايدىڭكۆلنىڭ سۈيىدىن،*
*پالۋاش ئۆردەك ئۈتتىلا،*
*قاشنى ئېتىپ، كۆز قىسىپ،*
*كۆڭلىمىزنى ئۈتتىلا.*

**پەرقۇ:** ئېچىگە ئۆردەك،
توخۇ پەيلىرى تىقىلغان تەكى-
يە. م:

*ئەتلەس كۆرپە ئۈستىگە،*
*پەرقۇ قويۇپ بەرسىلە،*
*هەر كۈنلىكى مەن بارماي،*
*ئۆزلىرىمۇ كەلسىلە.*

**پەتتە:** بىرەر كىمنىڭ ۋە-
كىللىك سالاھىيىتىنى بىلدۈ-
رۇش ئۇچۇن مەيدىسىگە تاقايدى-
غان قارلىغاچ قۇيرۇق لاتا، نى-
شانە.

**پەتلە:** سەللىنىڭ يەلكە
تەرەپكە (ئارقىغا) ساڭگىلىتىپ
قويۇلغان ئۇچى.

**پىستە:** ئىتنىڭ بىر خى-
لى، ئىنتايىن پاكار ئىت؛ مې-
غىزى تاتلىق بىر خىل مېۋە -
دەرەخ. م:

*دەرۋازاڭنىڭ ئالدىنى،*
*ساقلايدۇ سېرىغ پىستە.*
*يارغا ھاجىتىڭ بولسا،*
*مەللىسگە بېرىپ ئىستە.*

*بادام بەرسەم يېمەيسىز،*
*پىستە بەرسەم يېمەيسىز،*
*ئاغزىڭىزغا قارايمەن،*
*ئوچۇق گەپنى دېمەيسىز.*

**پەۋاز:** كىيىم - كېچەك-
نىڭ يەڭ، ئېتەكلىرىنىڭ ئى-
چى تەرەپكە قاتلاپ تىكىلگەن
قىسمى. م:

*كەمزۇل ياقا چاپاننىڭ،*
*پەۋازلىرىم يېڭىنى.*
*نەۋاقىچە ئاڭلايمەن،*
*سەن خىنىمنىڭ دېگىنى.*

**پاراموش:** خاموش، ئى-
چى پۇشۇق كۆرۈنىدىغان ئا-

دەم. خامۇش (پارسچە) —
تىنچ، جىم. م:

*بەك پارامۇش كۆرۈنىسىز،*
*سىزگە نېمە بولدى؟*

**پۇرۇچ:** قىيىندا، كې-
سىپ چىقىرىۋېتىلگەن لاتا؛ بى-
رەر كەسىپ-ھۈنەر بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچىنىڭ ئىش تۈرىگە ئې-
نىقلىما بولۇپ كېلىدىغان
«چى، جى» مەنىسىدىكى قو-
شۇمچە. م:

*خېلى جىق رەخ ئەكىرىپ بەر-*
*سەم، «كارت - كۇرت» قىلىپ كې-*
*سىپ ھەممىسىنى پۇرۇچقا چىقىرى-*
*ۋەتتىلىيا ئۇستام؟*
*دورىپۇرۇچلۇقمۇ بولىدىغان*
*ئىش ئىكەن، سەكسەن خالتىنى يې-*
*يىۋېلىپ جاننى جان ئەتكىلى بولى-*
*دىكەن.*

**پالكۇچ** (پەلكۇچ): كو-
نا مەكتەپلەردە كىتابنىكى خەت-
نى تۇتۇپ ئوقۇش ئۈچۈن مەخ-
سۇس ياسالغان خەت كۆرسەت-
كۈچ؛ قىز - چوكانلار قېشىغا
ئوسما سۇۋايدىغان پاختا يۆگەل-
گەن تەمەچ. م:

*ئوسمىڭىز ئىچمەيتۇ يار،*
*پالكۇچقا چەككەن مازمىدى؟*
*سۇرسىڭىز قاش - كۆزىڭىزنى،*
*باشتا قىلغان نازمىدى؟*

**پاسۇڭ:** چىنە لېگەن،
چوڭ گۈللۈك ياپپاڭ تەخسە.
م:

*پاسۇڭ تەخسىدە ئالما،*
*ئالمىنى سويالاملا.*
*ئاخشاملىققا ئۇچراشساق،*
*بىر سۆيۈپ قويالاملا.*

**پەشخۇن:** ناۋايلارنىڭ
خېمىر دەستىلەيدىغان چوڭ
تاختىسى، ئۇنى تونۇردىن قو-
مارغان نانلارنى قويۇشقىمۇ
ئىشلىتىدۇ. م:

*تونۇر بېشىدا پەشخۇن،*
*تىزغان نېنىڭىز بەشخون.*
*بىزنىڭ كۆڭلىمىز سىزدە،*
*سىزنىڭ كۆڭلىڭىز چاچقۇن.*

**پاقلان:** سۈتكە تويۇنغان
قوزا؛ سېمىز — پاقلان بالا؛
ياخشى ئۆسۈۋاتقان زىرائەت ماي-
سىسى. م:

*يارىمغا كاۋاپ سالدىم،*
*ئەممە پاقلان گۆشىدا.*
*ئويىنىۋالدۇق ئارمانسىز،*
*كۆڭلىمىزنىڭ خوشىدا.*

*پاقلان بولۇپ ئۆسۈپتۇ،*
*ئاچما يەرنىڭ قونىقى.*
*«ھە!» دېمەيدۇ قىچقارسام،*
*پاكىمكىنە قۇلىقى.*

**پات:** تېز، چاپسان؛

پەرداز — رەختكە بېرىلگەن سۇ-
پەت. م:
*بالام، تولا ئەنسىرەتمەي پات*
*كېلەرسىز - ھە!*
*بۇ ئەتلەسنى تېخى ھازىر تو-*
*قۇپ بولدۇم، ئەمما پاتلىمىدىم. پات-*
*لىغاندىن كېيىن ئاندىن گۈللىرى*
*ئېچىلىپ باشقىچە ھۆسن كىرىدۇ.*

**پاتلىماق:** خام، ئەتلەس
قاتارلىقلارنى پەردازلىماق. م:
*شايىڭىزنى پاتلامسىز،*
*پاتلاپ بولۇپ قاتلامسىز.*
*قىلغۇلۇقنى قىپ بولۇپ،*
*ئۇچرىغانغا داتلامسىز.*

**پۇسوكلىماق:** پالاقشىپ
قالماق، بىراۋنىڭ ئارقىسىدىن
سوكۇلدىماق. م:
*ئارقىڭىزدىن پۇسوكلاپ ماڭ-*
*غىلى خېلى ئۇزاق بولدى، قاراپ*
*قويايمۇ دېمىدىڭىز؟*

**پىيالما:** جاي نامى، گۇ-
ما ناھىيىسىگە قاراشلىق، قارا-
قاشنىڭ زاۋۇا دېگەن يېرى بىلەن
چېگرىداش، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
كەڭ كەتكەن چۆل ئاشۇ يېزى-
نىڭ نامى بىلەن «پىيالمىنىڭ
چۆلى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەر
ئۆز بېشىدىن تالاي يېغىلىقلارنى
ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن تارىختا
مەشھۇر. ياقۇپ بەگ (بەدۆ-
لەت) پىيالما يېزىسىدا 1865 -
يىلى خوتەن ھۆكۈمرانى ھېبى-
بۇللاخان پادىشاھنى ئالداپ
ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئابدۇراخمان
خان پادىشاھمۇ ئۆز غۇلامى
ئىسمائىلنىڭ قولىدا مۇشۇ يەر-
دە سۇيىقەستكە ئۇچرىغان.

**پوم:** كاللەك نەرسە؛ تۆ-
گىگە خېمىر قىلىپ بېرىلىدى-
غان يەم. مەجازىي مەنىدە: پو-
مېشچىكنىڭ قىسقارتىپ ئېيتى-
لىشى. م:
*پولۇ يېمىگىلى بىر يىل بولغان-*
*دەك، لىگەننىڭ ئېشىنى ئىككى -*
*ئۈچ پوملاپلا تۈگەتتىڭىز.*
*تۆگە دېگەن ئۇسسۇزلۇقىمۇ،*
*ئاچلىقىمۇ چىدايدىكەن، پومدىن*
*بىرنى يەۋالسا نەچچە كۈنگىچە بىر*
*نەرسە بەرمىسىمۇ بولىدىكەن.*
*ھەي ئەكسىيەتچى پوم! ئۆت-*
*مۈشتە بىزگە نېمە زۇلۇملارنى سال-*
*مىغان سەن.*

**پۇلدان:** پۇل قېپى، تى-
زىدان، ھەميان. م:
*پۇتىڭىزغا ئېسىپسىز،*
*كۆندە تىككەن پۇلدانى.*
*بىزنى بەك يامان دەيسىز،*
*تېپىۋېلىڭ ئوبدانى.*

**پاخشە:** ئېزىلىپ كەت-
كەن، مىجىلغان، ئىسكەتىدىن

چۈشكەن. م:

*ئــۇ ئۆزىنى ناھايىتى قالتىس ھېسابلىغان بىلەن، بەل تۇتۇشۇپ قالساق ياخشە قىلىۋېتىمىز دەگلا!*

*ســاق تۇخۇمنىڭ ئۈچى بىر كوي، مەن بۇ پاخشە تۇخۇمنى بىر كويغا بەشتىن ئالدىم.*

*مېنىڭ يارىم ئوقۇيدۇ،*
*ئەڭ چىرايلىق ناخشىنى.*
*تاڭارمىدىم بېشىمغا،*
*ئىسكەتى يوق پاخشىنى.*

**پاخشەك:** بېشى تاز (يا- را) كىشى، ھاقارەت مەنىسىدە «تاز». م:

*ئۆتۈپ بىرىڭە پاخشەك! سىزگە گەپ قىلىدىغان ئىغىزىم يوق.*

*كەپتىرىڭنىڭ باچكۇسى،*
*ئوخشاپ قاپتۇ پاختەككە.*
*بىزنى يامان دەپ بىرىپ،*
*تېگىۋاپسىز پاخشەككە.*

**پىنەك** (پەنەك): يۆگى- مە قىلىپ ئوراپ چېكىدىغان (تاماكا سالىدىغان تەرەپنى كا- نايچە قىلىپ) تاماكا قەغىزى.

**پىلە:** يىپەك (مەشۇت) چىقىرىدىغان غوزەك. خوتەندە پىلە بېقىش، يىپەك چىقىرىش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسى- دىن چىققان پىلە غوزىسى تېخ- نىكىلىق باھالاش ئارقىلىق 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئى- كەنلىكى ئىسپاتلانغان. قەدىم- كىلەر خوتەننى «سېرىس» — يىپەك ئېلى دېگەن نام بىلەن يازما تارىخلارغا خاتىرىلىگەن.

**پۈۋلەش:** نان، ئاش - تا- ماقنىڭ كۆكىرىپ، پاختىلى- شىپ قېلىشى. م:

*زاغرا نانمۇ پۈۋلەشتى،*
*دامان نانمۇ پۈۋلەشتى.*
*يارنىڭ كۆڭلى پەس ئىكەن،*
*غەيرى بىلەن كۆرەشتى.*

**پــۈشتەك:** گادازا، قور- ساقتا تۇرۇپ قالغان يەل؛ ئىس- قىرتما - سىۋىستىك. م:

*ئــۇنىڭغا زۇكام تېگىپتىكەن، بــۇرنــىدا پۈشتەك چېلىپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى، بىزگىمۇ ئۇيقۇ بەرمى- دى.*

*سىنىپقا كىرىشكە پۈشتەك چې- لىنغىلى نەۋاق!*

*يار ئويناپتۇ بوزاقتا،*
*كۆرۈشمىز ئۇزاقتا.*
*بىزگە قىلغان - ئەتكىنى،*
*پۈشتەك بولدى قوساقتا.*

*يارىم كىچىك — مۈشتەك بار،*
*قوللىرىدا پۈشتەك بار.*
*ئازارىدىن كۆڭلۈمدە،*

*بىر نوغۇلەك ـ مۇشتەك بار.*

**پىش ـ پىش** (ئاۋاز ئىمـ
ـلىقى) : هۆل ئوتۇننى كۆيـ
ـدۇرگـەندە چىقىدىغان ئاۋاز؛
مۇشۇكنى چاقىرىشقىمۇ بۇ سۆز
ئىشلىتىلىدۇ. م:

*پىش ـ پىش؟!... ئۆلگۇرنىڭ*
*مۇشۇكى نەگىمۇ كەتكەندۇ؟*
*پىشلدايدۇ ـ كۆيمەيدۇ،*
*هۆل سۆگەتنىڭ ئوتۇنى.*
*ئۆز ياردەك سۆيمەيدۇ،*
*خەق دىگەننىڭ خوتۇنى.*

*تاۋا مۇشۇكۇم پىش-پىش،*
*تاغىل مۇشۇكۇم پىش-پىش.*
*قايسى بىر گۇناهىمغا،*
*باشقا ئاتىسەن پىشىغىش.*

**پىشت:** مۇشۇكنى قوغـ
ـلاشتا ئىشلىتىدىغان سۆز (بۇيـ
ـرۇق پېئىل) ؛ بەزى جايلاردا
پىت (كىيىمدىكى) نى
«پىشت» دەپ تەلەپپۇز قىلىـ
ـدۇ. م:

*ئەجەپ قاشاڭ مۇشۇككەن،*
*«پىشت» دىسەممۇ كەتمەي مىياڭـ*
*ـلاپ ييتىۋالدى.*
*بالىنىڭ ئىچ كىيىمىنى ئالماشـ*
*ـتۇرۇپ قويايلى، بەك پىتلاپ كىتىپـ*
*ـتۇ.*

**پىژگان:** قوغۇننىڭ بىر
تۈرى، چۇرۇك، تاتلىق كىلىـ
ـدۇ. م:

*پىژگان دىگەن ئەجەپ تاتلىق*
*قوغۇن ئىدى. خىمىيىۋى ئوغۇت*
*دىگەن نەرسە پەيدا بولۇپ، قوغۇنـ*
*ـلارنىڭ تەمىنى قويمىدى.*

**پىقىرما:** توختىماي چۆرـ
گىلەپ، شوخ ئوينايدىغان
ئۇسسۇل. م:

*«پىقىرما» غا چالايلى، راسا*
*بىر ئوينىۋەتسۇن ئۇسسۇلنى. ئۇ*
*ئۇسسۇل ئويناپ پىقىرسا، پۇتنىڭ*
*قانداق مىدىرلىغىنىنى بىلگىلى بولـ*
*ـمايدۇ.*

## ت

**تاغچىلىق قىلماق:** تاغـ
ـلىقلارغا چەرچىن مال سىتىپ،
تىرە ـ يۇڭ يۆتكەيدىغان كەسىپ
بىلەن شۇغۇللانماق.

**تاكتاكچى:** بۇرۇنقى زا-
ماندىكى كېچىلىك جېسەكچى.
مەجازدا: پايلاقچى، مارىلاپ
يۈرگۈچى، چېقىمچىنى سۈپەت-
لەيدۇ.

**تاڭلا:** ئەتە، تاڭدىن كې-
يىن. م:

*تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،*
*تاڭلا ئاخشامدا كېلىك.*
*غەيرىلەر گەپ ئەتمىسۇن،*
*كەچ نامازشامدا كېلىك.*

**تاناي:** يۇرتما، ئىككى
تەرىپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس
جايلارغا سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ نو.

**تەپمە هالال:** جان تالا-
شىپ قالغان مالنى تېپىپ مى-
دىرلىتىپ، ئاندىن بوغۇزلاش
هالىتىنى «تەپمە هالال» دەي-
دۇ.

مەجازدا: ۋاقتىدا بىر تە-
رەپ قىلىنماي، سولۇى-سالاغا
قالغان سۆرەلمە ئىشلارنى سۈ-
پەتلەيدۇ.

**تەسلىك تارتماق:** تەڭ-
لىكتە قالماق، ئىش بېجىرىشتە
قىينالماق. م:

*ئۇ ياندا مىخ، بۇياندا زىغ،*
*بەك تەسلىك تارتىپ قالدىم.*

**تەكە:** بالدۇر پىشىدىغان
شاپتۇل سورتى، ئۇنىڭ ئاق،
قىزىل رەڭلىكلىرى، تۈكلۈك
تىپتىكىلىرى بار. م:

*تەكە - شاپتۇل پىشىپتۇ،*
*سويۇپ بەرسەم يەلىمۇ.*
*ئاخشامدا سۆيۈپ قويسام،*
*دوست - دۈشمەنگە دەلىمۇ؟*

**تەلپەكساز:** تەلپەك تى-
كىش هۈنىرى بىلەن شۇغۇللان-
غۇچى.

**تەمتۇم ماڭماق:** «تەم-
تۇپ ماڭماق» دېمۇ تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ. ئەسلىدە «تەمتى-
رەپ» سۆزىدىن بۇزۇلغان. بو-
ۋاق بالىلارنىڭ يېڭىدىن مې-
ڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان هالىتىگە
قارىتىلىدۇ.

**تەيلىك** (تەيلىگ):
«چىڭ، مەزمۇت، چوڭ» مە-
نىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە
ئۈچارلىقلارنى تۇتىدىغان باسماق
(قىسماق) لارنى كۆچەيتىدىغان
زەيلەرنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىدى-
غان سۆز ئىدى. زەينىڭ كۈچى
چىڭ بولسا تەيلىگ، ئاجىز بول-
سا تەيسىز دېيىلەتتى. ئادەتتە
ئىشتىهاسى كۈچلۈك ئادەملەر-
نى «ئىشتەيلىگ» دەپ؛ تۆزى
ئۆتۈپ كەتكەن تاماقنى «تۆزى
تەيلىگ» بولۇپ قاپتۇ، تۆزى

ئـاجىز بولغان تاماقنى «تۇزى تەيسىز» بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئىپادىلەيدۇ.

**تـوپا ـ تەرەت:** چىرايىنى چاڭ ـ توزان باسقان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە «توپاتەلەت» دېيىلەتتى.

**تو:** «كۈچ، بىسىم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

«تولاغ ياغاچ، ئارقا تورى يـامـان (ئـارقا تىرىكى كۈچلۈك)» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارەتـلەر بار. يەنە بىر مەنىدە: يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ پاختا تورىنى «تو» دەپ ئاتايدۇ.

**توسانجا:** توساق، شاخ ـ شۇمبا بىلەن ياسالغان چىتلاق.

**تـومـنـان:** يۇزىنى چوڭ ئاچماي ياقىدىغان ئاق ناننىڭ بىر خىلى. م:

*يارىم بەرگەن تومناننى،*
*قىتىپ يېدىم ئۇزۇمگە.*
*يارنى كۇندە كۆرمىسەم،*
*ئۇيقۇ كەلمەس كۆزۈمگە.*

**تـومـۇغ** *(تامۇغ)*: *دوزاخ، جەھـەننەم. تومـۇ ۋاقتى ـــ كەلكۈن مەزگىلىدىن بۇرۇنقى سۇ قىس پەيت.*

**تومۇچى:** بىراۋنىڭ ئەلـسـپـازىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان

ھىيلىگەر كىشى. م:

*كىچىك بالا دېگەن تومۇچى كېلىدۇ. ئۇنىڭ رايىغا بارسا ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ.*

**تومۇداش:** زۇكام بولۇپ قالماق، ھاۋلاپ قالماقنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر «تومۇقاش» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىدۇ.

**تـومۇلاش:** يەرلەرنى چانـاش، تۇپراقنى يۇمشىتىش. م:

*باغ بېرىگنى تومۇلاپ،*
*ئاپتاپقا سالدىڭ.*
*ئالما بېرىپ، گۈل بېرىپ،*
*كۆڭلۇمنى ئالدىڭ.*

**تۇرۇم:** ياغاچ جاھازلارنى بـىر ـ بىرىگە چېتىش ئۈچۈن كېسىپ چىقىرىلغان گىرە. م:

*ياغاچنى مىخلىماي، تۇرۇم باغلاپ چاتسا مەزمۇت بولىدۇ.*

**تـۇرگـۇن:** جـۇرئەتلىك، دادىل. م:

*ئۇنىڭ دادىسى بەك تۇرگۇن ئادەم ئىدى. ھېچ نەرسىدىن قورقمايتتى.*

**تـېـگەن:** ئېتىزنىڭ قىر ياكى قاشلىرى، قېلىنراق سېلىنغان توساق.

**تېۋەزۇن:** كىچىك پالتا، قاسساپلار گۆش پارچىلاشقىمۇ

ئىشلىتىدۇ. م:

*تېۋەزىنىم چاقلاغلىق،*
*بۇلغۇن دەستە ساپلاغلىق.*
*قارا كۆزنىڭ دەردىدە،*
*كۆڭلۈم ئارام تاپماغلىق.*

**تىلىپ:** تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ سويۇۋېتىلگەن تاشقى پوستى. قايىنتىپ سىقىپ چىقىرىلغان مېۋە شۆپۈكلىرى.

**تىنىپ كەتمەك:** بايلىقى چېكىدىن ئاشماق، مول مال - دۇنياغا كۆمۈلمەك. م:

*ئۇنىڭ دادىسى تىنىپ كەتكەن باي ئادەم.*

**تېگىنلا:** خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىر كەنتى، قەدىمكى مەنسەپ نامى «تېگىن» دىن كەلگەن.

**تېۋەت:** قاراقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا.

**تەن ئالماق:** ئىقرار قىلماق، قوبۇل قىلماق، لەۋزىگە ئالماق. م:

*ئۆزۈم قىلغان ئىشنى، ئۆزۈم تەن ئالمەن.*

**تەخپىتى:** سەۋەبى، تۇپەيلى. م:

*سىزنىڭ تەخپىتىڭىزدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىم.*

**تارانچى** (تاغ شېۋىسى): ئەركەك موزايىنىڭ بۇقا بولۇشتىن ئاۋۋالقى ھالىتى (توپىچاق، توپاق، توپاقچاق).

**تۇتا - قاپا** (تۇتاقوپا): ئائىلىنىڭ دەرھال قولغا چىققۇدەك مۈلكى.

**تەۋى** (تاۋى): مىجەزى، كەيپىياتى، دىتى، روھىي ھالىتى. م:

*بۈگۈن شۇنچىزا تەۋىم يوق قويۇپتىمەن.*

**تامچى:** تام قوپارغۇچى ھۈنەرۋەن. م:

*ئۇستا تامچىدىن بىرنى تاپساق بولاتتى.*

**تانكا:** مىس ياكى تۆچ بىلەن ياسالغان سەرەمجانلارنىڭ تېشىلگەن، ئاجراپ كەتكەن يېرىنى تۇتاشتۇرىدىغان كەپشەرلەش يېلىمى. م:

*يەملەي دېسەم چۆگۈننى،*
*تۆگەپ قالدى تانكا.*
*مەيلىم يوققا تەگمەيمەن.*
*زورلىمىغىن ئانكا.*

**تاموتۇ:** شوخلا، پەمىدۇر، كېرىيىلىكلەر «تاموتو» دەيدۇ. ياپون تىلىدىمۇ «تاموتا» دېيىلىدۇ. م:

*قورسقىمنى ئاغرىتتى،*
*ئۇششۇپ كەتكەن تامۇتۇ.*
*بىزنىڭ يارەك چىرايلىق.*
*بۇ ئالەمدە بامۇتۇ.*

**تــاۋىكا:** ئادەملەر دائىرە ياسىغان مەيدان، قىمار ئويناي-دىغان جايمۇ «تاۋىكا» دېيىلى-دۇ.

**تەچى:** تېرىككەك، ئاچ-چىقى يامان، ئاسان چېچىلىدى-غان كىشى. م:
*«تەچىگە دوست بولماڭ، ناتى-بىنغا قەرزدار».*

**تە:** ئاچچىقلىنىش، غۇ-دۇراش. م:
*ئابۋان - ساراي سالدۇردۇم،*
*ئوتتۇرىغا خە قىلىپ.*
*نىمە قەستىڭىز بىيدى،*
*بىزنى مۇنچە تە قىلىپ.*

*بامدات ۋاقتى سە بولدى،*
*يارىم ماڭا تە بولدى.*
*ئارىدىكى گەپلەرنى،*
*ئانىسىغا دە بولدى.*

**تەدان:** قۇۋ، ئۆز ئىشىغا پۇختا كىشى. م:
*«تــەدان تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار».*

**تــەمبەل:** ئۇستىخانلىق، بوي - بەستى چوڭ ئادەم. م:
*شۇنچە تەمبەل ئادەمكەن، لې-كىن ئىشقا سوكەن.*

**تەمەت** (تەمبەت) : «زا-دىلا، ھەرگىز، مۇتلەق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. م:
*بــۇ ئادەمگە تەمبەت خوشۇم قالمىدى.*
*بۇ ئىشتىن تەمبەت خەۋىرىم يوق.*

**تەللە:** پوپكا، يانغا ئې-سىۋالىدىغان بوغچا. م:
*ئېسۋېلىپ تەللىنى،*
*ئايلىنىسىز مەللىنى.*
*خۇدايىمغا قالدۇردۇم،*
*ئىشنى بۇزغان دەللىنى.*

**تەسپىيايى:** كۆپ ھاللار-دا ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. سۆ-رەلمە، چاپلاشقاق ئادەمنى تەس-پاي دەپ ئاتايدۇ. خوتەن كلاس-سىكلىرى ئىچىدە «تەسپايى» لەقەملىك شائىر ئۆتكەن.

**تــەلــە:** قــۇدۇق سۇيىنى پــۇتنىڭ كۈچى بىلەن تارتىپ چىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان چاق-پەلەك.

**تــەڭــلــمات:** كىگىزنىڭ بىر خىل تۈرى. قوي يۇڭىغا گۈل نۇسخىلىرى كىرىشتۈرۈ-لۇپ ئاندىن پىششىقلاپ ئىشلەن-گەن كىگىز.

**تەپكۈ:** خام، شايى تو-
قۇيدىغان دۇكانىنىڭ تەپكۇسى.
ئۇ شوينا ئارقىلىق دەپتۇنگە
(ئارقاغ ۋە ئۆرۈشلىرى ئۆتكۇ-
زۇلگەن تاراق) ئۇلانغان بولىدۇ
ۋە پۇتنى قويىدىغان يەرگە بې-
كىتىلىدۇ. تەپكۇنى رېتىملىق
دەسسەش ئارقىلىق دەپتۇن ھە-
رىكەتكە كېلىپ رەختلەر توقۇ-
لىدۇ. سۇغا چۆمۈلگەندە سۇدا
تىك تۇرۇپ پۇتىنىڭ ياردىمى
بىلەن لەيلەش ھالىتىمۇ «تەپكۇ
بېسىش» بولىدۇ.

**تەپ:** بىر خىل كېسەل-
نىڭ نامى، بۇ خىل كېسەل
ئادەمنىڭ پۇت - قولىنى ماغ-
دۇرسىزلاندۇرۇپ، ئىشتىھا-
سىنى بوغۇپ، ئالىقان ۋە تاپان-
نى قىزىتىپ بىئارام قىلىدۇ.

**تىررىق:** ئىشتىن قۇسۇر
چىقىرىش، گەپتىن چاتاق ئىز-
دەش، يوق يەردىن پۇتاق چىقىر-
ىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.
مەجازدا: مۇشۇنداق مىجەزلىك
كىشىلەرنى «تىررىقچى» دەپ
سۆپەتلەيدۇ. م:

*سىز ھەمىشە مېنىڭ ئىشىمدىن*
*تىررىق چىقىرىپ يۈرىسىز.*

**توپىلاڭ:** توپىلىق يول
ياكى توپىسى بوشاپ كەتكەن
جاي. يەنە بىر مەنىدە: ئىس-
يان، غەلۋە - غوۋغا، غەلىيان-
لارنى بىلدۈرىدۇ. م:

*دەرۋازا ئالدى بەك توپىلاڭ*
*بولۇپ كەتتى.*
*توپىلاڭچىلار ئاخىر بېسىقتۇ-*
*رۇلدى.*

**تولاغ:** ۋەزىنلىك، ئې-
غىر، سالمىقى كۆچلۈك؛ قو-
غۇن - قاپاقلارنىڭ سىرتقى يۈ-
زىدىكى سىزىق، يېرىق. م:

*ئۈنىڭ گېپى بەك تولاغكەن.*
*ئاۋۇ قوغۇن بەك تولاغكەن.*
*ئاشۇنى ئالايلى.*

*قوغۇنلىرى تولاغكەن،*
*پىچىپ يەپ باقاي،*
*يارىم كەچتە كېلەمدۇ،*
*ئۆزىگە دەپ باقاي.*

**توغرىغا:** توغراق يېلى-
مى، قېرى توغراقلارنىڭ تۈپى-
دىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ئۇي-
غۇر تېبابىتىدە ھەزىم يوللىرى
كېسەللىكلىرى ئۈچۈن دورا قى-
لىنىدۇ. تۈرپاندىن تېپىلغان
ۋەسىقىلەردە «توغراغۇ» دەپ
خاتىرىلەنگەن. م:

*چوكان خېنىمنىڭ ئىشىنى،*
*ئوخشاتقىنى توغرىغا.*
*كۆڭلۈم بولدى بىر قىسمى،*
*ئوتى يامان ئوغرىغا.*

**تـوغـرانـجـى:** بىر توغرام
گۆش ياكى بىر توغرام نەرسە. م:

*تۇتقان يارىڭ يوغانچى،*
*بەرگەن گۆشى توغرانجى.*
*ئاشۇنچىلىك ھالغا،*
*چوڭ سۆزلەيدۇ نىمانچى؟!*

**تـوختام سۇ:** ئاقمىغان،
توختاپ قالغان سۇ؛ يۇرۇشمى-
گەن ئىش، ئېقىش تاپالمىغان
سودىغا «توختام سۇدەك» دې-
گەن سۆز تەمسىل قىلىنىدۇ.

**توپۇر:** رەت، قاتار، تى-
زىلىپ تۇرماق، ئىستروي بول-
ماق. م:

*قىنى باللار توپۇرغا كېلىڭلار،*
*مېڭىشنى باشلايمىز.*

**تـوشـاش** (تـوشـماق):
ھەممە ئىشقا ئۇلگۇرمەك، بەر-
داشلىق بەرمەك، ئۆزى يېتىش-
مەك. م:

*بـىرسىنىڭ كەيىندىن بىرسى*
*كېلىشۈەردى. ئۆزۈم يالغۇز توشاپ بو-*
*لالمىدىم.*
*«يېتىپ يېسە، تاغمۇ توشمايدۇ»*

**تـوقا:** كەمەر (بەلۋاغ)
نىڭ ھالقىسى، ئېگەر-توقۇم-
لارنىڭ، باشقا تاسما ئەسۋابلار-
نىـڭ ئۇچىغىمۇ بېكىتىلىدۇ.
م:

*چاي خالتىنى ئاسماڭلار،*
*ئىشتان باغنىڭ توقىسىغا.*
*مىنىۋالماڭلار قىزچاقلار،*
*ئۇغاللىنىڭ چوقىسىغا.*

**توقاچ:** (مىقدار سۆز) م:
«بىر توقاچ نان، بىر تو-
قاچ سوپۇن» دېگەندەك نەرسى-
لەرنىڭ يۇملاق، يەككە ھالى-
تىنى بىلدۇرىدۇ. «قىيما تو-
قاچ، ياغلىق توقاچ (نان نۇس-
خىلىرى)، توقاچ يىلان (يى-
لانىنىڭ تۇگۇلۇپ يېتىۋېلى-
شى)» دېگەندەك شەكىللەر
«توقاچ» سۆزى بىلەن سۈپەتلى-
نىدۇ.

**تـوز:** تۇگمەندىكى چاڭغا
ئايلىنىپ كەتكەن ئۇن، توزۇن-
دا؛ شۇ نامدا ئاتىلىدىغان
قۇش. م:

*«توزغا كۆنگەن ئىت قوپارغۇ-*
*نىڭ ئاستىدا ئۆلۈر».*

**توۋرا:** ئات- ئۇلاغلارغا بو-
غۇز بېرىشتە (سەپەر ئۇستىدە) ئىش-
لىتىلىدىغان خالتا. ئۇ يۇڭ رەختتە
توقۇلىدۇ. م:

*ئېتىم بوغۇز چايناپدۇ،*
*يۇڭ توۋرىسى بېشىدا.*
*بىللە بولسام قانمايمەن،*
*مەن يارىمىنىڭ قېشىدا.*
*«قالماق ئېتى بوغاز يېمەس،*
*بوغاز يېسە توۋرا تېشەر».*

**توسان:** بىباش، ئۇركۇ-
گەك، كۆندۈرۈلمىگەن. خوتەن
ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نا-
مى «توسانلا» دەپ ئاتىلىدۇ.
م:

*توسانلىلىغ توسانلا،*
*مىجەزىڭنى رۇساللا.*
*نوختىلىسام بىشىڭنى،*
*ياۋاشلايسەن ئاسانلا.*

**تۆپىلىك:** تەلپەكنىڭ
قاسقىنى (كۆرپىسى) ئۈلىنى-
دىغان بۆك قىسمى (تېرە بىلەن
تىكىلىدۇ). تەلپەكلەر: قاس-
قان (كۆرپىسى)، تۆپىلىك،
تاشلىقى ۋە كىرپىكلىكى قاتار-
لىق تەركىبلەردىن تۈزۈلىدۇ.
ئۇيغۇرلار قىشنىڭ كېچىلىرى
مەخسۇس «تۆپىلىك» تىكىپ
بېشىغا كىيىپ ياتىدۇ. تۈزلەڭ-
لىكتىن پەرقلىنىپ چوقچىيىپ
تۇرىدىغان ئېگىزلىكمۇ تۆپىلىك
دېيىلىدۇ. م:

*تەلپىكىمنىڭ تۆپىلىكىنى،*
*چىبەرقۇتتا تاشلايمەن.*
*كېلەر ئازنا كەل يارىم،*
*ئارقا باغدا ساقلايمەن.*

**تۆشتاتقۇ:** ئات-ئۇلاغنىڭ
ئۇستىدىكى توقامنى چىگىتىش
ئۈچۈن قورسىقىدىن ئۆتكۈزۈپ
باغلىنىدىغان ئارغامچا.

**تۆشلىمەك:** ئىت ۋە باش-
قا ھايۋانلارنى كۆكەس بىلەن
قېتىپ باغلىماق. م:
*يامان ئىتنى تۆشلەپ باغلىغۇ-
لۇق.*

**تۇڭگانى** (تۇڭگان):
مىللەت نامى، خۇيزۇلارنى
شۇنداق ئاتايدۇ.

**تورۇن:** (كېرىيىچە ئاتى-
لىشى) تونۇر. م:

*نان پىشارمۇ پىشماسمۇ،*
*كاۋا كۆمگەن تورۇندا.*
*بىتىلەككە ماڭمايمەن،*
*چۇلۇكۇم يوق بۇرۇندا.*

**تولۇمچە:** شادلىق كارد-
ۋاتنىڭ ئاستىغا تولۇم (يەل
توشقۇزۇلغان قوي تېرىسى)
باغلاپ ياسالغان قولۋاق. م:

*تولۇمچىغا ئولتۇرۇپ،*
*ئۇقاتقا باراي.*
*ئېگىز يەردە ئولتۇرۇپ،*
*يارىمغا قاراي.*

**تومتاق:** باش - ئايىغى
يوق ئىش ۋە ھەرىكەتكە قارىتى-
لغان سۆز. م:
*نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى-
گىزنى بىلگىلى بولمايدىكەن. ئە-
لەدداۋام مۇشۇنداق تومتاق گەپ قى-
لىسىز.*

**تۈتى:** ئاتنىڭ بىر خىل

تۈرى، خوتەننىڭ تاغ رايونلىرىدا بويى پاكار ئەمما مەزمۇت كەلگەن دىقماق ئاتلار بار. تاغلىقلار بۇنى «تۈتى ئات» دەيدۇ.

**تۇغ - شەددە:** مازارلاردىكى قەبرە، گۇمبەزلەرگە تىكلىنىدىغان بايراقچە، لاتا - پۇرۇچ. بىر قىسىم كىشىلەر مازار-ماشايىخلارنى سىغىنىپ ئاشۇنداق تۇغ-شەددىلەرنى ياساپ قەبرىگە قويىدۇ.

**تۇغ:** ئەلەم، جەڭ بايرىقى. كېرىيە خەلقى توغاننى «تۇغ» دەيدۇ. توغان ياسىدۇق دېگەننى «تۇغ سالدۇق» دەيدۇ.

**تۇغ باغلاش:** پېرىخون، باخشىلار «جىن چاپلىشىۋالغان ئادەم» لەرنى داۋالاش ئۈچۈن، ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىپ، ئوتنىڭ ئۈدۈلىدىكى تۈڭلۈككە ئارغامچا ئېسىپ باغلايدۇ. كېسەل كىشىنى ئارغامچىغا ئېسىلدۇرۇپ ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ ھەرىكەت «پېرە ئوينىتىش»؛ باغلانغان ئارغامچا «تۇغ باغلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شامان ئېتىقادىدىن قالغان ئۆدۈم.

**تۇلۇم:** قوي، ئۆچكە تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ياسالغان تېرە خالتا. ئۇ مالنىڭ تېرىسىنى پۈتۈن پېتى (قارنىنى يارماي) سويۇپ ئالغاندىن كېيىن، يۇڭلىرىنى ئاشلاپ، تېرىلىرىنى ئەيلەپ (يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ) خالتا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سۇ قاچىسى ئورنىدا، كېمىچىلەر كېمىنى لەيلىتىدىغان لەيلەتمە ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. مەجازدا: سېمىز ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سۈپەتلەيدۇ. م:

*تۇلۇم چاشقاندەك سەمرىپ كېتىپتۇ.*

*ئارپىنى ئالدىم تۇلۇمغا،*
*چۆرۈپ سالدىم دۇلۇمغا.*
*سىزگە كۆيگەن گۇناغا،*
*قالدىم مۇنچە زۇلۇمغا.*

*«تېرىق تۇلۇمدا، بېتىم بۇلۇڭدا.»*

**تۈزلۇق:** تۇز قاچىلايدىغان قاپاق ياكى ئۇلاغ؛ تۇزى ئۆتۈپ كەتكەن تائامنى تۇزلۇق دەيدۇ. مەجازدا: گېپى قاتتىق (ئاچچىق) تەنلەر بىلەن تولغان ھالدا سۆزلەيدىغان ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى «گېپى تۇزلۇق» دەپ تەرىپلەيدۇ، تۇز چى-

قىدىغان كۆل ياكى جايلارنىمۇ «تۆزلۈق» دەپ ئاتايدۇ. م:

*ئەتكەن ئىشىڭىز تۈزلۈق،*
*سالغان چامغۇرى مۇزلۇق.*
*قانداق قىلىمىز يارىم،*
*جانغا تەگدى يالغۇزلۇق.*

**تۈتقامىش:** ئارام بەرمەي، دەرھال. م:

*ھەي ئىست، بىكار قاچۇرۇپ قويدۇق، كەينىدىن تۈتقامىش قوغلىغان بولساق بولاتتى.*

**تۆكۈچ:** نان خېمىرىنىڭ يۈزىگە چېكىپ باسىدىغان گۈللۈك «تامغا». ئۇ توخۇ پېيىدىن ياسىلىدۇ؛ ھازىرقى كۈندە يېڭى نۇسخىلىرى ياسالدى. تۆكۈچ نان خېمىرى ئىچىدىكى ھاۋا پۇۋۇكچىلىرىنى تېشىپ چىقىرىۋېتىش ھەمدە ناننىڭ نەقىشلىك، ئۇنۇملۇك پىشىشى ئۈچۈن رول ئوينايدۇ.

**تۈگەللىگىن:** «ھەممىسىنى، تامامىسىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. م:

*ئىبىلگە، سىزگە تۈگەللىگىن بېرىۋەتتىم.*

بەزى تەلەپپۇزدا «تۆللىگىن» دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. يەنە بەزىلەر «تۆگەل» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. م:

*مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم سىزگە تۆگەل ياقمايدۇ - ھە!*

*سەمەن تورۇغ، بوز ئايغىر،*
*كۈمۈش جوجەي، يۈگەنلىك،*
*يار ئۆزىنى چوڭ تۇتسا،*
*ئايرىلارمىز تۈگەللىك.*

**تۈنەگ:** ھىجرىيە كالېنداردا رامىزاننىڭ 17 سى ۋە 27 سى، باراۋەت كېچىلىرى مۇسۇلمانلار ئۇخلىماي تىلاۋەت قىلىدۇ. مانا مۇشۇ كېچە «تۈنەگ» بولىدۇ. بىر كېچە قونۇپ قالغان قېتىقنىمۇ «تۈنەگ قېتىق» دەپ ئاتايدۇ. م:

*تۈنەگ قېتىقتەك چۈچۈمەل خېنىم.*

*بۈگۈن ئاخشام بارائەت،*
*تاڭ ئاتقۇچە تۈنەمسىز،*
*يولغا چىقىپ ئىسقىرتاي،*
*باغ كەينىگە ئۆتەمسىز.*

**تۈپۈك:** تۈكۈرۈك. م:

*تۈكۈرگەن تۈپۈكنى ئىغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ. تۈپۈكىڭىزنى بوشراق چېچىڭ.*

**تۆپەك:** بۆشۈككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرەت قاچىسى.

**تۆرگە:** يىپ يۆگەيدىغان بىر خىل ئۇسكۈنە. ئۇ چاقتا ئېگىرىپ يىككە يۆگەلگەن يىپلارنى قومۇشقا جەملەش ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدۇ. كېرىيە تەرەپ-
لەردە «تۇرۇمە» دەپ تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ. م:

*قومۇشقا يىپ تۇرگەندەك ئىش*
*قىلماق.*

**تۇپۇق ئويۇنى:** قوي -
ئۆچكىنىڭ ئارقا پارچىقى بىلەن
سان گۆشىنىڭ تۇتاشقان ئارى-
لىقىدىن چىقىدىغان سىڭىر
سۆڭەكنى (توپۇقنى) ئاساس
قىلىپ «توپۇق ئويۇنى» دەيدى-
غان بىر خىل قىزىقارلىق ئو-
يۇن شەكىللەنگەن. بۇ ئويۇن
شەكلى مۇنداق: بۇرادەرلەر ئۆز
ئارا غىزا ئۈستىدە بولۇپ قال-
غاندا، ساھىبخان كۆڭلى تارت-
قان بىرسىگە توپۇق بار گۆشنى
چاندۇرماي بېرىدۇ. گۆشنى
يەپ بولغاندا توپۇق سۆڭەك قا-
چىسىغا چىققان مېھمان باركال-
لا ئېيتىپ، توپۇقنىڭ شەرتلى-
رىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە توپۇق-
نى چىقىرىپ بېرىش ۋاقتىنى
كېڭىشىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى
توپۇقنى كېڭەشكەن مۇددەتكىچە
ساقلىيالمىسا، ياكى تەلەپ
قىلغان نەق مەيداندا چىقىرىپ
بېرەلمىسە، يېڭىلگەن ھېساب-
لىنىپ توپۇق ئىگىسىنىڭ
كۆڭلى قانائەتلەنگۇدەك دەرىجى-
دە داستىخان تەييارلاپ زىياپەت
بېرىدۇ. ناۋادا شەرتلەر تەلەپ
بويىچە ئورۇندىلىپ، توپۇق ئى-
گىسىگە قايتۇرۇلسا، دەسلەپكى
ساھىبخان قايتا مەشرەپ تەييار-
لاپ يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئال-
دۇ. بۇ خىل ئويۇن ناھايىتى
كەڭ ئومۇملاشقان.

**تونۇك:** تۇڭلۇك. كې-
رىيە تەرەپلەردە «تونوك» دەپ
ئومۇملاشقان. دېھقانلار ئۆيلە-
رىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۆي ئىچى-
گە يورۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن
ئاچقان يورۇقلۇق تۆشۈكىدۇر.
م:

*تونۇك بېشىغا ئاي كەلدى،*
*دادىڭىز گاداي ساي كەلدى.*

**تورۇز:** «تارازا» دىن كەل-
گەن. خوتەننىڭ ھەممە يەرلىرى-
دە «تاروز»، «توروز» دەپ تە-
لەپپۇز قىلىدۇ. نەرسە - كېرەك
تارتىدىغان خاپانلىق گىر. بىر
خاپىنى بىر چارەك. يېرىم خا-
پىنى يېرىم چارەك بولىدۇ.
قالغان ئۇششاق بىرلىكلىرى:
ئىششەك، ئۈچ ئىششەك، چاك-
سا نىمشەك دەپ ئاتىلىدۇ.

**تىرەڭ** (تىرەن): «جاي-
لىق، تېتىك» مەنىسىنى بىل-
دۇرىدۇ. بەزىدە «تىرىڭ» دەپ-

ـمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**تونۇق:** نەرسىنىڭ رەڭ-گىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر «تۇتۇق» دەپمۇ ئىپادىلەيدۇ. يەنە بەزىلەر «خۇنۇك» دەپمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۈچ سۆزنىڭ مەنە ئىپادىسى ئاساسەن ئوخشاش.

**تاشالىغ:** باشقا يەرلىك؛ كەلگىندى. مۇساپىر. م:

*«تاشالىقنى ئىشىڭغا تارت، ئې-شىڭغا تارتما».*

**تۇمتەل:** قاپقاراڭغۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بول-ماسلىق.

**تىمتەس:** تىپتىنچ. ئا-ۋازسىز ۋاقىت.

**توقۇچاق:** تۆمۈرتۇم-شۇق، بەزىلەر «سوقۇچاق» دەپ ئاتايدۇ. كېرىيىدە «توقۇ-چاقلىق» دەپ ئاتىلىدىغان جاڭگاللىق بىر جاي بار.

**توخۇناق:** «د» ھەرپى شەكلىدە ئۆسكەن ياغاچلاردىن ياسالغان ئىلمەك. ئارغامچى-نىڭ ئۈچىغا باغلىنىپ يۈكلەر-نى چىڭىتىشقا، نەرسىلەرنى تار-تىپ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەجازدا: كۆڭلى ئەگرى، قەل-بىنى بىلىپ بولمايدىغان ئادەم

ۋە ھەرىكەتلەرگە كىنايە قىلىنى-دۇ.

**تومتۇۋاق:** ئاساسەن چوڭ-چوڭ ھايۋانلارنى كۆزدە تۇتۇپ دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، غەرەز ئۇقمايدىغان ساۋاتسىز ئادەملەر-گە «توم تۇۋاق» دەپ كىنايە قىلىنىدۇ.

**تەڭگە:** كۈمۈشتىن يا-سالغان پۇل، شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكچىسى يوق. تەڭگىنىڭ بىر سەر، يېرىم سەر، مىسقاللىق شەكىللىرى بار ئىدى.

**تىيىن:** مىستىن ياسال-غان تۆشۈكى يوق پۇل. ئۇنىڭ بىر دانىسى بىر تىيىن دېيىلى-دۇ. مەجازدا: ئىنتايىن ئەرزى-مەس نەرسە ھېسابىدا تۆۋەنلى-تىشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*ئۇنىڭ دەۋاسى بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.*

**تاقاغ:** ئىشىك تاقايدى-غان دەم ياغاچ. كېرىيىلىكلەر ئادەتتە «دەم» دەپ ئاتايدۇ. تا-قاغنى بولسا، كىيىم-كېچەك-لەرنى ئېسىپ قويىدىغان، ئىك-كى تۈۋرۈككە بېكىتىلگەن ئۇ-زۇنراق ياغاچنى شۇنداق ئاتاي-دۇ. ئۇنىڭغا قۇش-قارچىغى-

لارنىمۇ قوندۇرىدۇ. م:

*باغدا تاغاچىڭ بولاي،*
*تاقاغدا قالغاچىڭ بولاي.*
*سەن مېنى يارىم دېسەڭ،*
*باشتىكى تاجىڭ بولاي.*

**تــوڭكاي:** پاقالچاق سۆ-ڭەك، ئوشۇق، گۆشسىز ئۇس-تىخان. م:

*ئاچىلغان بىكا،*
*ساچىلغان بىكا،*
*كىشىنىڭ يارىغا،*
*گەپ قىلماڭ ئاكا.*
*خەقنىڭ يارىغا،*
*گەپ قىلساڭ ئاكا،*
*چاچراپ قويقانچە،*
*توڭكاينى چاقا.*

**تــوشــنا** (توشنى) : تو-لۇق، كېمى يوق، لىق. م:

*بۇگۈن تەرگەن كالا تېزەكلى-رىمىز تۆت تاغارغا توشنا كەلدى.*

**تۇرۇقى** (تۇرقى) : نەر-سىلەرنىڭ نەق ھالىتى، كۆرۈ-نۇشى. م:

*بۇ ئادەمنىڭ تۇرغان تۇرقى-دىنمۇ بىچارىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.*

**تـيـتاڭ تومۇرى:** گۆرەن تومۇرى، جان يېرى، ئەجەللىك جايى. بۇ سۆز كۆپىنچە مەجازىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ. م:

*ســـىزنىڭ مەجلىستە قىلغان سـۆزىڭىز، ئۇنىڭ تىيتاڭ تومۇرىغا تەگدى.*

**تــيـزا:** پۇلنىڭ ئاتىلى-شى، ئىلگىرى پۇل ئاتالغۇسى «تىيزا» دەپ ئـاتىلاتتى. تا-تازا — باغلام - باغلام پۇل.

**تىزىدان:** ھەميان، پۇل قاپچۇقى.

**تېتىغ:** تەم، ئېغىزدىكى سەزگۇ.

**تاختاپەرە:** شال - تاختاي بىـلەن ياسالغان ئېگىز جاي. م:

*ئۇنى ئەتىۋارلاپ تاختا پەرىگە چىقىرىپ قويدىڭىز.*

**تــامــاق چىش:** مايماق، قوپال ئۆسكەن چىش، ئارىسى شالاڭ چىش. بەزىلەر «ھىڭگاي چىش» دەپمۇ قوللىنىدۇ. م:

*ئۇ پۇلتايكۆز، ھىڭگاي چىش ئادەمكەن.*

**تــاي:** بــاغلام، تېڭىق؛ ئاتنىڭ بالىسى. م:

*پاختا، رەختلەرنى تايلاپ بې-سىۋەتتۇق.*

كېرىيىلىكەر ئات بالىسى-نى تاي دەيدۇ. م:

*بارات قارانىڭ بايتىلى كىچە-دىن تايلاپتۇ.*

**تاسما:** كۆن - خۇرۇملار-

دىن ياسالغان بەلۋاغ. ئۇششاق تىلىنغان تېرە، كۆن - خۇرۇم يىپلىرى. خوتەنلىكلەر پىچاق ئاسىدىغان غىلاپلىرىنى چىرايلىق بويتاسمىلار بىلەن بېزەپ ئاسىدۇ.

**تا:** «تار» سۆزىدىكى «ر» نى چۈشۈرۈپ «تا» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. «كەڭ - تار» نى بىلدۈرىدىغان «تار» سۆزدۇر. دېھقانلار ئىككى سۇكىنىڭ ئارىلىقىنى، ئۆي كارىدورىنى «تا» دەپ ئاتايدۇ. م:

*بۇ ئىشتان بەك تا كەپ قالدى.*

*ھارۋىنىڭ جابدۇقلىرىنى تاغا جايلاشتۇرۇپ قوي.*

**تاق:** تېز، چاپسان، ئىلدام (ھىلدام)؛ يالغۇز، جۇپتى يوق. م:

*تاق بولگە خېنىم،*
*ساقلاتماي بېزنى.*
*ساق بولگە خېنىم،*
*قوقاتماي بېزنى.*

*كېلىڭ دەپقاپ ئۆزى يوق،*
*«جۇپمۇ-تاق» ئويناملدۇ-يا.*
*ئۇچراشقاندا گېپى يوق،*
*باشقا ئوي ئويلامدۇ - يا.*

**تات:** ئېغىز سەزگۇسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى «ئېغىزىم تات بولۇپ كەتتى» دەيدۇ. ئېھتىمال «داد» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا كېرەك. «تۇركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «تات» دەپ ئېلىنغان. م:

*ئالما سويسام ئۆتمىدى،*
*پىچاقلىرى تاتمىدى.*
*دېمەي دېسەم بولمىدى،*
*دەت ئىچىمگە پاتمىدى.*

**تاس:** ئىستېمالدا «تاس قالدى»، «تاستىن» دەپ ئىشلىتىلىدۇ. بىرەر ئىشنىڭ خەۋپلىك ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

*ئۇ ئۆگزىدىن دوم چۈشكىلى تاس قالدى.*

*ئانكام كۆڭلى بۇزۇلۇپ، تاستىن يىغلاپ سالاتتى.*

**تاقا:** «تا» بىلەن «قا» تاۋۇشى ئايرىم - ئايرىم سوزۇپ ئېيتىلغاندا، مەسچىت - ئۆيلەرنىڭ دەرۋازا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇك تاۋۇش ھالىتىدە ئېيتىلغاندا، يىپەك - شايىلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ (بىر كىيىملىك ئەتلەس تۆت تاقا بولىدۇ)؛ ئات - قېچىرلارنىڭ تۇۋۇقىغا

مـــىخلىنىدىغان يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۆمۈرنى كۆرسىتىدۇ؛ بـەزىـدە بۇيرۇق پېئىل ئـورنــىـدا كېلىدۇ (ئىشىكنى مەھكەم تاقا). م:

*ئالا ئاتنىڭ تاقلىقى يوق،*
*تال - باراڭنىڭ ياقلىقى يوق.*
*دەرد - ئەلەمنى بىز تاتتۇق،*
*سىز خېنىمنىڭ خاپىلىقى يوق.*

**تـــاجاۋۇل:** ئامال، ئىلاج، ئىمكانىيەت، چارە. م:

*قولۇم قىسقا، چوڭ ئىشلارغا تاجاۋۇلۇم يوق.*

**تـــاكـــان:** ئۇچى (بىسى) ئۇپراپ كەتكەن تۆمۈر سايمان. مـــەجـــازدا: ئىشنى ئاقسىتىدىغان، سۆرەلمە ئادەملەرنى، ئاسانلا جېدەل تېرىيدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەيدۇ. م:

*تاكانلاشما مەن بىلەن،*
*ئۆي تۇتمايمەن سەن بىلەن.*

**تامبال:** ئىشتان، شىم. تامبالنى يېزا - سەھرالاردا ئېغى كەڭ، پۇشقىقى ئازادە تىكىپ باغلاق ئۆتكۈزۈلىدۇ. م:

*«ئامبال يارلىقى يامانمۇ؟ تامبال يارلىقىمۇ»؟*

*تاجىخانغا كۆيمىگەن،*
*خوتەندە ئامبال قالمىدى.*
*تاجىخان دەپ يۇرگەننىڭ،*
*قوڭىدا تامبال قالمىدى.*

**تالجىقماق:** هاردۇق يەتمەك، ماغدۇرىدىن كەتمەك، هېرىپ كەتمەك. م:

*نەچچە كۈننىڭياقى دەم ئالماي، بەك تالجىقىپ كەتتىم.*

**تاۋان تاشلاش:** قېي- يېدداش، قىلماقچى بولغان ئىشنى تاشلاپ قويۇش. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماسلىق. م:

*ئۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاۋان تاشلاپ قويۇپ كەتتى.*

**تـــاناۋىل:** ئاش - تاماق يېمەك، غىزاغا تۇتۇنماق. م:

*ئولتۇرغانلار بىر - بىرلەپ تاماققا تاناۋىل قىلىشتى.*

**تانا:** «ئەنە» دېگەن ئالماشنى ئىپادىلەيدۇ، «غۇ»، «قۇ» قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان كىچىك شوينىسىنى كۆرسىتىدۇ. م:

*بىزمانىلىققا كەل دېدىڭىز كەلدىم تانا. لېكىن سىز يوق.*

*«چاقتا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق. قىزىدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇق».*

**تـــاچـــۇق:** ئىككى تەرىپى ئېگىز جاينىڭ ئارىسىدىكى بوش-

لۇق، يېرىق جاي. كىرىيە تە-
لەپپۇزىدا «تا» دەپ قوللىنى-
دۇ. م:

*ياۋا كەپتەرلەرنىڭ ھەممىسى*
*ئاشۇ تاچۇقتا تۈنەيدۇ.*
*«قارىغۇنى تادا قىستىماڭ».*

**تايىنلىغىن:** بىر يولى،
بىراقلا، ھامىنى. م:

*ئاھ خۇدا، بىزنى بۇ كۈنگە*
*قويغىچە، تايىنلىغىن ئالدىغان ئاما-*
*نىتىڭنى ئالساڭچۇ!*

**تالاق:** ئىسلام شەرىئىتى-
دە نىكاھنى تەرك ئېتىشنى بىل-
دۈرىدۇ. مەجازدا: ئالاقە ئۈ-
زۈلگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەشكى-
مۇ ئىشلىتىدۇ.

**تاۋىدان:** ئولتۇراق ئۆي-
لەرنىڭ تېمىغا چىقىرىلىدىغان
پەشتاقتا. تاۋىدان ئۆي تېمى-
نىڭ ھەممە يېرىگە بويلاپ چى-
قىرىلىدۇ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن
لازىمەتلىكلەر قويۇلىدۇ. ئۆي
تېمىغا كىچىكرەك قىلىپ ئو-
يۇپ چىقىرىلغانلىرى «تەكچە»
دەپ ئاتىلىدۇ (ئادەتتە ئويۇق-
چىدۇر). م:

*ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ئىككى*
*ئېغىز تاۋىدانلىق ئۆي بار ئىدى.*
*دادىڭىزنىڭ كىتاب-دۇۋەتلى-*
*رى ئىچكىرىدىكى ئۆينىڭ تەكچىسى-*
*دە، ئاچقىپ بېرىڭ.*

*قىزىل ئالما، تاش ئالما،*
*تاۋىدانغا تىزىقلىق.*
*سىز يارىمنىڭ گەپلىرى،*
*يۈرىكىمگە يېزىقلىق.*

**تارشا:** يېرىندى ئوتۇن،
ئۇششاقلانغان تەمەچ. ئەجدادلار
ئوت تۇتاشتۇرۇشنى ئاسان قى-
لىش ئۈچۈن تارشىلارغا گۈگ-
گۈرت سۈيى يالىتىپ ئىشلەت-
كەن. بۇنى «تارشا گۈگۈت»
دەپ ئاتايدۇ. م:

*ئوتۇننى چوڭراق قىلىپ بې-*
*رىڭ، تارشا قىلىۋەتمەڭ.*

*كۈلۈك قىشتا يارىشا،*
*ئوچاق بېشتا تارشا،*
*گېپىڭىزنى ئويلاپ دەڭ،*
*ھالىڭىزغا يارىشا.*

**تالما:** خام (بۆز) نىڭ
بىر تۈرى. تالمىنىڭ يىپى ئا-
لاھىدە تالىنىپ (پىششىق،
سىپتا) ئېگىرىپ تەييارلىنى-
دۇ. چىرايلىق، نەپىس توقۇ-
لىدۇ، داكىدەك نېپىز، ئەمما
چىداملىق بولۇپ، ئېسىل كى-
يىملەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئىس-
تېمالدا، تېزرەك توقۇلىدىغىنى
(سۈپەتسىزرەكى) خام؛ نەپىس
توقۇلغىنى تالما (يازلىق كى-
يىم ئۈچۈن)؛ ئالاھىدە مەز-

مۇت قىلىپ (توم يىپ قىلىپ) توقۇلغىنى «چەكمەن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى قىشلىق كىيىملەرگە ئىشلىتىدۇ.

مەجازدا: خام — تېز، سۇپەتسىز توقۇلمىلارغا، پىشمىغان تاماقلارغا، يېتىلمىگەن باللارغا، پەختا بولمىغان ئىشلارغا قارىتا «خام» دەپ تۆۋەنلەشتۈرۈلىدۇ. نازۇك قىزلارنى «تالمىدەك خېنىمكەن» دەپ سۇپەتلەشتۈرىدۇ. م:

*كۆڭلۈكىم بار تالما،*
*كىيىپ بارسام قالما.*
*مەكتىلىك خېنىملارنىڭ،*
*تايىنلىقكەن هالما.*

**تاۋىماق:** تەڭ كەلمەك، تېتىماق، بوش كەلمەسلىك. م:

*ئۇنىڭغا تاۋىمىسام، ئۆزۈمنى ئەر دېمەسمەن.*
*هەر بىرىمىز ئۇنىغا تاۋىغىدەك يىگىتلەرمىز.*

**تارام:** دەريا - ئېقىنلارنىڭ بۆلۈمچىلىرى. م:

*بۇ دەريا توققۇز تارام،*
*هەممىسى بايغا قارام.*

مەجازدا: كۆز يېشىنىڭ هالىتىنى «تارام - تارام» دەپ سۇپەتلەيدۇ. م:

*قازناق ئۆيگە - باداڭغا،*
*پەرەس قىلىپ ئاش تۆكتۈم.*
*يار يادىمغا كەلگەندە،*
*تارام - تارام ياش تۆكتۈم.*

**تاقىلدىغۇچ:** تۈگمەننىڭ ئۈسكەنىسىدىن تاش تۆشۈكىگە داننى چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ياغاچ.

تاقىلدىغۇچ — «7» رەقىمى شەكلىدىكى ياغاچ بولۇپ، ئۈزۈن ئۇچى چاناققا (ئۈسكەندىن چۈشكەن داننى تۇتۇپ تۇرىدىغان قاچىغا)، قىسقا ئۇچى تۈگمەن تېشىغا قويۇلىدۇ. تاشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن تاقىلدىغۇچ تىترەپ چاناقتىكى داننى بىر - بىرلەپ چۈشۈرىدۇ. تاقىلدىغۇچ بولمىسا ئۇن تارتىش مۇمكىن ئەمەس. م:

بۇ هەقتە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

*كىشىلەر تۈنجى تۈگمەننى ياساپ چىققاندا، داننى تاشنىڭ تۆشۈكىگە قانداق چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي بېشى قېتىپتۇ. مۇشۇ چاغدا بۇ يەردىن شەيتان ئۆتۈپ قاپتۇ ۋە ئادەملەردىن: «نىمە ئىش قىلىۋاتىسلەر؟» دەپ سوراپتۇ.*

*— تۈگمەن ياساپ ئۇن تار-*

تىۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئادەملەر.

— ياخشى بوپتۇ، تاقىلدىغۇچىمۇ ياسىغانسىلەر، — دەپتۇ شەيتان. ئادەملەر بۇ گەپتىن ئەقىل تېپىپتۇ - دە، تاقىلدىغۇچ بېكىتىپتۇ، ئاندىن دان راۋان چۈشۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈگمەن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپتۇ.

**تايلاق:** تۆگىنىڭ بالىسى، بوتا (بوتىلاق) نىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. م:

*تاغنىڭ باغرىدا يايلاق،*
*يايلاقتا تۆگە - تايلاق.*
*يار ماڭا ئىشەنمەيتۇ،*
*ئارقامدا قويۇپ پايلاق.*

**تاڭ:** هەيران بولماق، بىلمەس بولۇۋالماق، «بىلمەيمەن»، «ئۇقمايمەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ سۆزنى يەنە «هاتاڭ»، «هاتاڭەي» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. م:

*تاڭ دېمەڭ، سىز هەر قانچە بىلمەس بولۇۋالسىڭىزمۇ بىز بىلىمىز.*

**تاماق:** گال، بوغۇز (تامغاقنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كەلگەن) غىزادىكى «تاماق» تىن تېز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تاتىلايدىغان «تاماق» بىلەن «تامغاق» تىن بۇزۇلغان «تاماق» سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. م:

*تامىقىم قۇرۇپ كەتتى،*
*سۇ ئەكەلگىن ئالدىمغا.*
*كۆرسەتمەيسەن قاراڭنى،*
*كەلمەمدىمەن يادىڭغا.*

*تاشلىق يەرنى تاتىلاپ،*
*تاماقنىڭ چىشى سىندى.*
*ئەتىۋارلىغان يارلار،*
*بوينۇمغا ئەجەپ مىندى.*

**تالالىغ:** تۇرمۇشلۇق بولغان، ئاتا - ئانىسىدىن مۇستەقىل ياشاشقا ئۈزىتىلغان ئايال، ئەرلىك قىز. م:

*ئۈچ قىزىمىزنىڭ هەممىسى تالالىغ بولۇپ بولدى.*

**تالا:** («تا» بىلەن «لا» سوزۇپ ئېيتىلىدۇ): يول، سىزىق، پارچە - پارچە؛ ئۆينىڭ سىرتى، هويلا - ئارامنىڭ سىرتى. م:

*تەلپىكىم سەككىز تالا،*
*تۆتى ئالا، تۆتى قارا.*
*نەچچە يىل ئوتىدا كۆيسەم،*
*بىلمىگەن نادان بالا.*

*تالاغا چىقار بولساڭ،*
*قولغا پەنەر ئېلىۋال.*
*سېغىنغاندا قارارسەن،*

*سۇرتىمنى سىزىۋال.*

**تاشاق:** تاشلىق (ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ تاشىقى). م:

*ئۇ ئاتقان چالما، ئۇنىڭ تاشىقىغا تېگىپ كېتىپتۇ.*

**تاشاقماق:** يولنىڭ سىرتى بىلەن ماڭماق. تاپ - سىزىقتىن چىقماق. م:

*ئالا كالىنى يېتىلىۋالايلى، بولمىسا يول تاشاقاپ ئاۋارە قىلىدىكەن.*

**تاپاۋەت:** ۋەج، مولۇك، كىرىم، ئىش ھەققى. پۇل تېپىشقا ئېپى بار ئادەمنى «تاپاۋەتلىك» ئادەم دەپ ئاتايدۇ. م:

*بىر نەچچە ئاي بولدى، سىرتتا تاپاۋەت قىلدىم.*

**تاتىغ:** ئات - ئۇلاغقا ئارتىلغان يۈكنى «ئاتىغ»، يۈكنى باغلاپ مەھكەملەيدىغان ئارغامچىنى «تاتىغ» دەيدۇ.

**تاراغ:** ئۇزۇم تاللىرىنى تاراش. تال شۇڭگىلىرىنى باراڭغا بىر - بىرلەپ ئارتىپ چىقىش. م:

*قولۇم بوشىماي، تاللىرىم تاراغسىز قالدى.*

*ئۇزۇم تالنى يۇتايمەن،*
*شۇڭگىلىرىنى تارايمەن.*

*يارىم ئۆتسە ئالدىمدىن،*
*ماڭغىنىغا قارايمەن.*

**تاتقۇ:** ئۇرۇق كۆمۈلگەن تۇپراقنى تەكشىلەيدىغان دەستىلىك ئەسۋاب. م:

*پاختا ئاتتىم ئاتقۇدا،*
*يەر تۈزلىدىم تاتقۇدا.*
*چىقالامسىز ئالدىمغا،*
*بارسام ئېغىر ياتقۇدا.*

**بەل تاتقۇ:** يەرلىك ئوچاقلاردا چوغ ۋە كۈللەرنى تارتىپ يۆتكەيدىغان تۆمۈر ئەسۋاب، ئادەتتە «تارتقۇ» سى تاشلىنىپ «بەل» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك باللارنى بۆلەيدىغان بۆشۈكلەردە باللارنى تېڭىپ چىگىتىدىغان رەخت پوتىنى «بەل تاتقۇ» دەپ ئاتايدۇ.

**تاپانچالماق:** ئاچچىقىنى باسالماي پۇتىنى يەرگە ئۇرماق. م:

*ئۇنىڭ ئەلپازى بوش ئەمەس،*
*تاپانچىلىپ چالۋاقاپ كەتتى.*

*ئۆستەڭ بويىدا كاتتۇ،*
*رابىخان دۇتا چاتتۇ.*
*رابىخانغا گەپ قىلسام،*
*سىڭلىسى تاپانچاتتۇ.*

**تاراڭگۇ:** كالتەك، بادرا ياغاچ، مېۋە قاقىدىغان خادا. م:

*ئۈزمىلەر پىشىپ قاپتۇ،*
*تاراڭگۇدا قاقساقچۇ.*
*قىز باللار چوڭۇپ قاپتۇ.*
*ۋاسالغۇدا باقساقچۇ.*

**تاماشىشا ئىش:** ھەيران قالغۇدەك، ئاجايىپ مەنىلەردى- كى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان تەئەججۈپ سۆزى. م:

*تاماشىشا ئىش، كىچىكلەر چوڭلارنى باشلاۋاتقان، ئىشەكلەر تۆگىنىڭ بۇرنىنى يېتىلەۋاتقان-ھە؟*

**تاقاراشماق:** جاھىللىق، كاجلىق قىلماق، گەپكە كىر- مەي مۇنازىرىلەشمەك. م:

*خەق بىلەن تاقارىشىپ يۈر- گىچە، ماقۇل دېسەڭ بولمامدۇ؟*

**تاكانلاشماق:** بىسى كەسمەس بولۇپ، ئۈپراپ كەت- مەك. مەجازدا: ئىناۋىتى، رو- لى قالماسلىق، گېپى ھېسابقا ئۆتمەسلىك، ھۆرمىتى بولماس- لىقىقا كىنايە قىلىنىدۇ.

**تاكاللاشماق:** گەپ قو- يۇپ بەرمەي، جېدەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. م:

*مەن توغرا گەپ قىلدىم، سىز- گە تەربىيەت قىلدىم. مەن بىلەن تاكاللىشۇەرمەي، بولدى قىلىڭ.*

**تەرراكى:** كۆز بويامچى، ئالىغىلاپ، شىتىلە ئادەم. م:

*ناھايىتى يامان تەرراكىكەن، كانىدەك چاپلىشىپ ئالمەن دېگىنى- نى ئاپتۇ.*

**تەلەڭگە:** لىگەن، لىگەن شەكىللىك ياپىياڭ قاچا. م:

*تەلەڭگەيۇ تەلەڭگە،*
*ئۆزەم تىزغان تەلەڭگە.*
*ۋەدىڭىز يالغان چىقتى،*
*بارماسمەنۇ مەلەڭگە.*

**تەگ:** ئۈلى، كىيىمنىڭ تېگىنى بىلدۈرىدۇ. گاھىدا «تەكتى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنى- دۇ. تەگنىڭ يەنە باشقا مەنىلى- رى بار. ئۇ بۇيرۇق رايى بولغان- دا بىر نەرسىگە تېگىش قىلىنىش- نى، ئايالارنى ئەرگە تېگىشنى ئىپادىلەپ، «تەگ» دەپ بۇي- رۇق قىلىنىدۇ. م:

*تېمىڭىزنىڭ تېگى بوش،*
*زەي تارتسا يىقىلماسمۇ؟*
*«كۆڭلۈمدە پەقەت سىز بار»،*
*دېگەن گېپىڭىز راستمۇ؟*

*ئەرگە تەگسەڭ ماڭا تەگ،*
*دۆلەت كۆرەرسەن.*
*ماڭا تەگمەي ئاڭا تەگسەڭ،*
*تېزەك تېرەرسەن.*

**تەگۋاز:** كۆك تاماكا ياكى تاماكىنىڭ قۇرۇتۇلغان يوپۇر-

مىقى. مەجازدا: ئاچچىقى يامان
ئادەمنى «تەگۋاز» دەپ سۆپەت-
لەيدۇ. م:

*تەگۋازنىڭ كۆكى ئاچچىق،*
*چەكسەم قورىدى گالنى.*
*بۇ ئالەم ئۆزۈن ئالەم،*
*بوشراق تاتلى ھالنى.*

*يارىم تەگۋاز تەگەيدۇ،*
*مەندىن يۈزنى يۆگەيدۇ.*
*ئارىدا بىلىشمەسلىك،*
*قانداق قىلساق تۈگەيدۇ.*

**تەلىك:** ئېگەر، توقۇم-
نىڭ ئاستىغا سالىدىغان كى-
گىز. ئەمەلىيەتتە ئاتتىن چىق-
قان تەرنى سۈمۈرۈپ تۇرىدۇ.

**تەڭلە:** ياغاچ داس. بۇ-
رۇنلاردا كىرىيۈيۈش ئۇچۈن مۇ-
ۋاپىق ياغاچلاردا تەڭلە چېپىپ
ياسىلاتتى. بۇيرۇق رايىدا: قو-
لۇڭدىكى قورالنى ئۇنىڭغا تەڭ-
لە، دەپ ئېيتىلىدۇ.

تەڭلە — «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دا «تەڭنە» دەپ ئې-
لىنغان.

**تەلپەك:** باش كىيىمى.
ئەر - ئايالچە، يازلىق، كۈزلۈك
ۋە قىشلىق نۇسخىسى بويىچە
تىكىلىدۇ. ئىشلەتكەن ماتېرى-
يالى ۋە نۇسخىسى بويىچە ئالا-
ھىدە نامىلار بىلەن ئاتىلىدۇ.
م:

*كۆرپە تەلپەك بېشىمدا،*
*خۇمار كۆزلۈك قېشىمدا.*
*يارىنىڭ ئۆتى كۆيەدۇر،*
*ئىچىم بىلەن تېشىمدا.*

**تەرەببا** (تەرەببال): ئۆش-
تۆمتۈت، تاسادىپىي، كۈتۈلمىگەن-
دە. م:

*ئۇ تەرەببالىقتا كېلىپ مۈش*
ئېتىپ كەتتى.

**تەرى:** يۈزى، چىرايى،
تەلەتى. دېھقانلار تولا ھاللاردا
بۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. م:
*تەرى قېلىن مايمۇن، تەرىڭنىز-*
*نى تونۇغىلى بولمايدۇ، يۈمغىلى*
*بى- رەر ئاي بولغاندەك قىلىدۇ.*

**تېۋەڭ** (تەۋەڭ): نان،
چاي تىزىدىغان، گىرۋەك چىقى-
رىپ ياسالغان ياغاچ تەخسە.
ھازىر تەۋەڭنىڭ ياسالغان ماتې-
رىيالى بويىچە: «تۆمۈر تەۋەڭ،
مىس تەۋەڭ، ياغاچ تەۋەڭ»
دەپ ئاتايدۇ.

**تىتلاق:** تۇتقىلى بولماي-
دىغان بولۇپ كەتكەن، چىرى-
گەن رەخت ياكى قەغەزنى «تىت-
لاق» دەپ سۆپەتلەيدۇ.

**تىۋىل چۈشمەك:** بىر ئە-
شنىڭ گەدەنگە كەپ قېلىشى يا-

كى تەۋە بولۇپ قېلىشى. ئەس-
لىدە «تېگىل كەلمەك»، «تې-
گىل بولماق» تىن كەلگەن بو-
لۇشى مۇمكىن. م:
*بۇ ئىش ئاخىرى بېرىپ بىزگە*
*تىۋىل چۈشتى.*

**تېيىملاش:** تاتىلاش،
تىرناق زىيدىسى قىلىش. م:
*يۈزۈمنى تىيملاپ گۆشىنى*
*تىلىۋەتتى.*

**توقلا:** تېخى قوچقارغا
كىرمىگەن قوي پاقلىنى توقلا
دەپ ئاتىلىدۇ. م:
— *بۇئېغىلدىكىلەرنىڭ ھەم-*
*مىسى توقلا ماللار. تېخى تۈنۈگۈن*
*ئېغىل ئايرىپ قويدۇق. بۈگۈن -*
*ئەتە قوچقارغا (ھەيدەككە) كىرىدۇ.*

**تىۋىت چەگمەك:** كۆچمە
مەنىدىكى سۆز. ئادەمنى روھىي
جەھەتتىن چارچىتىۋېتىدىغان
ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماق.
تەس ئىشنى قىلماق.

## ج

**جوتتىكام جوت** (جوتتام
جوت): كىچىك بالىلارنىڭ قە-
سەم مەنىسىدىكى سۆزلىرى بو-
لۇپ، قىزىقچىلىقتا ئېيتىشى-
دۇ. م:
*ئەگەر مەن بۇ ئىشنى بۈگۈن*
*قىلمايدىغان بولسام، ئىگەكىم جوت-*
*تىكام جوت (جۆتىكەمنى كېسىپ*
*بېرەي دېمەكچى).*
*ئوبدان ئاكا، يىتىپ كەتكەن*
*نەرسىگىزنى مەندىن گۇمانلاندىڭىز،*
*مەن ئالمىدىم. ئالغان بولسام جوتتى-*
*كام جوت بولسۇن.*

**جىمىماق:** جىم بولماق،
شۈك ئولتۇرۇشماق. م:
*ھەي خالايىق، ئەمدى جىم*
*بولۇڭلار، چوڭلار كەلدى.*

**جۆ كېسىلى:** بىر خىل
يامان كېسەلدۇر. تېبابەتتە
«ئىسسىتقا» دېيىلىدۇ. بۇ كې-
سەل بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر
شۇنچە ئورۇق بولىدۇ، لېكىن
يەپ تويغاننى بىلمەيدۇ.

**جۈندەك:** كىيىم - كېچەكنى كونا، يىرتىق كىيىم-لىك كىشى. كېرىيىدە «جۇن-داق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئىگە - چاقىسىز، نەزەرسىز كە-شىلەرنى ئىپادىلەشتە قوللىنى-لىدۇ. م:

*تاش ئاتمىغىن خوندەككە،*
*پۈتلاشمىغىن موندەككە.*
*قارايدىغان كۆزۈم يوق،*
*ساڭا ئوخشاش جۈندەككە.*

*قارچۇغۇيىنى قوندۇردۇم،*
*سارايدىكى قونداققا.*
*بىكار كەتتى ياشلىقىم،*
*تەتۈر پايتىما جونداققا.*

**جور** (ئاۋاز ئىملىقى): سۇنىڭ جورقىرىغان ئاۋازى. م:

*بالىگىز ھېلى يەڭگۈشلىگەن ئىگىنىمگە «جور» قىلىپ سىيىۋەت-تى.*

*تۆشۈك قاپاقتا ياغ ئېلىپتىكەن-مىز، «جور» قىلىپ ئېقىپ كەتتى.*

**جو - جو:** بالىلارغا ئىشلىتىدىغان تىل، كىچىك تاھارەت قىلىش ئۈچۈن بالىلار-مۇ ئىشلىتىدۇ. م:

*بالام جو-جو ئېتەمسىز، جو-جو ئەتسىگىز تالاغا چىقىڭ ماقما؟*
*ئانا! ئانا، جو - جو ئېتەتتىم،*
*ئىشتىنىمنى سالالمىدىم.*

**جۆللە:** ناھەق تارتقان زى-يان، زىيان تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئامالسىز قال-ماق. ئورۇنسىز تۆلەنگەن بە-دەل. م:

*شۇنچە قىلغىنىم نەلگە كەتتى،*
*دىلىنىڭ ئارامى جۆللىگە كەتتى.*
*جۆللىگە بەرسەكمۇ*
*بىرەرمىز خېنىم.*
*تاپقان پايداڭنى،*
*كۆرەرمىز خېنىم.*

**جىق:** كۆپ، نۇرغۇن، ھېسابسىز، ئارتۇق. م:

*بوگۈنكى تويغا بەك جىق مېھ-مان كەپتىكەن، ئۆزىتىپ بولالماي ھېرىپ جۈللۈقۇم چىقتى.*

*«سىزنىڭ ماڭغان يولىڭىزدىن، مىنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكۈم جىق».*

*ئۆيىڭىزدە ئىش جىقمۇ،*
*قىلىشىپ بېرەي يارىم.*
*يالغۇزلۇق ئەسىر قىلدى،*
*كەلگەننى كۆرەي يارىم.*

**جىرىت** (ئاۋاز ئىملىقى): رەختنى يىرتقاندا ئاڭلىنىدىغان ئا-ۋاز. م:

*جىگدە شېخىڭىز ئىلدى،*
*تامبىلىمنى «جىرىت» قىلىپ.*
*دەيدىغان گېپىم باتتى،*

كىلەلەمسىز «شىرىت» قىلىپ.

**جىلە:** دام-قىلتاق، ئۆ-
چار قاناتلارنى تۇتۇش ئۈچۈن
ئات قۇيرۇقى ياكى پىششىق
يىپتىن ئىنچىكە توقۇپ ياسال-
غان تور. مەجازىي مەنىدە: كى-
شىلەرگە تۇيدۇرماي كولىغان
مەنىۋى ئورا، قۇرۇلغان قىل-
تاق - دام؛ تېرىكتۇرمەك، ئاچ-
چىقلاتماق... م:

بۇگۈن جىلىگە ھېچنېمە
چۈشمەپتۇ، ئەجرىمىز بىكار كەتتى.

يوق گەپنى قىلىپ، ئادەمنى
جىلە قىلمىسىڭىزچۇ؟

ئادەمگە جىلە قۇرۇپلا يۈرىدى-
غان، ئىچى يامان نېمىكەنسىز.

قومۇشلۇقتا قۇرغان جىلە،
ئۆردەك تۇتارمۇ؟
يارنىڭ نازى جاننى قىيناپ،
دىلنى ئۇتارمۇ؟

دەسسىمەيمەن جىلەڭگە،
ئالدانمايمەن ھىيلەڭگە.
جىلە قىلساڭ قىلىۋەر،
چوڭ سۆزلەيسەن نېمەڭگە؟

**جىملام - جىت:** جىم-
جىت، شەپىسىز، تىپتىنچ. م:

ئالەم جىملام - جىت بوپ
كەتتى. بىرەر شەپىمۇ يوق...
ۋاراقشىپ تۇرغان قازانغا سو-
غۇق سۇ قۇيغاندەك جىملام - جىت
ئولتۇرۇپ كەتتۇكيا، گەپلەشكەچ
ئولتۇرايلى.

**جىم:** تىنچ، شوك، ھە-
رىكەتسىز. م:

— جىم بولۇڭلار! ۋارقىراش-
ماڭلار!

— بىر ۋارقىراپلا ھەممەيلەننى
جىم قىلىۋەتتىڭيا؟

خىلى يامان بالىدۇك،
ياۋاشلىدۇق — نىم بولدۇق.
قارا كۆزنىڭ دەردىدە،
بويۇن قىسىپ جىم بولدۇق.

**جىيىغ** (جىجىغ): سى-
زىق، ئىزنا، تاپ، يول. مە-
جازىي مەنىدە: بىراۋ تەرىپىدىن
بەلگىلەپ بېرىلگەن نىشان،
يول. م:

بۇ شىرەنى يېڭىلا سىرلاتقان
ئىدۇق، بىرسى جىيىپ بەشپۇچۇق
قىلىۋېتىپتۇ.

جىجىپ بەرگەن جىجىقىڭىز-
دىن بىر قەدەم ئۆيان - بۇيان چى-
قىپ كەتمىدىم، دېگىنىڭىزنى قىل-
دىم، يەنە مەن يامانما؟

مەن جىجىغان جىجىققا،
يارىم قوناق تىككىدەك.
ۋاقتى يەتسە كەچلىككە،
كېلىپ كەتسۇن دىككىدەك.

**جىمى:** ھەممە، بارچە،

بارلىق، جەمئىي. م:

*ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،*
*ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.*
*جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،*
*سىنىڭدىن باشقا يارىم يوق.*

**جـۇغ:** يىغىندى، جەمئىي. بەستى - سىياق. يۈرىكى «جۇغ» قىلماق (ئاۋاز ئىملىقى). بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا «جەمئىي» نى قوشۇپ ئىشلىتىپ بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارىنى ئىپادە قىلىدۇ. م:

*ساندۇقتىكى بۇغداينىڭ جۇغى جەمئىي، بەش - ئالتە تاغار كەلگىدەك.*

*ئۇنىڭ جۇغى كىچىك كۆرۈنگىنى بىلەن، غەيرىتى چوڭ.*

*بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جۇغ» قىلىپ كەتتى.*

**جـۇۋالـدۇرۇز:** بىگىز. مەخسۇس تاغار - قاپلارنى تىكىش، ياماش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئۈچىسىغا ئارتىدىغان مۆلە - ئۈچىلىقلىرىنىمۇ جـۇۋالـدۇرۇز بىلەن تىكىدۇ. م:

*«ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز».*

**جـۇۋا:** يىرىك ئاشلىق سودىسى قىلىنىدىغان مەخسۇس ئاشلىق بازىرى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن مۇنداق بازارلار تاقالغاچقا، «جۇۋا» سۆزى ئىستېمالدىن قالدى؛ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قىشلىق ئۇزۇن كىيىممۇ «جۇۋا» دېيىلىدۇ (بەزى رايونلاردا «جۇگا» دەيدۇ). م:

*بۈگۈن جۇۋىغا بۇغداي ئاز، قوناق جىق كىرىپتۇ. شۇڭا قوناقنىڭ ھەر چارەك باھا بېشىدا بىر نەچچە موچەن چۈشۈپ كەتتى.*

*«جـۇۋلىقنى ئۇرسا، جۇۋىسىزغا تو كېتىپتۇ.»*

**جۇمباق:** ئاياللارنى ماختاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە سۆز؛ يىغىلىپ - كاللەكلىشىپ قالغان ئادەملەرنىڭ توپى. م:

*ھەممىڭلار بىر يەرگە جۇمباقلىشىپ يىغىلىپ قاپسىلەر، نېمە بولدى؟*

*خەنجەر پىچاقنى،*
*ئاستىم يېنىمغا.*
*كۆزۈمنى قىستىم،*
*جۇمباق خېنىمغا.*
*جۇمباق خېنىمنىڭ،*
*ھالى بەك يوغان.*
*ھالى يوغاننى،*

*خۇدايىم ئۇرغان.*

**جـــۇگۇ:** «خۇش بولاي، سـىـزدىن خۇش بوپ كېتەي» مــەنىسىدىكى ئىلتىجا، يالۋۇ- رۇش سۆزى. ئۇ «جۇگۇ - جۇ- گۇ» ، «جۇگۇ بولاي» شەكلىدە كـېلىدۇ. بۇ سۆزنى قىلغاندا گالنى (بوغدىيەك تېرىسىنى) قول بىلەن سوزۇپ تۇرۇپ ئېيت- تىدۇ. م:

*جۇگۇ - جۇگۇ، مۇشۇ قېتىم*
*ھاجىتىمنى بىر راۋا قىلىڭا، كېيىن*
*ئىككىنچىلەپ تەگلىككە سالماي؟!*
*ئۇ «جۇگۇ - جۇگۇ» دەپ*
*گېلىنى سوزۇپ يالۋۇرمىغان بولسا،*
*ئـــۇنىڭ تەرىگە قارايدىغان يەردىن*
*يوقتى.*

**جۇگۇلىماق:** يالۋۇرماق، يېلىنىپ تۇرۇۋالماق. م:

*خېنىمنىڭ ئالدىغا باردىم،*
*جۇگۇلاپ ياش تۆكۈپ چەندان.*
*بىتىپ قويمايدۇ ھالىمغا،*
*تىلى شەربەت، لېۋى قەندان.*

**جـــۇۋپـــىزى:** شورۇك - شورۇك، ئېغىز غېرىچلاپلا تۇ- رىدىغان، بىر ئېغىز سۆزلەپ قويسا ئون ئېغىز جاۋاب ياندۇ- رىدىغان كىشى. م:

*جۇۋپىزلىق قىلىپ تولا ئېغى-*
*زىمنى غېرىچلىماي تۇرسىڭىزچۇ؟*
*ۋاي جـــۇۋپـــىزى، شورۇكلاپ*
*كەتكىنىڭنى قارا سېنىڭ؟*

**جۇدۇن:** بۇ ئەسلىي ھاۋا- نىڭ چاپقۇن ھالىتىنى كۆرسى- تىدىغان سۆز بولۇپ، مەجازىي مەنىدە: مىجەزى قوداڭ، ئاچ- چىقى يامان ئادەم، جېدەلخور، تولا قەغىشلىك قىلىدىغان كى- چىك بالا. م:

*ئاسمان تۇتۇلۇپ ياغدى،*
*ھېلى يامغۇر، ھېلى قار.*
*قاپاق ئېچىپ كۈلمەيدۇ،*
*قوداڭ مىجەز - جۇدۇن يار.*

**جۇنۇپ:** جىنسىي مۇنا- سىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنمىغان پاسىق كىشى. م:

*ئەتىگەندە بىرەر جۇنۇپ ئا-*
*دەمگە ئۇچراپ قالغان ئوخشايمىز.*
*شۇڭا كۈن بويى سودىمىز يۈرۈشمى-*
*دى...*

**جـــۆن:** ئـــارقـــا تـــەرەپ؛ سۆڭگىچىنى سۆرەپ ماڭىدىغان ئات - ئۇلاغقا قارىتىلغان. مە- جـازىـي مەنىدە: تولا ئىشلەپ ھېرىپ ھالىدىن كەتمەك، ماغ- ـــدۇرى كېتىپ ئۇستىخانلىرى ئاغرىپ كەتمەك. م:

*يـــۈكنى جىق ئارتىپ، جۆن*
*قىلىۋەتكەن ئېشەككەن بۇ.*
*ئـــەگـــەر ئىنامىڭدا بولمىساڭ،*

*جۇنەگنى ئاجرىتىۋېتمەن.*
*ئادەمنى تولا ئىشلىتىپ، جۇن قىلىۋېتەي دېدىگىز.*

**جۇمبۇر - جاۋەن:** هارۋا ئېتىنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، جۇمبۇر ئىچىگە يۇمشاق نەرسىلەر سېلىپ تىكىلىپ، ئاتنىڭ بوينىنى زىدە قىلماسلىق ئۈچۈن جاۋەننىڭ ئاستىغا قويىدۇ.

**جاۋەن:** ياغاچتا ياسىلىپ، زەنجىر ياكى باشقا مەزمۇت ئارغامچىلار بىلەن هارۋىنىڭ شوتىسىغا چېتىلىدۇ. م:
*پەيلى شاش ئات جۇمبۇر - جاۋەننى ئۈزۈپ، هارۋنى ئۆرۈپ قېچىپ كەتتى.*

**جىكەش (ئوقتاش):** ئۆسمۈر قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، ئۇنى بەزى جايلاردا «ئوقتاش»، «بەش تاش» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بىر توپ قىزلار دائىرە تۈزۈپ ئولتۇرۇپ، يۇمىلاق شېغىل تاشتىن ئالتىنى (بىرسى ئوق، قالغانلىرى قوشۇمچە، ئوقتاشنىڭ رەڭگى باشقا تاشلاردىن پەرقلىق) ئالىقىنىدىن سىيرىلدۇرۇپ چېچىپ، ئەپچىللىك بىلەن بىر - بىردىن تېرىۋېلىپ، ئوق تاشنى يۇقىرىغا ئېتىپ قولغا چۈشۈپ بولغىچە ئوينايدۇ. هەر بىر تاشنى تېرىۋالغاندا، شۇنىڭغا مۇناسىپ قوشاق ئېيتىدۇ.

**جام:** ياغاچتا ئويۇپ ياسالغان لېۋى نېپىز، كۆرمەك (چوڭقۇر) قاچا. ئۇنىڭدا تاماق يېيىشكە بولىدۇ. بۇرۇنقىلار شاراب قاچىسىنىمۇ «جام» دەپ ئاتاشقان. م:

*«جام مەي گەر بويلەدۇر،*
*ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر.*
*يۈز جاهان هەردەم نىسار،*
*ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان فىدا.» (ناۋائى)*

*ئاش ئىچمەيمەن چىنىدە،*
*جام ئاياقتا ئۇسۇپ بەر.*
*سۆيۈۋالاي لېۋىڭنى،*
*چۆمىلىگىدە توسۇپ بەر.*

**جىگگىلماچ:** چاچنىڭ چۇۋۇلۇپ قالايمىقان بولغان هالىتى، بۇدۇر هالەتتىكى چاچ؛ مەجازىي مەنىدە: چىدگىشلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئىش. م:
*چېچىگىزنى يۇل خەجلەپ بۇدىرە قىلدۇرۇش كەتمىگىدەك، توغما جىگگىلماچ چېچىگىز بار ئىكەن*

سىزنىڭ.

*نەدىكى جىڭگىلىماچ ئىشىنىڭ*
*ھەممىسى سىزگە بولىقىدىكەن.*

**جارتاق:** قوزا - ئوغلاق-لارنىڭ قالايمىقان سەكرەشكەن ھالىتى. مەجازىي مەنىدە: بالىلارنىڭ چوڭلار ئالدىدىن قېچىشى. م:

*بۇ بالىزە بىردەم ئارامخۇدا قىلمايدۇ كىشىنى، چاقىرىپ تۇرسام قۇلاق سالماي جارتاقلاپ كېتىپ قالدى.*

**جۇل:** كونىرىغان، يىرتىلىپ كاردىن چىققان، تىتما بولۇپ كەتكەن كىيىم-كېچەك، رەختتىن تەييارلانغان نەرسىلەر. كونا كىيىملىك ئادەمنى «جۇل ئادەم» دەيدۇ. م:

*ھېسابىدىراق باھا قويىمامسىز؟*
*جۇل ئىگىنىنى مۇنداق قىممەت باھادا ساتىمەن دېسىڭىز، كىم ئالىدۇ ئۇنى؟*

*جۇل ئادەمنى ھەرقانچە قىلغان بىلەن يۆگەپ بولغىلى بولمايدىكەن. ئۇچىسىنى يۆگىسە پۇتى، پۇتىنى يۆگىسە بېشى...*

**جۇلغۇماق:** قۇشلارنىڭ تۈك - پەر تاشلىشى. مەجازىي مەنىدە: كونا كىيىملەرنى تاشلاپ يېڭىدىن كىيىم كىيمەك. م:

*قۇش قاناتى جۇلغۇدى،*
*تۈكىنى تاشلاپ.*
*بىز ئوينايمىز قاراكۆز،*
*قاچاندىن باشلاپ؟*

**جەزخو:** جازانىخور، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قىمارخانىدا پۇل تارقىتىدىغان ئادەم. م:

*ئــۇ جەزگــە پۇل تارقىتىپ،*
*جەزخورلۇق بىلەن بېيىپ كەتتى.*
*«دوستــۇم مەمەت يا بويىغا چىقىپ ساپىمەن،*
*تۆت ئوشۇقنى دەتتىكام ئېتىپ ساپىمەن.*
*بىرسى چۆككى، ئۇچى ئالچۇ سەكرەپما چۇشتى،*
*جەزىخورغا ئۆتەكنى بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇم.»*

**جــيى:** تىلخەت، جاماـئــەت گــۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن توختام، ھازىر بۇ سۆز ئىستېمالدىن قالدى. م:

*— ئوبدان بىگىم، قولۇمنى زور بىلەن باستۇرۇپ، تىلىمدىن جىبى ئالسىلا لىلالىق بولارمۇ؟ ئۇنى ياراتقان ئىگەم راۋا كۆرەرمۇ؟*

**جۇغداي:** ســرغــىپ چۈشكەن سۇنىڭ توڭلاپ چوكا مۇز ھالىتىگە كېلىشى؛ بۇرۇ-

تىغا قىراۋ باغلاپ كەتكەن ھا-
لەتنىمۇ «جۇغداي باغلاپتۇ»
دەيدۇ.

جىگدە، ئۈجمە، ئۆرۈك
قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ قويۇق
(زىچ) بولۇپ يەرگە ئېگىلىپ
قالغان پۇتاقلىرىنىمۇ «جۇغ-
داي» دەيدۇ. م:

*بۈرۈتىڭىز جۇغداي باغلاپ
كېتىپتۇ. بەك توڭغان ئوخشىمام-
سىز؟*

*بالام جۇغداي بېمەك، زۇكام-
داپ قالىسىز ماقما!*

*ئۆرۈكتىن بىر جۇغداي ئۈز-
گەن ئىدىم، بىر بولۇق چىقتى.*

**جۇدا:** خوراپىي ئادەت بويى-
چە ئايەت ئوقۇپ «ئۆچ - ئام-
راق» قىلماق. مۇھەببەت، نى-
كاھ ئەركىنلىكى يوق زامانلاردا
كىشىلەر موللىغا پۇل خەج-
لەپ، كۆڭلى چۈشۈپ قالغان
ياكى ئۆچ بولۇپ قالغان ئادەم-
نىڭ قورچىقىنى (شەكلى -
ھەيكىلىنى) ياساپ، ئۇنىڭغا
ئايەت ئوقۇش ئۇسۇلى بىلەن
تەھدىت سېلىش ئارقىلىق مەق-
سىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بول-
غاندا، «جۇدا» قىلىش ئۇسۇ-
لىنى قوللىناتتى. جۇدا قىلىن-
غان ئادەم بارغانسېرى ئورۇقلاپ
گۆشلىرى سىزىپ كېسەل بى-
لەن ئۆلەرمىش. م:

*— بالىمىز كۈندىن -كۈنگە
سارغىيىپ سىزىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر
كىم جۇدا قىلغان ئوخشايدۇ دەپ
قالدىم. كامىل موللامدىن بىرنى تې-
پىپ، جۇدىنى ياندۇرساق بولاتتى...*

*قىلغان جۇداڭ ماڭمايدۇ،
بوينۇمدا تۇمار بولغاچ.
باشقىسىغا مەيلىم يوق،
ئۆز يارغا خۇمار بولغاچ.*

**جودا:** جېدەل - ماجىرا؛
نىزا - سوقۇش. چاتاقچى ئادەم-
نى «جوداكەش»، «جوداچى»
دەپ سۈپەتلەيدۇ. م:

*كۈندە قىلىسىز جودا،
بىزنى قورقىتىپ ئۇدا.
ئىسپات قىلغىلى بولماس،
كۆيگەننى قۇرۇق ھودا.*

**جوز:** سۈرۈپ ئۈۋۈلىنى-
دىغان تۈگۈنچەك دورا ئۆسۈم-
لۈكى. تەبىئىتى ئىسسىق،
سوغۇقنى ئېششىپ كەتكەنگە مەن-
پەئەت قىلىدۇ. م:

*جوز سۈرۈپ بېرەي يارىم،
كاتەك تېشىڭىز نەدە؟
يالغاننى تولا ئېيتماڭ،
ھەممىدىن ھالال، ۋەدە.*

**جوزان:** بىر خىل كې-
سەل. «ماخاۋ» دەپمۇ ئاتايدۇ.

بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بول-
غۇچىلارنىڭ بەدەن ئەزالىرى
چىرىپ تەدرىجىي ھالدا تۆكۈ-
لۈپ كېتىدۇ. داۋالاش تەرەققى-
ياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ-
گۈنكى كۈندە جوزان كېسىلىنى
داۋالىغىلى بولىدۇ. خوتەننىڭ
لوپ ناھىيىسى دول يېزىسىنىڭ
شەرقىي شىمال تەرىپىدە، ئاپ-
تونوم رايون بويىچە مۇشۇ خىل
كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى
يىغىپ داۋالايدىغان دوختۇرخانا
بار.

**جىيغۇ** (جىيغۇچ) :
دېھقانلار ئېتىزغا تاپ ئاچىدىغان
ئۇزۇن ساپلىق ئەگمە تىغى بار
ئەسۋاب. ئاختامىلىقتىن ئا-
رەك، تاپ ئېچىپ ئۇرۇق سې-
لىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**جاڭگال توخۇسى:** قىر-
غاۋۇل.

**جەگرەن:** جەرەن، ئاھۇ،
كېيىك . م:

*بىرنى بىرگە قاتۇرمىز،*
*چۆلدە جەگرەن ئاتۇرمىز.*
*قارا كۆزنىڭ دەردىنى،*
*قاچانغىچە تاتۇرمىز.*

**جاندار** (جاندارات) : ئۇش-
شاق جان ئىگىلىرى، كىيىم -
كېچەكتە پەيدا بولىدىغان سىر-
كە، پىت، بۈرگە قاتارلىقلاردىن
باشقا، ئورمانلىقلاردىمۇ بار بول-
غان ئۇششاق جانۋارلار. م:

*ئىچ كىيىمنى يەيەڭگۈشلە-*
*مىسەم بولماپتۇ، جاندارات بوپ قال-*
*غان ئوخشايدۇ، قىچىشتۇرۇپ ئارام*
*بەرمىدى.*

**جاۋا:** پالاس، گۈل - نە-
قىش چىقارماي توقۇلغان يۇڭ
ھەم بۆز گىلەم.

جاۋا — ئىپتىدائىي گىلەم
بولۇپ، يۇڭدا قول بىلەن تو-
قۇيدۇ. جاۋا تۈز يەرگە قېقىل-
غان قوزۇققا يۇڭ يىپلارنى تار-
تىپ، ئۇنىڭ ئارىلىقىدىن ئار-
قاق يىپ ئۆتكۈزۈپ چىڭداش
ئۇسۇلى بىلەن، تار ئەمما ئۇ-
زۇن قىلىپ توقۇپ پۈتكۈزگەن-
دىن كېيىن، بىر - بىرىگە چې-
تىپ تىكىپ بىر پۈتۈن جاۋا
ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنى
سۇكە، كارىۋات ياكى ئاق يەرگە
سېلىپ ئىشلەتسە، ئۇزاق يىل-
لارغىچە چىدايدۇ. يەرلىكلەر
ئۇنى «جاۋا گىلەم» دەپ ئا-
تاپ، باشقا گىلەمدىن پەرقلەن-
دۈرىدۇ. تاغلىقلارنىڭ پاچاقىقا
يۆگەيدىغان توقۇلمىسىنىمۇ
«جاۋا» دەيدۇ. م:

*جاۋا گىلەم سۇكىدە،*

*زىلچە گىلەم تۆپىدە.*
*كۆكۈل تاپساق تاپارمىز،*
*ئورنۇاتماڭ كۆكىدە.*

**جاراستان** (جەرستان) : ئادەم كۆپ يىغىلغان مەيدان، سورۇن، هازىر بولسا بىرەر ئۆيدىكى توي ياكى باشقا ئادەمگەرچىلىكلەرنى شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. م:

*ئۇ مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى راسا چىمداپ تۇرۇپ، «مەن سىزگە جاراستاندا پىچاق چىقارماڭ، دىمەممىدىم مۇشۇكۇم» دەپ تەنە قىلغان ئىكەن، مۇشۇك مىرقىراپتۇ.*

*يارىم مىنى پەندۇردى،*
*بىرىم يولدىن ياندۇردى.*
*جاراستانلىقى يوقكەن،*
*ئەل ئالدىدا چاندۇردى.*

**جانىپى** (جانىبى) : تۇپەيلى، سەۋەبكارلىقى. م:

بىر شائىرنىڭ غەزىلى مۇنداق يېزىلغان:

*جانىپىڭدىن كۇندە كۆزگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ غۇلى،*
*جانىپىڭدىن بولدۇم ئاخىر، ئاھ مۇھەببەتنىڭ قۇلى.*

**جاغال:** سېرىقتا مايىل رەڭ؛ يېرىمى پىشقان (پىشالماي خام قالغان) قوناق. مەجازى مەنىدە: ھەددىدىن زىيادە ئۇنلۇك، يېقىمسىز، ۋارقىراپ سۆزلىگۈچى؛ ئالىجوقا، بىلەرمەنلىككە ئامراق كىشى. م:

*بۇ يىل قوناقتا بالدۇر ئۇششۇك تېگىپ جاغال بوپ قالدى.*

*جاغال ئۆچكىدەك ۋارقىرىماي،*
*پەسراق گەپ قىلىڭا!*

*خېلى ئوڭلۇق چاغلىسام، جاغال بىيتىمكىنا بۇ!*

**جاغالۋاي:** قارچۇغا تىپىدىكى گۆشخور قۇش. ئۇ كىچىك چۈجىلەرنى، كەپتەرلەرنى ئوۋلاپ قاچىدۇ. جۇغى كىچىك، تۈكى بوز قارا كېلىدۇ. م:

*ئۇۋا سالپتۇ جاغالۋاي،*
*هويلىدىكى تېرەككە.*
*ئوت ياقتىڭىز تۆپىلەپ،*
*لاخشى بولغان يۈرەككە.*

**جوۋان:** ئەر، يىگىت. هازىر بۇ سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسى تەتۈر ئىشلىتىلىپ، توختالغان، ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئاياللارنى «جوۋان» دەيدىغان بولدى. م:

*شۇ قېتىمقى يىغىلىقتا نى - نى نەۋ جۇۋانلار جىنىدىن جۇدا بولۇپ، كۆزى ئوچۇق ئالەمدىن كەتكەندى.*

*ئاشنا تۇتساڭ جۇۋان تۇت،*
*بىلمىگەننى بىلدۈرەر.*
*ئۇۋاق ئۈزۈمدە سوقماق ئېتىپ،*
*«ئالسلا غوجام» دەپ بېدۈرەر.*

*بايتال ئېتى جەدىكەن،*
*قۇيرۇقلىرى يەردىكەن.*
*قىز باللىغا ئەر چىقمىسا،*
*جۇۋانلىغا نەدىكەن؟*

# چ

**چىيمان:** دۆڭدە ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ غازىڭىدىن ھاسىل بولغان ئوغۇت، يۇلغۇن تۈۋىگە يىغىلىپ قالغان چىرىندى، دېھقانلار چىيمان بىلەن يەر ئوغۇتلايدۇ، كۆزگە توپىلايدۇ.

**چاغلىق:** تايىنلىق، چەكلىك. م:
*بۇغداي باغلىغان باغلىق،*
*رەڭدە بويىغان ياغلىق.*
*مەن كۆيسەم تازا كۆيدۈم،*
*سىنىڭ كۆيگەنلىرىڭ چاغلىق.*

**چەتىنىش** (چەتنىمەك): كۆز تەگمەك. م:
*بۇ خىنىم ئازراق چەتنىپتۇ،*
*تۇمار ئېسىپ قويايلى.*

**چۆمەش:** (كېرىيە شېۋىسى، ئادەتتە «يۆمە» مۇ دېيىلىدۇ) يىپ بىلەن يۆگەش ياكى قامالاپ چىگىش.

**چۆچەك:** كوزىنىڭ كىچىك شەكىلدە ياسالغىنى، ئادەتتە پىيالىغا تەڭ كېلىدۇ.

**چاكەش:** چاھ — لەخمە قازغۇچى. خوتەندە «چاكەش» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مەھەللە بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەھەللىگە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرىكى چاغلاردا لەشكىرىي قىسىمدا مەخسۇس يەر ئاستىدىن لەخمە قازىدىغان تەشمە تەشكۈچىلەر ئىكەن.

**چۇشمە تام:** ھەر تەرەپ، ھەممە يەر. م:
*چۇشمى تامدا لاغايلاپ يۈرمەك.*

**چاچ:** گۆشنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان پاتاڭ، ئاق، سېرىق رەڭلىك سىڭىر. «چاچنى يې-

ــسە، چېچى ئۇزۇن بولىدۇ»
دەيدىغان گەپ بار.

**چەچ** (چاچ): كۆك
رەڭلىك بىر خىل ئەتىۋار تاش،
ئاياللار بارمىقىغا سالىدىغان ئۈ-
زۈككە كۆز ياسايدۇ.

**چوق قىلماق:** بىراۋنىڭ
ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ھە-
مىشە چوققىسىدىن باسماق،
روھىي جەھەتتىن ئەزمەك، ئۇ-
نىمۇ، بۇنىمۇ بولمايدىغانغا چى-
قىرىپ تەمتىرەتمەك. م:
*ناھايىتى گىجىك ئادەمكەن
بۇ، بېشىمدا قاراپ تۇرۇۋېلىپ چوق
قىلىۋەتتى.*

**چىك ـ چىك:** ئۆچكىنىڭ
چاقىرىلىشى.

**چۇھـ:** ئات ـ كالىنى
ھەيدەش.

**چۇك:** باللار ئوينايدى-
غان «گاگاچۇك» ئويۇنى. ئۇچ
غېرىچ كېلىدىغان ياغاچ كالتەك
(گاگا ياكى گاڭگا) ۋە بىر غې-
رىچ ئۇزۇنلۇقتىكى كېسەك يا-
غاچ — «چۇك» تىن تەشكىل
تاپقان. گاگا بىلەن چۇكنى ئۇ-
رىدۇ. چۇك يېتىپ بارغان ئا-
رىلىقنى قەدەملەپ ھېسابلايدۇ.
كىم يىراققا ئۇرغان بولسا شۇ
ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

**چۇشۇك:** ئاياللارنىڭ
ئاي-كۈنى توشماي تۇرۇپ،
قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن
بالا.

**چۇك:** تونۇرغا يېقىش
جەريانىدا ساقىپ كەتكەن، پۇ-
چۇلغان نان.

**چىلىش:** قىڭغىر، ئەگ-
رى، قېيىپ كەتكەن ياغاچ ما-
تېرىيالى. ياغاچچىلىق، بىنا-
كارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز.
م:
*«يىستىنگ ماڭسام يىلىش،
ئاستا ماڭسام چىلىش».*

**چىپىغ:** قوناق، كېۋەز،
كۆكتات مايسىلىرىنىڭ تۈۋىنى
چاناپ يۇمشىتىش. م:
*چىپىغ ئېتىش، چىپىغ مەز-
گىلى.*

**چىتە** (چىدە): بۇرۇنقى
ۋاقىتتا مەھبۇسنىڭ پۇتىغا سې-
لىپ قويۇلغان چېتىغ-ئىشكال.

**چۇچۇلا:** چالا كۆيگەن
ئوتۇن. م:
*يارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
بولدى باغرىم چۇچۇلا.
بىزمۇ ئادەم بالىسى،
دەردكە بوشراق يۇچۇلا.*

**چۇرۇك:** ئاسان سۇنىدى-
غان، كوس ـ كوس ئاجرايدى-

غان (يېقىملىق تەلەپپۇز) چۇ-
رۇك ياغاچ، چۇرۇك قوغۇن،
دېگەندەك. م:
*بـۇ قىزنىڭ گەپ - سۆزى
شۇنداقمۇ چۇرۇك ھەم ئوماقلىغ
ئىكەن.*

**چاچراتقۇ:** يۈز - كۆزنگە
چىقىدىغان بىر خىل تارقاق سۇ-
لۇق يارا؛ كومىلەك قىلىنغان
خېمىرنى قىزىتىلغان ياغقا تاش-
لاپ قازاننى دۈملەپ قويۇپ پە-
شۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەك-
لىك. چاچراتقۇ قازان ئىچىدە
«پاڭ - پۇڭ» ئاۋاز چىقىرىپ
چاچـرايـدۇ. بـۇنداق ئادەتنى
«چاچـراتقۇ سېلىش» دەيدۇ.
بـەزى جـايـلاردا قـىسماقنىمۇ
«چاچراتقۇ» دەيدۇ.

**چۇلاڭ:** سېغىز لايدا يا-
سـىـلىپ ئىچىگە سۇ قۇيۇپ،
پـۇۋلـەپ چالىدىغان بىر خىل
ئېپتىدائىي چالغۇ. ئۇنى پۇۋ-
لىسە قۇشنەك چۇرۇقلىغان ئا-
ۋاز چىقىرىدۇ.

**چوم:** تۆگىنىڭ ئۇستىگە
توقۇلىدىغان توقۇم.

**چـۇشەگ:** مالنىڭ ئايىد-
غىنى قۇرۇتۇش ئۇچۇن ئېغىلغا
تاشلىنىدىغان كېرەكسىز ئوت -
چۆپ، توپا؛ ئوتلاقتا قويۇپ بې-
رىلگەن ئات - ئۇلاغلارنىڭ يە-
راقتا كەتمەسلىكى ئۇچۇن، پۇ-
تىنى چېتىپ قويۇشىنىمۇ «چۇ-
شەگ» دەيدۇ.

**چـــالاش:** بەدەنگە ئوزۇق
يېتىشمەسلىك، ياغسىراش سە-
ۋەبـــىدىن ماغدۇرسىزلىنىش.
تېرىگە، بەدەننىڭ تۆش قىسمى-
غا داغ پەيدا بولۇش بىلەن ئالا-
مەتلىنىدىغان كېسەل. تۆشتى-
كى ۋە قول دۈمبىسىدىكى تېرە
ئوتتا كۆيۈپ چالىشىپ كەتكەند-
دەك كۆرۈنىدۇ. م:
*«ئادەمنىڭ ئەسكىسى سالاش،
كېسەلنىڭ يامنى چالاش».*

**چـاغـلاش:** بىرەر ئىشنى
پايدا - زىيان تەرىپىدىن سېلىش-
تۇرماق، دەڭسىمەك، مۆلچەر
قىلماق، قىياس قىلماق. م:
*«ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ
ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ئۇچ
كۇن يېتىپتىمەن».*

بـــىرەر نـەرسىنىڭ ئاز -
كۆپلىكى ۋە باشقا جەھەتتىكى
مىقدارىنى بىر قۇر قاراپ، با-
ھالاشنى كۆرسىتىدۇ.

**چـاپــقۇ:** گـۆش، پىياز
تـوغراشقا، چاناشقا باب، ئۇچ
تـەرىپى كېسىك، تىغى ئېغىر
بىر خىل قىڭراق. بەزى جايلاردا

بۇ ئەسۋابنى «جادۇ» دەيدۇ.
**چاپىي:** ئەتراپىدا شادىسى يوق ئاددىي كارىۋات.
**چاپان - چارا:** لاقا - لۇقا، تۇگۇنچەكلەنگەن كىيىم - كېچەك. م:
*ئۇ چاپان - چارىسنى يۇدۇپ كېتىپ قالدى.*
**چاپۇتلىماق:** پۇتلاپ يەقىتماق، دۇم يىقىتماق.
**چاتاق:** دەرەخنىڭ ئاچىماق شېخى، يولنىڭ ئىككى تەرەپكە ئايرىلغان جايى، خوتەن ناھىيىسىدە «چاتاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار.
**چاتماق:** دەل - دەرەخنىڭ چاتىقىنى (هارام شاخلىرىنى) كەسمەك. كېسىپ ئېلىۋەتمەك، چاتاق، ئەتمەك.
**چاتراق** (چات): ئىككى پۇتنىڭ ئارىسى، ئىككى پاچاق ئارىسىدىكى بوشلۇق. «چاتايلاق» (چات - ئارىلىق) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
**چاتاغ:** دەل - دەرەخنىڭ هارام شېخى، چاتىۋېتىشكە تېگىشلىك نوتىسى.
**چاچۇق** (چاكو): يۈزىدە چېچەك ئىزلىرى بار ئادەم، چېچەك ئىزناسى بار يۈز، چوقۇر.
**چاچاق** (چايچاق): كىدچىك ئاياق (چوڭ ئاياقتىن ئاش بۆلۈپ ئىچىشكە، بالىلارغا تاماق ئۇسۇپ بېرىشكە ئەپلىك).
**چاچاپ:** تاختاي تەگلىك ئارىسىدىن بوشلۇق قالدۇرۇپ، شادا ياغاچ ئورنىتىپ، تۆت تۇتقۇچ چىقىرىپ ياسىلىدۇ. تۇتقۇچلىرى زەمبىلگە، پاچاقلىرى كارىۋاتقا ئوخشايدۇ. ئۈستىگە نەرسە - كېرەك قويۇپ قويۇلىدۇ. جەسەتنىمۇ چاچاپ ئۈستىگە قويۇپ يۇيىدۇ.
**چاقوڭدا قويماق:** ئوڭدىسىغا يىقىتماق، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋېتىش، روھىي جەھەتتىن تۇگەشتۈرۈش، ئالداپ زىيانغا ئۇچرىتىشنى «ئوڭدا قويماق»، «چاقوڭدا قويماق» دەپ ئىپادىلەيدۇ.
**چاۋاش** (چالۋاش): چېچىغا ئاق ئارىلىغان، چېچىنىڭ يېرىمىغا ئاق چۈشكەن ئادەم.
**چوقا:** قاتتىق سېغىز توپا، بۇ خىل چوقا بىلەن تۆمۈرچىلەر ئوچاق ياسايدۇ.
**چوقلاق:** ئېگىز دۆڭ،

ئەڭ ئۈستى، دەرەخنىڭ ئۇ-
چى، چوققا، كۆز يەتكۈدەك
ئاسمان ... «چوقىنەك» دەپمۇ
تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. م:
*ئاسماننىڭ چوقىلىقىدا كۆرۈن-*
*مەك، دەرەخنىڭ چوققىسىغا چىق-*
*ماق.*

**چىگىت چاقماق:** ئىشەن-
چىلىك ئىشتىن چىققان چاتاق،
ئازراق يارامسىز تەرىپى بار
ئىش-ھۈنەر. م:
*— ئابدۇرەشىتنىڭ ئىشلىرى*
*قانداق بولدى؟*
*— ئازراق چىگىت چاقىدىغان*
*ئىشلىرى بارىكەن، تۈرغاچ تۇردى.*

**چۆپگەز:** تامچى، سۇۋاق-
چىنىڭ گەز ياغىچى، ئۇنىڭ بى-
لەن تام خىشلىرىنىڭ تۈزلىكى-
نى، سۇۋاقنىڭ تەكشىلىكىنى
تەكشۈرىدۇ. ناۋا-شاۋكىلارنى
سۇۋىغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**چوقات:** دەرەخ غولىدىن
كېسىۋېتىلگەن شاخ-پۇتاقلار-
نىڭ ئىزىدىن چىقىپ تۇرغان
«كۆز». «چوقاتماق» مۇ دې-
يىلىدۇ. م:
*چوقاتقا دەسسەپ چىقماق،*
*چوقاتماق يېرتىۋەتمەك.*

**چوقال:** تونۇردىكى كۆ-
يۈپ بولغان ئوتنى چۇخچىلاش،
يىغىش، تۈزەشتۈرۈشكە مەخ-
سۇس ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ
دەستىلىك تۆمۈر سايمان.
قىشنىڭ كۈنى ئۆستەڭلەردىكى
مۇزنى چوقىلايدىغان مەخسۇس
سايمانىنىمۇ «چوقال» دەيدۇ.
ئۇنىڭ تۆمۈر بېشى ئۈچ تىغلىق
بولۇپ، ئىككى ياقىسىدىكى
قارماق، ئوتتۇرىدىكىسى نەيزە
شەكلىدە بولىدۇ. ھارۋا شوتى-
سىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى
ياقتىن كۆتۈرۈلۈپ قايچىلى-
شىپ كېسىشكەن ياغاچىنىمۇ
«چوقال» دەيدۇ.

**چوتا:** قىمار سورۇنلىرىدا
ئۇتتۇرالغۇچىلار باشقىلارغا ئاي-
رىپ بېرىدىغان پۇل. قىمارۋاز-
لارغا ئۆي - سورۇن ھازىرلاپ
بېرىش ھېسابىغا ئۇتتۇرالغان-
لاردىن ھەق يىغىدىغان كىشىنى
«چوتاچى» دەيدۇ.

**چوپسا:** خارەتنىڭ ياغاچ
جاھازلارنى ئېكەكلەپ سىلىق-
لاشقا ئىشلىتىدىغان سايمىنى.

**چوراك:** چىۋىق بىلەن
توقۇلغان، ئېگىز ھەم يوغان
قورساقلىق سېۋەت، ئادەتتە
«چوراك سېۋەت» دېيىلىدۇ.
ئۇنىڭدا ئاش - ئوزۇق، پاختا،
قۇرۇق مېۋە - چېۋە قاتارلىقلار

ساقلىنىدۇ.
**چورۇق:** ئاياغ كىيىمنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ شىرە چو-رۇق، كالتە ساخ، ئۇزۇن ساخ ... دېگەن خىللىرى بار. شىرە چورۇق — تاغلىقلارنىڭ قوي، ئۆچكە، كېيىك تېرىلى-رىدىن تىكىپ كىيىدىغان ئىپ-تىدائىي ئاياغ كىيىمى. ئۇ پە-قەت تاپاننىلا يۆگەپ تۇرىدۇ، تۆت تەرىپىدىن زەي ياكى شوينا بىلەن تارتىپ باغلاپ (بوغۇچ-لاپ) قويىدۇ. كالتە ساخنىڭ سېخى (قونچى) ئوشۇقنى ياپ-قىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، چەمى (تاپانلىقى) كالا تېرىسى-دىن، باشلىقى، سېخى ئەيلەن-گەن قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئۇزۇن ساخ بولسا ئۆتۈككە ئوخشاپراق كېتىدۇ.
م:
*«كۆرگەن كۇنۇڭنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما».*
**چونتەكچى:** يانچۇقچى، يانچۇق ئوغرىسى.
**چونتەك:** يانچۇق. كۆچ-مە مەنىدە: ئالدام خالتا. م:
*هوشيار بولۇڭ، ئۇنىڭ چۆن-تىكىگە چۈشۈپ قالماڭ!*
**چۇپۇل قويماق:** تالان - تاراج قىلماق، نەرسە - كېرەك-لىرىنى بۇلاپ كەتمەك، يەپ - ئىچىپ تۈگەتمەك. م:
*بىچارىنىڭ ئۆيىگە بىر توپ ئادەم بېسىپ كىرىپ، ھەممە نېمى-سىگە چۇپۇل قويغاندى ئاز دەپ، بىر هازا ئورۇۋېتو.*
**چۇمۇراش:** مىلەش، تو-گۇرۇش، پاتۇرۇش، چۆكۈ-رۇش. بۇ سۇ، چاي ياكى قې-تىقتا ئوخشاش نەرسىلەرگە نان-نى تەگكۇزۇپ يۇمشىتىپ يې-يىشنى كۆرسىتىدۇ. پۇت - قول ۋە نەرسىلەرنى سۇغا پاتۇ-رۇشنىمۇ «سۇغا چۇمۇراش» دەيدۇ. م:
*ياغلىقنى سۇغا چۇمۇراپ، هۆل قىلدىم.*
**چۇققۇ** (چۇقۇ): چوڭقۇر، تېرەن، ئوي. ئورنى چۇققۇ كولىماق. يەر تۈزۈلۈشى ئې-گىز-پەس جاينى «ئويداڭ-چۇ-قۇ» دەيدۇ. خوتەن شەھىرىنىڭ يەر ئورنى پەس بولغان چوڭ سودا بازىرى «چۇققۇ بازار» دەپ ئاتالغان.
**چۇلۇق تاۋۇز:** بەك پە-شىپ ياكى ئۇزۇن ساقلانغان-لىقتىن ئىچى سۇيۇپ (چۇلۇق-لاپ) قالغان تاۋۇز، قىش كو-

نى بەزى كېسەللەرگە شىپا بو-
لىدۇ.

**چۈۋۈق** (چۈۋۈلۈق):
چۈۋۈلغان، رېتى بۇزۇلغان،
پاخپاق، گادىرماچ، چۈۋۈپ -
قۇراشتۇرۇلمىغان. م:
*چۈۋۈلۈق سېۋەت، چۈۋۈق بېپ.*

**چۈلۈك:** ئۆي (ئۆكۈز)
كۆندۈرگەندە، بۇرنىغا ئۆتكۈزۈ-
لىدىغان ھالقا شەكىللىك ياغاچ.

**چۈكە:** تۆگمەننىڭ ئېھ-
تىياجىدىن ئارتۇق سۈيىنى ئاق-
قۇزۇۋېتىدىغان يان ئېرىقى؛
تەڭشەك، ئېچىغ؛ «چۈشۈرگە»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېرىيىدە
«چۈگە، چۈگ» دەيدۇ. قازانغا
قوناق ئۇنى چالىدىغان چالغۇ
(ئۇچى ئاچا ياغاچ) نىمۇ «چۈ-
كە» دەيدۇ. چۈكە بىلەن قازان-
دىكى ئۇماچنى قوچۇشنى «چۈ-
كىدەش» دەيدۇ.

**چۈگۈمەچ:** ئىنچىكە،
ئۇششاق شاخ. م:
*ئۇ شۇنداق بىر بالىنى ئۇچرى-
تىپتۇ — ئۆزى تەمەچتەك، پۇتى
چۈگۈمەچتەك ...*

**چۆچكىن:** شاش، ئەقلى
يېتىلمىگەن ئۆسمۈر بالا.

**چۈلغاش:** جۇغلاش، يى-
غىش، جەملەش، بىرجايغا دۆ-
ۋىلەش.

**چىم - چىم ئوينىماق:**
«چىم - چىم ئويناش» بىر
خىل بالىلار ئويۇنى، كۆپىنچە
قىزلار ئوينايدۇ.
بىر بالا يەنە بىرىنىڭ قو-
لىنىڭ دۈمبىسىنى «چىم -
چىم ... چىم» دېگەچ يەڭگىل-
يەڭگىل چىمدايدۇ ۋە ئۇشتۇم-
تۇت «گالا - گالا - گالا ...»
دەپ ۋارقىراپ چاققان كەلگىنى
يەنە بىرىنىڭ گېلىنى قىچىقلاي-
دۇ.

**چىيماق:** چېلىشقاندا پۇ-
تى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پۇتى-
نى ئالماپ (چىرماپ) تۇرۇش-
نى «چىيماق سېلىش» دەيدۇ.
چىيماق سېلىشنى شەكىلگە قا-
راپ: «ئىچ چىيماق»، «تاش
چىيماق»، «يان چىيماق» دەي-
دۇ.
كۆچمە مەنىدە: قۇسۇر-
چى، بىرەر ئىشتىن باھانە ئىز-
دەپ باشقىلارغا كاشىلا سالغۇ-
چىنى «چىيماقچى» دەيدۇ.

**چىۋىغ:** كۆڭلەكنىڭ
يەڭ - پەشلىرىنى زىننەتلەش
ئۈچۈن كۆپتۈرمە قىلىپ بوك-
كەن سىزىقچە، مېھمانغا ئىش-
لىتىدىغان كۆرپىنىڭ ئەتراپىغا

قۇندۇرۇلغان مېغىزلىق — زىغزىغ.

**چىلگە:** قوغۇننىڭ بىر خىلى، ئۇ باشقا قوغۇنلاردىن بۇرۇن پىشىدۇ. شەكلى يۇمىلاق، كىچىك بولىدۇ. «چىلگە قوناق»، «چىلگە شال» ... قاتارلىقلارمۇ بالدۇر پىشىدۇ. دانىسى يۇمىلاقراق، ئۇششاق بولىدۇ.

ساقال - بۇرۇتلىرىنى كالتە ئالدۇرۇپ، بەدىنىگە چىپ كەلتۈرۈپ، چاققانغىنا كىيىنىپ يۈرىدىغان يىگىتلەرنىمۇ «چىلگە نوچام» دەپ ھەزىل قىلىدۇ. م:

*ۋاي چىلگە نوچىلىرىم، سوغاقتا، پوخاقتا ئاۋۇي يوق، قىلىنراق كىيىنىۋېلىڭلار.*

**چىگ - چىگ:** ئۆچكىنىڭ ئوغلىقىنى چاقىرىش ئىملىقى.

ئۆچكىنى ھەيدەش، كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن «چەگ، چەگە!» دېيىلىدۇ.

**چىگە:** جاڭگالدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، باشقا رايونلاردا «پاخما» دەيدۇ. ئۇنىڭ قوۋزىقىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئارغامچا تار- لىغىلى، توقۇمىچىلىق خام ئەشياسى قىلغىلى بولىدۇ. چىگىدە ئېتىلگەن ئارغامچا ۋە شوينىلارنىمۇ «چىگە» دەيدۇ.

**چىم بولماق:** بەلنىڭ قايرىلىپ كېتىشىنى «بېلىم چىم بولۇپ كەتتى» دەيدۇ. پاشا - چىۋىن چاققان چاغدىكى سېزىمنى «چىم» قىلىپ چاقتى دەيدۇ. ئايرىم ئەزالاردىكى بىر خىل سانجىپ ئاغرىيدىغان قىسقا، ئۆتكۈنچى ئاغرىقنى «چىممىدە قىلدى»، «چىم قىلىپ ئاغرىدى» دەيدۇ.

**چىم - چىم قىلماق:** چىملىدىماق، كۆز قاماشقانلىقتىن چىمىلداتماق، يۇمچۇقلىماق. م:

*ئالىيىشىل چىراغلار كۆزلىرىمنى چىم - چىم قىلىۋەتتى.*

**چىرتىڭ:** مىجەزى چۇس، چىپچىلغاق، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان كىشى. كېرىيەدە «چىتتىن» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. م:

چىرتىڭ ئادەم، چىرتىڭلىق قىلماق.

**چىت:** چىتەن، شاخ-شۇمبا بىلەن هويلا - ئارام، باغ ئەتراپىغا ياسالغان ئىهاتە تو-

ساق. گۈللۈك پاختا رەختلەر-نىمۇ «چىت» دەيدۇ. م:
*«تولا ئەرگە تەگكەننىڭ ياقىسى چىت، تولا خوتۇن ئالغاننىڭ ياقىسى يىت».*

**چىتلىماق:** چىت باغلىماق، چىتەن قىلماق، شاخ - شۇمبا بىلەن توسماق. م:
*قوغۇنلۇقنىڭ يول تەرىپىنى جىگدە شېخىدا چىتلاپ قويدۇم.*

**چىگىدەك:** مال يېغىنى قازاندا ئېرىتكەندىن كېيىن، ئېرىمەي قالغان قالدۇق — قېتىمشا.

**چىلامچى:** جارچى، كو-چىلاردا «ئەيىۋھانناس» قىچ-قىرغۇچى، بۇرۇن كىشىلەر ئات-ئۇلىغى ۋە بالىسى يوقىلىپ كەتسە، چىلامچى ئارقىلىق كوچا-رەستىلەردە چىللى-تاتتى.

**چىچماق** (ۋولگار سۆز) : ئارقا تەرەت قىلماق، پوق ئەتمەك. ئارقا تەرىتى «پوق» دەپ ئاتىلىدىغان ئادەم ۋە هايۋانلارغا قارىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. «تۈر-كىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆز «سىچماق» دەپ ئېلىنغان. م:
*بالا چىچىپ قويدى، ئىت چىچتى، توخۇ چىچتى*

*قورقۇپ كېتىش ياكى جىسمانىي جازاغا بولالماي ئىرا-دىسىدىن يېنىش — ئىشنى بۇ-زۇپ قويۇش «ئىشتانغا چىچ-ماق» ، «ئىشتانغا چىقىرىۋەت-مەك» دەپ مەجازىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.*
*باللار ئارىسىدا سۆزىدىن، پۇتۇشكەن ئىشتىن يېنىۋېلىش-نى «چىچماق» ، «چىچىۋال-ماق» دەيدۇ.*

**چىمپۇتمەك:** قاتتىق ئە-شەنمەك، قايىل بولماق. م:
*بۇ پاكىتلىرىڭىزغا چىمپۇتتۇم.*

**چىن پىششىغ:** راست، چىن، پىشقان، هەقىقىي، راستى بىلەن. م:
*چىن پىششىغ گەپ، چىن پىششىغ شۇنداق*

**چىلپاق:** پارچە قىلىن-غان، چېپىن قىلىنغان، يې-رىمدالغان، بىر پۇتۇنلۇكى بۇ-زۇلغان. هەجىمى كەمتۈك. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆز «چالپاق» دەپ ئېلىنغان. م:
*چىلپاق رەخت، چىلپاق قىلىن-غان ئوما.*

**چىمچۇق:** چىدىماس، بىچىقىم، زىيادە پىششىق ئا-

دەملىرىنى كەمسىندۇرىدىغان سۆز.

**چىكارىگەر:** مۇناسىۋەتسىز، بىتەرەپ، ئالاقىسى يوق. م:

*مەن سىز بىلەن چىكارىگەر، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە ئۆزىڭىز بىلىپ قىلىۋېرىڭ!*

**چىڭگىز:** پىخسىق، ئالغۇ-بەرگۈسى قاتتىق ئادەم. م:

*خوجايىن تولىمۇ چىڭگىز، سىزگە نەپ بەرمەيدۇ.*

**چىپ:** لىق، تولۇق، ئارتۇق - كېمى يوق. بەزىدە «چىپچاڭ»، «چىمپۇچىپ» بولۇپ كېلىدۇ. م:

*چىمپۇچىپ بىر كەمچە باغ. بۇ ئاياغ پۈتۈمغا چىپچاڭ كەلدى.*

**چىپىلجۇق:** بىر خىل روھىي كېسەل ۋە شۇ خىل كېسەلنىڭ سەۋەبچىسى دەپ قارىلىدىغان ئامىل. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمنى «چىپىلجۇق چاپلىشىپتۇ» دەيدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى بىنورمال بولۇپ، مىسكىن، مەجنۇندەك بولۇپ قالىدۇ.

**چىپىلغاق:** ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا قول تىقىدىغان، كۆرگەنلا ئىشقا ئارىلىشىدىغان ئادەم. باشقىلار قىلىۋاتقان ئىشلارغا چىپىلىدىغان كىشى.

**چىپىن:** پۈتۈن نەرسىنىڭ بىر تەرىپىنى پارچىلاش. م:

*داستىخاندىكى مەزەنى چىپىن قىلماڭلار باللىرىم، بۇگۈن ئۆيگە ئۇياتلىق مېھمان كېلىدۇ.*

*شاپتۇلنى ئالسىڭىز سىۋەتنى بىلەن ئېلىڭ، چىپىن قىلمايمەن!*

**چىپىندا:** خارەت (ياغاچچى) كەكە ۋە چوت بىلەن چىپىپ، يونۇپ چىقىرىۋەتكەن تارشا. م:

*ياغاچچى بەك چىپىندا قىلىۋەتمەي ئىشلىتەيلا!*

**چىلەك:** كرېست شەكلىلىك ئىز-نىشانە؛ تاغلىقلارنىڭ يۈك يىپ تارلايدىغان (ئىشىدىغان) «+» شەكىللىك سايمىنى. مەلۇم مەقسەتلەر بىلەن قوغۇن-تاۋۇزلارغا، دەرەخ-ياغاچلارغا چىلەك سىلىپ، بەلگە قىلىپ قويىدىغان ئىشلار بولىدۇ.

**چىغرىق:** يەرلىك ئۇسۇلدا پاختا چىقىرىدىغان (چىگىت ئايرىيدىغان) ئاددىي ئۇسكۈنە،

قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئىشلى-
تىلىدۇ. ھازىرقى زامانىۋى
چىغىرىقلارمۇ ئاشۇ ئاددىي چىغ-
رىقنى ئەندىزە قىلىپ ياسال-
غان.

**چىپاچى:** ئالا-بۇلىماچ،
ئىرماش-چىرماش بوياپ، سى-
زىپ بېزەپ قىلىنغان نەر-
سە. م:
*قەغەزنىڭ يۈزىنى بوياپ چىپا-
چى قىلىۋېتىپتۇ، ھېچ ئوقۇغىلى ۋە
پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.*

**چىينىمەك:** تەخلىمەك،
ئۇزاتماق، سۇنماق، قارىغا ئال-
ماق. قولنى چىينىمەك (كۆر-
سەتكۈچ بارماقنى ئۇزىتىپ
كۆرسەتمەك)؛ مۇشت چىينى-
مەك (ئۇرماقچى بولۇپ مۇش-
تىنى چىقارماق)؛ نان چىينى-
مەك (نان سۇنماق)؛ مىلتىق
چىينىمەك (بىراۋنى نىشان قى-
لىپ مىلتىقنى تەخلىمەك، ئې-
تىش ئۈچۈن قارىغا ئالماق).
م:
*«چىينىگەن يامانمۇ، سالغانمۇ؟»*

**چىغىناق:** قۇلاققا سالى-
دىغان زىرىنىڭ بىر خىلى. ئال-
تۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلى-
دۇ. ئۇنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ
تۇرىدىغان زەنجىرلىرى بولىدۇ.

**چىچاق:** باش كىيىمى.
كىگىز ئۇستىدىن رەختتە قاپ-
لاپ، سىيرىپ تىكىدۇ. باشنى
ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن
ساقلاش رولى بار. تەكلىماكان
قۇملۇقىغا يېقىن ئولتۇراقلاش-
قان كىشىلەر ۋە تاغ ئاھالىلىرى
ھېلىھەم چىچاق كىيىشنى دا-
ۋاملاشتۇرماقتا.

**چەپچەك:** چۆگۈننىڭ
يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق
تەگلىكى، پۇت ئورنىدا چۆگۈن-
نى پۇختا ئورناشتۇرۇپ تۇرۇش
رولىنى ئۆتەيدۇ. م:
*«چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىك-
نى ئال، خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىك-
نى».*

**چەن:** قىياس، مۆلچەر،
بەلگە. بىرەر نەرسىنىڭ ئاز-
كۆپلۈكى ۋە باشقا جەھەتتىكى
مىقدارىنى بىر قۇر قاراپ چى-
قىپ ئايرىشنى «كۆز چەندە ئاي-
رىش» دەيدۇ. بىرەر نەرسىگە
بىرەر نىشان - بەلگە قىلىپ قو-
يۇشنى «چەن سېلىپ قويۇش»
دەيدۇ. ۋەكىللىك سالاھىيىتى-
نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەيدىسى-
گە تاقىۋالىدىغان پەتتە (بەلگە)
نىمۇ «چەن» دەيدۇ.

**چەنلىمەك:** قارىغا ئال-

ماق، نىشانلىماق. م:

*بـۇ بىر پاي ئوقنى ئوبدان چەنلەپ ئات!*

**چەندەك:** بىرەر نەرسىنى تەڭ بۆلەكلەرگە ئايرىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئۆلچەملىك گەز. ئۇنىڭغا قىناق (بەلگە) سىلىنغان بولىدۇ.

**چەلكەش:** نۆۋەت، ئىل- گىرى - كېيىن، ئالدى - ئار- قىسى، نۆۋەت ئورنى ۋە تەرتى- پىنى يەڭگۈشلەش، ئالماشتۇ- رۇش. م:

*ئۆتكەن قېتىم سىزنىڭ بىر- گىزنى بالدۇر سوغاردۇق، ئەمدى باشقىلارنىڭ بېرىدىن باشلايمىز. چەلكەش قىلمىساق خەقنىڭ پىكرى چىقىدۇ.*

*ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە گەپ قىلىدىغان، گېپى چەلكەش ئا- دەمكەن بۇ!*

**چەمەك:** تۇرگىسىنى ئى- لىپ قويىدىغانغا ئىشلىتىدىغان ئاچا. بەزى جايلاردا «چۆمەك» ياكى «چۈگىمەك» دەپ تەلەپ- پۇز قىلىدۇ. قول-پۇتنىڭ چى- مچىلىقىنىمۇ «چەمەك قول»، «چەمەك پۇت»، «قولۇمنىڭ چەمىكى» ... دەيدۇ.

**چەللە:** ئاپتاپتىن، قار - يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئالدىغا ياسىلىدىغان سايىلىق، لاپاس. قوغۇنلۇق ۋە باشقا زىرائەتلەرنى بېقىشقا يا- سالغان كەپىنىمۇ «چەللە - با- راڭ» دەيدۇ.

قۇرۇق داۋراڭ سېلىش، قۇرۇق پو ئېتىشنى «چەللىدە ئات چاپتۇرۇش» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

**چەلەنگۈش:** گادىرماچ، باش - ئايغىنى ئايرىماق تەس. م:

*ناھايىتى چەلەنگۈش بىر ئىشقا ئارىلىشىپ قالدىم.*

**چا:** («چاھ» تىن كەل- گەن — ئورەك، زىندان، چوڭقۇر) قوقىنىدىن ئايرىلمى- غان بۇغداي، پاكىز ئادالانمى- غان ئارپا - بۇغداي دانلىرى، بۇغداي - ئارپا قوقىنى. «بۇغ- داينى چادىن ئايرىۋالدۇق» دې- يىلىدۇ. ئۆي قۇشلىرىغا بې- رىش ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلغان- لىرىنى «چا - چاقماق» دەيدۇ.

**چام:** مەلۇم ئۆلچەم بو- يىچە ئايرىلغان ئىش ئورنى. ۋە- زىپە قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن ئەمگەك، ئېرىق - ئۆستەڭ چې- پىش، يول - توغان ياساش،

تـام ـ سېپىل سوقۇش، تاش
يىغىش قاتارلىقلاردا ئىشلەمچى
(هاشار) لەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن
ۋەزىپە، مەلۇم دائىرىدىكى ئو-
رۇن. «چـامـغا ئىشلىمەك»،
«چامنى تۈگەتمەك» دېيىلىدۇ.

**چارا:** ياغاچ قاچىنىڭ بىر
خىلى، ئوتتۇرا ھەجىملىك ئا-
ياق. چاچاقتىن چوڭراق بولى-
دۇ. م:
*ئۇ بازاردا ئاياق، چارا ـ چا-*
*چاقلىرنى دەستلەپ تىزىپ قويغانى-*
*دى.*

**چاسۇ** (چاسا): يولنىڭ
كېسىشكەن ئېغىزى، تۆت بەن-
دەر، بازار ـ رەستە. م:
*«ئـېغىلدا ھاڭرىغان ئېشەك،*
*چاسۇدا ھاڭرىسا ھېساب»*.

**چـاسـا:** تـۆت بۇرجەك،
تۆت چاسا، كۋادرات. ياغـاچنى
يـونۇپ، قىر چـىقىرىپ تـۆت
تـەرەپلىك قىـلىشنى «چاسى-
لاش»، «چاسا قىلىپ تەييار-
لاش» دەيدۇ. بەزى كىشىلەر-
نىڭ يۈز شەكلىگە قاراپ «چاسا
يۈز» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

**چايلىق:** يەرلىك دورا ـ
دەرمـەكـلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ،
تەڭشەپ تەييارلانغان دورا چاي.
ئـۇ ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ
تەبىئىتى ۋە ئېھتىياجىغا ئاسا-
سـەن ھـەر خىل تەڭشىلىدۇ.
ھـەر خـىـل تەركىبلەر بويىچە
ئىش قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

**چاگان سالماق** (تاغ شې-
ۋىسى): ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلى-
ـماق، ۋارقـىـراپ-جـارقىراپ
سۆزلىمەك مەنىسىدە. «ۋارقى-
ـرىـماڭ»، «چۇقان سالماڭ»
دېگەننى «چاگان سايلاپ كەت-
مەڭ» دەيدۇ.

**چاقما:** مەخسۇس تەييار-
لاپ پىشۇرۇلغان كالا ۋە قوتازلا-
رنـىـڭ كـالـلا-پاچىقى، ئۇنى
«كاللا-پاچاق» مۇ دەيدۇ. ئۇنى
كاللىنىڭ چىش ۋە سۆڭەكلى-
رىنى چېقىپ چىقىرىپ تەييار-
لـىغاچقا، «چاقما» دەپ ئاتى-
غان. م:
*«كـالـلىنىمۇ يېمە، چىشنىمۇ*
*چاقما»*.

سۇ دولقۇنى ئۇرۇپ (چې-
قىپ) گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن
جـايـنىمۇ ۋە شۇنداق جاينىڭ
ئـالدىغا ياسالغان تاش، ياغاچ
توسمىنىمۇ «چاقما» دەيدۇ.

**چـالامـچى:** جېسەكچى،
بۇرۇنقى چاغلاردا كېچىسى مە-
ھەللە ـ يۇرتنى ئوغرى ـ يالغان-
دىن ساقلاش ئۈچۈن ئەتراپنى

ئارىلايدىغان (چارلايدىغان) ئا-
دەم.

**چالۇ (چالا):** لەڭمەن
ئاش سۇزىدىغان ساپلىق ئەس-
ۋاب، سۆگەت-تال چىۋىقلىرىدا
توقۇلىدۇ. هازىر سىمدا توقۇ-
لۇپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. خوتەن-
دىن باشقا جايلاردا «چويلا»
دەيدۇ، ئەھمىيەتسىز گەپ-
سۆزلەرنى «چالۇدا توختىماس
گەپ» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

## خ

**خا (خە):** ئۆينىڭ ئۆگ-
زىسىنى ياپىدىغان بالا ياغاچنىڭ
ئۈچى قويۇلىدىغان لىم. ئۇ
ئۆي ئۆگزىسىنىڭ مەركىزىگە
قويۇلىدۇ. م:

*ئۆينى سەل - پەل چوڭراق*
*سالغانكەنمىز، بالا تامغا ئىلمەي ئوت-*
*تۇرىغا خا تارتىشقا توغرا كەلدى.*

*سارايلىرى بەك كاتتا،*
*ئوتتۇرىدىن خەلەملا.*
*يۇمشاق باش كۆرۈپ بىزنى،*
*بوزەك ئېتىپ سەلەملا؟*

**خاي (خاھى):** خالاش،
خاھىش، مايىل. م:

*ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدىن،*
*سىرىلدىم تۈزگە.*
*قىزىل گۈلنىڭ كامالچىسىدەك،*
*ئېگىلدىم سىزگە.*

*خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ،*
*مەن كۆيدۈم سىزگە.*
*ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،*
*ئۇۋالىم سىزگە.*

**خايناخەي:** توساتتىن، ھېچ
سەۋەبسىزلا، قاراپ تۇرۇپلا.
م:

*شۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا*
*خەيناخەي تىل سالغىنىڭىز نېمىسى؟*
*خەقنىڭ قىزىنى خەيناخەي*
*تىللاپ، ئۇرۇپ خارلىسىڭىز ئۆزىڭىزگە*
*ياخشى ئەمەس.*

**خارەت:** ياغاچچى، ياغاچ-
تىن ھەر خىل جابدۇق ياساش
كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى،
ھۈنەر ئىگىسى. م:

*«خارەت، قىلغان ئىشى ھايەت»*

**خان:** گۇما، قاغىلىق

قاتارلىق ناھىيىلەردە ئەر كىشى-لەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ چاقىرىدىغان ھۆرمەت سۆ- زى. «خـان» يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئىمتىيازلىق تەبىقىدىكىلەرنىڭ نەسەب ئەمەل ئاتالغۇسى بو-لۇپ، ھازىر ئاياللارنىڭ ئىسمى-نىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئىپتىلىش ئارقىلىق جىنسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما گۇما، قاغىلىق تە-ۋەلىرىدە بارلىق ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان» نى قوشۇپ چاقىرىدۇ. م:

*سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، ئاب-دۇراخمانخان، مىجىتخان، ئابدۇللا-خـان، بـەخـتـخان، تاجىخان... دىگەندەك.*

**خامتاراج:** ئاجىز- كۈچ-سىز كىشىلەرگە سەدىقە ئورنىدا پارچىلاپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلى-دىغان گۆش. م:

*ناھايىتىمۇ سىمىز قوي ئىدى، پۇت ئىتىپ قاپتىكەن، ئۆلتۈرۈپ مە-ھەللىدىكىلەرگە خامتاراج قىلىپ بې-رىۋەتتىم.*

**خـامپا:** تۇگمەن تېشىدا يۇمشاپ چۈشكەن ئۇننى جۇغ-لايدىغان ساندۇق. مەجازىي مە-نىلەردە: ئۆزىنى چاغلىماي تە-ۋەككۇل قىلىشقا ئامراق كىشى-لەرنى «خامپىغا سەكرەپتۇ» دەپ تەنە قىلىدۇ. م:

*ئالدىراپ خامپىغا سەكرىمەڭ، بىر ئىشنى قىلغاندا ئاقىۋىتىنى ئويى-لاپراق قىلغۇلۇق.*

*سەكرەپ چۈشتۇم خامپىغا،*
*ئۇننى ئۇستۇم خالتىغا.*
*باشتا بىلسەم كۆيمەستىم،*
*سەندەك ئەقلى كالتىغا.*

**خام:** بۆز، ماتا؛ پىشمى-غان تائام، پىشمىغان يەل - يې-مىش. م:

*ھەي باراتۋاي - باراتۋاي،*
*خام چاپانى ياراتماي،*
*چەكمەن چاپان تاپالماي،*
*توڭلاپ قالغان باراتۋاي.*

*يەل تۈرۈپ ئۆلسۇن دىگەندەك،*
*خام كۆمەچ بەرگەن سەتەڭ.*
*ئانىسى سەكراتتا ياتسا،*
*قىشنى تەرگەن سەتەڭ.*

*ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ،*
*خام تاماكۇنى تاتىپ.*
*مەن بۇ يەردە ماي تاتىپ،*
*سەن يۇرەمسەن ھال تاتىپ؟*

**خامخاتىلا:** چالا پىشقان، پىشار - پىشماس... م:

*ئوت ئۆچۈپ قالاي دىگەندە نانىى كۆمگەن ئىكەنمىز، ئالدىراش-*

*چىلىقتا پىشار ـ پىشماس يەپلام ئىپ-*
*تىزلىقتا ماڭدۇق.*
*ئەتكەنمىدىڭ ئاتىلا،*
*پىشمىغان ــــ خام خاتىلا،*
*باشتا كەتكەن ئۆزەڭدىن،*
*مەيدەڭنى بوش تاتىلا.*

**خـــام خەسە:** زاۋۇتتا تو-
قۇلغان بوياقسىز قوپال رەخت
(خەسە) . ئاۋاملار خەسە رەختى-
نى «ئاق خەسە» ، «سۇت خە-
سە» ، «خام خەسە» دەپ ئۇچ
تۈرگە ئايرىپ پەرقلەندۇرۇش
ئارقىلىق، ئۇنىڭ سۇپىتىنى با-
ھالايدۇ. خام خەسە ئۇچىنچى
دەرىجىدە تۇرىدۇ. م:
*خام خەسنى كىيگۇم يوق،*
*سۇت خەسىدىن ئەپ بىرىڭ.*
*غەيرى بىلەن مەيلىم يوق.*
*ئۆز يارىمنى تەپ بىرىڭ.*

**خام قەغەز:** «خوتەن قەغە-
زى» نامى بىلەن شۆھرەتلىنىۋاتقان
قەغەزنى يەرلىكلەر «خام قەغەز»
دەپ، ئىلمىي يازمىلاردا «ئەۋرىشىم
قەغەز» دەپ ئاتايدۇ. بۇ قەغەزنىڭ
«خام قەغەز» دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ
«خام» لىقىدىن ئەمەس بەلكى، قە-
غەز بوتقىسى قېلىپقا تارتىلغان ئەس-
تەرلىك خام ئۇستىگە تەكشى يېيى-
تىلىپ تەييارلىنىدىغانلىقىدىن كې-
لىپ چىققان.

تەۋەررۇك مەدەنىيەت مىراس-
لىرىمىز ــ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ
كۆپ قىسمى مۇشۇ قەغەزگە يېزى-
لىپ، بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن.
خام قەغەز ھازىرمۇ ياسىلىپ كېلىۋا-
تىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى زاۋۇت قەغە-
زى ئىگىلىدى. خام قەغەزنى دوپپى-
غا پىلتە قىلىش، دورا ـ دەرمەك
تۇگۇشكە ئىشلىتىدىغان بولدى.
كىشىلەر زاۋۇت قەغىزى بىلەن خام
قەغەزنى پەرقلەندۇرۇش يۈزىسىدىن
باشقا قەغەزلەرنى «سۇت قەغىزى»
دەپ ئاتىشىدۇ.

**خـــالىــزىن:** ئۇنتۇپ قې-
لىش (زېھنىدىن خالىي قې-
لىش) ، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ
قالماق، بىخۇد بولماق. م:
*ئـاپـلا، خـالىزىن بوپتىمەن،*
*كــەچتە كىنوغا كىرمەكچى بولۇپ*
*كېلىشكەنتۇق، بارماپتىمەن.*
*خالىزىن بولدۇڭمۇ يارىم،*
*كەلمەدىڭ كەلمەك بولۇپ.*
*سەن بولۇپ قالدىڭ قاچاندىن،*
*ۋەدىسى ئىلمەك بولۇپ؟*

**خاۋالەت:** خىرە ـ شىرە،
ئۇيقۇ، غەپلەت. م:
*خاۋالەت باسقاندەك ئىش بول-*
*دى، ئەتىگەننىڭياقى قېشىدىن قوپ-*
*ـــماي ئولتۇرغانتىم، تالاغا چىقىپ*
*كىرگۇچە نەپەستىن قاپتۇ ئەمەسمۇ؟*

*خاۋالەت ئۇيقۇدا ياتسام،*
*ئېتىگنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.*
*گىپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،*
*يۈرەككە دەرد سېلىپ ئۆتتۈڭ.*

**خامۇت:** هارۋا جابدۇقى، ئۇ ئاتنىڭ بوينىغا سېلىنىدۇ. م:

*ئاتنىڭ بويىنى يامان چاغدا خامۇت يالاپ زىدە قىلىۋېتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلارمىز؟*
*ئاتنىڭ بويندا خامۇت،*
*ئالاي دېسەم كىشنەيدۇ.*
*ئاران كەلگەن بۇ يارىم،*
*سۆيەي دېسەم چىشلەيدۇ.*

**خەتى:** ئېسى، كۆڭۈل خاتىرىسى، يادى. م:

*شۇ چاغدىكى ئىشلار ھېلىقىدەك خەتىمدىن چىقمايدۇ.*
*بىگىئىرقا — تەتىگە،*
*بېرىپ كەلدىم پەيتىگە.*
*بىز نېمىشقا كەلمەيمىز،*
*قارا كۆزنىڭ خەتىگە؟*

**خەتلىمەك:** يازماق، تىزىملىماق، خاتىرىلىمەك. م:

*مېنىڭ ئېتىمنىمۇ خەتلەپ قويارسىز، تىزىملىكتىن ئېتىم چۈشۈپ قالسا بولماس.*
*يارنىڭ ئېتى خەتلەگلىك،*
*چوڭ دەپتەرگە — تىزىمغا.*
*تاپالمايسىز سەۋەنلىك،*
*چۈشىسىگىزمۇ ئىزىمغا.*

**خەتچى:** باشقىلارنىڭ خەت - چەكلىرىنى يېزىپ بېرىشنى مۇقىم كەسىپ قىلغان كىشى. بۇرۇنقى چاغلاردا ساۋاتلىق كىشىلەر بەكمۇ ئاز بولغاچقا، خەت - ئالاقە، دۇئا‑سالام يازدۇرىدىغان ھاجەتمەنلەر خەت يازالايدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ نە - نەلەرگە باراتتى. خەتچىلىك كەسىپىنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ساۋاتسىزلار ئازايدى، بۇ خىل كەسىپ ئىستېمالدىن قالدى... م:

*بىر «سالامنامە» دە مۇنداق يېزىلغان:*
*خەتچى موللام يېزىپ بەرسە،*
*سالام خېتىمنى.*
*ئاشۇ خەتتە بايان قىلسا،*
*مۇھەببىتىمنى.*
*مەيلى بولسا يوقلاپ كەلسە،*
*مەندەك يېتىمنى.*
*يارغا بېرىپ كۆرستەردىم،*
*يۈرەك قېتىمنى.*

**خەشەك:** ئالتۇن كانلىرىدىن قېزىپ چىقىرىلغان شېغىل، ئۇششاق تاش؛ ئۇۋاق ھەم بەتتەم ئۆرۈكنىمۇ «خە-

شەك ئۆرۈك» دەيدۇ. م:

*ئارقا سايدىن كان ئېچىپ،*
*خەشەك تاسقاپ قول تالدى.*
*ئالتۇندەك ئۇماق يارىنىڭ،*
*ئېرى ئۆلەپ، تۇل قالدى.*

*خەشەك ئۆرۈك بىمىسلە،*
*قاماپ قالار چىشلىرى.*
*يۈرىكىمنى خۇن قىلدى،*
*ئاخشام قىلغان ئىشلىرى.*

**خېرىت:** رەخت؛ ئىشلىتىشكە تەقلەپ قويغان ئەشيا.

م:

*خېرىتىنى ياخشى تاللىيالماپسىز، بولمىسا تىكىلىشى بوپتىكەن.*

*خېرىتنى كېسىپ بۇزدى،*
*ناسالقى ھۇنەرۋەنلەر.*
*يارنى كۈنلىدى مەندىن،*
*بىتايىن ئۆلەرمەنلەر.*

**خىپچا:** مېۋىلىك دەل-دەرەخلەرنى ئۇلاغ قىلىشتىكى بىر خىل تېخنىكىلىق ئاتالما (بەزى رايونلاردا «غىپچا» دەيدۇ). مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئەلا سورتلارنى ئۇلاشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇلاش ئۇسۇلى بولۇپ، «خىپچا ئۇلاغ» دا ئالدى بىلەن مېۋىگە كىرگەن دەرەختىن ئۇلاغ قىلىشقا باب كېلىدىغان پىشقان شۇڭ (نوتا) تەييارلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلانماقچى بولغان دەرەخ غولىنى مۇۋاپىق جايدىن كېسىپ تاشلاپ، كېسىلگەن يۈزلۈكتىن يېرىق چىقىرىپ، يېرىققا تەييارلانغان نوتىنى كىرگۈزۈپ (نوتىنى قەلەمچە قىلىپ)، ئۇستىدىن مەھكەملەپ تېڭىپ قويىدۇ. مانا بۇ نوتا «خىپچا» دېيىلىپ، ئۇلاش ئۇسۇلى بولسا «خىپچا ئۇلاغ» ئاتىلىدۇ.

م:

*سىزنىڭ ھېلىقى ياغلىق ئۆرۈكىڭىزدىن خىپچا كېسىۋالسام بولارمۇ؟*

*كۆز ئۈلگى قىلغاندىن، خىپچا ئۇلاغ قىلسا ياخشىكەن.*

*بۇلتۇر سالغان كۆچەتنى،*
*خىپچىلىماي، كۆز قويدۇڭ.*
*سەندە نۇقسان يوقمىدى،*
*ماڭغىلا سۆز قويدۇڭ.*

**خىپچاق:** ئىخچام، چاققان، يىغىنچاق: م:

*بۇ ناھايىتى خىپچاق سېلىنغان ئۆيكەن، مەن ئۆي سالغاندا مۇشۇنداق خىپچاق ئۆيدىن بىرنى سالسام بولغۇدەك.*

*مېنىڭ لابدۇلىقىم باشقا،*
*سېنىڭ خىپچاقلىقىڭ باشقا.*
*كۆڭلۈڭنىڭ رايى دەپ يارىم،*

*گۆھەرنى ئۇرمىغىن تاشقا.*

**خىپچىنماق:** يۆگەنمەك، كىيىمگە چىڭ ئورىلىپ ئۆزىنى شامالدىن دالدا قىلماق. م:

*خىپچىنىپراق ئولتۇرۇۋىلىڭ،*
*بولمىسا، ئۇزاق يولدا شامال تېگىپ*
*زۇكامداپ قالىسىز.*

*يوتقىنىڭنى خىپچىپ يات،*
*ئىشىك تەرەپكە قىچىپ يات.*
*ئەلياتقۇدا مەن باراي،*
*كۆزنى يوغان ئېچىپ يات.*

**خوتەك:** ئېشەكنىڭ بالىسى — تەخەي. خوتەكنى چاقىرغاندا «خوت... خوت» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. م:

*پۇتنى ئېلىپ كۆتەككە،*
*مىنىۋالدىم خوتەككە.*
*ئىشىنىپ زىبان تارتتىم،*
*سەندەك گېپى مۇتەككە.*

**خولۇپ:** ئازادە، قىياستىن يوغان (ئابيۇمى)؛ تاماق ئىچكەندىكى ئاۋاز. م:

*بۇ ئۆتۈك پۇتۇمغا خولۇپ كېلىپ قالدى.*

*خولۇپلاتماي ئىچكىلى بولمامدۇ ئاش دېگەننى؟*

*پۇتۇم كىچىك، مەسەم يوغان،*
*خولۇپ كېلەرمۇ؟*
*مەسە كىيىپ تويغا بارسام،*
*ئەللە كۈلەرمۇ؟*

**خىللاندۇ:** باشقىلاردىن ئېشىپ قالغان، ياراتمىغان، شاللىنىپ قالغان نەرسە. مەجازىي مەنىدە: ھېچكىم ياراتمىغان، ئەر ياكى خوتۇن چىقمىغان، بېشى تاق ئادەم. م:

*ئەتىگەنراق ئۆيدىن چىقماي؟*
*بالدۇر كەلگەنلەر ياخشىسىنى ئىلغاپ ئەپكېتىپتۇ. بىزگە ياپا خىللاندۇسى قاپتۇ، مانا!*

*ئىبغىزلىرىنى چايقاپراق گەپ قىلسىلا، نەدىكى بىر خىللاندۇنى سايە قىلمىسىلىمۇ ئەر تېپىلىپ قالار؟*

**خۇن:** قان؛ جىنسىي ئەزادىن چىققان مەنىي، ئاياللارنىڭ ھەيزدار مەزگىلىدىكى بۇزۇق قانىمۇ «قىزىل خۇن كەلدى»، «ئاق خۇن تەگدى» دەيدۇ. م:

*ئادەمنىڭ خۇنىغا كەلسىمۇ،*
*ياخشى ئاتتىن بىرنى ئالامىنا؟!*
*بىچارە ياخشى مەزلۇمتى، خۇن كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.*
*تېۋىپ ئاخۇنۇم، خۇن تۇتالمايدىغان خاپىلىققا قالدىم، ئۇنىڭ بىر داۋاسى تېپىلارمىكىن دەپ قاشىلىرىغا كەلدىم.*

**خۇناۋېيتىش:** سەۋر قىلىش، بىر مەزگىل تاقەت قىـ

لىپ ساقلاش، نەپسى شەھۋىتىد-
نى بېسىۋېلىش. م:

*بالا تېخى كىچىك، ھەرقايسى-
لىرىنىڭ تەڭلىكىگە چىدىماي بال-
دۇرراق توينى قىلىپ بېرىۋەتتۇق.
بىر مەزگىل خۇناۋىيېتىشىپ بېرەلا.*

**خون:** دەستە، بىر دەستە
نان، مەزە. ئادەتتە بىر دەستە
(داستىخان قىلىپ يۆگەلگەن)
بىر خون دېيىلىدۇ. بىر خون
نان ئۇچتىن ئون بىرگىچە بول-
غان تاق سانلار بويىچە تەييارلى-
نىدۇ. م:

*بۇ يىل بارائەتتە ئون خون
داستىخان تەييارلىغانتىم، چاي ئىچ-
كۈزىدىغانلار جىق بولغاچقا يەتكۈ-
زەلمىدىم.*

**خونچا** (خونچاياق): يا-
غاچتىن قىرىپ ياسالغان تەخ-
سە. ھازىرمۇ بەزى ئۆيلەردە ئە-
تىۋارلىنىپ ساقلانماقتا. م:

*خونچاياقتا ئالما تىزدىم،*
*چىن ئاياقتا ساگزىنى.*
*ھېتلىقىمغا ئەپ بېرىڭ يار،*
*قوش قەۋەت ئايخاگزىنى.*

**خوندەك:** باشقا ئۆرۈك-
لەردىن بالدۇر پىشىدىغان ئۆ-
رۈك. ئۇنىڭ «تۇكلۇك خون-
دەك»، «ياغلىق خوندەك» دې-
گەن تۈرلىرى بار. م:

*ياغلىقىمنىڭ ئۇچىغا،*
*تۇگۇۋالاي خوندەكنى.*
*ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن،*
*تاپالمايسىز مەندەكنى.*

**خۇسۇمەت:** گىنە - ئادا-
ۋەت، قورساقتىكى مۇرام -
غۇم. م:

*ئۆتكەندە سەل - پەل قىزىرى-
شىپ قالغانىنىڭ خۇسۇمىتىنى ھېلى-
غىچە قىلىپ يۈرەمسىز؟*

*بۇ ئادەمنىڭ ئاداۋىتى ئەجەپ
قاتتىق دەڭلا؟*

*قولۇگدىكى ئۈزۈكنىڭ،*
*كۆزىدىكى ئالماسمۇ؟*
*ماڭا قىلغان خۇسۇمەت،*
*كىيىن ئۆزەڭگە يانماسمۇ؟*

**خۇق:** تەھدىت، باشقىلار
تەرىپىدىن سېلىنغان قورقاق.
م:

*سىزنىڭ خۇق تەڭلىگىنى-
گىزدىن قورقىلى كىچىك بالىمىدىم،
بوشراق خۇق تەڭلەڭ!*

**خام قىش:** كېسەك، پى-
شۇرۇلمىغان خىش. م:

*ئىلگىرى خام قىش بىلەن
سالغان ئۆيگىمۇ، ھۆكۈمەت تەكشۇ-
رۇشكە ئادەم قويغان ئىدى. ھازىر
بولسا پىششىق قىش بىلەن سېلىشقا
گەپ قىلمىدى.*

*خام قىش ئۆيىنىڭ تىمىنى،*
*گەنجى بىلەن ئاقلايمەن.*
*يارنىڭ قىلغان گېپىنى،*
*يادىمدا چىڭ ساقلايمەن.*

**خال** (خالىجاي) : تەرەت-خانا، بەزى شىۋىلەردە «ئىستىرا-خانە»، «پوقلاقخانا»، «بەدە-رەپخانا» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلى-دۇ. م:

*ئاغزىغا ئىككى تاختاي قويسا،*
*خالا بولىدىغان نېمكەن ئۇ.*

**خىپايماق:** ھۆرپەيمەك، جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ كاج-لىق قىلماق. مىجەزى جۇ-دۇن، ھەدېسىلا مۇشت كۆتۈر-گىلى تەييار تۇرماق. م:

*خەق بىر ئېغىز سۆزلەپ بول-غىچە خىپايساڭ ئەشۇنداق جېدەل چىقامدۇ؟ ئىشتا سالماق بول، خەق-نىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي جېدەل قىل-غىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟*

**خاپا بولماق:** ئىزا تارت-ماق، بىراۋدىن خىجىل بول-ماق. خوتەندىن باشقا رايونلاردا بۇ سۆز «رەنجىپ قالماق»، «كۆڭلى ئاغرىماق» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*— قېشىڭىزغا كەلگىلى خېلى بولدى. خاپا بولۇپ گېپىمنى دېيەل-مەي قالدىم...*

*— يا بىز يات ئادەم بولمى-ساق، نېمىشقا خاپا بولاتتىڭىز؟ قو-رۇنماڭ، ئازادە ئولتۇرۇڭ.*

**خوخا:** ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا، ئۇنۇمسىز يەرلەردە ئۆسىدىغان ئېگىز بويلۇق ئوت. خوخىنىڭ ياپرىقى كەڭ، تىكەن-لىك كېلىدۇ. سۆسۈن رەڭ گۈللەيدۇ. بۇ ئوتنى ئېشەكتىن باشقا ھايۋان يېمەيدۇ. م:

*ئورماڭنى ئوراي دېسەم،*
*خوخا كىردى قولۇمغا.*
*سەندىن باشقىسى يوق دەپ،*
*چاقىرىپسەن توييۇڭغا.*

**خۇۋالاشماق:** پىكىردە بىرلىككە كەلمەك، پۈتۈش-مەك. بۇ سۆز قىز - يىگىتلەر-نىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى خالاپ مۇھەببەتلىشىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ: م:

*مەن قاسىمكامنىڭ قىزى بى-لەن خۇۋالاشتىم، تويىنى خامان تې-پىندىن كېيىن قىلىدىغان بولدۇق.*

*يولنى ماڭدىم تۈز بىلەن،*
*خۇۋالاشتىم سىز بىلەن.*
*مېنىڭ كۆڭلۈم سىز بىلەن،*
*سىز يۈرۈيسىز كىم بىلەن.*

**خولا:** قوپال، غودۇر - بۇدۇر، يونۇلمىغان ياغاچ. مە-جازىي مەنىدە: قوپال، بەستى

قاملاشمىغان ئادەم. م:

*نەدىكى خولا ئوتتۇنى ئېلىپ-*
*سىز، قانداق يارىمىز بۇنى؟*
*ۋاي خۇدايىمەي، جەينەكچە-*
*لىك قىز بالىنى بىر خولا ئادەمگە*
*بېرەمدىكەن؟*

*ئۆرۈك قىقى گۈلاكەن،*
*مىنى دەيسىز بالىكەن.*
*مەندىن ئايرىلىپ بېرىپ،*
*تاپقىنىڭىز خولاكەن.*

**خېنىي:** ئۇزاق مەزگىل تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان، تاشتەك قېتىپ قالغان يەر. خوتەن ناھىيىسىدە «دامتۇ خې-نىي» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يۇرت نامىلىرى بار. بۇ ئەسلي «خانلىق يەر، خىدان يېرى» دىن ئۆزگەرگەن. م:

*ئۆرۈق سالغان يەرلىرى،*
*كەتمەن ئۆتمەس خېنىمۇ؟*
*ئايدا، يىلدا بىر كەلسەڭ،*
*مېنىڭ كۆڭلۈم قېنىمۇ؟*

**خېخىيدەك:** بۇغدىيەك، بوغۇز (گالدىكى تۇگۈن جاي). م:

*قولى ناھايىتى كۈچلۈك نىمد-*
*كەن، خېخىيدىكىمنى بىر سىقىۋاپتى،*
*تىنالماي قالدىم.*

**خوۋانى:** ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. خوۋانى ئۆرۈكنىڭ قۇ-رۇتۇلغىنى «خوۋانى گۈلا» دې-يىلىدۇ. م:

*«بۇلتۇر يېدى خوۋانى، ئەم-*
*دى چىقتى زوۋانى».*

*بەكمۇ ئوبدان قۇرۇپتۇ،*
*خوۋانىنىڭ گۈلىسى.*
*چوكانلىنى ئويناتقان،*
*ئوغاللىنىڭ پۇلىسى.*

**خىڭ:** بىلىپ تۇرۇپ بىلمەس، ئۇقماس بولۇۋالىدى-غان ئادەم. ئۆزىنى ئۇپراتماي-دىغان ئادەمنىمۇ «مىجەزى خىڭ ئادەم» دەيدۇ. م:

*ئالەمنى سۇ بېسىپ كەتسىمۇ،*
*ئوشۇقىغا چىقمايدىغان تازا بىر خىڭ*
*ئادەمكەن ئۇ. بىيىدا خەقلەر ئورۇ-*
*شۇپ قولى سۇنۇپ، قاپاقلىرى يې-*
*رىلسىمۇ سورىساق، ئۇقماس بولد-*
*ۋالدى.*

*ئاياغ ئالسام بازاردىن،*
*خەقلەر ئۇنى «جىڭ» دەيدۇ.*
*بىر چىرايلىق يار تۇتسام،*
*ئۇنى بەكمۇ «خىڭ» دەيدۇ.*

**خىراجە:** تېۋىپلارنىڭ ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن بېرىدىغان بىر خىل دورىسى. ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدە يىلدا بىرەر قېتىم ئۈچەي، ئاشقازاننى خىراج قى-لىش سالامەتلىككە پايدىلىق

دەپ قارايدۇ. م:

*ئەتىگەندە ئازراق خىراج دورد-
سى ئىچكەن ئىدىم. مانا ئەمدى خا-
لا ئىزدەپ كۆزۈم تىشلەي دىدى.*

**خالاك-خۇتۇك:** قۇۋۋەت-
سىز، ناچار يېمەكلىك. م:

*يىگى تۇغۇتسىن قويقان ئادەم-
گە خالاك-خۇتۇك تاماق بىرىشۇەرمە-
گۈلۈك، بولمىسا پات ماغدۇرىغا كې-
لەلمەيدۇ.*

**خامان تىپىن:** خامان ئې-
لىش مەزگىلى. م:

*ئۆتكەن يىلى خامان تىپىندە
ئون چارەك بۇغداي قەرز بەرسەم،
ھازىرغىچە قايتۇرۇپ بىرەي دىمىدى.
شۇڭا ئۆزەم تۇتۇپ كىلىشىم.*

**خيالى:** بىپەرۋا، چاتىقى
يوق، پەرۋاسىز. م:

*ئاغزىمنىڭ بىر قات تىرىسى
چۇشكىدەك بولۇپ سۆزلىسەم، خى-
يالى ئولتۇرغىنىڭىز نىمىسى، مەن
ئەتىدىن تامغا سۆزلىدىممۇ؟*

**خىت:** ئېشەكنى ميڭىشقا
ئۈندەيدىغان بۇيرۇق. م:

*ناھايىتىمۇ كاج ئېشەككەن.
«خىت» دەپلا تۇرمىسا ماڭمايدى-
كەن.*

**خوجۇن:** يېزىقتا «خۇر-
جۇن». ئىككى پايلىق، نەر-
سە-كېرەك قاچىلايدىغان سەپەر
خالتىسى. ئۇنى ئات - ئۇلاغقا
ئارتىقلىمۇ، يەلكىگە تاشلاپ
ماڭغىلىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ
يۇڭ يىپتا توقۇلغانلىرىنى
«قىل خوجۇن»، گىلەم نۇس-
خىدا توقۇلغانلىرىنى «زىلچى
خوجۇن»، پاختا يىپتا توقۇل-
غانلىرىنى «بۆز خوجۇن» دەي-
دۇ. م:

*موللايى كاتىپ،
خوجۇننى ئارتىپ.
يامانلىغاق بويقاپلا،
قاچاندىن تارتىپ؟*

**خۇي:** تونۇرنىڭ ھاۋا-
سى، تونۇردىكى ئوتنىڭ تەپتى-
نى مۇۋاپىقلاشتۇرماق، مىجەز.
م:

*شاگىرتلىرىم، تونۇرغا قاراڭلار،
نانىڭ خۇيى ئۆتۈپ كەتمىسۇن.
نىمانچە خۇيىڭىز ئەسكى بوپ-
قالدى؟ خۇيلىنىپلا يۈرۈيدىغان بو-
لىۋالدىڭىز؟*

*تونۇرنىڭ خۇيى كەتسە،
ياققان نانلار تۇرمايدۇ.
يارىمنىڭ خۇيى ئەسكى،
ۋەدىسىگە تۇرمايدۇ.*

**خىمغا يانماق:** ئاللى-
قاچان پۇتۇشكەن ئىشنىڭ بۇ-
زۇلۇشى، يېنىشىپ كەتمەك،
يېنىۋالماق. م:

شۇنچە تەسلىكتە قۇراشتۇرغان
ئىش، بىر ئېغىز گەپ بىلەن خېمىغا
يېنىپ كەتتى، مانا!

**خودا:** خۇمار، ئادەتكە ئايلانغان مىجەز، «خوردا» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى تۆۋەندىن يۇقىرىغا جاراڭلىق، كېيىنكى بوغۇمى تۈز ۋە قىسقا (ئۈزۈك) ئېيتىلىدۇ. م:

نەشىنى تولا چېكىپ، خودا بوپكەتكەن بەڭگىگە كەيىپ تەسىر قىلالمايدۇ.

تازا ئەر خودىسى خوتۇنمىكىنا ئۇ، بىر ئايدا نەچچەيلەندىن ئاجرىشىپ، نەچچەيلەنگە تېگىدىغان؟

**خاپان:** تۇرۇز (تارازا) نىڭ نەرسە سالىدىغان ساندۇقچىسى. م:

بۇگۈن بازاردا تۇرۇزنىڭ خاپىنى هارۋىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتتى. شۇڭا هېچقانچە پۇل تاپالمىدىم.

چوڭ خاپانلىق تۇرۇزنىڭ،
قاسقىنى سىنىپ كەتتى.
ۋايا قىلمىغان ياردىن،
مەرىم بەك يېنىپ كەتتىم

**خاپان كاللا:** كاللىسى چوڭ. م:

ئۆزى بىر خاپان كاللا بولغان بىلەن، ئەقلى چاغلىق ئادەمكەن.

سورۇندا دۇتار چالدى،
ماڭا دارتىپ باللا.
مېنىڭكى خىلممىتتى،
يۈلتاي كۆز، خاپان كاللا.

**خاشقاپاق** (هاشقاپاق): قاپاق پارچىسىغا كۆز - قاش، بۇرۇن، ئېغىز سىزىپ يۈزىگە تارتىدىغان نىقاب. مەجازىي مەنىدە: ياپما قاپاق ئادەم. م:

يۈزىمىزگە خاش قاپاق تارتىپ بېرىپ، قىز باللىنى راسا بىر قورقۇتمايلىما؟

ئەجەپمۇ سەت، هاشقاپاق بىر ئادەمكىنا بۇ!

**خالۋاپ:** گىلەم توقۇيدىغان هۈنەرۋەن. م:

خالۋاپ دېگەن مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇيمىزكەن. ئەمما، شۇ گىلەمنى ئېپ ساتقانلار باي بولىدىكەن دېسىلە؟ ئۆيىدە تۈزۈكرەك بىرەر پارچە گىلەممۇ يوق.

گىلەم توقۇپ خالۋاپلار،
ئۆيىدە بىر گىلەم يوق.
يارىم كېلىمەن دەيدۇ،
باشلاي دېسەم ئۆيەم يوق.

**خام تاسما:** ئۆكۈز تېرىسىدىن (ئەيلەنمىگەن تېرىدىن) تىلىنغان تىلماق. ئۇنىڭدىن كەمەر (بەلۋاغ)،

يۇگەنباغ ۋە ئېگەر-توقۇم جابـ-
ـدۇقلىرىغا باغلانچى ياسايدۇ.
مەجازىي مەنىدە: بېلى بوش،
روھى چۈشكۈن، ئېزىلەڭگۈ.
بەزى شېۋىلەردە «لىڭتاسما»
دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. م:

*خام تاسمىدا تۆشتارتقۇ قىلـ-*
*سام، پەقەت چىدىمىدى.*

*كەيمە چاچىنىڭ ئۇچىغا،*
*گويەك چەگكىنىڭ راسما؟*
*ئوچتۇرۇم بيگىت تۇرساق،*
*چاغلىدىڭمۇ خام تاسما.*

**خام تاما:** ئەمەلگە ئاشـ-
ـمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ
تەمە قىلىنغان ئىش. ئۇنىڭ
توققۇزى بىكار كېتىدىغان تە-
ۋەككۇلچىلىك ئارزۇسى. م:

*خام تاما بىلەن زەيكەش يەرنى*
*ئېلىپ، زىيانىنى يەتكۈچە تارتىپسىز.*
*ئەمدى بۇرنىڭىزغا سۇ كىيگەندۇ؟*

*كۆندۈرمىگەن تاي مىنىپ،*
*ئېگىز دۆڭگە چاپتىڭمۇ؟*
*خام تامانى جىق قىلىپ،*
*باشقا ئەلەم تاپتىڭمۇ؟*

**خەتنە:** يەتتە ياشتىن
ئاشقان ئوغۇللارنىڭ زەكىرىنىڭ
ئۇچىدىكى تېرىنى كېسىپ ئې-
لىۋېتىپ، سۈننەت قىلماقنى
خەتنە قىلىش دەيدۇ. بۇ كە-
سىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى
«خەتنىكەش» دەپ ئاتايدۇ. با-
لىلارنى خەتنە قىلىش باش با-
هاردا ۋە كەچ كۈزدە ئېلىپ بې-
رىلىدۇ.

**خاراۋان** (خىراۋان):
ھەيۋەتلىك، ئېگىز، چوڭ. بۇ
كۆپىنچە دەل - دەرەخلەرنىڭ
قىياپىتىنى ئىپادىلەشتە قوللى-
نىلىدۇ. م:

*ئەجەپمۇ خاراۋان ئۆسكەن يا-*
*ڭاقكىنا بۇ!*

*دەريانىڭ ئۇقاتىدا،*
*خىراۋان تېرەك بىزنىڭ.*
*سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،*
*كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.*

## د

**دورىمۇچۇق:** دورامچى،
خەق نېمە قىلسا شۇنى قىلغۇ-
چى، مۇستەقىل ئىش قىلمايـ-
دىغان تەقلىدچى. م:

*سىز مايمۇن بولمىغاندىكىن،*
*دورىمۇچۇقلۇق قىلماي ئۇگچە بىر*
*ئىش قىلىپ باقمامسىز؟*
*سودىگەرنىڭ ئالدىدىكى قە-*
*پەستە بىر شاتۇتى كۆردۈم، بەكمۇ*
*دورىمۇچۇقكەن. ئىگىسى نىمە دىسە*
*شۇنى دوراپ سايرايدىكەن.*
*ئەتىگەندە سايرايدۇ،*
*تال بوستاندا تومۇچۇق.*
*سەھەردىن بىر يار تۇتسام،*
*چىقىپ قالدى دورىمۇچۇق.*

**دوملىماق:** زورمۇزور تە-
ڭلىمەك، ناپىسەنت نەرسىنى
خەققە تاڭماق، تەڭلەپ بولۇپ
بەرمىگەن نەرسە. م:
*«ئۆتمەس ماتا، دوملاپ ساتا».*
*ئەتىۋارلىق ئۇ نەرسىڭىزنى*
*دوملاۋەرمىڭا ئادەمگە، تېپىلماسنىڭ*
*خورمىسىدەك قىلىپ كەتتىڭىز.*
*قىرىم مەسە تىكتىڭمۇ،*
*بېپىلىرىنى مومىلماي.*
*سىڭلىسىنى بەرسىكەن،*
*ئاچىسىنى دوملىماي.*

**دومبا:** پاكار بوي، يو-
غان قورساقلىق مىس چۆگۈن.
چۆگۈننىڭ قاپاق چۆگۈن، چاي
چۆگۈن، چىلاپچا (مەخسۇس
مېھمانلارنىڭ قولىغاسۇ بېرىش-
كە ئىشلىتىدىغىنى) قاتارلىق
تۈرلىرى بولۇپ، شەكلى ۋە
ئىشلىتىلىش ئۇرنى بىر - بىرد-
ىگە ئوخشىمايدۇ. دومبا قول
يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. م:
*سۇ تەڭشىدىم دومبىغا،*
*يۇيۇۋالغىن قولۇڭنى.*
*ئەمدى ساڭا مەيلىم يوق،*
*تېپىۋالغىن يولۇڭنى.*

**دۇت:** تۇتۇن، تاماكا ئىد-
ىسى. م:
*بېنى بېتىپ، دۇت چىقىرىپ،*
*تەرىڭ ئىسلاشتى.*
*تالىيىڭنىڭ كاجلىقىدىن،*
*بەختىڭ قىسلاشتى.*

**دۇمبال:** تاياق، مۇشت،
تېپىك. م:
*ئۇز گەپ ئاڭلىمىسىڭىز دۇمبال*
*يەيسىز باكا؟*
*ئۇز گېپىڭ يوق قاچانغىچە،*
*ماڭا دەيدىغان.*
*باكار قالغان چولام بارمۇ،*
*دۇمبال يەيدىغان.*

**دۇمباللىماق:** ئۇرماق،
كالتەكلىمەك، دۇمبىسىگە
مۇشتلىماق. م:
*بۇ ئوغرىنى دۇمباللاۋېرىپ،*
*ئۆلتۈرۈپ قويماڭ يەنە.*
*خوتۇن بولغان گۇناھقا، كالا*
*دۇمباللىغاندەك دۇمباللاۋېرەملا.*
*دوغىلارنىڭ كەسپى شۇ،*
*بابىنى كۆرسە دوڭغاقلىماق.*

*يوقسۇللارغا ئاۋاڭ سىلىپ،*
*بىرەلمىسە دۇمباللىماق.*

**دومسايغاق:** ھە دېسە خۇيلىنىپ چىرايىنى تۈرىۋالدىغان كىشى. م:

*قارچۇغام بار بەك ئالغۇر،*
*چۆلدە ئۆردەك قوشلايدۇ.*
*بىر يارىم بار دومسايغاق،*
*تومشۇقىنى ئۇچلايدۇ.*

**دومسايماق:** چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئېسىلمەك، رەنجىمەك، نازلانغان قىياپەت، باتنىماق. م:

*— قاپقىڭىز چوشۇپ دومسىيىپ قاپسىز، نىمە بولدى.*
*— دومسايسام دومسايدىم،*
*سىزنىڭ نىمە چاتىقىڭىز!*

*كېپىك ئاتقىلى تاڭغا چىقىپ،*
*ئىچتىم نان بىلەن قايماق.*
*يار تۇتسام تاغ قىزىدىن،*
*خۇيى ئەجەپ دومسايماق.*

**دۇشە:** ئوتياش-كۆكتات توغرايدىغان كىندىكى بار، كاساڭ شەكىللىك ياغاچ قاچا، مەزمۇت ياغاچتىن ياسالغان يۇمىلاق توغراش تاختىسى. قاسساپلارنىڭ گۆش چاناپ، گۆش پارچىلايدىغان كۆتىكى. م:

*پىياز چاناپ، گۆش توغراپ،*
*دۇشەم بىرلىپ كەتتى.*
*يارىنىڭ كۆڭلى نىمىشقا،*
*خەققە بىرلىپ كەتتى.*

**دۆش:** ئېتىزنىڭ سۇ چىقمايدىغان يېرى، لاي چۆشۈپ ئېگىزلەپ قالغان يەر. م:

*ئېتىزنىڭ دۆشنى ئېلىپ بولۇپ ئاندىن ئۇرۇق سالايلى.*

*ئاخشاملىقتا ئايدىڭدا،*
*ئېتىز قىرلاپ دۆش چاپتىم.*
*يارىم چىقماي ئۆيىدىن،*
*ئۆگزىسىگە تاش ئاتتىم.*

**دوغاپ:** قېتىق بىلەن موز ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان سوغۇق ئىچىملىك؛ دەرياغا كەلكۈن كەلگەن مەزگىلدە لاي-لاتقا ئارىلاش كەلگەن سۇنىمۇ «دوغاپ سۇ» دەيدۇ. م:

*يارىم ئىچىپ دوغاپنى،*
*يۈرىكىنى سەگىتسۇن.*
*كۆڭلى بولسا بىزلىگە،*
*گەپنى بوشراق ئەگىتسۇن.*

*كەلكۈن سۈيى دوغاپ سۇ،*
*ئېتىزغا لاي تاشلارمۇ؟*
*خالىدا سۆيەپ قويىسام،*
*يارىنىڭ كۆڭلى ياشنارمۇ؟*

**دۇناي:** مايماق، ئەگرى-بۈگرى. م:

*«دۇناي جىگدىدىن بادىرا چىقماس، دېھقان بالىسىدىن كادىر.»*

*ياغىچىلىك ئەگرى - دۇناي،*
*دۇناي بولسا مەن يۇناي.*
*بىرەر بولساڭ كۆڭلۈڭنى،*
*ھەممە شەرتىڭگە ئۇناي.*

**دوگنا:** ساراڭ قىتىش، دوق - دوق مىجەز ئادەم. م:

*ئەجەپ دوگنا مىجەز ئادەمتى،*
*قانداقمۇ چىقىشىپ ئولتۇرغانسىز؟*

**دۇزا:** تور. قارچۇغا، ئۆردەك قاتارلىق ئۇچار قاناتلارنى ئوۋلاش (تۇتۇش) ئۇچۇن مەزمۇت يىپتا توقۇلىدۇ. م:

*دۇزا قۇردۇم دۆڭ تۆپىسىگە،*
*قارچۇغا تۇتماق ئۇچۇن.*
*غۇنچە قىستىم يار چېكىسىگە،*
*كۆڭلىنى ئۇتماق ئۇچۇن.*

**دۇتىنىما** (دۇتىنىماق): قېيىداماق، خۇيلانماق. تولا قېيىدايدىغان ئادەمنى «دۇتلۇغ» دەپ تەنە قىلىدۇ. بەزى شېۋىلەردە «باتناش»، «باتنىماق» بولۇپ كېلىدۇ. م:

*دۇتناپ ھالىڭىز قالمىدى، ئەمما ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئەينا.*

*دۇتلۇغ ئادەم بىلەن چىقىشماق بىر تەسكەن، ئاسانلا دۇتنىشىپ كۆڭۈلنى ئارامدا قويمايدىكەن.*

*ئاغچام شولۇق،*
*مىجەزى دۇتلۇغ.*
*نېمانچىرا قىينايدىكىن،*
*بىۋاپا قۇتلۇغ.*

**دو:** دورى، ئىقبال، ئامەت؛ نۆۋەت. م:

*نىياز ھېكىمبەگ دو سۇرگەن چاغدا، يۇقرانىڭ كۆڭلى پەقەت ئارامدا تۇرمىغانىكەن.*

*ھەممە دەسمايىڭىزنى دوغا تىككەن بىلەن بولمايدۇ.*

*ئەمەس سىزنىڭ ئۇنىڭىز،*
*مەن قىچقىرسام «ئو» دېگەن.*
*ئويلاپ بېقىپ ئىش قىلىڭ،*
*كۇندە كەلمەس دو دېگەن.*

*شە ئالدىڭىز پو بىلەن،*
*يۇرت سورىدىڭىز تو بىلەن.*
*ئاداش بولماڭ زۇۋىلەن،*
*ۋاپا قىلماس دو بىلەن.*

**دىۋەڭ:** دۆت، ئەقىلسىز، ئەقلى ئاجىز ئادەم. م:

*ئاھ يارىم، جېنىم يارىم،*
*ئۆزى ئۇز لىۋەن يارىم.*
*ئىززىتىنى بىلمىگەن،*
*ئەقلى يوق، دىۋەڭ يارىم ...*

**دىرۋاڭ:** ئات ۋە باشقا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ جىم تۇرماي سەكرىشىدىكى ھالەت. بەزى شېۋىلەردە «دىرۋىلاڭ» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەجازىي مەنىدە: ئاچچىقىنى باسالماي چېچاڭشىماق، سەكرىمەك. م:

ئـەجەپ شاش ئات ئىكەن،
دىرۋاڭ سىلىپ مىنگىلى قويمىدى.
كۆندۈرمىگەن توپاقتەك دىرۋە-
لاڭلىماي تۇرنگا.
دىرۋىلاڭشىپ چاپار ئات،
يولدا بولساڭ نىرى قاچ.
يار مىنى سىغىنغانسەن،
بارغىنىمدا قۇچاق ئاچ.

**دىــڭگايماق:** نەرسىلەرنىڭ تىك ھالىتى، بېشىنى كۆتۈرمەك. تاغ شىۋىسىدە: تاغ چوققىسىدا ئادەم قارىسىنىڭ كۆرۈنۈشى. مەجازىي مەنىدە: ھاكاۋۇرلۇق، بويۇن قوپارماق. م:

ئاۋۇ دىڭگىيىپ تۇرغىنى نىمە-
كىنا ئۇ؟
چوققىدا بىر باش دىڭگايدى،
كىمكىنە ئۇ؟
ھۆرمىتىڭىزنى قىلساق بوشراق
دىڭگىيىۋىلىڭ، ماقما؟
ھەددىڭىزدىن ئاشتىڭىز،
سلاپ قويسا دىڭگىيىپ.
يولىڭىزغا ماڭارسىز،
ئەمدى بوشراق ھىڭگىيىپ.

**دىلكا:** نەققاش، تام-تورۇسلارنى گەج ئويما قىلىپ زىننەتلىگۈچى ھۈنەرۋەن. م:

دىلكا چاقىرىپ كەلدىم،
گۈل چەككىلى مۇرىغا.
دۈشمەن گۈيىنى سولايمىز،
ئۆزى قازغان ئورىغا.

**دىبـكـىـلىك:** بىرى كېلىك، مەيەرگە كېلىك. م:

دىبكىلىگا بالام، سىزگە دەيدى-
غان گىپىم بار.
دىبكىلىگا يارىم دىبكىلىگا،
لىۋىڭىزنى يىقىن ئەكىلىگا.
مىھرىمىزدىن شەرۋەت تۆكىلىگا
سىزگە يىقىن كۆڭلىمىز،
خۇشال ئۆتسۇن ئۆمرىمىز،
دىبكىلىگا يارىم دىبكىلىگا...

**دىــككاڭشىماق:** سەكرىمەك، ئۇيان - بۇيان ئۆتمەك. م:

بەك دىككاڭشىپ كەتتىڭىزغۇ،
ئىچىمنى ئېلىشتۇرۇپ.
يىتىم بالا دىككاڭشىپ،
كىتىپ بارار قوي بىلەن.
پوتىسىغا نان تۆگۈپ،
قولدا تاياق، نەي بىلەن.

**دىككىدە:** ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆز، بىر سەكرەپ، شاق قىلىپ. م:

مىنى ئىشقابۇيرىدى دەپ رەنـ-
جىمەي، دىككىدە بىرىپ كىلىڭا؟
تامغا چىقتىم دىككىدە،
بەرگە چۈشتۈم پوككىدە.
سۆيىۋالدىم يارىمنى،
ئىغىزىغا چوككىدە.

**دىـك** (ھەرىكەتنامە):

بىرەر نەرسىنىڭ تىكلەنگەن ھا-
لىتى، ئىككى پۇتلۇق ھايۋان-
لارنىڭ «دىك - دىك» قىلىپ
سەكرىشى. م:

*ۋارقىرىغاننى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟*
*ئورنىڭىزدىن دىك قىلىپ تۇرمامسىز؟*
*توشقاندەك دىكىلداپ ماڭغىلى*
*تۇردىڭىزغۇ ئەمدى؟*

*توشقان دىك-دىك سەكرەيدۇ،*
*بەسەي، تۇرۇپ جىق يەيدۇ.*
*بەسەي، تۇرۇپ بەرمىسە،*
*دادام مىنى چىق دەيدۇ.*

**دادىكام:** دادا، ئاتا؛ كې-
لىنلەرنىڭ قېيناتىسىنى ھۆر-
مەتلەش سۆزى، «دادىكا» بو-
لۇپمۇ كېلىدۇ. م:

*دادىكام ھەجگە ماڭماق بو-*
*لۇپ، يول مېڭىپ ئاران بالادا تەس-*
*تىق ئاپتۇ. شۇڭا بىزمۇ بىرەر - ئىك-*
*كى مىڭ كوي تۇتمىساق بولماس*
*دەپ، ئۆزلىرىدىكى پۇلنى بىرەرمىكىن*
*دەپ كەلگەن ئىدىم.*

*چاقتا ئىگىرىك يىپىم بار،*
*شەرۋانىغان ئېتىم بار.*
*ئەرگە تەگسەم ھۆرۈنكەن،*
*دادىكامغا گېپىم بار.*

**دادىي:** بالىلار تىلى،
«دادا» مەنىسىدە. م:

*دادىي، ۋېلىسىپتىمنىڭ چاقى-*
*سى ئېتىلىپ كەتتى، قاراپ بەرگىنە،*
*ئاكامغا دىسەم ئۇنىمىدى.*

**داپشۇنماق:** باغلاقتىكى
ئېتىنىڭ قاۋاپ سىلكىنىش ھا-
لىتى، خىرقىراپ ئادەم تالاشقا
خىرىس قىلىشى. مەجازىي مە-
نىسىدە: ئايرىۋەتسىمۇ ئۇنىماي
بىر-بىرىگە ئېتىلىپ تۇرغان
جېدەللەشكۈچىنى «داپشۇندى»
دەيدۇ. م:

*بۇ ئىت يامان، ئادەمنى كۆرسە*
*قاۋاپ داپشۇنىدۇ.*

*بولدى، ھەر ئىككىڭلار ئاچ-*
*چىقىڭلارغا ھاي بېرىڭلار، نېمانچە*
*داپشۇنۇۋېرىسلەر؟*

*قەنت تەمى — ناۋات تەمى،*
*يارىم دەملىگەن چايدا.*
*بىر چوكاننى تالىشىپ،*
*داپشۇنماقتىن نىم پايدا.*

**داپشاق:** يۈزى قېلىن،
ئىزا تارتىشنى ئۇقمايدىغان ئا-
دەم. م:

*«گېپى تولا شاق - شاق،*
*يۈزى قېلىن — داپشاق».*
*تېرىۋالدىم ئېگىزدىن،*
*بىر تاغاردا باشاقنى.*
*يار تۇتقانغا مىڭ پۇشمان،*
*يۈزى قېلىن — داپشاقنى.*

**دۆلەت:** راھەت - پارا-
غەت، باياشاتلىق؛ مەملىكەت -
يۇرت؛ ئۇ يەنە ئادەم ئىسمىمۇ

بولۇپ كېلىدۇ. م:
— ھارمىغايلا، سەپەر ئوبدان
ئۆتتىمۇ؟
— دۆلـەت زىيادە، ناھايىتى
ياخشى سەپەر بولدى.
ئەگە تەگسەڭ ماڭا تەگ،
دۆلەت كۆرەرسەن بەختىخان.
پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ،
تېزەك تېرەرسەن بەختىخان.

بۇ جاپانىڭ چېكى نەدە،
مۆھلىتىنى كۆرمىدىم.
ئۆي تۇتۇپ ساچىم ئاقاردى،
دۆلىتىنى كۆرمىدىم.

**دۆتـخانە:** تونۇرنىڭ شا-
مال ئۆرىدىغان تۆشۈكى. بەزى
شېۋىلەردە «داپخانا» دەپمۇ تە-
لەپپۇز قىلىنىدۇ. م:
دۇتخانىنى چىڭ كۆممەي،
نانىڭ ساقىقى كۆيدى.
ئۆز قاراسىدا كەلمەي،
يارىمدىن كۆڭۈل ئۆيدى.

**داۋا:** لـەت، ئـەدىـيىنى
بەرمەك، بىسقا قېقىش. ئەگەر
بۇ سۆز «داۋخور» بولۇپ كەل-
سە، «لەتخور، ئاھانەتكە ئام-
راق، ئىزا قېپى» ئۇقۇمىنى
بېرىدۇ.
ئۇنىڭ ھەر ئىككى بوغۇمى
تېز، ئۇزۇك ۋە جاراڭسىز تەلەپ-
پۇز قىلىنىش ئارقىلىق، «مەل-
ھەم، شىپا» مەنىسىدىكى «دا-
ۋا» (بۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى بو-
غۇمى تېز ۋە ئۇزۇك، كېيىنكى
بوغۇمى ئېغىزنى يوغان ئېچىپ
جاراڭلىق ئېيتىلىدۇ) دىن
پەرقلەندۈرۈلىدۇ. م:
ھاي دېسە ئۇنىماي داۋڭىزنى
يېگەنسىز!؟ خوپ بولدىما!؟
بەك داۋخور بوپقاپسىز، ئىزامۇ
ئۆتمەيدىكەن سىزگە.
ئۇلۇشكۇنمۇ دېدىڭىز،
تونۇگۇنمۇ دېدىڭىز.
بى سىناقنى يار تۇتۇپ،
داۋىڭىزنى يېدىڭىز.

**داۋىسىنى بەرمەك:** ئەدەپ-
لىمەك، ئەدەپلەپ قويماق. م:
مەن بىلەن تولا غىزىلدىشىۋې-
رىدىغان بولسا، قاراپ تۇرسۇن داۋى-
سىنى تازا بېرىپ قويىمەن!
باغلاپ قويدى ئېغىلغا،
ئالا ئىنەكنىڭ بالىسىنى.
چوڭ سۆزلىگەن نوچىنىڭ،
بېرىپ قويدى داۋىسىنى.

**داۋىغان:** تاغ، يايلاقلاردا
بولىدىغان ئوتخور ھايۋان. ئۇ-
نى بەزى رايونلاردا «بورسۇق»،
«سوغۇر» دەپمۇ ئاتايدۇ. تېبا-
بەتچىلىكتە ئۇنىڭ يېغى ئىس-
سىق دەپ قارىلىپ، پالەچ (پا-

رالىچ) بولۇپ قالغانلارنىڭ پۇ-
ت-قولىنى ياغلاشقا ئىشلىتىلى-
دۇ. م:

*داۋىغاننىڭ يېغى ئىسسىق،*
*ياغلاپ بېرىڭ ئالقاننى.*
*ناۋاقىچە ئېيتىسىز،*
*مېنى ئالداپ، يالغاننى.*

**داۋىغاز:** مۇبالىغىچى،
كۆپتۈرۈپ سۆزلىگۈچى. م:

*ئۇ ناھايىتى داۋغاز ئادەمكەن،*
*بارنىمۇ - يوقنىمۇ دەۋېرىدىكەن.*
*ئايدىڭكۆلدە ـــ سازلىقتا،*
*ئوتلايدىكەن ياۋا غاز.*
*تېپىلارمۇ ئالەمدىن،*
*ساڭا ئوخشاش داۋغاز.*

**داۋزا:** دەرۋازا، ئىككى
قاناتلىق ئىشىك. قاناتلىرى ۋە
ئەتراپىدىكى راملىرى ئالاھىدە
گۈل - نەقىش بىلەن ياسىلى-
دۇ، بەزى جايلاردا تۆمۈر ياكى
تۈچ بىلەن قاپلايدىغان ئەھۋال-
لارمۇ بار. م:

*كېچە مەسچىت ئالدىدىن ئۆ-*
*تۈپ كېتىۋاتسام مەسچىتنىڭ داۋزى-*
*سى ھاللاك تۈرۈپتۇ، ئۆزلىرىنى قە-*
*دەم باستىمكىن دەپتىمەن.*

*قوش قاناتلىق داۋزاڭنى،*
*چېكىپ ئۆتسەم بىلمىدىڭ.*
*مەن سېنى ئىززەتلىسەم،*
*كۆزۈڭگە ھېچ ئىلمىدىڭ.*

**دانچۇق:** چاشقان،
قۇش-قاناتلارنى تۇتىدىغان قىس-
ماقنىڭ يەم-دان باغلاپ قويىدى-
غان جايى. بەزى شېۋىلەردە
«دانچۇك» دەپ تەلەپپۇز قىلى-
نىدۇ. م:

*ئۇرۇق كولاپ يەپ كەتكەن*
*كېپىنى تۇتاي دەپ قوغۇنلۇققا قىس-*
*ماق قۇرغان ئىدىم، دانچۇققا قولۇم*
*تېگىپ كېتىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى،*
*شۇڭا تاڭدۇرغىلى ماڭدىم.*

*قىسماق قۇرۇپ خامانغا،*
*يەم چەگدىڭمۇ دانچۇققا.*
*نادان چاغلىما بىزنى،*
*سالالمايسەن يانچۇققا.*

**دايمال:** كونا پاسۇندىكى
شال-تاختاي ئىشىكلەرنىڭ ئىك-
كى يېنىغا قوشۇپ ئورناشتۇ-
رۇلغان ياپسا ياغاچ؛ مېۋىسىنى
كۆتۈرەلمىگەن دەرەخ شاخلىرد-
نى سۇنۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن
تىرەپ قويغان ئاچا ياغاچنىمۇ
«دايمال» دەيدۇ.

**داقاغ:** ياغاچ قۇرۇلمى-
لىق ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈك ئارىلى-
قىغا قېقىلىدىغان مۇھاپىزەت يا-
غىچى. ئۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ مەھ-
كەملىنىشىنى تەمىن ئېتىدۇ ۋە
ئۆينىڭ` بىرەر تەرەپكە قېيىپ
كېتىشىدىن ساقلايدۇ. بەزى

جايلاردا «تاقاغ» دەپمۇ تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ. م:

*ئەنجان ۋەدىك ئۆي سالدىم،*
*مەھكەملەپ داقاغ تارتىپ.*
*مەن بۇ يەردە ساقلاغلىق،*
*سەن ئۇينامسەن ھال تارتىپ؟*

**دالتەك:** چېقىمچى، گەپ
توشۇغۇچى، ئارىدا گەپ يۈرۈش-
تۈرۈپ ئىزا تېرىيدىغان ئادەم.
چاپانچى. م:

*يىپ يۆگىسەم غالتەككە،*
*چۇشۇپ كەتتى كاتەككە.*
*ئىككى داچەن شاڭ بارمۇ،*
*گەپ توشىغان دالتەككە.*
*«تائامنىڭ ئەسكىسى نانتەك،*
*ئادەمنىڭ ئەسكىسى دالتەك».*

**دالۋاي:** كۆز - كۆز قىد-
لىش، ئورۇنسىز داڭلاش، كې-
رىيە تەرەپتە «دالۋان» دەيدۇ.
م:

*تېپىلماسنىڭ خورمىسىدەك*
*ئەجەپ دالۋاي چۆرۈپ كەتتىڭىزغۇ*
*ئۇ بىر نېمىڭىزنى!*
*قولۇڭىدىكى سىنچايىنى،*
*داستىخانغا ئۆرمە.*
*تومۇچۇقتەك يارىم بار،*
*خەقنى دالۋاي چۆرمە.*

**دامبۇ:** سۇ ئامبىرى ۋە
ئۆستەڭنىڭ توسۇلۇپ تومىلىد-
غان قېشى. م:

*ئەتە ھەممىمىز سۇ ئامبىرىغا*
*دامبۇ سوققىلى بارىدىكەنمىز.*
*نەچچە ئاي ئىشلەپ سانجۇدا،*
*شىغىل توشۇپ دامبۇغا.*
*تاغقا چىقساق يار بىلەن،*
*ئەجەپ قالدۇق يامغۇردا.*

**دارا:** ئۇدۇل، نەق،
دەل. ئىككى چېقىل (داۋان)
نىڭ ئارىسىدىكى ھاڭ، جىلغا.
م:

*مۇشۇ يولدىن چەتنەمەي دارا*
*ماڭسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىسىز.*
*«...پەھلىۋانى قاتىل ئىككى*
*چېقىل ئارىسىدىكى دارىدىن شۇنداق*
*ئۆتتۈشىگە، ئالدىنى بىر توپ لەش-*
*كەرلەر توسۇۋاپتۇ.»*

*تاغنى ئايلىنىپ،*
*ئۆتتۈم دارادىن.*
*يارىم كېچىكتى،*
*بەرگەن قارارىدىن.*

*يارىم مېنى قىچقىرامىش،*
*دارا كەلسۇن دەپ.*
*داكا ياغلىق ئالغاچ باردىم،*
*ھېيتتا چەگسۇن دەپ.*

**دامبۇلخور:** پوچى، ئۆزد-
نى - ئۆزى ماختايدىغان، ئەمما
قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئا-
دەم. م:

*قانداغا دامبۇلخور، ماڭا ھېچ-*

كىمنىڭ كۇچى يەتمەيدۇ دەپ يوغان
چـىـچاتتىڭىز، كىچىككىنە بالىنىڭ
ئاستىدا ياتىسىزغۇ؟

دامبۇلخور پوچى،
سۆزىڭىز نوچى،
تۇتقان ئاشىڭىز،
جاڭگالدا قوچى

**دامبۇل:** لاپ، پو. م:
يامان دامبۇل قىلىپ كەتتى-
ڭىز، كىلىڭگا قىنى، ئىككىمىز بىر بەل
تۇتۇشۇپ باقايلى!

هاڭگۇ تىرەك جام بولا،
ياختا بىپتا خام بولا.
كۆرۈپ قويدۇق سىزنىمۇ،
ئەمدى ئاتماڭ دامبۇلا.

**داملىماق:** ماختاپ ئۇ-
چۇرماق، داڭ-تۆسىپىنى قىلى-
ماق. م:
ئۇنىڭ كۇنى دائىم كىشىلەرنى
داملىماق بىلەن ئۆتىدۇ.

دەزمال سالدىم كۆينەككە،
چاي دەملىدىم چەينەككە.
يار ئۆزىنى داملايدۇ،
قاراپ باقسۇن ئەينەككە.

**دام:** قىلتاق، ھىيلە-
مىكىر. م:
بوپتۇ، بۇ قېتىم خەقنىڭ دا-
مىغا چۈشۈپتىمەن ئەمدى...

قاراپ باققىن تاۋىڭغا،
ئىشەنمىگىن دامىڭغا.
ئەمدى ھەرگىز چۈشمەيمەن،
سىنىڭ قىلتاق-دامىڭغا.

**دەپمە:** نۆۋەت، قېتىم
(داپخور بىلەن ئوخشاش). م:
دادا، بۇ دەپە ئىشىنىڭ بولىنى
بىلمەي، سودىدا زىيان تارتتىم.

ئۆزۈن كۇن ئۆتۇپ كەتتى،
ئولتامدۇق ھە-يە دەپ.
قاچانغىچە گوللايسىز،
كىلىدىغان دەپە دەپ؟

**دەپسەن:** پىيما، دەپ-
تۇن. م:

پۇتۇڭغا كىيىپ دەپسەن،
پاتقاقنى كىچىپ كەپسەن.
بىزنى كىم يامان كۆرسە،
بولغاي يەر بىلەن يەكسەن.

**دەگلىگ** (دەگلىك):
ئاللىقاچان ئېيتىپ قويغان،
دەپ قويغان گەپ-سۆز. م:
ئۇ ئانىسىغا بۇ گەپنى ئاللىقا-
چان دەگلىگ.
ئۇنى بەك ئاغزى چىڭ چاغلى-
ماڭ، ئىشەنمىسىڭىز كۆرۈپ باقارمىز،
بىزگە «دىمەيمەن» دەپ قويغىنى
بىلەن خەققە دەگلىگ.

كۆنچى ئۇستام تىرىنى،
غولىقىدا ئەيلەگلىگ.
يارغا قىلغان سۆزۈمنى،
يەڭگىسىگە كەچ دەگلىگ.

**دەگىسىز:** ئېيتىشقا ئول-

ـگـۈرمىگەن، ئېيتىقسىز قال-
غان، چالا قالغان گەپ. م:

بىر گەپنى دەگسىز قاپتىمەن،
ئەتە غۇنچەمنىڭ تويى بولىدىكەن.
ئىككىمىزنىڭ يۈرىۋاتقىنىمىزنى
تېخى ئانامغا دەگسىز. كېيىنچە دې-
سەممۇ بولار.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى،
سانىسام چەكسىز.
يارغا مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈم،
ئانىسغا دەگسىز.

**دەپتۈن:** يـۇڭنى پىش-
شىقلاش ئارقىلىق تەييارلىنى-
دىغان قىشلىق ئاياغ، بەزى
شېۋىلەردە «پىيما» دەپ تەلەپ-
پۇز قىلىنىدۇ. م:

دەپتۈن كىيىپ قار كېچىپ،
پاچاق تالدىمۇ يارىم؟
قارىغىدەك ھالىڭ يوق،
كۆڭلۈڭ قالدىمۇ يارىم؟

**دەپتىن:** ئەتلەس توقۇش
دۇكىنىغا تارتىلغان مەشۇت
يىپنى ئۈرۈپ چىڭدايدىغان تو-
قۇش سايمىنى. م:

دەپتىننى ئۈرۈك چىڭراق،
خان ئەتلەس توقار چاغدا.
يۈرەكنى قىلىڭ چوڭراق،
ئوينايلى بېگى باغدا.

**دەلتە:** دەلدۈش، زېھنى-
دىن ئازغان، مەجنۇن قېتىش
ئادەم. م:

تازا بىر دەلتە ئادەممۇ نېمە -
بۇ، بىكارغا ھجىبىپ يۈرىدىكەن.

كۆزلىرىڭگە كۆزنى تىكسەم،
دەلتە چاغلاپ قاچما يار.
ئۆتنە ئالەم بۇ، بىكارغا
ئوتقا ياغنى چاچما يار.

**دەميان:** دېھقان ئۆيلىرى-
نىڭ قاناتلىق ئىشىكلىرىنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ئورناشتۇرۇل-
غان دەم (يان) ياغاچ. م:

ئىشىكنىڭ دەميان ياغىچى بو-
شاپ قاپتۇ. قۇرت يىگەن بولسا كې-
رەك، ئالماشتۇرۇۋېتەيلى.

ئىشىكىڭدىكى دەميانغا،
ئۇرۇس مىخى قاقىلى.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە،
بىزمۇ ئويناپ باقىلى.

**دايىناماق:** تايىناماق، قو-
لىغا ھاسا ياكى ياغاچ ئېلىپ
شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ماڭماق.
م:

قولۇمدا دايىناماققا ئېلىۋالغان
ھاسا بولمىغان بولسا، ھاشىملارنىڭ
ئىتى مېنى تالاپ قوياتتى.

ئەگمەچ ھاسا - ھۆل ھاسا،
دايانسىڭىز سىندىمۇ؟
ئارىمىزغا جان يارىم،
خوجا - تىكەن ئۈندىمۇ؟

**دەم:** ئـىشىك - دەرۋازى-

لارنى ئىچىدىن بېكىتىشكە تىد-
رەپ قويىدىغان ياغاچ؛ تىنىق.
هاردۇق؛ ۋاقىت ئۇقۇمىنى
بىلدۈرىدىغان رەۋىش. م:
*ئىشكىنىڭ ئىلغۇچى سۇنۇپ*
*كېتىپتۇ، شۇڭا دەملەپ قويدۇم.*
*كەنت مۇدىرى ئايرىپ بەرگەن*
*يەرنى تۈزلەپ بولۇپ، بىردەم دەم*
*ئالغاندىن كېيىن، يەنە باشقا يەرنى*
*تۈزلىدۇق.*
*ئىشىك ئىچىدىن دەملەگلىك،*
*يان ياغاچقا يەملەكلىك.*
*لەۋزى يالغان شۇ يارىم،*
*مەن ساقلىسام كەلمەگلىك.*
*«ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە*
*بېقىپ دەم».*

**دەللەڭ:** مەرد، گەپ-
سۆزى جايىدا، ئوچۇق- ئاشكا-
را. م:
*ئۇنىڭ ماڭا هەممىدىن بەك*
*ياقىدىغان يېرى گەپ- سۆزىنىڭ*
*دەللەڭلىكى.*
*سىزنى مەن چاغلاپتىمەن،*
*ئوبدان يىگىت، دەللەڭ يىگىت.*
*لەۋزى يالغانلىق ياراشماس،*
*بىزنى بوش پەللەڭ يىگىت.*

**دەمبەس:** نىيەت، ئىرا-
دە، غەيرەتكە كېلىش. م:
*هەممىمىز بىرلىكتە دەمبەس*
*قىلساق، بۇ ئىشنى بىر دەمدە تۈگى-*
*تىمىز.*
*تاش توشۇدۇق ئاچچىغىدىن،*
*هە- هۇ بىلەن دەمبەستە.*
*يارىم كەتتى يامانلاپ،*
*تارتىپ بىزنى سۆيمەستە.*

**دەڭگىرەك:** ئۆزى كىد-
چىك، ئەمما گېپى چوڭ، پو-
چى، گەدەنكەش كىشى. م:
*ئۆزىنىڭ بويىنىڭ كىچىكلىكىد-*
*گە باقماي، چوڭ گەپ قىلىدىغان*
*تازا بىر دەڭگىرەك نېمىكەن ئۇ.*
*ئىشىك ئالدى تال تېرەك،*
*تال تېرەككە سۇ كېرەك.*
*چاغلاپ يۈرگىن ئۆزۈڭنى،*
*هالى يوغان دەڭگىرەك.*

**دەسمى:** تىجارەتكە سې-
لىنغان مەبلەغ، ئانا پۇل- سې-
لىنما، دەسمايە. م:
*نېمىدىن قورقىمىز، چۆكۈپ*
*كېتىدىغان دەسمى يوق.*
*«دەسمايەڭ ئاز بولسا، تىجا-*
*رەتنى كىچىك ئىشتىن باشلا».*
*يازدا ئويىنايلى جىنىم،*
*باغدا ئويىنايلى خېنىم.*
*دەسمىيىمنى ئاز كۆرسەڭ،*
*كۈزدە ئويىنايلى خېنىم.*

**دېۋەز:** ئۈنى ئايرىۋېلىند-
غان بۇغداي كېپىكىدىن قايتا
تاسقاپ چىقىرىلغان قىزىل
ئۇن. ئىلگىرى ئاچارچىلىق زا-

مانلاردا ئۇنىڭدا يوقسۇللار نان
يېقىپ يېگەن. م:
*تېمىستىن دەيتلا، ئۇنىنى تاس-
قاپ ئېقىدا ئايدا بىر قېتىم ئاقلىق
ئەتتۇق، دېۋىزىدە نان يېقىپ باللا-
رنىڭ قورسىقىنى گوللاپ تۇردۇق.
ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا نان دەپ ئاچد-
قىشقا يۈزۈم كۆيىدى.*

*كەپتەر قوندى پەغەزگە،
پاختەك قوندى پەغەزگە.
قانداق قىلاي باللىرىم،
نان ياقمسام دېۋەزدە.*

**دەرەپــــشە:** موزدۇزلارنىڭ
ئاياغ كىيىمنى تىكىش ئۇچۇن
ئىشلىتىدىغان ئەسۋابى. م:
*شــۇنچە يۇمشاق خورۇمغمۇ
دەرەپشە ئۆتمىدى دەپ، سۇ پۇركۇپ
چۆپتەك هۆل قىلىۋېتىپسىز، ئۇنىڭ-
دىن قىلىن پاشنلەرنى سوغا چد-
لامسىز؟*

**دۆك:** ئۇلگۇجە، ھەممد-
سى، بىراقلا. م:
*بوپتۇ، بۇ مالنىڭ ھەممىسىنى
مەن دۆك ئالاي.*

**دىــــرەۋزۇن:** گېئومېتىد-
رىك شەكىلدە ياغاچتىن گۈل
ياساپ چىقىرىلغان توسۇق تام.
ئۇ دالانغا، ئۆينىڭ سىرتىغا قا-
رىتىلغان تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلىدۇ. دىرەۋزۇن ھەر خىل
چاسا شەكىللىك گۈل نۇسخد-
لىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان
بولىغاچقا، ئادەمگە بىر خىل
گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلاي-
دۇ. هازىرقى كۈندە دىرەۋزۇن
ياسايدىغانلار كۆپ قالمىدى.
م:

*دالانىڭدا دىرەۋزۇن،
سارايىڭدا سىم كاتۇ.
مەندىن ئاجرىشىپ كەتسەڭ،
سەن جۇمباقنى كىم ئاتۇ.*

**دېــينماق:** بىر نەرسىگە
يۆلەنمەك، تايانماق. م:
*ئانام قىرىپ كۆچىدىن كەتتى.
هاسىغا دېينمىسا ماڭالمايدۇ.*

**دېۋنمەك:** ئات - ئۇلاغ-
لارنىڭ بىقىنىغا سۇنچاقلىماق.
ئېگىز چېقىل - داۋانلارغا يا-
ماشماق (بۇنى تاغلىقلار «تاغقا
دېــۋندۇق، دېۋىپ ماڭدۇق»
دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ). م:
*بىر قوتۇر ئېشەككە مىنىپتد-
كەنمەن، بىر قېتىم دېۋىپ قويسام
تۆت قەدەم سوكۇلداپ يەنە توختاي-
دۇ. بەك تالجىقتۇرۇۋەتتى.*

*ئۆرىگە دېۋەپ ماڭدىم،
تۆۋەنگە ئېقىپ.
ئۇسساپ كەلدىم، چاي قىلغىن،
كالاڭنى سىغىپ.*

**داچــەن:** بــۇرۇنقى پۇل،

مىس يارماق. ئاتالغۇ جەھەتتە «پۇل» نى «داچەن» دەپ ئو-مۇملاشتۇرۇپ ئاتايدۇ. بىر دا-چەننى «بىر پۇل» دەپ پەرقلەن-دۈرىدۇ. مەجازىي مەنىدە: پىخ-سىق ئادەمنى «داچەننىڭ تۆشۈ-كىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغى-نى» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. م:

*تەپكۈچ ئەتسەم داچەندە،*
*چۈشۈپ كەتتى ئۆگزەڭگە.*
*نېمانچىزا قېبىدايسەن،*
*ئاران بىرنى سۆيگەنگە.*

**دەكچە:** كىچىك قازان (قورۇما-قورداق قورۇشقا ئىش-لىتىدىغان). م:

*ئالما تىزدىم تەكچىگە،*
*قورىما ئالدىم دەكچىگە.*
*تەڭ كەلگىلى بولامتى،*
*ئۇماق يارىم ـــ گەپچىگە.*

**دۇمبە:** قوينىڭ قۇيرۇق مېيى؛ ئادەمنىڭ ئۆچىسى. م: *«ئەتىكى دۇمبىدىن، بۇگۈنكى ئۆپكە ياخشى». «تاپىنى قېچىشسا، دۇمبىسىنى قاشلاپتۇ».*

*سۇيى تاغدىن گۆشگىردە،*
*پىيىزى باغدىن گۆشگىردە.*
*كەلسىلە ئالسىلا،*
*بىرنى يەپ باقسىلا،*
*دۇمبىدە ياققان گۆشگىردە.*

*دۇمبەمگە مىندۇرسەم سىبنى،*
*ھەر جايدا كۆلدۈرسەم سىبنى.*
*خالىغان چاغدا سۆيەردىم،*
*باغرىمغا ئۇندۇرسەم سىبنى.*

**دۇمبەلچەك:** ئېگىزرەك جاي، ئېگىز - پەس دۆڭلۈك (دۇش بىلەن ئوخشاش). بەزى ئادەملەر دوڭغىيىپ تۇرۇپ دۇمبىسىگە باشقىلارنى چىقىرىپ قولى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىشقا ياردەم قىلىشنىمۇ شۇن-داق ئاتايدۇ. م: *تاۋداندىكى كىتابنى ئالالماي، ئاخىرى ئاكام دۇمبەلچەك بولۇپ بەرگەندە ئاندىن ئالدىم.*

*ئېگىز ئىكەن سەگۈنچەك،*
*بولۇپ بەردىم دۇمبەلچەك.*
*سەگۈنچەكنىڭ ئىچىدە،*
*سۆيۈۋالدى كۆلگۈنچەك.*

**داپەندى:** پىرە ئويۇنىدا قوشاق ئېيتىپ، داپ چالىدى-غان كىشى.

**دامان:** گىردە ناننىڭ بىر خىلى. گىردىگە قارىغاندا يۇزى كەڭرەك ئېچىپ يېقىلىدۇ. م:

*دامان ياقتۇرۇپ كەلدىم،*
*قايماقتا ملەپ يەمسىز.*
*سىزنى دەپ ساراڭ بولدۇم،*
*ئوينابىسز كۆلۈپ غەمسىز.*

**داق يەر:** قاتتىق يەر، كىگىز - كېچەك سېلىنمايدىغان يەر. م:

*داق يەردە ئولتۇرۇپ قالدىڭىز،*
*خاپا بولماسسىز.*
*خوتەن قىبىي قۇملۇق يول،*
*ئاتنى چاپتۇرۇپ هەيدە.*
*نازىڭنى كۆتۈرمەيمەن،*
*كۆزۈمدىن يىت داق مەيدە.*

**داقىراتما:** لەگلەكنىڭ بىر خىلى، ئۇچۇرغاندا داقىراپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. م:

*— دادا، ماڭىمۇ سەمەتنىڭ لەگلىكىدەك داقراتما قىلىپ لەگلەك ياساپ بەرسەڭ.*

**داقىراتماق:** قول-پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي سۆرەپ تارتىپ ماڭماق. م:

*بىچارىگە ئەجەب ئىچىم ئاغرىدى. ئۇنى داقىرتىپ سۆرەپ ئېلىپ كەتتى.*

**داڭگال:** چالما، بۇغداي-قوناق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئېتىزدىكى توپا ئاستىدا قېپقالغان كۇتىچەك. م:

*«توخۇ داڭگال چۇشەپتۇ،*
*ئۆچكە جاڭگال.»*
*داڭگال ئاتسام ئالماڭغا،*
*چۇشۇپ كەتتى كۆلچەككە.*
*سەن مىنى يامان دەيتىڭ،*
*تېگىشىۋاپسەن لۇكچەككە.*

**دالان:** كەڭرى قىلىپ سېلىنغان يازلىق تاشقىرىقى ئۆي. م:

*هۇجرىدىن چىقسام دالانغا،*
*قويتى يارىم جايىدىن.*
*باغلىۋاپتۇ بىلىگە ياغلىق،*
*چۇچلىق ئاق شايىدىن.*

**دەيپارى** (دەريايى) : بەقەسەمنىڭ بىر خىلى، يوللۇق يىپەك رەخت. م:

*مەخمەل چاپان، شايى تامبال،*
*دەيبارى كۆينەك.*
*بىزگە قاچان نىسىپ بولار،*
*شۇ يارنى سۆيمەك.*

**دىڭگوس:** ئاقساق، دىڭگوك. پۇتى زەخىم يېگەن ئادەمنىڭ ئاقساپ پۇت سۆرەپ ماڭغان هالىتى. م:

*دىڭگوسلايسىز، پۇتىڭىزغا*
*تىكەن كىرىدىمۇ؟*
*ئاخشام نەگە يوقالدىڭ دەپ،*
*قىستاپ ئۇرىدىمۇ؟*

**دىستىلىمەك:** خېمىرنى ئەيلەپ پىشۇرماق. باشقىلارنى مىنىۋېلىپ تىزلىماق. م:

*خېمىرنى دىستىلەپ تازا ئەيلەسە، نېنى يېيىشلىك بولىدۇ.*

*ئۇنىڭ مەيدىسىگە تىزىمنى قويۇپ راسا بىر دىستىلەپتىم، توگ-*

*غۇزدەك چىرقىراپ كەتتى.*

**دۇگىجىمەك:** ئالدى - كەينىگە مۇدۇرىمەك. م:

*هاراق ئىچىپ مەست بولغاندەك ئالدى - كەينىڭىزگە دۇگجۇپ يۇرىسىزغۇ؟*

*هاراق ئىچىپ دۇگجۇپ يۇرۇپ،*
*يولدا قاپتىمەن.*
*مەستلىكىمدىن بوشىغاندا،*
*مۇزلاپ قاپتىمەن.*

**دۇكان ياغىچى:** گىلەم، ئەتلەس دۇكانلىرىغا تەييارلانغان ياغاچ. م:

*ئوتان قالمىدى دەپ، دۇكانلىق ياغاچنى بىرىپ قالايدىغان ئىشمىدى؟*

**دۇكان پاچىقى:** گىلەم توقۇيدىغان دۇكان قۇرۇلمىسىنىڭ ئىككى ياندىكى تۈۋرۈك ياغىچى.

**دۇكان گۇندىسى:** گىلەم دۇكىنىنىڭ تەگلىكى.

**دۇكان قىلپى:** گىلەم دۇكىنىنىڭ ئارقاق يىپى ئاراشلىرىنى ئايرىيدىغان ياپىلاق شال ياغاچ.

**دۇكان:** توقۇمىچىلىق (خام، شايى، ئەتلەس، تاغار، گىلەم...) دۇكىنى. م:

*ئەتلەس تارتىم دۇكانغا،*
*گىلەم تارتىم دۇكانغا.*
*كۆڭلۈم باغلىنىپ قالدى،*
*نازى تولا چوكانغا.*

**دۇقال:** دۇچ كېلىدىغان توسقۇنلۇق. پەسىل ئۆزگىرىش مەزگىلىدىكى بوران - چاپقۇن. م:

*هارۋىڭىزدا چۇقال بار،*
*ئالدىڭىزدا دۇقال بار.*
*قىز بالىغا كۆز قىسماڭ،*
*پۇتلىشىدۇ - ساقال بار.*

**دوداي:** كالپۇكى سېمىز، دورداي كالپۇك. م:

*دوداي كالپۇك، ھەڭگاڭ چىش،*
*داۋزا قۇلاق، ئورا كۆز،*
*مىنى ياردىن ئايرىغان،*
*رەھىمسى يوق قارا يۈز.*

**دۆر** (دۆرى): ئەتلەس توقۇيدىغان بوياپ - رەڭلەپ تەييارلانغان مەشۇت يىپنى تۇردىغان مەخسۇس چاق.

**دوكا:** تىجارەت، سودا - سېتىقى ئېقىش تاپقان، سودىدا سۇرۇپ ماڭغان كىشى (ھەر ئىككى بوغۇم سوزۇپ ئېيتىلىدۇ).

**داڭقان:** قېلىن قىلىپ قۇيۇلغان كىچىك قازان، ئۇنىڭ قۇلاقلىق ۋە پاچاقلىقلىرى بار. ياشانغانلار داڭقاندا پىشۇ-

رۆلغان تائام مەززىلىك بولىدۇ
دەپ قارايدۇ. م:

*گۆش پىشۇرغان داڭقانغا،*
*ئۇماچ چالمىغىن يارىم.*
*كىچىككىنە بۇ جانغا،*
*دەردنى سالمىغىن يارىم.*

**داڭقانپۇتى گەپ:** بېشى
بىلەن ئاخىرى زىت گەپ، قو-
لاشمايدىغان سۆز. م:

*ئاغزىم بار دەپ ئۇنداق داڭقان-*
*پۇتى گەپ قىلساڭلار، بىز كۆتۈرەل-*
*مەيمىز.*

ئۇجمىنى بەك جىق يېمەڭ،
ياتقۇزىدۇ تەپ قىلىپ.
كۆڭلۈمنى زىدە قىلماڭ،
داڭقانپۇتى گەپ قىلىپ.

**داش** (داشقازان): چوڭ
تاۋابگاھلاردا شىلان قاينىتىشقا
ئىشلىتىدىغان مەخسۇس قازان.
چىرا ناھىيىسىدىكى «ئىمامى
غەززالىم مازىرى» دا 50 چارەك
(900 جىڭ) گۈرۈچنى دەم
ياتقۇزۇشقا بولىدىغان بىر داش
قازان بولۇپ، ئۇ 1870 - يىل-
لىرى قەشقەردە قۇيۇلۇپ مەز-
كۇر جايغا ۋەخپە قىلىنغان. بۇ
قازان ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك
مۇزېيدا ساقلانماقتا. م:

*سۇمەگە ئېسىپ داشنى،*
*قايناتتۇق شىلان ئاشنى.*
*يارىم سىلماس بولدى،*
*بۇ مىسكىن، غېرىپ باشنى.*

**داش** (داشمان): جۇغرا-
پىيىلىك جايلىشىشى قازان شە-
كىللىك ئويمان يەر. كېرىيە نا-
ھىيىسىدە «تاغداشمان»،
«سۆكە داشمان» نامى بىلەن
ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يەر نامل-
رى بار. م:

*تاغداشماندىن ئاشقۇچە،*
*ئېشىكىم ھېرىپ قالدى.*
*يارىمنى سۆيەي دېسەم،*
*سىڭلىسى كىرىپ قالدى.*

**داشقايناق:** قالايمىقان،
تەركىبى مۇرەككەپ سۆز ۋە
ئىش؛ باش - ئاخىرىنى ئايرىغى-
لى بولمايدىغان ھادىسە. م:

*ناھايىتى بىر داشقايناق ئىشنىڭ ئى-*
*چىگە كىرىپ قالدىغۇ كىشى؟*

**دىغراپ قالغان:** ھايۋان-
لارنىڭ كۆيلەش - تۇتۇلۇش
مەزگىلىدىكى جىنسىي تەلپى
ئېشىپ قالغان ھالىتى. مەجا-
زىي مەنىدە: ئەرگە تەگكۈسى
كېلىپ قاپتۇ دېگەننى «دىغراپ
قالغان» دەپ ھەجۋىي قىلىدۇ.

**دەگلىگ:** «دەپ قوياغ-
لىق، ئېيتىپ قوياغلىق، دەپ
ئويلاغلىق، ئېيتىغلىق» دېگەن
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. م:

— خەلپە جامايىغا دېمىگەنـ
مىمۇ؟
— ھەممىسىگە دەگىلىگ، ئاڭـ
لىغان.
— بىزنى بۇ يەرگە كەلمەيدۇ
دەگىلىگ، شۇڭا ئۆزىمۇ كەلمىگەن
گەپ.
**دېۋىپ مېڭىش** (دېۋىنىپ
مېڭىش) : ئېگىزلىكلەرگە چىقىش
ئۈچۈن ماڭغاندا جان-جەھلى بىلەن
كۈچىنىپ (دېۋىنىپ) مېڭىش.
ئات ۋە ئېشەكلەرنى مىنگەندە، ئىكـ
كى پاچاق بىلەن ئۇلاغنىڭ ئىككى
بىقىنىغا نىقتاپ (دېۋىنىپ) مېـ
ڭىش. دېۋىش بىلەن تېز كەتكەن
ئۇلاغنى «دېۋىپ كەتتى» دەپ ئاتايـ
دۇ. م:
*— تېز بول، ئاتنى دېۋىت،*
*سول تەرەپكە قاچايلى.*
**دومسىيىش:** قېيداش،
نارازى بولۇپ تۇرۇۋېلىش. م:
*بۇ خېنىم ئەتىگەننىڭباقى دومـ*
*سىيىۋالدى، قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى.*
*قانداق، دومسىيىپ قاپسىزغۇ،*
*بىرسى بىلەن بىرنىمە دېيىشىپ قالـ*
*دىڭىزما؟*
*ئانا، ماڭا ئېلىپ بېرىدىغان*
*قىزىڭلار ئوچۇق چىراي، خۇش كۆـ*
*ڭۈلراق بولسۇن، دومسايغاق خوتۇن*
*بىلەن بىر ئۆيدە تۇرماق تەس.*

## ر

**راخاپ:** خوتەندە قېتىق
ئارىلاشتۇرۇلغان مۇز سۇيىنى
راخاپ دەيدۇ. م:
*ئەتىگەندىن كەچكىچە،*
*ئىشقايلامنى ئەگىبىسىز.*
*بىكار يولنى ئاز مېڭىپ،*
*راخاپ ئىچىڭ سەگىبىسىز.*
**راخنا:** ئەسلىي يالـ
ڭاچ، ئۇياتلىق ھالەتنى ئىپادىـ
لەيدىغان رەھنە (بەرەھنە) سۆـ
زىدىن كەلگەن. ئەمما تۇرمۇش
ئىستېمالىدا بۇزۇلغان، كېـ
رەكسىز بولۇپ كەتكەن نەرسىـ
لەرنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىدۇ.
م:
*ئەمدى بۇ نەرسىنى ئىشلەتكىـ*
*لى بولمىغىدەك، بۇزۇلۇپ راخنا بوـ*
*لۇپ كېتىپتۇ.*

**رەڭگىۋا:** گىلەم توقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان رەڭلىك شوينا. م:

*رەڭ بىلەن زەمچە سالدىم،*
*رەڭنى ئوبدان ئىچسە دەپ.*
*شۇنچە قىلسام كارىڭىز يوق،*
*كۆڭلى بىزگە چۈشسە دەپ.*

**رەۋەندە:** ئېشەك، قېچىرلار بىلەن ئاشلىق يۆتكەپ ساتىدىغان كىشىلەرنى رەۋەندە دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار مالنى ئۇلاغ بىلەن يۆتكەيدۇ. م:

*رەۋەندىنىڭ ئېشىكىدەك قاشاڭ بولماڭلار.*

**رەۋەند:** (رەۋەن) بىر خىل دورىلىق چۆپ.

**رەندە:** خارەتچىلىك ئەسۋابى. ئۇنىڭ داس رەندىسى، توقماق رەندە، رىزىنگاھ رەندە، پەرداز رەندىسى دېگەن تۈرلىرى بار.

**رەسىدە:** قىزلارنىڭ بويىغا يەتكەن مەزگىلى. تالالىق قىلىشقا توشقان قىز.

خوتەن رايونىدا كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسىنى (قىز - ئوغۇل ئايرىماي) «نارەسىدە» دەپ ئاتايدۇ.

**رەستە:** كوچا، مەيدانلار، ئۇيغۇرلاردا بۇ سۆز ناھايىتى كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

«ئېغىلدا ھاڭرىغان ئېشەك رەستىدە ھاڭرىماپتۇ» دېگەن تەمسىلدىكىدەك.

**رىزە:** پارچە، ئۇششاق، ئۇۋاق. ئەگەر قوش ئېيتىلىپ «رىز-رىزە» دېيىلسە، پاچاق-پاچاق بولغان، ئۇۋۇلۇپ كەتكەن مەنىسىدە كېلىدۇ.

**رىزىنگا:** نەپىس، نازۇك ھۈنەر تەلەپ قىلىدىغان ئىش.

مەجازدا: بۇ ئۇستامنىڭ رىزدگاھلىقى يوق (كۆيۈنۈپ، چىرايلىق ئىش قىلمايدىغانلارنى سۈرەتلەپ) دەپ كىنايە قىلىنىدۇ.

**رۇۋۇدا:** جۇل-جۇل بولۇپ كېتىش، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىش. م:

*قارىغا ئۇنىڭ ئىسكەتكە،*
*شۇنچە رۇۋۇدىلىشىپ كەتكەن بارمۇ؟*

**رۇسساللاش:** توغرىلاش، تۈزلەش، رۇس قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەجازدا: ئەخلاقىي جەھەتتىكى يارىماسلىقنى تۈزىتىشنى «رۇسساللاش» دەپ ئوبرازلاشتۇرىدۇ.

**رەزگى:** تاغلىقلارنىڭ پاچاقا يۆگەشكە ئىشلىتىلىدىغان

يۇك يۆگەنچىسى؛ كونىرىغان، چىرىگەن، كېرەكتىن چىققان نەرسە.

**رەنە:** گۆرۋ. موھتاجلىق تۈپەيلىدىن ئىلكىدە بار بولغان پۇللۇق نەرسىلىرىنى بىراۋغا ئامانەت قويۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا پۇل ئېلىپ ئىشلەتمەك «رەنىگە قويماق» دېيىلىدۇ.

**رەم:** بىر خىل خۇراپىي ھەرىكەت، كىشىلەرنىڭ تەقدىر ۋە قىسمىتىگە دائىر بېشارەتلەر كۆرسىتىلىدۇ. رەم ئېچىشنى كەسىپ قىلغان كىشىنى «رەممال» ياكى «رەمچى» دەپ ئاتايدۇ.

**رەبىتى:** خۇي - پەيلى، مىجەزى قاتارلىقلارنى بىلدۈردۇ. م:

*رەبتى كېلىشمىگەن ئادەم بىلەن ئۆي تۇتقىلى بولمايدۇ.*

**رەپتا:** رايى، مايىللىقى. م:

*جاھاننىڭ رەپتىگە بېقىپ ئىش قىلغان ئادەم زىيان تارتمايدۇ.*

**رەپ - رەپ:** كونا، رەزگى نەرسە.

مەجازدا: گەپ - سۆزى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تايىنى يوق ئادەملەرنى رەپ - رەپ دەپ سۆ-

پەتلەيدۇ.

**رىك:** ھوشيار، سەگەك تۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. م:

*تولا ئۇخلىماي رىك ئولتۇرۇڭ.*

**رۇكۇلداش:** تۇخۇنىڭ كۇرۇك بولغان چاغدىكى ھالىتىگە ئېيتىلىدۇ.

مەجازدا: ئىشىنىڭ ساپاسى يوق، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنى سۆپەيلەيدۇ.

**راھەندە:** يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلگەن، پالاندى بولغۇچىلارغا قارىتا كەمسىتىپ ئېيتىلىدۇ. م:

*قاراڭ بۇ راھەندىنى، قايسى يۈزى بىلەن يەنە رەستىگە چىققاندۇ!؟*

*كېرىيىلىكلەر «راھىندى» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىدۇ.*

**رولاشتۇرماق:** يۈزلەشتۈرمەك، ئۇدۇللاشتۇرماق. م:

*بۇ ماتېرىياللارنى بىرمۇ بىر رولاشتۇرۇپ چىقايلى.*

*ئۇنىڭ قېشىغا بارسام بىلەك گەپ قىلىدۇ. ئاخىرى ئىككىسىنى رولاشتۇرماي بولمىدى.*

**رەسمانە:** كونا يوسۇن، كونا پەدىدىكى، ئادەتتىكىچە نەرسىلەرنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

«رەسمانە ئۆتۈك، رەسمانە ئىشلار» دېگەندەك.

**روياپ:** روياپ بولماق، روياپقا چىقارماق دەپ كېلىدۇ. بىر باشقا ئېلىپ چىقماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

**رويخەت:** تىزىملانغان ئىسىملىك. ئىستېمالدا رويخەتكە كىرگۈزۈلدى، رويخەتتىن قالدۇرۇلدى (رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى) دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

**رەخ:** ئۆي تېمىنىڭ ئىشىك، كېشەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان كامارلىرىنىڭ يان تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. م:

*دېرىزە رەخلىرى ئاھاك لاي بىلەن، ئىشىك رەخلىرى قۇم لاي بىلەن سۇۋالدى.*

**رۇبىرۇ:** ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، نەقمۇ نەق.

**رەللە بولماق:** جىلە بولماق، كۆڭلى پاراكەندە بولماق، ئىچى پۇشماق.

**راۋات** (رابات): ئۆتەڭ، قونالغۇ، كارۋان ساراي.

**راۋسىتە:** مۇئامىلە، ئېلىش - بېرىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

**رايىش:** مىجەز جەھەتتىن ياۋاش، مۇلايىم تەبىئەتلىك روھى ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. م:

*ئۇنىڭ ئايالى بەكمۇ رايىش ئايال. ئەزەلدىن نامەھرەم ئىشلارنى قىلمايدۇ.*

**رام قىلماق:** ئىختىيارىنى ئالماق، ئۆزىگە ئىجىل - ئامراق قىلماق.

**روچۇن:** چىۋىننىڭ بىر خىلى. رەڭگى يېشىل، جۇغى چوڭ كېلىدۇ. خۇراپىي چۈشەنچىلەر بويىچە بۇ خىل چىۋىن ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەجازدا: «روچۇندەك قاشاڭ نەرسىكەن بۇ» دېيىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق روچۇننىڭ بىزەڭ، قاشاڭ تەبىئىتى سىلىشتۇرۇلىدۇ. م:

*روچۇندەك ئايلىنىپ،*
*بارسام قېشىڭغا كۆرمىدىڭ.*
*تەلمۈرۈپ تۇرسام يېنىڭدا،*
*قايرىلىپ بىر سۆيمىدىڭ.*

**رۇچاق:** باللار ئوينايدىغان كىچىك ئوقيا. ئۇنى بەزى شېۋىلەردە «لىچاق»، «ندىچاق» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىدۇ.

**رەخلەش:** بوياق بېرىش، بوياش. م:

*تاملارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي بوياپ چىقتىم.*

## ز

**زامات:** دەرھال، شۇئان
دېگەن مەنىدە «شۇ زامات» دەپ
قوللىنىلىدۇ. «بارغان زا-
ماتلا»، «كەلگەن زاماتلا» بو-
لۇپ كېلىدۇ. م:
*ئۇ ياستۇققا باش قويغان زا-
ماتلا ئۇيقۇغا كەتتى.*

**زاڭ:** قوناق ئۇنىنى يۇم-
شاق تاسقاپ، قويۇق ئۇماچ قى-
لىپ پىشۇرۇپ قاچىلارغا ئې-
لىپ، ئۇستىگە قورۇما ئېلىپ
يېيىلىدىغان تاماق.

**زاڭلىق:** مەسخىرە، ھە-
زىل قىلماق، ئەيىبلىمەك.
كېرىيىدە «زاغى تۇتۇش» دېيى-
لىدۇ. م:
*خەقنى زاڭلىق قىلماڭ، بۇن-
داق ئىش سىز - بىزنىڭ بېشىمىزغى-
مۇ كېلىشى مۇمكىن.*

**زاھىت:** كۆمەچناننىڭ
بىر خىلى. خېمىرنىڭ ئىچىگە
تاش تىقىپ، قوقاسقا كۆمۈپ
پىشۇرۇلىدۇ. مۇنداقتا زاھىت-
نىڭ ئىچى خام قالماي تەكشى
پىشىدۇ. سەپەر ئۇستىدە، جە-
زىرە ۋە جاڭگاللاردا قىلىپ يې-
يىلىدۇ.

**زال:** مىجەزى ئېغىر،
ھېچ ئىش پىسەنتىگە كەلمەيدى-
غان، تەدبىرلىك، تادان. جۇم-
لىدە «زال ئادەم»، «زاللىشىپ
كەتكەن ئادەم» دېيىلىدۇ.

**زاراخەتمە** (ساراخەتمە):
نورۇزنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆت-
كۈزۈلىدىغان بىر خىل ئاممىۋى
پائالىيەت. پۈتۈن مەھەللە بىر
تۈزگە قازان ئېسىپ، ئۆزئارا
بىر - بىرىنىڭ تامىقىنى يەيدۇ.
دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، شۇ
يىلنىڭ مەمۇرچىلىقىنى، سۇ-
نىڭ مول بولۇشىنى، ئاغرىق -
سىلاق، ئۇيۇناتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ
كېتىشىنى تىلەيدۇ.

**زاك:** بىر خىل تاغ جىنى-
سى، بوياق تەييارلاش ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدۇ. «زاك» قا ما-
يىل رەڭلەرنى «زاك رەڭ»،
زاك رەڭ ئېشەكنى «زاك ئې-

شەك» دەيدۇ. جاڭگالدىن چى-
قىدىغان يەنە بىر خىل يېقىلغۇ-
نىمۇ «زاك» دەپ ئاتايدۇ.

**زاكا:** باللارنى يۆگەيدى-
غان كىچىك كۆرپە، بوۋاقلار-
نىڭ پۈت - قولىنى بىر يۆنى-
لىشتە تۈز ياتقۇزۇپ زاكىغا ئو-
راپ مەخسۇس شوينا (ئۆرۈمە)
بىلەن تېڭىپ قويۇشنى «زاكى-
دىماق»، «زاكىداش» دەيدۇ.
ئۆز يېشىدىن ئەقلى چوڭ كەل-
گەن باللارنى «زاكىسىدا پى-
شىپ قالغان» دەپ مەستلىكى
كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

**زاغرا:** قوناق ئۇنىدا تو-
نۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلغان نان.
ئاددىي خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى
«زاغرا تىلى» دەيدۇ.

**زەپ** (زاپ): تازا بىر،
ناھايىتى، بەك.

**زەي:** كىچىك ھايۋانلار-
نىڭ ئۇچەيلىرىنى پىششىقلاپ،
ئېشىپ ياسايدىغان «يىپ».
يۇڭ، پاختا ئاتىدىغان ئاتقۇغا
تارتىشقا، خامان سورۇيدىغان
ئارا - كۈيگەكلەرنى چىگىش قا-
تارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قو-
رۇق پو ئېتىش، لاپ - قاپ
بىلەن سۆزلەشنى «پاختىنى
زەي سالماي ئېتىش» دەپ مەس-
خىرە قىلىدۇ.
خارەت (ياغاچچى) لەرنىڭ
مەخسۇس سايمان بىلەن ياغاچ
يۈزىگە ئۇزۇنىسىغا سىزىق (نە-
قىش) تارتىشىنى «زەي تار-
تىش» دەيدۇ. راملارغا، كۆز-
نەكلەرگە قويۇلغان ئىنچىكە
تاسما ياغاچلارنى زەيلىك ياكى
«زەي قويۇش» دەيدۇ.

**زەدىۋال:** ئۆي تاملىرىغا
تۇتۇلغان مەخسۇس رەخت، زە-
دىۋال ئۇچۇن تەييارلانغان ۋە
شۇنىڭغا لايىق رەختلەرنى «زە-
دىۋاللىق» دەيدۇ. بۇنداق
رەختلەرنى بۇرۇن خام (ماتا)
ئۈستىگە گۈل بېسىش يولى بى-
لەن تەييارلايتتى. قومۇش ئار-
قىلىق ئىنى تار، بوياق بىلەن
گۈل چىقىرىلغان «زەدىۋاللىق»
بورا توقۇلاتتى. بۇنى «تام بو-
رىسى» دەپ ئاتايتتى. م:

*ۋاساجۇپ ئابۋان - سارايىنىڭ،*
*زەدىۋالى يوق ئىكەن.*
*ئالدىراپ بەرگەن كۆكۈلنىڭ،*
*ئەتىۋارى يوق ئىكەن.*

**زەدەك:** (سەۋزە). قوي-
غاش (پولۇ) نىڭ مۇھىم خو-
رۇچى. قوش جىنسلىق، ئەر-
كەك تەبىئەتلىك ئايالنى «ئەر-
كەك زەدەك» دەيدۇ. م:

*«گۇرۇنجىسىدىن بۇرۇن زەدد-
كى دەم يەپتۇ» .*

**زەگۇندە:** ۋادەك ۋە قو-
شام قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەر-
نىڭ ئۇلتىنىغا ياتقۇزۇلغان ئۇل
ياغاچ، ئۇ پۇتۇن قۇرۇلمىنى
كۆتۈرۈپ ۋە تۇتاشتۇرۇپ تۇرد-
دۇ .

**زەللە:** مېھماندارچىلىق،
توي - تۇكۇندىن قايتقاندا ئۆيد-
گە ئالغاچ كېتىشكە يۆگەپ بې-
رىلىدىغان ئاش - تاماق.

**زەمبىل:** ئوغۇت، توپا ۋە
باشقا نەرسىلەرنى توشۇيدىغان،
ئىككى ئادەم ئىككى بېشىدىن
كۆتۈرىدىغان دېھقانچىلىق ساي-
مىنى، ئۇنىڭ «تاختا زەم-
بىل» ، «توقۇما زەمبىل» ،
«غالتەك زەمبىل» قاتارلىق
تۈرلىرى بار.

**زەدى** (زەردە) : ئازار،
ئەلەم، «زەدى قىلماق» ، «زە-
دىسى قاينىماق» ، «زەدە بول-
ماق» .

**زەن:** زېھىن، ئەس،
هوش، ئەقىل، خاتىرە («زە»
ئۇرغۇلۇق سوزۇپ ئېيتىد-
لىدۇ) . م:

*بۇ ئىشقا زەنىم يەتمەيۋاتىدۇ. بۇنى
پەقەت زەنىمگە ئالالمايۋاتىمەن.*

**زەيپانە:** زەئىپ، ئەرلىد-
كى ئاجىز، مىجەزى پەس. م:

*مەيلىڭ بولسا مەيخانە،*
*چىلىم بولسا سەيخانە.*
*مېنىڭ يارىم مەردانە،*
*ئۆتەپ بارسۇن زەيپانە.*

**زەپتىزىرائەت:** دېھقانچىلىق
زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتد-
لىشى. م:

*خۇدا خالىسا بۇ يىل زەپتىزىرا-
ئەتلىرىمىز ئوخشايدىغاندەك.*

**زىمات:** مەلھەم، داۋا -
نەپ، پەرۋىش.

**زىندىپاي:** بوسۇغا، ئىد-
شىك كېشىكىنىڭ توپىغا تې-
گىپ تۇرغان قىسمى. م:

*سېىسىپ قاپتۇ زىندىپاي،*
*توپىغا پېتىپ.*
*ئەگلىك ئەتكەن سارىۋاي،*
*ئۇيىغا قېتىپ.*

**زىغ - زىغ:** يىكەنداز
كۆرپىنىڭ لەۋلىكى، كۆرپىد-
نىڭ چۆرىسىگە بۆرتمە قىلىپ
قوندۇرۇلغان كىرپىك، جايلاردا
ئۇنى «زىق - زىق» دەپمۇ تەلەپ-
پۇز قىلىدۇ. «مېغىزلىق» مۇ
دەيدۇ .

بىرەر ئىشنا بەك ئەستايد-
دىللىق قىلىپ كېتىشنى «زىغ-
لاپ كېتىش» دەپ كىنايە قىلىد-

نىدۇ.

**زىرىپ:** بىرەر ئىشنى تۈ-
جۈپىلەپ ئىشلەيدىغان، كۆڭلى
ئۈز ئادەم. ئادەم ئىسمى بولۇپ-
مۇ كېلىدۇ. م:

*ئۇ تولىمۇ زىرىپ ئايال، هوي-*
*لا-ئارامىلىرىنى چىندەك پاكىز تۇتى-*
*دۇ.*

**زىل:** تاۋى نازۇك، كۆ-
ڭلى ئىنچىكە، بىرەر ئىشنى
ئۆزىگە ئېلىۋېلىشقا مايىل. م:

*ئۇ بەكمۇ زىل ئادەم، كۆڭلىگە*
*تېگىپ قويماڭلار.*

*ئۇكاموي مۇنداقمۇ زىللىشىپ*
*كەتمەڭ.*

مەكتەپلەردە دەرسكە كىرىش -
چىقىشتا چېلىنىدىغان قوڭغۇراقنى
«زىل» دەيدۇ.

**زىلچى** (زىلچا): گىلەم-
نىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى. رەڭگى-
ۋا چىگىپ توقۇلىدىغان گۈل-
لۈك خوتەن گىلەملىرى ئەسلى-
دە «زىلچا» ياكى «زىلچى گى-
لەم» دۇر. بۆز يىپ بىلەن ئار-
قاغ - ئۆرۈش قىلىپ توقۇلىدى-
غانلىرى «بۆز گىلەم»، مۇشۇ
ئۇسۇلدا يۇڭ شوينا بىلەن تو-
قۇلىدىغانلىرى «جاۋا گىلەم»
ياكى «تاغ گىلىمى» دېيىلى-
دۇ. زىلچىدىن تىكىلگەن
«زىلچى خۇرجۇن» قاتارلىقلارمۇ
بار. م:

*خوتەن دەيدۇ ئىلچىنى،*
*گىلەم دەيدۇ زىلچىنى.*

**زىرە** («رە» ئۇرغۇلۇق -
سوزۇپ ئېيتىلىدۇ): زىيان،
پايدىسىز - نەپسىز، زەرەر. م:

*هازىرچە باغ - يۇغىدا دارىسى-*
*ڭىز زىرە قىلىدۇ، لېكىن توخۇ شور-*
*پىسى ئىچىسڭىز زىرەسى يوق.*

**زىخ:** بىر خىل چاتقال
ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ئال-
قات مېۋىسىگە ئوخشاپ كېتى-
دۇ، رەڭگى قىزغۇچ، بۇغداي
چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئالاھىدە
دورىلىق قىممىتى بار. كاۋاپ
سانجىش، قۇيماق پىشۇرۇش
قاتارلىقلارغا تەييارلانغان يۇل-
غۇن شېخىنىمۇ «زىخ» دەيدۇ.

**زىققا:** دەم سىقىلىش كې-
سىلى، نەپەس يولىدىكى كې-
سەل.

**زىتى:** ئەسلىي، تېگى -
تەكتى، كېلىپ چىقىشى، زا-
تى. «زىتى پەس»، «زىتىغا
تەگمەك» دېگەن ئىبارىلەر بار.

**زىڭ** (ئاۋاز ئىملىقى):
باشنىڭ ۋە بىرەر ئەزانىڭ سان-
جىلىپ ئاغرىشى. م:

*بېشىم «زىڭ» قىلىپ*

ئاغرىدى. «زىڭگىدە» ئاغرىدى.
**زۇۋۇك:** لابا، رادىئو كا-
نىيى. م:
*كەپەر باقسالڭ دەمدە باق،*
*ئۇنلەپ بىرەر كۇۋۇكتا.*
*بېگىباچە يار تۇتتۇم،*
*سۆزلەپ بىرەر زۇۋۇكتا.*
**زوك** (ئاۋاز ئىملىقى):
ئېھتىياتسىزلىقتىن قاتتىق
ئولتۇرۇپ قالغان چاغدىكى ھا-
لەت. م:
*زوككىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.*
**زومچاق** (زوخچاق): دۆ-
ۋە، تۈز يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان
جاي. م:
*زومچاق - زومچاق قەبرىلەر.*
**زوغۇي:** ئىچى يامان،
چىدىماس، خەققە يامانلىق
ئىستەپلا يۈرىدىغان ئىچى تار ئا-
دەم. كېرىيە تەرەپتە «زوغۇ»
دەيدۇ. «زوغۇي ئادەم»، «زو-
غۇيلۇق قىلماق».
**زوۋۇلەن:** قەستەن، زور-
غا، زورمۇزور. جۈملىدە: «تا-
ماقنى زوۋۇلەن يېمەك»، «زو-
ۋۇلەن سوقۇشماق» دەپ كېلى-
دۇ.
**زۇۋۇلا:** نان يېقىش ئۈ-
چۈن تەڭ مىقداردا ئۈزۈپ تەي-
يارلانغان خېمىر، كېرىيە تە-
رەپلەردە «زۇۋۇل»، «زۇگۇلا»
دەيدۇ.
رىزىق-ئامەت، بەخت-تە-
لەيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى
«زۇۋۇلىسى شۇنداق ئۈزۈل-
گەن»، «زۇۋۇلىسى چوڭ»
دەپ تەرىپلەيدۇ.

## س

**ساۋاغ:** دەرس. ئۇنى ئۆ-
گەتكۈچى — ساۋاغ بەرگۈچى.
ئۆگەنگۈچى — ساۋاغ ئالغۇ-
چى.
كونىچە مەكتەپلەردە ئو-
قۇتقۇچى — مۇدەررىس، بىللە
ئوقۇغانلار — ساۋاقداش، ئۆي-
لىرىگە بىرلىگەن تاپشۇرۇقنىمۇ
«ساۋاغ» دەپ ئاتىغان. م:
*— ساۋاغنى تەكرارلاپ بول-*

دۇگمۇ؟
— بۇگۈن ئاخۇنۇم ساۋاغ
بەرمىدى.
**سايپاق:** پۇتنى سۆرەپ
ماڭغۇچى، سۆرەلمە، ئىشنى
ئاستا قىلىدىغان ئادەم. م:
*گۇل قىستۇردۇم قالپاققا،*
*قۇ باغلىدىم پايپاققا.*
*نېمىشقىمۇ كۆيدىمكى،*
*سۇيرا تاپان سايپاققا؟*
كېرىيە تەرەپتە يۇمىلاق -
يېسى تاشنى «سايپاقتاش» دەپ
ئاتايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياغاق
ئوينايدىغان ئويۇنى بار. بۇنىڭ-
دا، نۇرغۇن ياغاقنى تىزىپ قو-
يۇپ تاش بىلەن بۇزۇپ ئويناي-
دۇ. بۇنى «سايپاق ئويىندىم»
دەيدۇ.
**سايلىغ-سايلىغىن:** بىرەر
نەرسىنىڭ رېتى بىلەن، تەرتىپلىك
تىزىپ قويۇلۇشى. م:
*بالام، ئوتۇنلارنى سايلىغ تىزى-*
*ۋېتىڭ.*
*پاسارنى سايلاپ بوغىۋەتكىن.*
*بەك چېچىلىپ كېتىپتۇ.*
*تال پۇتاغنى — چاتاغنى،*
*توشۇۋەتەي، سايلىغىن.*
*چىدىمىدىم ئىشقىڭغا،*
*جېنىمنى ئال تايلىغىن.*
**سايغاق:** بېلىقنى ساڭ-
جىپ تۇتىدىغان ئارا، ئۇ ياغاچ
سايلىق ئىككى تىللىق تۆمۈر
سانجىغۇچ. دەريا ياقىسىدىكى
ئاھالىلەر بۇ خىل ئەسۋاب بى-
لەن سۇدىكى بېلىقنى تۇتۇۋالى-
دۇ. م:
*— بۇ بېلىقنى سايغاقتا ساڭ-*
*جىپ تۇتتۇڭىزمۇ - ھە؟*
**سالىلىخى:** جېدەل ئىز-
دەپ يۈرىدىغان، ئاچچىقلىنىشىپ
قالسا ئاجراتقىلى بولمايدىغان
جېدەلخور، چاپلاشقاق. م:
*تووا، بىلمەي يۈرۈپتىكەنمىز،*
*ئۇ دېگەن ئۇچىغا چىققان سالىلىخى-*
*كەن ئەمەسمۇ؟*
**سالاكەش:** ئارچى، كې-
لىشتۈرگۈچى، مۇرەسسە قىل-
غۇچى، ياكى سالاچى. م:
*— «ئارىچىغا ئالتە تاياق»*
*دەپ، سالاكەشلىك قىلغانىنىڭ زىيى-*
*نىنى تارتتىم.*
*— كىم سىزنى سالاچىلىق*
*قىلسۇن دەپتۇ، خوپ بولدى.*
**سارىگەر:** سېھىرگەرلىك
كۆرسىتىدىغان ئادەم. كىپنوز
قىلغۇچى، كۆزنى غەلەت قىلى-
دىغان ھۈنىرى بار ئادەم. م:
*بۇرۇن توختى سارىگەر دەپ*
*بىر ئادەم ئۆتكەنتى، ئۇ قالتىس ھۈ-*
*نەرلەرنى كۆرسەتەتتى. پۇتنى كې-*

*ـسىپ ئۇلىيالايىتى. ساق ھالقا ـ*
*چەمبەرنى كىرىشتۇرەلەيتتى.*

**ساڭايان** (سىڭايان) : مايماق، قىڭغىر نەرسە؛ يان تە ـرەپ؛ بىر نەرسىنىڭ يېرىمى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ساڭار» سۆزى «يېرىم» دەپ ئىزاھلانغان. م:

قوينىڭ ساڭا پاچىقىنى يەپ بولدۇم.

**ساڭقا:** تېزەك، تېزەكـ لەش، شاتراق، ئىچ سۈرۈك، شاتراقلاپ قېلىش، «پىرت ـپىرت» پوق. م:

— بۇ بالا ساڭقاراپ قاپـ تۇ، خالىي جايدىن كېلەلمەي قالدى.

ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

*بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر،*
*بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى، ئاڭقا،*
*قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ،*
*پۇتى مايماق بويى لاڭقا،*
*بىرى تەپكەك، بىرى مۆڭگەك،*
*بۇ ئەيىبلەر ئۈستىگە ماڭقا،*
*ساماندىن بەش كۆشۈك يەپ،*
*ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،*
*تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت*
*ئىچرە بىر ئات، بۇ قىياپەتتە.*

**سانسان:** بىمەزگىل تۇ ـغۇلغان، قىشتىن سالامەت چىـ ـقالىشى ناتايىن بولغان قوزا. ساندا بولغىنى بىلەن قاتارغا قوشۇلۇپ مال بولالمايدىغان مال.

**ساۋىماق** (ساۋىداش) : يۇڭ ياكى پاختىنى چىۋىق بىـ ـلەن ئۇرۇپ يۇمشاتماق.

كۆچمە مەنىدە: ئۇچۇقلىـ ـماق، بالىلارنى كىچىك تاياق بىلەن ئۇرماق. م:

*يۇڭنى مەن ساۋىداپ بەردىم،*
*ئاتقۇچى ئاتتى.*

*بالىنى ساۋىدىم دەپ، ئۇنچىـ*
*ـزامۇ ئۇرۇش بارمۇ؟*

**سەرگەز:** خامنىڭ بىر تۇ ـرى. ئادەتتىكى خامنىڭ ئۈسـ ـتىگە نەقىش ئويۇلغان ياغاچ تامغا بىلەن گۈل بېسىپ تەيـ ـيارلىنىدۇ.

**سەچى:** يېزا ئاھالىلىرى گۆش، نان قويۇپ ساقلايدىغان پەشتاختا. ئۇ بىر تال تاختىـ ـنىڭ ئىككى بېشىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئۈستىدە لازىمەتلىكلەر ساقلىنىدۇ. شاـ دىلىق قىلىپ مەخسۇس ياسىـ ـلىدىغانلىرىمۇ بار. م:

سەچىدىكى گۆشنى كۆرسە،

*مۇشۇكمۇ مياڭلايدۇ.*

**سايناخ:** لاس، مەشۇت تارتقاندا غوزىكىدە قېپقالغان يەپەك. ئۇنىڭدىن پاختا ئورنىدا پايدىلىنىپ يوتقان - كۆرپە تورى ئەتكىلى، جىلىتكە، چاپانغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. سەيناخ ئىشلىتىلگەن كىيىم - كېچەك، تورلار ھەم يەڭگىل، ھەم ئىسسىق ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**سەكسەنپۇت:** «سەكسەنئاياغ» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن ئېغىزلارنى توسىدىغان كۆپ پاچاقلىق ياغاچ. سەكسەنپۇت يار ئېغىزىغا تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا شاخ - شۇمبا، تاش قاتارلىقلارنى بېسىپ سۇنىڭ ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

**سەرخانە:** چىلىمنىڭ بېشى. ئۇ سېغىزدا ياسىلىپ خۇمداندا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. سەرخانە ئېچىشتانغا كەيگۈزۈلىدىغان قالپاق. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇۋۇتىپ تەييارلانغان تاماكىنى قاچىلاش ۋە ئوت يېقىلغاندىن كېيىن، تۈتۈننى ئېچىشتانغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق قاپاق سۈيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

**سەل** (قىيان): قاتتىق ياغقان يامغۇرنىڭ جىلغىلاردىن چۈشكەن سۈيى؛ سەل - پەل (ۋاقىت ئۇقۇمى). م:

*تۈنۈگۈنكى يامغۇرنىڭ سىلى قوي - قوزىلارنى ئېقىتىپ كەتتى.*

*سەل ئېقىتىپ كەلگەن شېغىل زىرائەتلەرنى ياتقۇزۇۋەتتى.*

*سەل توختاپ تۇرۇڭ، باكا بولغاندا كۆرۈشەيلى.*

**سەڭگىۋاراڭ:** جوندەك، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىق، مازلىرى ئۆچۈپ تۇرىدىغان. م:

*مەمتاخۇن قايتىپ كەپتۇ، كىيىملىرى سەڭگىۋاراڭ، قارىغىلى بولمايدۇ.*

**سالاش:** جېدەلدىن قورقمايدىغان، چاپلىشىۋالىدىغان، چېقىلىپ قويسا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئادەم. م:

— *بالام، ئۇ بەكمۇ سالاش بىر نېمە، سەن - پەن دېيىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغىن - ھە؟*

— *خاتىرجەم بولۇڭ ئانا، ئۇنداق سالاشقاتىن قورقاتتىممۇ؟*

**سالقىلىغ:** ماھىر، ئۆز ئىشىغا پۇختا. م:

*بۇ ئۇستام ھۈنەرگە ئەجەب*

سالقىلىغكەن.

نـەدىكى ناسالقى ھۇنەرۋەنگە ئۇچراپتىكەنمىز. ئىشنى كۆڭۈلدىكى-دەك پۇتكۇزۇپ بەرمىدى.

**سـەپـە سىپلىش:** ئىشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ تۇرۇۋې-لىش، يان بېلىگە قاراپ ئىش قىلىش، ھۇرۇنلۇق. م:

*بىر - بىرىمىزگە سەپە سىپلىشى-ۋەرسەك، بۇ ئىش ئون كۈندىمۇ تۈ-گىمەيدۇ.*

*سـىز ياش، باشقىلارغا سەپە سالماي ئىشلەۋېرىڭ!*

**سەلكەش:** ئالماش، ئىلە-ڭگىرى - كېيىن. م:

*پـۇتىڭىزغا ئاياغنى سەلكەش كىيىپسىز!*

*خـېرىدار دېگەن سەلكەشراق كەلسە ياخشىكەن، بىر يولى كەلسە ئالدىرىتىپ قويىدىكەن.*

**سەرەمجان:** نەرسە - كې-رەك، ئۆي بىساتلىرى. م:

*ئۆي سەرەمجانلىرىنى تەق قى-لىپ بولدۇم. ئەمدى تويىمىزنى ئۆت-كۈزىۋالساقلا بولىدۇ.*

**سەرەمجانلاشتۇرماق:** رەت-لىمەك، يىغىشتۇرماق، ئىخچام قىلماق. م:

*ئـۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ*

*ماكايلى، قاچان كېلىشىمىز ناتايىن.*

**سـەم** (سـەمى) : ئەس، يادى. خىيال. م:

*سەمىڭىزگە سالمىغان بولسام، شۇنچە چوڭ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىد-ىدىكەنسىز.*

*بۇگۈن كۈنگە پەيشەنبە،*
*سەمىڭىزدىن چىقتىمۇ؟*
*نامەرد بىلەن دوست بولۇپ،*
*بۇرنىڭىزدىن چىقتىمۇ؟*

**سـەلـلـىمازا:** پۇتۇنلەي، پـاك - پاكىز، ئۇزۇل - كې-سىل. م:

*دوخـتـۇر ئـۇنىڭ كېسىلىنى سەللىمازا ساقايتىۋەتتى.*

**سـونجاق:** پۇتىنىڭ ئار-قىسى. م:

*سـونجاقتا دەسسەپ يۇرۇپ، ئايىغىڭىز مايماق كېتىپتۇ.*

*سونجىقىمغا دەسسىۋەتتىڭىز!*

**سۇغا:** ياغاچنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياسىغان سۇت ساغىدى-غان ماتال. م:

*بەك ئۇسساپ كەتكەن ئادەمگە چوڭ سۇغىدا سۇ ئېلىپ بەرسەك، ھەممىنى دەم ئالماي ئىچسە چاتاق چىقىدۇ. بىر چاغدا بىرسىمۇ بىر سۇغا سۇنى ئىچىپ، ئارقىسىغا يوقاپ چۈشكەن.*

**سۈكال:** كالتە، قىسقا. م:

*ئۇ، سۈكال قۇيرۇق بايتالنى مىنىپتىكەن، ھالى بۇ يەردە يوق.*

*بۇ چاپان بەك سۈكال تىكىلىپ قاپتۇ. شۇڭا پەقەت كىيگۈم كەلمىدى.*

**سوقماق:** ئۈزۈم، ياڭاقنى قوشۇپ ياسايدىغان يېمەكلىك. ئۇ قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ياڭاقنى ياغاچ ئاياقتا سىلىپ تاش بىلەن خېمىر بولغىچە ئېزىپ، ئاندىن كىيىن يۇمىلاقلاپ ياسايدىغان ئوزۇقلۇق بولۇپ، تاتلىق ھەم قۇۋۋەتلىك. قورساقنى ئاچۇرمايدۇ. سەپەر قىلغاندا ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك. م:

*ئاشنا تۇتساڭ جۇۋان تۇت،*
*بىلمىگەننى بىلدۈرەر.*
*ئۈۋاق ئۈزۈمدە سوقماق ئېتىپ،*
*«ئاسلا غوجام» دەپ يېدۈرەر.*

*سوقماق ئەتسەم مېغىزدا،*
*تەمى قالدى ئېغىزدا.*
*مېنىڭ سۆيگەن ئامرىقىم،*
*كۈتۈپ قالدى سىرغىزدا.*

چىغىر يول، ئەگرى - توقاي تاغ يولى. م:

*تاغ يولىدا ــــ سوقماقتا،*
*شىرە چورۇق تېشىلدى.*
*يارىنىڭ كۆڭلى مەندىكەن،*
*گۇمانلىرىم بېشىلدى.*
*سوقماق يول ئېگىز - پەس يول،*
*ماڭغان كىشى بىلىدۇ.*
*يارنىڭ ئالدىغا بارسام،*
*نازى بىلەن كۈلىدۇ.*

**سوقتا:** ئەتلىك، چىك، بولىدىغىنى رەڭگىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زىرائەت مايسىسى. م:

*بۇ يىل مايسىلار ناھايىتى سوقتا ئۆستى، مول ھوسۇلدىن ئۈمىد بار.*

**سوقچى:** يېتىم بوۋاق، ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ قالغان قوزا، ئوغلاق. م:

*بۇ سوقچى بارغانسېرى يىغلاڭغۇ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.*

*بۇ ئانىسىدىن كىچىك قالغان سوقچى قوزا، نان بېرىپ قاتارغا قوشۇۋالدۇق.*

**سوزماق:** رەگەتكە، كالەك. قەدىمكى مەنچاناق (تاش ئاتىدىغان قورال) قا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بالىلار ئويۇنچۇقى. ئۇنىڭدا قۇشلارنى ئۇۋلايدۇ.

**سوم:** بىر خىل، ھەممىسى ئوخشاش، مېغىزلىق؛ پاپىروسنىڭ پارقىراق قەغىزى. م:

*بۇ ياڭاقنىڭ مېغىزى سوم چىقىدىكەن.*

*ئاخشام بيگەن تائام زىيان قىلدى بولغاي، بۈگۈن ئەتىپىنىمغا سوم سۇۋارە بىر نەرسە چىقىپ كەتتى.*

**سوقاش:** جېدەل - ماجىرا، ئۇرۇش، جەڭ. م:

*بۈگۈن قۇلۇپتا سوقاش كىنو قويىدىكەن، كۆرگىلى بارايلى!*

*بولدى قىلىڭلار، سوقاشماڭلار، سەت تۇرىدۇ.*

**سوقىچاق:** سوقا؛ ئىللىپىس شەكىللىك؛ جاڭگال دۇمباقچىسى — تۆمۈر تۇمشۇق. م:

*بۈرۈن يۈزىڭىز سوقىچاقتى،*
*هازىر خېلى يۇمىلاقىشىدى.*

*— مەن سوقىچاق كۆردۈم.*

*— نەدە؟*

*— هويلىدىكى تېرەكنى چوقىلاۋاتىدۇ.*

**سۆڭگەچ:** ساغرا، پەللەك. م:

*هەسەن ئىشى بولمىسىمۇ تۆت يولنىڭ بەندىگە چىقىپ تۇرغان ئىكەن، بىر ئات مەيىنى ئېپقېچىپ سۆڭگىچىگە ئۇسۇپ، ئۇنىڭ سۆڭگىچىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ.*

**سۇكە:** سۇپا، ئۆي - هويلىلارغا يەر يۈزىدىن ئېگىزلىتىپ سېلىنغان توپا «كاردىۋات». جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى هەممە ئۆيلەردە سۇكە بار. م:

*تاش چىلگە پىشىپ قالدى،*
*پوستىكىدىن ئاقلايمەن.*
*سۇكە سالغان ئايۋاندا،*
*مەن يارىمنى ساقلايمەن.*

**سۆكە:** ئاياللار قۇلىقىغا ئاسىدىغان ئالتۇن جابدۇق («سۆ»نى سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىدۇ). م:

*زەمزەم سۈيى بۇلاقتا،*
*سۆكە مونچاق قۇلاقتا.*
*يارىم چىقاي دېمەيدۇ،*
*ياتامدىكىن سۇلاقتا.*

**سۆل:** پىشمىغان، خام قالغان نان. ئىشقا خام، ئىش قىلىپ كۆنمىگەن ئادەم. م:

*بۇ نان سەل سۆل قاپتىكەن.*

*كىچىكىدىن ئەمگەك قىلىپ كۆنمىگەن ئادەم، ئىشقا سۆل كېلىدۇ.*

**سۇلاغ:** سۇ تۇتۇش، زىرائەتلەرنى سۇغىرىش؛ گۇندىخانا - تۈرمىگە كىرىپ قېلىشنىمۇ «سۇلاغقا چۈشتى» دەيدۇ. م:

*سۈلاغقا چۈشمىگەن ئاشۇ بىر*
*بالا قالغان ئىدى. ئۇمۇ بوش قال-*
*ماپتۇ.*

**سۈۋارى:** قاتارى، ھەمـ-
مىسى. م:
*ئۇ ئىغىزىغا سۈۋارى ئالتۇن*
*چىش سالدۇرۇپتۇ.*

**سۈقايناغ:** ئۇيغۇر تائام-
لىرىنىڭ بىر تۈرى، ئەتىيازنىڭ
سىرىقتال مەزگىلىدە ئاق چام-
غۇر ياكى يېڭى چىققان ئېدىنى
پىشۇرۇپ، چىلانغان ناننىڭ
ئۈستىگە ئېلىپ يەيدۇ. بۇ
«سۈقايناغ» بولىدۇ.

**سۈنۈش:** تەڭلەش، ئۇ-
زىتىپ بېرىش. م:
*— ھەي، ئاۋۇ قەلەمنى سۈند-*
*ۈيتىڭا!*
*— قولۇمنى سۈنۈپ تۇرغىلى*
*نەۋاخ، ماڭا بەرمەي باشقىلارغا بەر-*
*گىنىنى!*

**سۈۋۈك:** جۇلدۇركېپەن،
يۆلەپ بولغىلى بولمايدىغان،
يۆلىگەنسېرى دولىسىنى چىقىد-
رىپ يۇرىدىغان ئادەم. م:
*مۇنچىۋالامۇ سۈۋۈكلىشىپ*
*كەتكەن بارمۇ؟*

**سۈ پاتقۇچ:** جەڭ قورال-
لىرىغا تەقلىدىي ياسالغان باللار
ئويۇنچۇقى. ئۇ ئازغان ياغىچد-
نى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ
تەييارلاپ ئىچىدىكى پورنى چىد-
قىرىۋەتكەندىن كېيىن پاختىد-
ۋەن قىلىپ ئاتسا، ئوق ئاۋازى-
دەك ئۈنى چىقىدۇ. ئوقمۇ خې-
لى يىراققا، دەللىگەن يەرگە
(نىشانغا) بېرىپ تېگىدۇ.

**سۈۋاغچى:** ئۆي تاملىرد-
نى سۈۋاپ زىنىنەتلىگۈچى ھۈ-
نەرۋەن. بۇرۇن تامچى بىلەن
سۈۋاغچى باشقا - باشقا كەسىپ
ئىگىسى ئىدى. ھازىر ئىككى
كەسىپ بىرلىشىپ كەتتى.
كۆچمە مەنىدە: كىشىلەرگە
تۆھمەت قىلغۇچى، يوق ئەيىب-
نى ئارتالايدىغان تۆھمەتخور.

**سۈغۈتۈش:** قىزىق نەر-
سىنى سوۋۇتۇش، پۈۋلەش.
يىراقتىن تەرلەپ كەلگەن ئاتنى
يېتىلەپ تەرلىرىنى قۇرۇتۇشمۇ
«ئات سۈغۈتۈش» دېيىلىدۇ.
كۆچمە مەنىدە: بىر ئىشد-
تىن كۆڭۈل سوۋۇتۇش.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ
«سوغوش» دەپ يېزىلغان. م:
*ھاۋا سۈغۈشقا باشلىدى.*

**سۈرۈخ:** تۈز بادرا، رۇس
ئۆسكەن ياغاچ. تامغىغا ئىشلد-
تىدىغان قىزىل بوياقنىمۇ «سۈ-
رۇخ» (قىزىل) دەيدۇ. «تۈر-

كىي تىلىلار دىۋانى» دا بۇ سۆز «سىرۇخ» دەپ ئىزاھلانغان. م:

*ئوبدان سۇرۇختىن بەش، ئوننى ئالمساق تال باراڭ چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.*

**سۇتخەسە:** نېپىز، ئەڭ ئاق خەسە. بۇ سۇتنىڭ ئاقلىقىغا تەمسىل قىلىنغان سۆز بولۇپ، بوزراق كەلگەن خەسىنى «خام خەسە»، ئاق خەسىنى «سۇت خەسە» دەيدۇ. م:

*كۆينەك دېگەننى سۇت خەسىدە كىيگۈلۈك، خام خەسە قانچە يۇغان بىلەنمۇ ئاقارمايدۇ.*

**سۇپسۇن:** ناھايىتى شالاڭ، تەكتى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان. م:

*سۇنى سۇپسۇن چېچىڭ، شالامېت قىلىۋەتمەڭ.*

*نانىڭ يۇزىگە پىيازنى بەك سۇپسۇن سۇۋاڭ.*

**سۇپتە:** نېپىز، تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان. بۇ نەرسە-كېرەكلەرنىڭ مەسىلەن، خامنىڭ تولىمۇ نېپىز توقۇلغانلىقى، قەغەزنىڭ بەكمۇ نېپىزلىكى، تام سۇۋاقلىرىنىڭ ناھايىتى نېپىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز. كۆچمە مەنىدە: قىز-چوكانلارنىڭ يۈزى تۆۋەن، ئىزا تارتقانلىقىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*بۇ رەخت بەك سۇپتە توقۇلۇپ قاپتۇ، چىدىمىغۇدەك.*

*ئۆگزىنىڭ لىپى بەك سۇپتە بېپىلىپتۇ. يامغۇر ئۆتۈپ كەتمەمدۇ؟*

*قىزلىرى بەكمۇ يۈزى سۇپتە ئادەم بوپتۇ.*

**سۇمە:** مازارنىڭ گۇمبىزى. باشقا مەقبەرىلەردىن ئالاھىدە ھەيۋەتلىك ياسالغان قەبرە. م:

*ئىمامى ئاسىمخان مازىرىغا تاۋاپ قىلغىلى بارغان ئىدۇق، سۇمەگە كىرەلمەي كەلدۇق.*

**سۇلەي:** ئىشتىھاسىز، تاماق يېيىشنىڭ تايىنى يوق ئادەم. ئوت يېمەس قوي، كالىنىمۇ شۇنداق ئاتايدۇ. م:

*نېمانچە سۇلەيلىك قىلىسىز، يېگەننىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. جىق - جىق يەڭ.*

*ئۆزىنىڭ سۇلەيلىكىگە باقماي بۇ قوي ئۇچنى قوزىلاپ قويىدى.*

*شۇڭا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كالا سۇتىگە كەلدىم.*

**سۇرە:** قۇرئاننىڭ سۈرىلىرى؛ مىجەزى تۈز، ساددا؛ ئۇدۇلىغا ئىش قىلماق. م:

*قـۇرئاندا بىر يۈز ئون تۆت*
*سۇرە بار.*
*ئۇ سۇرىگە بىر ئادەم، كۆڭلىدە*
*يامانلىقى يوق.*
*سۇرىسىگە ئىش قىلماي، ئويـ*
*لاپ باقىلى.*
**سۇڭگۇچ:** باغقا سۇ ئۆتـ
كۈزىدىغان ئېرىقنىڭ تام شورد-
سى. م:
*كېچە بولسا ياتمايمەن،*
*سۇڭگۇچۇڭدىن ياتمايمەن.*
*كېپىك بولسا ئىيت ئەمدى،*
*سىنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن.*
**سىپىۋالدى:** ساپما ئاياغ،
(پالاق ئاياغ). يۇيۇنغاندا، تا-
ھارەتكە چىققاندا كىيىشكە ئىشـ
لىتىلىدۇ. «شىپىلداق» مۇ دېـ
يىلىدۇ. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتـ
لاردا پەيدا بولغان تۇرمۇش بۇ-
يۇمى بولغاچقا، ئۇيغۇرچە ئاتال-
غۇسى يوق. جەنۇبلۇقلار ئىشـ
لىتىلىش ئورنى بويىچە شۇنداق
ئىسىم قويغان.
**ساخال:** ئاھادە تاملارنىڭ
ئۈستىگە قادالغان تىكەنلىك
شاخ. ئۇ ئوغرى - يالغاندىن
ساقلىنىش ئۈچۈن قويۇلىدۇ.
م:
*گەپ «ماقۇل» دىن، تام سا-*
*خالدىن ئاشماپتۇ.*

*گەپكە ساخال ياماشتۇرماي*
*تۇرۇڭا!*
**سايى:** سەيياد (ئوۋچى).
مىلتىقنىڭ تۆمۈر نوكىشى ئىچىگە
ئويۇلغان بۇرما شەكىللىك سىزىقچا.
م:
*بۇ مىلتىققا سايىنى تارتقاند-*
*كەن، ئوقى نەقلىگەن يەرگە تېگىد-*
*دۇ.*
**ساي:** ھېلىلا، باياتىنلا.
م:
*— دادىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟*
*— تېخى ساي ئىشقا كېتتۈ-*
*دى...*
«ساي» نىڭ «سايا، سا-
ياتىن» دېگەندەك تەلەپپۇز قى-
لىنىشىمۇ بار.
**ساپ:** ئۈزۈم دانىچىلىد-
رىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان يىپچا؛
كەتمەن، بەلكەتمەن قاتارلىق-
لارنىڭ دەستىلىكى؛ كېپىش؛
ئارىلاش- مىسى يوق، پاكىز؛
تەكىت مەنىسىدىكى سۆز. م:
*«ئۈزۈمنى يەڭ، سېپىنى سو-*
*رىماڭ.»*
*ساپ بىر ئادەمكەنسىز.*
*پالدۇنىڭ سىپىي ياغاچتىن، يە-*
*نە ياغاچنى كېسىدۇ.*
*بۇ ساپ مەيزاپ، ئىشەنمىسى-*
*ڭىز ئىچىپ بېقىڭ.*

**سىرىغ ئاياغ:** ئايىغى يا-
راشمايدىغان، زىيان سالىدىغان
ئادەم. بىرەر ئىشى يۇرۇشمى-
گەندە «قايسى سىرىغ ئاياغنىڭ
ئىزىدىن ئاتلىغانتىمكىن؟»
دەيدىغان، ئۆي ئىچىدە ئارقا -
ئارقىدىن ھادىسە يۈز بەرسە «بۇ
ئۆيدە سىرىغ ئاياغ بار. شۇڭا
پالاكەتتىن ئاجرىيالمايمىز»
دەيدىغان ئادەت سۆزى بار.

**سىتىقچى:** كونا - يىڭى،
ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەرنى
ئېلىپ ساتقۇچى. م:
ئۆزەمگە ئالغان ئاياغ ئىدى،
ئالغان يەردە خېلى ئازادە كەلگەن،
ئۆيگە ئەكەپ كىيىپ باقسام ماڭال-
مىدىم، سىتىقچىدىن ئالغانمىكىن
دەپ قالماڭ.

**سىينى-ساپ:** مۇكەممەل،
دەزى يوق. م:
جاھاندا ھېچنېمە سىينى ساپ
بولۇپ كەتمەيدىكەن، قانداق قىل-
غۇلۇق؟ ئالتۇنمۇ ساپ بولمايدى-
كەن.

**سىيماق:** تېرىق ئۇنىدا
چېلىپ ئېتىلىدىغان ئۇماچ
ئاش.

**سقماق:** ئۇيغۇر تائامل-
رىنىڭ بىرى. ئۇ قوناق خېمى-
رىنى بارماق ئارىلىقىدىن قاينا-
ۋاتقان قازانغا سىقىپ چىقىرىش
ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىنىدىغان
بولغاچقا، سقماق دەيدۇ. م:
ئەتىگەن بىرقاچا سقماق ئىچ-
كەن ئىدىم، مەيدەم ئاغرىپ كەتتى.
يىغىنىنى مۇنچىزا ئۇزۇن ئېچىشنى
بىلگەن بولسام، بەلگە نان تۇگۈۋا-
لارمەنكەن.

**سىمكار:** ھۈنەرۋەننىڭ
ئىشىغا بېرىلىدىغان ھەق. م:
— كۆينەكنى ياخشى تىكىپلا،
سىمكىرىغا نەچچە پۇل ئالالا؟
— توۋا دېيسىلە، قوشنا تۇرۇپ
سىلىدىغان سىمكار ئالامتىم.

**سىنجى:** توپا تام ياكى
خام كېسەك تاملار بىلەن قوپۇ-
رۇلغان ئۆيلەرنىڭ بالا ياغىچى،
تامنى بېسىپ كەتمىسۇن ئۇ-
چۇن تام يۈزىگە ياتقۇزۇلىدىغان
مۇھاپىزەت ياغىچى. بالا ئاشۇ
سىنجىنىڭ ئۇستىگە قويۇل-
دۇ. م:
تام سىنجىڭىز مەزمۇتمۇ؟
بالا بېسىپ كەتمىسۇن.
جۇدالىقنى خۇدايىم،
بىزگە نېسىپ ئەتمىسۇن.

**سىرىلۇق** (تاغ شېۋىسى):
تاغ چېقىللىرىنىڭ تەبىئەت ھادىسى-
سى تۈپەيلىدىن گۇمۇرۇلگەن، سىي-
رىلىپ چۈشكەن يېرىنى «سىرىلۇق»

دەيدۇ. خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزى-
سىدىكى چوڭ بىر داۋاننى «سىرى-
لۇق چېقىل» نامى بىلەن ئاتايدۇ.

**سىكىلەك:** يېڭىدىن نى-
كاھلانغان قىز، قىزلار ئەرگە
تەگكەندىن كېيىن «سىكىلەك»
دەيدۇ. ئادەتتە قىزلار چېچىنى
كاكۇل قىلىپ ئۆرۈيدۇ. نى-
كاھلانغاندىن كېيىن ئىككى
ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ ماڭلاي
چاچ كېسىدۇ. بۇنى «سىكى-
لەك چاچ» دەيدۇ. سىكىلەك
چاچ ئۇنىڭ ئەرلىك بولغانلىقى-
نى كۆرسىتىدىغان نىشانە ھې-
سابلىنىدۇ.

**سىڭتاش:** پال-پال، ئۇ
خوتەننىڭ تاغلىرىدا كۆپ. با-
لىلار كۆزەينەك ياساپ ئويناي-
دۇ. توك ئۆتكۈزمەيدىغان خۇ-
سۇسىيىتى بولغاچقا، توك دەز-
مال قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلى-
دۇ.

**سىرىلماق:** بىر خىل با-
لىلار ئويۇنى. رەندىلەنگەن سى-
لىق تاختاينى يانتۇ قويۇپ تاخ-
تاي ئۈستىدىن پەسكە سىيرى-
لىپ ئوينايدۇ. بۇ خىل ئويۇن-
نى «سىرىلماق ئويۇنى» دەي-
دۇ.

**سىرىلما:** بىر خىل ئۇس-
سۇل شەكلىنىڭ نامى. قەدەم
ھەرىكىتىنى سەزدۈرمەي ئويناي-
دۇ.

**سىدىرىلىش:** سىيرىلىپ
چۈشۈش — ئېگىز تامدىن ياكى
ئېگىز دەرەختىن سىيرىلىپ
پەسكە چۈشۈش. م:

*شۇنچە ئېگىزدىن سەكرىگۈ-
لۈكمۇ؟ سىدىرىلىپ چۈشكەن بول-
سىڭىز، پۇت-قولىڭىز زەخمە بول-
ماستى؟*

**سىلىكىش:** بوش-بىكار
قالماق، ئالدىراش ئەمەس. قو-
لى بېسىق ئەمەس. م:

*قولۇم خېلى سىلىكىپ قېلىۋى-
دى، يەنە ئالدىراش بولۇپ قالدىم.*

**سىڭارى** (ساڭىرى):
دەك، تەك قوشۇمچىسى، شۇ-
نىڭدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش.
م:

*شۇنىڭ سىڭارى سىزمۇ شۇنى
دوراپسىز.*

**سىيدام:** گۈل بېسىلمى-
غان، زىننەتلەنمىگەن رەخت.
م:

*مەن سىيدام رەختتىن ئىگىن
كىيەي دېسەم، ئەرەكتىمىز گۈللۈك
چىت ئېلىپ بېرەي دەيدۇ.*

مەجازىي مەنىدە: ئۆزىنى

تۇرۇپلا ياساپ يۇرىدىغان كىشى-لەرنىمۇ «سىيدام» دەيدۇ. م:
*سىيدام خان، سىيدام بەگ.*

**سىيكە:** ئاياللارنىڭ قۇ-لىقىغا ئاسىدىغان زىرىنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرى؛ كىيىم-كېچەكتە بولىدىغان بىر خىل پارازىت. كۆچمە مەنىدە: سىر-كىدان، بېشىنى پىت باسقان ئايال. م:
*زىرەمنىڭ سىيكىسى ئاجراپ كېتىپتىكەن، زەرگەر قېشىغا باردىم.*
*ئۇچام قىچىشىپتى، كۆيند-ىكىمنى سىلىپ باقسام سىيكە بويىقاپ-تۇ.*
*ۋاي سىيكىدان، ھالىغا باقماي ھال تارتقىنىنى كۆرەيمۇ؟*

**سىرە:** باسلىق (زىرائەت-نىڭ بەك بولغىنى)، دانلىق، دانىمۇ دانە. م:
*بۇ يىل بۇغداي سۇيىدىن قال-مىغان ئىدى، ئۆتكەن يىلدىكىدىن خېلى سىرە بولدى.*

**سىيى بۇجى:** قىيپاش، ئۇچ بۇرجەك. م:
*بۇ سىيى بۇجى يەركەن، سى-يالكا سالغىلى بولمىغاچقا ئورۇقنى قول بىلەن چېچىشقا توغرا كەلدى.*
*ئۆي سەل سىيى بۇجى سىلى-نىپ قاپتىمۇ-نېمە؟ قىيپاش كۆرۈ-*

نىدۇ.

**سايىل:** تىلەمچى، ئاب-دال، قەلەندەر. م:
*ئىشىك ئالدىغا سايىل كەپتۇ. نان ئاچىقىپ بېرىڭلار!*
*سايىلنى قۇرۇق قول قايتۇ-رۇش ياخشى ئەمەس.*

**ساڭگۇل - سۇڭگۇل:** كىيىم - كېچەكلىرى، تەقى - تۇرقى سەنگىۋاراڭ، چېچىلاڭغۇ كۆرۈنۈش.

**سۇۋاي قاپتۇ:** چارۋا مال-لارنىڭ ئەركەك ماللارغا تۇتۇل-ماي (نەسىللەنمەي) قېلىشى. م:
*بۇ يىلقى كالىلار جاڭگالدىن تولىسى سۇۋاي چىقىپتۇ.*
يەرلىك قىزىقچىلار تۇغ-ماس ئاياللارنى «سۇۋايغانلار» دەپ ئوبرازلاشتۇرىدۇ.

**ساياپ كەتتى:** يوقاپ كەتتى، ئۆز جايىنى تاپالمىدى دېگەن مەنىدە. م:
*ئۆتكەن ئايدا قارىسام ئەللىكچە كەپتەر بار ئىدى. بۈگۈن قارىسام ئون بەشچىسى يوق تۇرىدۇ. ساياپ كېتىپتۇ.*
كۆچمە مەنىدە: ئۆز جايىغا مېھرى يوق ئادەملەرنى «سا-ياق» دەپ كىنايە قىلىدۇ.

## ش

**شاپ:** بىر خىل ئۆسۈم-
لۈك (ئوت) يوپۇرمىقى؛ پى-
چاق بىسىدەك كەسكۈر. ئىس-
تېمالدا: تېز، ئىتتىك، چاپ-
سان، ئىلدام مەنىسىدە قوللى-
نىلىدۇ. تىغ - ئەسۋابلارنىڭ
ئىتتىكلىكى مەجازدا «شاپتەك»
دەپ سۈپەتلىنىدۇ. م:
*ئاچمىلىقا تېرىغان بۇغدايلىقتا*
*شاپ جىق، ئورغاق سالغاندا ئاۋايلى-*
*مىسا بولمايدۇ.*
*بۇ پىچاق شاپتەك بولۇپ كې-*
*تىپتۇ. ئېگىزگىرەل ئەپ قويۇڭلار.*
*باللار قولىغا ئېلىۋالمىسۇن.*
*كەنجى قوناقنى ئوتلايمەن،*
*تۈپ قالدۇرۇپ تاقلايمەن.*
*كېلەر بولساڭ شاپ كەلگىن،*
*چاي قاينىتىپ، ساقلايمەن.*

*شاپ بۇرۇتلۇق يىگىتنىڭ،*
*يارى شۇنداق ئۇزمىكىن.*
*شۇنچە قىلسام بىلمەيدۇ،*
*كۆڭۈللىرى مۇزمىكىن.*
**شات:** خۇشال (شوخ)
مەنىسىدە كېلىدۇ. «شاد» سۆ-
زىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. م:
*يارىم نېمە دەپ كەتتى،*
*شاتلىقىمنى ئەپ كەتتى.*
*ئەجەب تەسكەن ئايرىلماق،*
*يۈرەككە ئوتنى سەپ كەتتى.*
**شات - مات:** كەسكىن
مۇئامىلىلىك، ئىشنى كېسىپ
قىلىدىغان، بىر سۆزلۈك ئادەم-
لەرنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلى-
دىغان ئىبارە. م:
*ئەنسىرىمەڭلار، شات - مات*
*ئادەم بىلەن سودا قىلماق ئاسان.*
*ياردىن ۋاپا - نەپ بولسا،*
*شات - مات دېسە گەپ بولسا.*
*كۆزنى قىسىپ بولغىچە،*
*ئىككى سەكرەپ كەپ بولسا.*
**شاپ - شۇپ:** ھەرىكەتنىڭ
تېز ئورۇندىلىشىنى تەلەپ قى-
لىدىغان ئۆتۈنۈش ۋە بۇيرۇق
رايى بولۇپ، «شاپ - شاپ»
دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. م:
*ھە، بۇرادەرلەر! شاپ - شاپ*
*بولۇڭلار، بۇ ئىشنى بىر تۈگىتىۋې-*

تەيلى.

**شالاق - شۇلۇق** (ئاۋاز ئىملىقى) : سۇ بىلەن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋازلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**شاراق - شۇرۇق:** (ئاۋاز ئىملىقى) : شاخ-يوپۇرماقلاردىن كېلىدىغان ئاۋازلارنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلىدۇ. مەجازدا: مىجەزى يەڭگىل ئادەملەرنى سۈپەتلەيدۇ. م:

*«شاراق - شۇرۇق داڭ كۆتۈرەر، پىسى-پىسى پۇت كۆتۈرەر».*

*شاراق - شۇرۇق ئاۋاز كەلدى، قارسام قويلارنىڭ ھەممىسى قوناقلىققا كىرىپ بولاپتۇ.*

**شاتاق - شۇتۇق** (ئاۋاز ئىملىقى) : قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن كېلىدىغان ئاۋازلارنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلىدۇ. م:

*ملتىقنى قولۇمغا ئېلىپ «شاتاق - شۇتۇق» بىسىۋىدىم، ئۇ ھارامزادىلەرنىڭ جان، ئىمانى چىقىپ كەتتى.*

**شاڭ:** تارتۇق، ھەدىيە ياكى ئىنئاملارنى ھەجۋىي كەيپىياتتا ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*مېنى چىقىپ قويغىنىڭىزغا قانچىلىك شاڭ بەردى؟!*

**شالاق:** تەنتەك مىجەزلەرگە مەجاز قىلىنىدۇ. م:

*بەك شالاق (شاللاق) ئادەم بولۇپسەن، ھاي دەپ تۇرمسا جەرەستاندا ئادەمنى خىجىل قىلىدىكەنسەن.*

*گۈلنى قىسىپ قۇلاققا،*
*سۇغا باردىم بۇلاققا.*
*ئەمدى كۆڭۈل بەرمەسمەن،*
*ۋاتىۋاتاق - شالاققا.*

**شانا:** ماتا، شايى - ئەتلەس توقۇيدىغان دۇكاننىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى كۆتۈرۈپ - چۈشۈرىدىغانغا ئىشلىتىدىغان ياغاچ ئەسۋاب (تەلەپپۇزدا «شا» بىلەن «نا» تېز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) . م:

*«بۆزنى بۇزغان شانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» .*

**شانۇ** («شانا» دەپمۇ قوللىنىلىدۇ) : يىپ، بىر نەچچە تال ئىنچىكە يىپنى ئېشىپ تەييارلىغان شوينىنىمۇ شانا دەپ ئاتايدۇ. كېرىيە تەلەپپۇزىدا «شىپ» دەيدۇ (تەلەپپۇزدا «شا» بىلەن «نا» ياكى «نو» ئۇرغۇ بىلەن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) . م:

*ھەي ئانىسى، ماڭا شانا تەي-*
*يارلاپ بېرىڭلار، تاغارنىڭ ئاغزىنى*
*بوغىمەن.*
*بېيىتتا: «باغلىۋالدىم بېلىمنى،*
*يارىم بەرگەن شانۇدا» دەپ كەلگەن.*

**شانائەت:** تۆھمەت، يا-
لا، ئۆزىدە يوق ئەيىب. م:

*يالغۇز تاشلىناي چا[ر]غا،*
*يالغۇز ئېسىلاي دا[ر]غا.*
*ھەر ئىشنى ئۆزەم قىلدىم،*
*شانائەت بولمىسۇن يا[ر]غا.*

**شاخا:** يەرلىك ئۇسۇل
بىلەن تەييارلىنىدىغان شۇلتا.
ئۇ توغراق ئوتۇنىنى كۆيدۇ-
رۇپ، كۈلىدىن تەييارلىنىدىغان
داشقال. شاخا ماتا رەختلەرنى
سۇپەتلەش (ئۇشتىلەش)، خام
پاتلاش، خوتەن قەغىزى يا-
ساش، سوپۇن ياساشقا ئىشلى-
تىلىدۇ. م:

*خامنى يۇيۇپ شاخادا،*
*ئۇشتە ئەتكۈلۈك.*
*ۋاپاسىزنىڭ قېشىدىن،*
*نېرى كەتكۈلۈك.*

**شاكىراپ:** تۇز سۇيى.
شور سۇينى شاكىراپ دەپ ئا-
تايدۇ. «بەتتەم» بولۇپ كەت-
كەن ئېغىزنى «شاكىراپ بولۇپ
كەتتى» دەپ مەجاز قىلىدۇ.
م:

*داشنىڭ سۇيى شاكىراپ،*
*ئىچكىلى بولمايدۇ.*
*يار كۆڭۈلنى ئەگدى دەپ،*
*كەچكىلى بولمايدۇ.*

**شالدىر شاخىناق:** ئۇچار
قۇشلارنى ئۈركۈتكۈچى نەرسە.
ئۇ قاپاق پۇچۇقلىرى ۋە باشقا
ئاۋاز چىقىرىدىغان نەرسىلەرنى
ياغاچقا ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنى-
دۇ. شاراق - شۇرۇق ئاۋاز چى-
قىپ، قاغا - قۇشقاچلارنى ئۈر-
كۈتىدۇ.

**شاتاۋا:** زاۋۇتتا توقۇل-
غان گۈللۈك رەخت. ئىلگىرى-
كى چاغلاردا چەتتىن كىرگۈ-
زۈلگەن زاۋۇت توقۇلمىلىرىنى
«گەزلىمە» دەپ؛ رەڭدار گۈل-
لۈك گەزلىمە رەختلەرنى «شاتا-
ۋا» دەپ ئاتىغان. كېيىنكى
چاغلاردا يىپەكتىن توقۇلغان
رەڭلىك گۈللۈك رەختلەرنى
«شاتاۋا» دەپ ئاتايدىغان بول-
غان. م:

*شاتاۋادا كۆڭلىكى،*
*كوچىدا ماڭغان خېنىم.*
*ۋەدىگە ۋاپا قىلماي،*
*لەۋزىدىن يانغان خېنىم.*

**شالۇ:** شۆلگەي، ئېغىز-
دىن ئاققان سۇ.

**شالۇك:** ئاغزىدىن ھەمى-

شە شالۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئا-
دەم.
**شاتىراق:** ئىچى سۇرۇپ
قىلىش كىسىلى (چارۋىلارنىڭ).
مەجازدا: يەڭگىلتەك، لەۋزىد-
ىنىڭ تۇتامى يوق، دېمەيدىغان
گەپلەرنى يېيىپ يۇرىدىغان ئا-
دەملەرنى شاتراق دەپ سۆپەتلەي-
دۇ.
**شاتىراق گۇلا:** پىشىپ ئۆ-
تۈپ كەتكەن ئۆرۈكتىن قۇرۇ-
تۇلغان گۇلە (قاق).
**شالامپەت:** ھۆلچىلىك،
پاتقاق، لاي، پىتىق. م:
*سۇنى ئازراق سەپمەيسىز، ئۆي*
*ئىچى شالامپەت بولۇپ كېتىپتۇ.*
**شاتكاك:** گېپى تۇزلۇق،
تەنە گەپ قىلىشقا خۇشتار ئا-
دەم.
**شايى:** يىپەك (ئەۋرىشىم)
يىپ بىلەن يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇل-
غان سىيدام رەخت.
ئۇيغۇر تېبابىتىدە شايى
رەختتە كىيىم كىيىشنى تەكىت-
لەيدۇ ھەمدە ئۇنى ئىشلىتىپ
مۇھىم دورىلارنى ياسايدۇ. شا-
يى رەخت: خوتەننىڭ ئەڭ ئەن-
ئەنىۋى مەھسۇلاتلىرىدۇر. م:
*ئۆز - ئۆزىنى چاغلاسۇن،*
*بىلىنى مەھكەم باغلاسۇن.*
*بىزنى دېگەن چوكانلار،*
*ۋاي يۈرىكىم دەپ يىغلاسۇن.*
*ئەتلەستە كۆڭلەك،*
*شايىدا تامبال،*
*كىيمەيمەن ئاكا دەپ يىغلاسۇن.*
**شاپالداق:** چىۋىن ۋە
باشقا نەرسىلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رىدىغان پالاق.
**شاخچى:** گىلەمنىڭ چۆ-
رىسىگە چىقىرىلغان كانار ئىچىد-
دىكى گۇل.
**شاخاپ** (شاخاپچە): چوڭ
ئېقىندىن ئايرىلىپ چىققان بۆلەك-
چە، تارماق ئېقىن.
**شاپاقچى:** مەجازدا نا-
كەسىپ كىشىلەرگە، يامان ئات-
لىق ئادەملەرگە كىنايە قىلىنى-
دۇ.
**شاجا:** دوغا چىققۇچى،
خېرىدارلىق قىلغۇچى.
**شاخنا:** سۆيۈق كەلگەن
چوڭ تاھارەتكە قارىلىتىلىدۇ.
بەزىدە ئېزىلىپ كەتكەن ھۆل
مېۋىلەرنىمۇ شۇنداق سۆپەتلەي-
دۇ. م:
*بۇ بالىنىڭ قورققىنىدىن ئارقا*
*مەھەللىسىدىن شاخنا كەتتى.*
**شادا:** قوناق ۋە كېۋەز-
لەرنىڭ قۇرۇق غولى. توخۇ،
كەپتەرلەرگە تەييارلانغان قومد-

نىڭ تال - تال تاياقچىلىرى.
مەجازدا: ئورۇق - ئېگىز ئادەم-لەرنىڭ تۇرقىنى شادا پاچاق دەپ سۈرەتلەيدۇ.
**شاپتۇل مۇنىكى:** توغاچ ۋە شاپتۇللارنى ئۇرۇقچىسىدىن ئايرىماي قۇرۇتۇپ تەييارلانغان قۇرۇق مېۋە. ئادەتتە «مۇنەك» دېيىلىدۇ.
مەجازدا: ئورۇقلاپ قو-رۇق بېسىپ كەتكەن چىرايلارنى كەمسىتىپ سۈپەتلەيدۇ.
**شاپتۇل قاقماق:** بۇ مە-جازىي ئىبارە بولۇپ، نارازى بو-لۇپ بويۇن تولغاشنى، بېشى-نىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادە بىلدۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ. م:
*مەن گېپىڭىزنى ئۇنىڭغا ئۇق-تۇردۇم. لېكىن ئۇ بويىنى بىلەن شاپتۇل قېقىپ گېپىمنى ئىلىك ئال-مىدى.*
**شاۋىكا:** ئۆيلەرنىڭ تام بىلەن ئۆگزە تۇتىشىدىغان جايى-غا چىقىرىلىدىغان گۈلدار ئەگ-مە.
**شەخەك:** شېغىل-قۇم، ئالتۇن قازغاندا چىقىدىغان تاش-توپا.
**خەشەك:** ئاپتاپتا، يام-غۇردا قېلىپ شاكال بولۇپ قالغان گۈلە. م:
*خەشەك گۈلا بېگەنمۇ؟*
*قوساق ئاغرىپ يۇگەنمۇ؟*
*قاچانلىققا كېلىسىز،*
*ئەتىمۇ يا بۇگەنمۇ؟*
**شەمەر:** ئىتتىك تىغ، كەسكۈر ئەسۋاب.
**شەرئا يەر:** تېرىمغا كىرگۈ-زۈلگەن يەر، مۇنبەت يەر.
**شەرەت:** ئىمالاش، قاش - كۆز ياكى قول ھەرىكىتى ئارقى-لىق قىلىنغان ئىما - ئىشارەت (ئىشارەتنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلى-شى). م:
*ھويلاڭدىكى ياڭاقنىڭ،*
*تۈۋى ئىككى ئاچىمۇ؟*
*شەرەتلەيسەن، كەلمەيسەن،*
*سەنمۇ شۇنداق گاچىمۇ؟*
**شەررەك:** ئەت يېمىگەن كۆپۈك گۆش، گۆشنىڭ ئىچى-دىكى يېگىلى بولمايدىغان تەر-كىب. بەزىدە شەررەك، بەزىلەر «شەللەت» دەپمۇ تەلەپپۇز قى-لىدۇ.
مەجازدا: خۇلقى ئوسال، ئورۇق ئادەمنى «شەررەك» دەپ سۈپەتلەيدۇ.
**شىداق:** ئەتسىز، ئورۇق ئادەمنى سۈپەتلەيدۇ.
**شىپى تاغاق** (شىپ تا-

غاق) : ئورۇق، ئەتسىز ئادەم-
-لەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە ھەجۋىي
قىلىنىدۇ.

**شەلغەم:** سەل ھەيدەپ
كەلگەن ئۇۋاق تاش.

**شەقىقى** (شەقى) : بې-
شىنىڭ يېرىمى ئاغرىيدىغان بىر
خىل كېسەل. بەزى مەنبەلەردە
تاڭ يورۇغاندىن كېيىنمۇ ئۇخ-
-لايدىغان ئادەملەرنى «شەقە-
قىي» دەپ ئاتايدۇ.

**شەلىگ** (شەھەرلىكتىن
بۇزۇلغان) : شەھەر ئادىمى.
م:

*ئاۋۋلار ئالتە شەلىگ ئادەملەر.*
*«شەلىگ شېكەرلىك، يېزىلىق*
*جىگەرلىك».*

*سۇلتان بېگىم سورايدۇ،*
*بۇلار نەلىگ، ئۇلار نەلىگ؟*
*بىز خەققە نېمە قىلغان،*
*ئۆيدە ياتىدۇ شەلىگ.*

**شەلپەرى** (شەلپەر، شەلپە-
رە) : قىزىل رەڭلىك رەخت.
مەجازدا: يۈزى تۆۋەنلىكنى
«شەلپەردەك قىزاردى» دەپ
سۈپەتلەيدۇ. م:

*بۇ بالىنىڭ يۈزى بەك تۆۋەن-*
*ىكەن. مېنى كۆرۈپ يۈزى شەلپەر-*
*دەك بولۇپ كەتتى.*

**شەر** (شەھەر) : مەجاز-
دا: تالاشقان ئىشنى، كۆڭۈل
سۇ ئىچمىگەن يەرنى تاشلاپ
كېتىشنى «ئالە شەرىڭنى،
كۆرمەي تەرىڭنى» دەپ كىنايە
قىلىدۇ.

**شۇپۇك:** سۆگەت، تې-
رەك بولجالىرىنىڭ ئۇزۇن چې-
ۋىقى.

**شۇپەك:** گازىر قاتارلىق
شاكاللىق يېمەكلىكلەرنىڭ قا-
سىرىقى.

**شۇپۇ:** ھۆل مېۋىلەرنىڭ
تېرىسى. بەزىلەر «شوپتەك» مۇ
دەيدۇ.

**شۇپۇ شالتاق:** مېۋە -
چېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلى-
شى.

**شوخا:** تىكەن. جىگدە،
ئۆرۈك قاتارلىق تىكەنلىك دە-
رەخلەرنىڭ تىكىنىنىڭ ئومۇ-
مىي ئاتىلىشى. مەجازدا: گې-
پى قاتتىق تېگىدىغان (يۈرەككە
سانجىلىدىغان) ئادەمنى ۋە ئۇ-
نىڭ سۆزلىرىنى «شوخىدەك»
دەپ ئوخشىتىدۇ. م:

*توخۇدەك بار ئۆزىڭىز،*
*شوخىدەك گەپ - سۆزىڭىز.*
*بارغا ئازار قىلغىلى،*
*جىدايدىكەن يۈزىڭىز.*

**شۈدلۈغ:** گەپ - سۆزى،

ئىش ـ ھەرىكىتى چاقققان، دىتى
بار ئادەم. م:

*ئۆزى خېلى شۇدلۇغ ئادەم دې-*
*سەم، ئىشەنچىگە يارىمىدى.*

**شۇك:** ھەرىكەت قىلماي،
ئۈن چىقارماي جىم بولۇش،
گەپىنى قىلىش. م:

*شۈك بولۇپ قالدىڭىزغۇ،*
*سۆزلەۋېرىڭ.*

**شوك ـ شوك:** تولا گەپ
قىلىدىغان، ئېغىز غېرىچلايدى-
غان ئادەمنى سۈپەتلەيدۇ.

**شورۇك ـ شورۇك:** «شو-
ك ـ شوك» قا ئوخشاش مەزمۇن-
غا ئىگە. م:

*نېمانچە شورۇكلايسىز، ئاغزىڭىز*
*تالمىدىمۇ؟!*

**شۇم ئېغىز:** يامان خە-
ۋەر، يامان گەپ ـ سۆزلەرنى
قىلىدىغان، تارقىتىدىغان ئا-
دەملەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**شۇپۇ كالپۇك:** لېۋى نې-
پىز كەلگەن ئادەم. شۇپۇ كال-
پۇك ئادەم ئۆزىگە پۇختا، كەم
سۆز، ئەمما گېپى سېسىق كې-
لىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**شۇرا:** سۇڭگۈچ، تام ۋە
چىتلاردىن ئېچىپ قويۇلغان
تۆشۈك. م:

*باغقا كىردىم شۇراڭدىن،*
*تامايىم يوق غوراڭدىن.*
*سەن مېنى يامان دەپسەن،*
*توڭغاز قوپار گۇراڭدىن.*

*شۇرىدىن كىرىك دەيسىز،*
*داۋزىڭىزغا دەم سېلىپ.*
*قاچانغىچە قىينايسىز،*
*باشقا مۇنچە غەم سېلىپ.*

**شىپ:** (كېرىيە شېۋى-
سى) يىپنى كۆرسىتىدۇ. ئاۋاز
ئىملىقى بولغان «شىپ» بىلەن
تەلەپپۇز ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈ-
لىدۇ. م:

*يازغى يۇڭدا شىپ تالاپ،*
*زىلچى خوجۇن توقۇيمەن.*
*دەرت بولمىسا نېمىشقا،*
*بۇ غەزەلنى ئوقۇيمەن.*

«ئالدىدا شىپ ـ شىپ، كەي-
نىدە غىپ ـ غىپ».

**شۇڭگۇتماق:** قوناق ئۇ-
نىنىڭ خېمىرىنى يۇمىلاقلاپ
ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ
ئېتىلىدىغان بىر خىل غىزا.
بەزى جايلاردا «موللەك ئاش»،
«كاتاك ئاش» دەپ ئاتايدۇ.
ئۇنىڭ يەنە ئىچىگە گۆش ۋە
باشقا نەرسىلەرنى سېلىپ ئېتى-
دىغىنىمۇ بار. م:

*قوسقىمنى ئاغرىتتى،*
*ئاخشام يېگەن شۇڭگۇتماق.*

*ئەجەپمۇ ئېغىر كەلدى،*
*يارنىڭ گېپىنى يۇتماق.*

*ئالدىدا لىگەن يارىم،*
*شۇگگۇتماق بىگەن يارىم.*
*باشتا ۋەدىلەشكەندە،*
*مەن نىمە دىگەن يارىم.*

**شوپاڭخانا:** هاراقخۇمارلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان خاس ئۆي. بۇ ئىسىم بۇرۇنلاردا مۇشۇنداق قوللىنىلغان. ئۇنداق ئۆيلەردە سازچى، ناخشىچىلار بار بولۇپ، غىزا ۋە باشقا لازىملىقلار تولۇق تۇراتتى.

**شوكۇم** (شاكۇم): ئادەمگەرچىلىك سورۇنلىرىغا كۆتۈرۈپ بارىدىغان سوۋغات. م:
*ئاز نەرسىنى شاكۇم ئەتكىلى بولمايدۇ.*

**شۇمەك:** بۆشۈككە بۆلەپ باقىدىغان نارەسىدە بالىلارنىڭ سۈيدۈك ئەزاسىغا كىرگۈزۈپ قويۇلىدىغان نوكاچ. قىز- ئوغۇللارغا ئايرىم- ئايرىم شەكىللەردە ياسىلىدۇ. مەجازدا: ئورۇقلاپ كەتكەن ئادەمنى «شۇمەكتەك قاپتۇ» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

**شولاق:** شورلۇق، زەي، سازلىق يەر.

**شولاغ نان:** ئۇلىغا شور چاپلىشىۋالغان نان. مەجازدا: ئاچچىق، نەشتىرى يامان سۆزلەرنى قىلغۇچىغا كىنايە قىلىنىدۇ.

**شوپاختا قىلماق:** ئوشۇقى چىقىپ كەتكەن كېسەلگە قىلىنىدىغان شىپا، بۇنىڭدا تۇزغا چىلانغان پاختا ئوشۇققا تېڭىلىدۇ. م:
*پۇتۇم قايرىلىپ كەتتى،*
*شو پاختا قىلىپ قويسىلا.*
*بىزمۇ ئادەم بالىسى،*
*كۆزلىرىگە ئىلىپ قويسىلا.*

**شىلاش:** ئالداش، قولاقتىن كىرىپ ئېغىزدىن چىقىش. هۆل ئارىلاش قۇرۇق ئوتۇن. يىپىشقاق، شىرىنلىك نەرسە. م:
*مېنى بوشراق شىلىنسىلا،*
*شىلىغانلىرىغا ئالدانمايمەن.*
*بەك شىلاش ياغاچكەن، بىرىپ بولغىلى بولمىدى.*
*سىزنىڭ ۋەدىڭىز ۋەدە،*
*بىزنىڭ ۋەدىمىز نەدە.*
*ئاغزىڭىزدا شىلايسىز،*
*كۆڭلىڭىز بۆلەك يەدە.*

*ئوتنى ياقسام تۇتاشمايدۇ،*
*شىلاش ئوتۇنغا.*

*قايسى كۈندە نېسىپ بولدۇم،*
*چالاش خوتۇنغا.*

**شمايلىماق:** يەڭنى تۈ-
رۈپ كەلمەك.

**شۈمۈدا قىلماق:** مېۋىلەر-
نى پۈتاقلىرى بىلەن يىغماق،
ئوت - چۆپلەرنى يىغىپ توپتەك
قىلماق.

**شۈىق:** چىۋىق، شۈپۈك،
تال چىۋىق. (كېرىيىگە خاس
تەلەپپۇز).

**شىپىلداق:** ساپما كەش
(كېپىش).

**شىڭگىلىك** («شىڭ-
گىل» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنى-
دۇ): بىر ساپ ئۈزۈمنىڭ كى-
چىك - كىچىك بۆلەكلىرى. ئا-
دەتتە «بىر چاتاق» دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ.

مەجازدا: قىسقا سۆز، بىر
ئېغىزلا گەپكە «بىر شىڭگىل
گەپ» دەپ ئېيتىلىدۇ. م:

*بىر شىڭگىلىك گېپىم بار،*
*ئاڭلاپ تۇر خېنىم.*
*كەچتە باراي جايىڭغا،*
*ساقلاپ تۇر خېنىم.*
*ئۆزەڭنى تۈزۈپ،*
*لەغمەننى سۈزۈپ.*
*تۇخۇم پىشۇرۇپ،*
*ئاقلاپ تۇر خېنىم.*

**شىلدىرشاپ:** ئۈجمە
ئىرغىتقاندا ئىشلىتىدىغان چوڭ
داستىخان. مەجازدا: كىرلى-
شىپ، قېتىپ كەتكەن كىيىم
ۋە باشقا نەرسىلەرگە سېلىشتۇ-
رۇلىدۇ.

**شىلتىڭ ئاتماق:** ئۆزىنى
چاغلىيالماسلىق، تەمەننا قى-
لىش. م:

*«ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ*
*ئېتىپتۇ. كونا پالازغا يۆگىنىپ ھەيتە*
*بېتىپتۇ».*

**شىلىم:** يېلىم. ئادەتتى-
كىلىرى بوغداي ئۇنىدا قايىنى-
تىپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ يەنە
«مۇلغۇي» دەپ ئاتىلىدىغان
بىر تۈرى بار، بۇنى موزدۇزلار
كۆن - خۇرۇملارنى يەملەش ئۈ-
چۈن ئالاھىدە ياسايتتى. مۇل-
غۇي ھەم قويۇق، قاتتىق،
چاپلىشىش دەرىجىسى كۈچلۈك
ياسىلىدۇ. مەجازدا: بىر ئىشقا
چاپلاشقاق ئادەمنى «شىلىمغا
ئوخشاش ئادەم» دەپ سۈپەتلەي-
دۇ.

**شىۋە:** سازلىق، سۇ ئاج-
رىمايدىغان چۆپلۈك جاي. خو-
تەننىڭ بىر قانچە جايلىرىدا
«كەڭشىۋە» دەيدىغان جايلار
بار. مەجازدا: سېيگەك كېسى-

سلى بار ئادەملەرنى، قولتۇقى
پۇرايدىغان ئادەملەرنى «شېۋە»
دەيدۇ.

**شىراق:** پاچاق، پۇت، ئوشۇق بىلەن تىزنىڭ ئارىلى-
قى. پاۋان مىلتىقنىڭ يەرگە تىرەپ تۇرىدىغان ئاچىسىمۇ «شىراق» دەپ تەلەپپۇز قىلى-
نىدۇ. م:

*«ئاله شىراقتىن، تۇته پاچاق-*
*تىن».*

**شىتىلە:** هەرراب، قى-
زىقچى ئادەم. بەزى مەنىلەردە سۆز، ئىش - هەرىكىتىدىن پالا-
كەت چىقىپ قالىدىغان ئادەم-
لەرنىمۇ «شىتىلە ئادەم» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

**شىينا:** پانا — ياغاچ يې-
رىقلىرىنى چىگداش ئۈچۈن قا-
قىدىغان ئۇچلانغان تارشا يا-
غاچ. م:

*كاتىنىڭ پاچاقلىرى مىدىرلاپ*
*قاپتۇ، شىينا قېقىپ قويۇڭلار.*

**شىنە:** ئۇزۇمنى سىقىپ، سۈيىنى قاينىتىش ئۇسۇلى بى-
لەن تەييارلىنىدىغان سۇيۇق-
لۇق. يەنە ئۇجمىدىنمۇ شىنە تەييارلىنىدۇ.

**شىللە** (شەللى): ئۆشنە تەرەپ، بويۇن، پاتاڭ، گەجگى-
نى كۆرسىتىدۇ. م:

*«ئاچىنىز بىلەن ئويناشماڭ،*
*شىللە پاتاڭ يەرسىز».*

**شىلىك - شىلىك** (ئىمە-
لىق): ئاساسەن بۇرۇندىن ئاق-
قان سۇيۇقلۇقنىڭ هالىتى ۋە ئاۋازى.

**شىشۈك:** چىگىشنى يەشمەك ياكى يېشىلگەن تۈگۈن-
چەك ۋە ياكى يېشىلىپ كەتكەن هالەتلەر. كېرىيىدە چىگىشنى يەشمەكنى «شەشمەك» دەپ تە-
لەپپۇز قىلىدۇ.

**شىلگەي:** «پەشتاما» دې-
يىلىسىمۇ، ئاساسەن كىچىك با-
لىلارنىڭ شۆلگەيلىرىنى بىر تە-
رەپ قىلىشقا ئىشلىتىدىغان، بويىنىغا ئېسىپ قويىدىغان كى-
چىك ئاسما رەخت.

**شەشكەن مال:** تۇياق بې-
جى ئۈچۈن تەقلەپ قويۇلغان چارۋا مال (تاغ شېۋىسى).

**شەللەڭگويەك:** ئاياللار-
نىڭ چېچىنىڭ ئۇچىغا ئاسىدى-
غان زىننەت بويۇمى (ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن تەييارلى-
نىدۇ). م:

*يارىم ئۇزۇن چېچىغا،*
*شەللەڭگويەك ئېسىقلىق.*
*ئىشقى يامان، تاقەت يوق،*

*مەن ئۆزەمنى بىسىغلىق.*

**شەددە:** قەبرىگە قويۇلغان خادىنىڭ ئۇچىغا قويۇلىدىغان تاماق شەكىللىك شادا ياغاچلارنى كۆرسىتىدۇ. شەكلى «卐، L» . بەزىلەردە لاي بىلەن قەبرە بېشىغا ئويۇپ چىقىرىپ قويىدۇ.

**شىلاش ئىش:** چىگىشلىشىپ كەتكەن ئىش.

**شاپاق بۆك:** گۈللۈك تاۋارلاردا تاللاپ تىكىلىدىغان باش كىيىمى. هازىر كېرىيە، چىرا تەرەپلەردە كەڭ ئومۇملاشقان.

**شاپاق يارىسى:** ئېغىز ئەتراپلىرىغا پەيدا بولىدىغان، مېۋە، قوغۇن - تاۋۇز پىششىقىدا يۇقىدىغان يارا. كىچىك باللاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## غ

**غار** (ئاۋاز ئىملىقى): ئايروپىلاندىن چىققان ئۇن؛ ئاشقازان بوزۇلغاندا ئېغىزدىن يانغان تاماقنىڭ ئاۋازى؛ بەزىدە ئىسسىم بولۇپ كېلىپ، تاغلاردىكى تەبىئىي پەيدا بولغان ۋە ئادەملەر كولىغان چوڭقۇر قازىملارنى «غار» دەپ ئاتايدۇ. م:

*بۇگۈنكى ئايروپىلان شۇنچىلىك پەس هەم تېز ئۇچۇپتىكى، بېشىمنىڭ ئۈستىدىن «غار» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.*

*بابا يېگەن ئاش زىيان قىلغان چېغى، «غار» قىلىپ ياندۇرۇۋەتتىم.*

*ساياهەت قىلىپ كېلەي دەپ سەهۋالىمغا چىققان ئىدىم، كۆهمارىم غارىنى كۆردۈم.*

**غار-غار** (ئاۋاز ئىملىقى): ئېغىزغا سۇ ئېلىپ چايقىماق. م:

*چىشىڭىزنىڭ مىلىكى قاناپ ئارام بەرمىگەن بولسا، ئېغىزىڭىزنى هەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە تۇزدا «غار - غار» قىلىپ بىرىڭ.*

**غارت** (ئاۋاز ئىملىقى): ئىشىك، غاراللارنى ئېچىپ - ياپقاندا چىققان ئاۋاز. م:

*ئىشىكنى غارتىلداتماي ئاستا*

*ئېچىڭلار، بولمىسا داداڭلار ئويغىنىپ كېتىدۇ.*

**غاپ** (ھەرىكەتنامە): «كوپىپىدە» مەنىسىگە يېقىن سۆز، ئۇ بىرەر نەرسىنى پەم بىلەن تۇيدۇرماي تۇتۇۋالغانلىقىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*ناھايىتى شاش ئاتكەن، تۇيدۇرماي «غاپ» قىلىپ تۇتىۋالدىم.*

**غاراچ** (ئاۋاز ئىملىقى): چىش بىلەن بىرەر نەرسىنى چايناپ سالغاندا چىققان ئاۋاز. م:

*گۇرۇچنى پاكىز خىللىمايتىكەن، بىر كاپام تاشنى ئاغزىمغا سېلىپ چاينىشىمغا «غاراچ» قىلىپ تاش چايناپ سالدىم.*

**غاچ** (ھەرىكەتنامە): تېز، چاپسان، دەرھال مەنىسىدە. م:

*بەك مىس ـ مىس ئىكەنسىز، غاچ بولمامسىز!*

**غاس** (ھالەت): قىش كۈنلىرى بىرەر نەرسىنىڭ توڭلاپ قېتىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

*كېچىدىن سوغۇق بەك قاتتىق بوپتۇ، قاراڭلار، چېلەكتىكى سۇ توڭلاپ غاس قاپتۇ.*

**غارال:** شادىلىق توساق، چارۋا ماللارنى سولاپ بېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ياغاچ ئېغىل. م:

*قويلارنى سولىغىلى غارال ئەتتۇرسەم، شادىلىرىنى بەك ئالا قىلىپ قويۇپتىكەن، ئارىلىقتىن قوزىلار قېچىپ ئارام بەرمىدى.*

**غادىراڭ:** تېرىمغا كىرمىگەن، تېرىسا زىرائەت ئۈنمەيدىغان يەر. مەجازىي مەنىدە: ياپا، دائىم. م:

*غادىراڭ تىكەنلىك يەركەن، تېرىمغا كىرگۈچە بىر غېرىچ ئېتىمدىن چۈشتۇم.*

*سىز غادىراڭ چاتقى بار ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئادەمكەنسىز.*

**غانجۇغا:** ئوۋچىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئېگەر ـ توقۇملىرىغا مەخسۇس ئورنىتىلغان تاسما، يىپ ئارغامچا، تانا. ئۇنىڭدا ئوۋلىغان نەرسىلەرنى تاڭىدۇ. بىر مەزگىل ئايرىلىپ كېتىدىغان ئادەملەرگە «ئالدىرىماڭ، غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز» دەپ مالامەت قىلىنىدۇ. م:

*بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىدۇ: «توشقان بالىسى (بوجەن) تۇغۇلۇپلا شاشلىق قىلىپ ئا-*

نىسىدىن قېچىپ يۈرىدىكەن. ئانىـ
سىنىڭ «دىققەت قىل، ئادەملەر ۋەھـ
شىي، سېنى ئوۋلاپ تۇتۇپ كەتمىـ
سۇن» دېگەن نەسىھىتىگە قۇلاق
سالمايدىكەن، بەگۈاش بالىنىڭ گەپ
ئاڭلىمىغانلىقىدىن رەنجىگەن ئانا
توشقان: «بوپتۇ، جاڭگال كەگرى،
خالىغان يېرىڭگە بېرىۋەر، كۈنلەرنىڭ
بىرىدە غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز» دەيـ
دىكەن».

بۇ، ئولجا سۈپىتىدە ئوۋـ
چىنىڭ ئېگىرىگە باغلانغان ھاـ
لەتكە مەجاز قىلىنىش ئارقىـ
لىق، نەسىھەت ئاڭلىماس، ئۆز
سۆزلۈك كىشىلەرگە «ھامان
بىر كۈنى مېنىڭ دېگەنلىرىم
ئالدىڭغا كېلىدۇ، شۇ چاغدا
كۆرۈشىمىز تېخى» دېگەننى
بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىـ
دۇ.

**غالچا:** بۇرۇنقى چاغلاردا
ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ يېنىدا
ھەمراھ بولۇپ، يۈگۈر - يېتىم
ئىشلىرىغا قارىشىدىغان ياللانما
ئادەم. مەجازىي مەنىدە: ھوـ
قۇق ئىمتىيازى بار گۇرۇھ ياكى
ئادەمدىن كۆرگەن نەپ ھېسابىـ
غا ئاشۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېـ
پىپ ئادەتلەنگەن كىشى.

**غاراس-غۇرۇس** (ئاۋاز ئىمـ
لىقى): مۇز ئۈستىگە دەسسىگەنـ
دە مۇزنىڭ سۇنۇپ پارچىلىنىـ
شىدىن چىققان ئاۋاز. م:

*بېگىدىن مۇز تۇتقان كۆلگە
كىرىپ غاراس - غۇرۇس دەسسەپ،
سىنىپ بولغىچە ئۇ قاتقا ئۆتۈپ
كەتتىم.*

*«مۇزدىن ئۆتسەڭ بۇرۇن
ئۆت، سىنىپ بولغىچە ئۆتەرسەن.
سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، لەيلەـ
گىنىنى كۆرەرسەن».*

**غاراڭ - غۇرۇڭ** (ئاۋاز
ئىملىقى): زۇكامداپ، ئۇنى
پۈتۈپ قالغاندا دىماغدىن چىقىـ
دىغان ئۈن. م:

*ئىككى - ئۈچ كۈن بولدى،
زۇكامداپ قالغان ئىدىم، ئاۋازىم غاـ
راڭ - غۇرۇڭ چىقىپ سۆزلەشمۇ
تەسكە چۈشتى.*

**غادىراق:** مۇتلەق، پۈـ
تۈنلەي. م:

*بۈگۈن بازارغا غادىراق ھۆل
ئوتۇن كىرىپتۇ.*

**غۇلدا:** دەرەختىن كېسىـ
ۋېلىنغان توم تاياق. م:

*كاسكى ئېتىنىڭ جاجىسى غۇلـ
دا، غۇلدا بىلەن تازا سالىدىغان بولـ
سا قۇيرۇقىنى قىسىپ ماڭىدۇ.*

**غول:** كۆپ، نۇرغۇن؛
كىچىك ئېقىنلار جەملەشكەن

جاي؛ ئىككى دولىنىڭ ئارد-
ىسى. م:

*بۇ ئادەملەرنىڭ جەمەتى غول.*
*غول ئىچىنغا چۈشمەيلى.*
*ئىككى غولامنىڭ ئارىسى تىر-*
*لىپ ئاغرىبىدىغان بوپقالدى.*

**غىژمال:** مىجەزى ساراڭ
قېتىش، ئوڭ ياكى تەتۈرلىكىد-
نى تازا پەرق ئەتكىلى بولمايدى-
غان روھىي ھالەتكە ئېيتىلى-
دۇ. كۆچمە مەنىدە: كەيپىياتى
نورمال بولمىغان ئادەم ۋە ئىش-
لارنى شۇنداق ئاتايدۇ. ئىنسا-
نىڭ ئورنىغا بۇ سۆزنى قويۇپ
ئىشلىتىدۇ. م:

*بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى مۇشۇن-*
*داق غىژمال. ئۇنىڭ گەپلىرىنى بەك*
*ئىنچىكىلەپ كەتمەيلى.*

**غونۇجۇن:** كالىلارنىڭ
چىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك غو-
نۇجۇن دەپ ئاتايدۇ. يەنە «غۇ-
نىجۇن» دەپمۇتەلەپپۇزقىلىنى-
دۇ. كىتاب تىلىدىكى «ئى-
نەك» غونۇجۇندۇر. م:

سەئىدۇللاخۇننىڭ غونۇجىنى-
سىنى بۈگۈن بازارغا ئېلىپ چىقىپ-
تىكەن، خېرىدارلار يەتتە يۈز سوم
قىلىشتى.

*«غۇنىجۇن ئۇنىمىسا چۈشەپ*
*بەرسە بولا، بۇقا ئۇنىمىسا قانداق*
*قىلسا بولا؟»*

**غەلۋە:** ۋاراڭ - چۇرۇڭ،
جېدەل - ماجرا. م:

*سىرتتا بىر غەلۋىنىڭ ئۈنى بار،*
*قاراپ بېقىڭا؟*
*غەلۋە قىلماي، جىم ئولتۇر-*
*ساڭلارچۇ؟*

**غەلۋىخور:** چاتاقچى،
جېدەلگە ئامراق ئادەم. م:

*ناھايىتى غەلۋىخور ئادەملەر-*
*نىڭ ئارىسىدا قالدىمغۇ؟*

**غەلە** (غەللە) : ئەسلىي
ئاۋام - خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە
تاپشۇرىدىغان ئاشلىق (غەللە -
پاراق) بولۇپ، بۇرۇنلاردا تۆگ-
مەنگە ئۇن تارتىش ئۈچۈن بار-
غاندىمۇ، پۇلى يوق ئادەملەر
تۈگمەن ئىگىسىگە ئۇن تارتىش
ھەققىگىمۇ ئۇن بېرەتتى. بەر-
گەن ئۇن ياكى ئىش ھەققى
غەللە (غەلە) دەپ ئاتالغانىدى.
ھازىربۇ سۆزنىڭ ئىستېمال مە-
نىسى ئۆزگىرىپ تىجارەتچى-
لەرنىڭ پۇل سالىدىغان كىچىك
ساندۇقىمۇ «غەلە ساندۇقى»
دەپ ئاتالماقتا. م:

*پۇل خەجلىسىڭىز ئۆيدىكى*
*پۇلدىن ئېلىڭ، غەلىگە قول تىقماڭ،*
*بولمىسا سودىنىڭ بەرىكىتى ئۇچۇپ*
*كېتىدۇ.*

*خاماندىكى بۇغدايىي يۇمشى-*
*تىپلا ھۆكۈمەتنىڭ غەللىسىنى تاپ-*
*شۇرۇۋەتمىسەك بولمايدۇ.*

**غەلـەت:** خاتا، ناتوغرا، ئېزىقتۇرۇش. م:
*كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ قاچاي*
*دېدىڭما، ئۇخلاپ چۈشۈڭ!*
*بۇ خەتنى غەلەت ئوقۇدىڭىز-*
*مىكىن دەپ قالدىمىيا؟*

**غـەش:** يـىرگـىنـىش، سـەسـكىنىش، بىزار بولۇش. م:
*كـۆڭـلۈمنى غەش قىلمىسى-*
*ڭىزچۇ؟*

**غـەشـلىمەك:** يات كۆر-مەك، سىغدۇرماسلىق. م:
*شـۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىن*
*مېنى غەشلەپ ئۆيىڭىزگە چاقىرماي-*
*سىز، سىزدىن كۆڭلۈم رەنجىدى.*

**غەلىغەش:** ئەخلەت - چا-ۋا، پاسكىنا، ساپ ئەمەس. م:
*ئـۆستەڭگە شۇنداقمۇ غەلى-*
*غەش سۇ كەپتۇ يا؟*

**غەزىمەت:** تاغ ئالمىسى، ئـىنتايىن كىچىك، چۈرۈك، رەڭگى قىزىل كەلگەن ياۋا ئال-ما. چىرا، كېرىيە تاغلىرىدىن چىقىدۇ. م:
*يارنىڭ مەڭزىدەك رەڭدار،*
*تاغ ئالمىسى - غەزىمەت.*
*غەزىمەتتەك يارىنى،*
*سۆيەلمىگەن ئەزىمەت.*

**غــەزىينەت:** تاپا - تەنە، مالامەت. م:
*بولغۇلۇق بولدى، غەزىينەت*
*قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟*
*«غەزىينەتلىك نەرسىدىن تام*
*تۆشۈكى ياخشى.»*

**غـۇرا:** ئـۆرۈكنىڭ پىش-مىغان خام مېۋىسى؛ بەدەندە پەيدا بولۇپ قالغان ھۇررەك. كېرىيە تەرەپتە ئۆرۈك دەرىخىنى «ئۆرۈك»، مېۋىسىنى «غۇرا» دەيـدۇ. «پـىشـشـىق غۇرا»، «توڭ غۇرا» دېيىش ئارقىلىق خام ياكى پىشقانلىقىنى پەرقلەن-دۈرىدۇ. م:
*توڭ غۇراڭنى يېمەيمەن،*
*قامتىدۇ چىشىمنى.*
*سىنىڭ رەھمىڭ كەلمىسە،*
*خۇدا ئوڭلار بىشىمنى.*

**غۇدۇشاڭ:** قوتۇر - چو-ماق، سىرتىدىن تۇتقاندا قولغا قاتتىق ئۇرۇنىدىغان نەرسە، بە-زى شـېـۋىلەردە «غۇدۇشماق» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. م:
*ئەتىسىگىزگە ھاڭگۇ تېرەكتەك*
*غۇدۇشاڭ بىر نېمىلەر چىقىپ كېتىپ-*
*تۇ.*
*يانچۇقىڭىزنىڭ سىرتىدىن تۇ-*

*تۈپ باقسام غۇدۇشاڭ ئۇرۇنىدۇ، نېمە سېلىشۋالدىڭىز؟*

**غـۇدۇڭـشماق:** نارازىلىقىنى ئاشكارا ئېيتالماي تىل چاينىماق. م:

*پىكىرىڭلار بولسا غۇدۇڭشماي ئاشكارا دېمەمسىلەر؟*

**غـودىراش:** ئىدىيىسىدىن ئۆتـمىگەن ئىشقا چېچىلماق. م:

*ئەسلىدىمۇ بۇ ئىشنى قىلغۇڭىز يوقتى، شۇڭا غودىراپسىز ـ ھە!*

**غـوجـۇن** (خـۇرجۇن) : كېرىيىلىكلەر شۇنداق ئاتايدۇ. غوجۇن ئىككى پايلىق، ئېغىزى ئىزمىداشقا بولىدىغان، يەلكىگە ئارتىپ ماڭىسىمۇ، ئات ـ ئۇلاغلارغا ئارتىسىمۇ باب كېلىۋېرىدىغان سەپەر قاچىسى. ئۇنىڭ «بۆز خۇرجۇن» ، «قىل خۇرجۇن» ۋە «زىلچا خۇرجۇن» دېگەن تۇرلىرى بار. يەنە بىر خىل خۇرجۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا يوتقان ـ كۆرپە قاچىلاشقا بولىدۇ. بۇ خىل خۇرجۇننى «ياتاق خۇرجۇنى» دەيدۇ. م:

*ئاتقا خۇرجۇن ئاتلىمۇ،*
*غانجۇغىسىنى تاتلىمۇ.*
*بىز ئۇ يەردە دەرد تارتساق،*
*سىلە ئويناپ ياتلىمۇ؟*

**غورىگىل:** قاتتىق ـ قۇرۇق، ھەشەمەتسىز، ئاددىي ـ ساددا، نامراتچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن تۇرمۇش. م:

*ھەر قايسىلىرىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەرسىز قالغاچقا، داستىخىنىمىز بەك غورىگىل بوپقالدى. رەنجىمىگەيلا.*

*ھال ـ كۇنىمىز بەك غورىگىل ئۆتىۋاتىدۇ، قانداقمۇ قىلارمىز؟*

**غـورەك:** باللارنىڭ بىر خىل ئويۇنچۇقى، بەزىلەر «غوزژەك» ، «غوييەك» دەپمۇ ئاتايدۇ ۋە تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇ خىل ئويۇنچۇقنىڭ ئويناش ئۇسۇلى: ئىككى ياڭاقنىڭ بىرسىنى تاياقچا مەھكەملەپ، يەنە بىرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يىپ ئۆتكۈزگىدەك تۆشۈك ئېچىپ (ئىچىدىكى مېغىزى كولاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ) ، ئاشۇ تۆشۈك ئارقىلىق ئوق تاياقچا شوينا يىپنى يۆگەپ تارتساق، ئوقچا بېكىتكەن ياڭاق بىلەن ئوق پىرقىراپ «غۇر ـ غۇر» ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**غېزى ئۇيان ـ ئۆدىكى بۇيان:** تالاش ـ تارتىشتا قالغان ئىشنىڭ كەسكىن بىر تەرەپ قىلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان ئىد-

ـباره. م:

بۇ ئۇزاقتىن بېرى بېشىمىزنى
قاتۇرۇۋاتقان چىگىش ئىش ئىدى.
ئۆزلىرى ئارىغا چۈشۈپ، غېزىنى ئۇۋ-
يان - ئۆدىكىنى بۇيان قىلىپ ئايرى-
ۋەتكەنلىرى ياخشى بولدى...

**غورتەك:** ئۆزى كىچىك، شوخ باللارنى ئەركىلىتىپ ئېيتىدىغان سۆز. م:

بۇ غورتەك - زە، ئادەمنى زادى
ئارامىدا قويمايدۇ.

**غولجا:** زاڭاق، ئېڭەكنىڭ ئىككى تەرىپى. م:

نان دېگەن شۇنداقمۇ قاتتىق
بولامدۇ. چايناپ غولجالىرىم تىلىپ
كەتتى.

**غوشت** (بۇيرۇق پېئىل): قوي - قوزىلارنى ھەيدىگەندە ئىشلىتىلىدۇ. م:

...غوشتە! بۇ قويلارنى غوشت
دېگەنسىرى يېقىن كىلىشۋالغىنىنى
كۆرەيمۇ؟

غوشتە قويلىرىم - غوشتە،
ياپلاققا بېرىپ ئوتلا.
يار كەينىدە گەپ قىلما،
يۈزى قېلىن كوت - كوتلا.

**غۇراپ:** ئۈزۈمنىڭ تولۇك، پىشمىغان مېۋىسى. مەجازىي مەنىدە: مىجەزى چۈس، تېرىككەك، ئەقىل تاپمىغان ئادەم. م:

غۇراپ ئۈزۈمنى يېمەڭ بالام،
قورسقىڭىز ئاغرىپ قالىدۇ.
ئۇ دېگەن بىر غۇراپ نېمە،
ئاشۇنىڭ گېپىگىمۇ رەنجىمەڭ!
ئاللا - ئاللا، يائاللا،
دۇتارنى بەلەن چاللا.
يار قەدرىگە يەتمەيدۇ،
ئەقلى كەم غۇراپ باللا.

**غوم:** كۆكۈلدە ساقلانغان تۈگۈچ، رەنجىش، ئاداۋەت. مەجازىي مەنىدە: كۆكۈلگە ياقمايدىغان ئىش. م:

قويىسلا ئەمدى، «ئۆتكىنى-
كەتكىنى» دەيتىكەن، ئۆتۈپ كەت-
كەن ئىشقا غوم ساقلاپ يۈرمەيلى.

ناۋات تەگلىدىم يارىم،
ئاغزىڭغا سال كوم قىلىپ.
نەۋاققىچە يۈرىسەن،
تەتۈر قاراپ — غوم قىلىپ.

قولۇڭدىكى ئالمىنى،
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە،
يۈرەمدىمىز غوم ساقلاپ؟

**غۇراز** (خوراز): كېرىيەلىكلەر خورازنى «غۇراز» دەيدۇ ۋە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىدۇ. م:

ئاق غۇرازنىڭ تاجىسى بار،
چار غۇرازنىڭ يوقمىكەنا.

*ئاۋۇتكامنىڭ ئاشنىسى بار،*
*ساۋۇتكامنىڭ يوقمىكەنا؟*

**غۇجۇم:** سېپىدىن تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۈزۈم دانىلىرى. م:

*ئۈزۈمنى ئېسىپ بولغاندىن كېيىن، غۇجۇملارنى شىرنە قاينىتىپ قويايلى. ئەتىيازدىكى سېرىقتال مەزگىللەردە نان يۇمشىتىپ يەيمىز.*

**غۇرۇۋا:** بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «غېرىپ» قوشۇلۇپ ئاجىز-ئورۇق، يېتىم-يېسىر، مىسكىن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. م:

*غېرىپ - غۇرۇۋالارنىڭ ھەققىنى يېگەن كىشى قىيامەت كۈنى ۋەيلۇن دوزاخقا چۈشۈپ كۆيىدۇ.*

**غۇچ** (ھالەت): چىرايىنىڭ ئۆشتۆمتۇت ئۆزگىرىشى. م:

*بىر چىرايلىق كۈلۈپ تۇرغان ئادەم، مېنى كۆرۈپلا تەرىنى غۇچ قىلىپ تۇرگىنى نېمىسى؟*

**غۇلى:** زادى، ھەرگىز، پەقەت. م:

*غۇلى گەپ ئاڭلىمايدىغان بولىۋالدىڭىز، جېكىلەپ تۇرساممۇ يەنە ئۆزىڭىز بىلگەنچە ئىش قىلغان.*

*ئالما بەرسەم يېمەيسىز،*
*بېيە بەرسەم يېمەيسىز.*
*قايسى باينىڭ قىزى سىز،*
*غۇلى كۆزگە ئىلمايسىز.*

**غۇدۇق - پۇدۇق** (ھەرىكەت ئىملىقى): تەمتىرەپ قېلىش، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا تەرەددۇتلانماق. م:

*ئۇ مېنى يىراقتىن كۆرۈپ، غۇدۇق - پۇدۇق ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.*

*ئۇ گېپىنى غۇدۇق - پۇدۇق يۇتتۇۋەتتى.*

**غولدۇر** (ئاۋاز ئىملىقى): قورساقنىڭ ئاغرىپ تاراقلىشى، سۇنىڭ نودىن ئاققاندىكى ئاۋازى. م:

*ئەتىگەن يېگەن ئۆرۈك قورسىقىمنى ئاغرىتىۋەتتى، غولدۇرلاپ ئارام بەرمىدى.*

**غۇژمەك:** يېقىن - زىچ، توپ - توپ. بۇ، كاللىسىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ تۇرغان ئادەملەر توپىنى؛ نەرسىلەرنىڭ زىچ، كاللەكلىشىپ قالغان ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۈپەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز. م:

*ئاسماندىكى غۇژمەك يۇلتۇزلار ئاخشىمى قارىسا، ئادەمنىڭ كۆزىگە باشقىچە ئوز كۆرۈنىدىكەن.*

*شاختىكى غۇژمەك - غۇژمەك ئۈجمىلەر راسا مەي باغلاپ پىشىپتۇ،*

*بىر قورساق يەۋەتەيلىمۇ؟*
*بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالماي،*
*ئالا ـ ئالا تۇرمامسىلەر؟*

**غـۇژ:** توساتتىن ئىختىـ
يارسىز ئاچچىقى كەلمەك، غەـ
زەپلەنمەكنى ئىپادىلەيدىغان ئىـ
بارە. م:

*قارا بالام، ئاچچىقىم غوژژىدە*
*كەلگەن بىلەن دەرھال يانىدىغىنىنى*
*ئۆزەڭ بىلىسەن، بايامقى چىچىلغىـ*
*نىمنى كۆڭلۈڭگە ئالما، ھە!*

**غـوزەك:** پاختىسى ئېچىلماي
قـالغان كېۋەز غوزىسى؛ پىلە
غوزىكى «غوزا» بولۇپمۇ كېلىـ
دۇ. م:

*ئەتـە ئـېتىزدىكى شادىلارنى*
*چېپىپ ئەكىلىۋالمىساق سىكرىتار باـ*
*ھالاشنى باھانە قىلىپ، يەرنى تراكـ*
*تور بىلەن ھەيدەيمىز دەيدۇ. تېخى*
*بىر تېرىم غوزىسى بار تۇرسا؟*
*مەن ئەتە ئۆگىنىشكە بېرىپ*
*كەلگۈدەكمەن، كۈزدە ساتقان پىلە*
*غوزىسىنىڭ خودىنى يالغانكەن دەيـ*
*دۇ. يا ئۇ نېمىنى مەن يازمىسام!؟*
*ئېتىزلىقتا قېپ قالدى،*
*پاختا تەشمىگەن غوزەك.*
*قالتىس چاغلاپ ئۆزەڭنى،*
*بىزنى قىلمىغىن بوزەك.*

**غـۇلاسان:** گـەۋرىـلـىك
(گـەۋدىـلىك)، ئۇستىخانلىق
ئادەم. كاتتا يوغىنىغان دەرەخـ
نىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن سۈپەتـ
لەيدۇ. م:

*زەپ غۇلاسان ئۆسكەن تېرەكـ*
*كىنا بۇ!*
*ئايالى جەينەكچىلىك تۇرىدۇ،*
*ئۆزى ئاسمان شوتىسىدەك غۇلاسان*
*بىر ئادەمكەن...*

**غىجىي:** تازسار، تاپ يەـ
يدىغان بىر خىل قۇش. م:

*بۇ يىل تاغقا بەش قوي چىـ*
*قـارتسام، ئىككىسىنى غىجىي يەپ*
*كەتكەنمىش.*

**غـىجىي مۇنەك:** كۆرۈمـ
سىز، ۋىجىك، ئاۋاق ئادەمنى
سـۈپـەتـلـەشتە ئىشلىتىدىغان
سۆز. م:

*نەدىكى غىجىي مۇنەك بىر نىـ*
*مىگە سايە قىلمىسلا، خىياللىرىدا ئەر*
*چـىقماي ئولتۇرۇپ قالدى دەيدىـ*
*غان ئوخشىمامىلا!؟*

**غىلىموق:** غىل ـ پال،
تاسادىپىي، ئىختىيارسىز... م:

*ئۇنى غىلىموق كۆرۈپ قالدىم،*
*چاقىراي دېگىچە كۆزۈمدىن يىتتى.*
*ئۆزەممۇ تۇيماي قالدىم، كۆـ*
*زۈمگە غىلىمۇق ياش كەپتۇغۇ تاڭ!*

**غىل:** سىلىق، تېيىلغاق
جاي، مۇزلۇق. م:

*كۆلگە بىرىپ غىل تىپىلىپ*
*كەلمەيلىما؟*
*يولنىڭ ھەممىسى مۇز، غىل*
*تىپىلىپ كەتمەي ماڭ، بالام.*
*ئاستا ماڭمىسام بولماس،*
*يول بەك غىل بولۇپ قاپتۇ.*
*يارىم گەپ كۆتۈرمەيدۇ،*
*كۆڭلى زىل بولۇپ قاپتۇ.*

**غىلتاڭ:** خاس، ئارىلاشـ
ـمىسى يوق، پەقەت، زادى. م:
*كەلگۈلۈك غىلتاڭ ماڭىلا كېـ*
*لەمدىغاندۇ؟*
*سىنىڭ قاچاڭغا گۆشنى، مىـ*
*نىڭ قاچامغا غىلتاڭ چامغۇرنى ئۇـ*
*سۇپ بېرىپتىغۇ؟*

**غىلاڭ:** ئوچۇقچىلىق
يەر، چەكسىز تۈزلەڭ، ئوت ـ
چۆپسىز، دەرەخسىز جاي. م:
*ئۇ چېتىغا كۆز يەتمىگىدەك*
*غىلاڭ سايكەنغۇ بۇ؟*
*دەرەخمۇ يوق غىلاڭلىقتا قاق*
*سىلىندۇققۇ؟*
*ئۇياقمۇ غىلاڭ،*
*بۇياقمۇ غىلاڭ.*
*ئەتە ـ ئۆگۈن دەپ،*
*گوللايسىز يالاڭ.*
*غىلاڭ سايلىقتا،*
*يولنىڭ جاپاسى.*
*بىزگە بوقمىدۇ،*
*يارنىڭ ۋاپاسى؟*

**غىلام:** كۆز چانقىدىكى
ياشنىڭ لىغىرلىشى، چاناقتىن
تېخى سىرتقا سىرغىپ چىقمىدـ
غان ياش. م:
*ئۇ مىنى كۆرۈپ كۆزىگە غىلام*
*ياش ئالدى.*
*دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،*
*چىن تەخسىدە ئاش كەلدى.*
*مەن يارنى خىيال قىلسام،*
*كۆزگە غىلام ياش كەلدى.*

**غىمىسلىنىش:** خىجىلـ
چىلىقتىن قىلغىلى قىلىق تاـ
پالماي قېلىش، ئۆزىنى قويغىدـ
لى يەر تاپالماي بىئارام بولـ
ماق. م:
*قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى يۈزىگە*
*سالسام، غىمىسلىنىپ كەتتى.*

**غىڭ ساي:** چېتىگە كۆز
يەتكۈسىز ساي. ئۆتەڭ ـ رابات
يوق چۆل. م:
*كەنتتىن چىقىپ ئازراق مىڭدـ*
*ۋۇق، غىڭ سايغا چىقتۇق.*

**غىژىلداشماق:** گەپ تەـ
گىشىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەننى
ئاھادە قىلماق، بىر ـ بىرىگە
قويۇپ بەرمەي تاكاللاشماق.
م:
*بولدى قىلىڭلار، ئەمدى*
*كەچكىچە غىژىلدىشامسىلەر؟*

**غىژ ـ غىژ** (ئاۋاز ئىملىدـ

قى) : ئۆپكە، نەپەس يوللىرى كېسەللىكى سەۋەبىدىن نورمالسىز تىنىق چىقىرىش. م:
«ئۆپكىدە غىژ - غىژ، يۈرەكتە پىژ - پىژ.»

*غىژ قىلدى يۈرەك،*
*پىژ قىلدى يۈرەك.*
*قىشقىنى ئويناتتىڭ،*
*چوكان سېكىلەك.*

**غاز قوغۇن:** قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**غالدىراڭ:** ئېگىز، ئەمما ئىنچىكە ئۆسكەن زىرائەت، ئوت - چۆپ. م:
*بۇ قوناقلار بەك ئۆسۈپ غالدىراڭشىپ كەتتى، خۇدايىم بوراندىن ساقلىسا بولاتتى.*

**غالىس كەلمەك:** ئۇستۇن، يۇقىرى، بېسىپ چۈشمەك. م:
*نەپسى ئەقلىدىن غالىس كەلگەن ئادەم زىيان تارتىدۇ.*
*بىز چوقۇم باشقىلاردىن غالىس ئورۇندا تۇرىمىز.*

**غەلەپ:** پىچاقنىڭ غىلاپى. م:
«پىچاققا بىقىپ غەلەپ، مالغا بىقىپ ھەلەپ.»

*قوغۇن پىچقان كۆزلەگدە،*
*ئۇنتۇپ قاپسىز غەلەپنى.*
*كۆڭلىڭىزدە بىز بولساق،*
*ئۇستۇن قويماڭ تەلەپنى.*

**غوپ - غوپ:** كىيىم - كېچەكنىڭ بەدەنگە چوڭ كېلىپ قېلىشى. مەجازدا: كىيگەن كىيىمى ياراشمايدىغان، ياسىنىپ ئۆزىنى تۈزەشنى بىلمەيدىغان ئادەم دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*ئاياغىڭ چوڭنى ئېلىپتىكەنمەن،*
*پۇتۇمغا غوپ - غوپ كەپقالدى.*
*غوپ-غوپ ئۆتەك، سىيدام نوچا،*
*نەدىن كەپقاللا؟*
*قىيا باقسام باش ئەگدى دەپ،*
*كۆلۈپ ئېپقاللا.*
*ئالتە پۇلغا ئەينەك ئېلىپ،*
*كۆرۈپ باقاملا؟*
*ئۆزلىرىنىڭ خىلى باشقا،*
*ئىزدەپ باقاملا؟*

**غوڭقاپاق:** تال باراڭغا يامىشىپ ئۆسىدىغان بىر خىل قاپاق. ئۇنى زىننەت ئۈچۈن ئۆستۈرىدۇ. م:

*تال باراڭنىڭ تۈۋىدە،*
*تېرىپ قويدۇم غوڭقاپاق.*
*تېپىلارمۇ جاھاندىن،*
*ساڭا ئوخشاش توڭ قاپاق؟*

**غورا قاپاق:** قاپىقى قېلىن، ھومايغاق، مىجەزى چۈس ئادەم. م:

*ئەجەپ غۇرا قاپاق، توڭ ئا-
دەمكىنا بۇ؟ قاچان كۆرسەم چىرايى
تۇرۇك، كۈلۈشنى بىلمەيدىغان؟!*

**غولدا:** كالتەك، توق-
ماق. م:

*«ئاچىڭىز بىلەن ئىتىشماڭ نو-
غۇچ بىلەن يەرسىز، ئاكىڭىز بىلەن
ئىتىشماڭ غولدا بىلەن يەرسىز».*

*يارىمنىڭ ئۆيى دولدا،
ئات مىنىپ كېلەر يولدا.
كۈڭلىكى تۇتۇپ قالسا،
قولىغا ئالار غولدا.*

**غىپچا (خىپچا):** جۇۋاز-
نىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە
تىقىپ قويىدىغان ياغاچ تاياق
(ئەسۋاب). م:

*جۇۋازنىڭ تۆشۈكىنى غىپچى-
داپ قويغانمۇ؟*

**غىدىڭ - پىدىڭ:** ئامال-
سىزلىقتىن ماقۇللۇق بىلدۈر-
مەكچى بولغان سۆزنى ئېغىزدىن
چىقىرالماسلىقنى ئىپادىلەيدى-
غان سۆز. م:

*گەپ مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدۇ.
كىمكى غىدىڭ - پىدىڭ قىلىدىكەن،
ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.*

**غىژمان (غىژمال):** قە-
غىش مىجەز، گاژگۇن، كاج،
يىغلاڭغۇ... م:

*بۇ بالىنىڭ بىر يېرى ئاغرىمىسا
بۇنچە غىژمانلىق قىلمايتتى.*

**غىت قىسماق:** ئۆزىنى
بىلىپ يۈرمەك، ئىنامىدا بول-
ماق، كەلگەن يېرىگە كەتمەك.
م:

*خەقنىڭ يۇرتىدا تولا جېدەل
قىلىپ يۈرمەي غىت قىسىپ ئۆز يو-
لىڭىزغا يۈرۈڭ، بولمىسا كۆرگىلىكى-
ڭىزنى كۆرەرسىز.*

**غاشا:** يوپۇرماقسىز، بې-
غىشى قاتتىق بىر خىل ئوت.
م:

*مالنىڭ ئالدىغا غاشا سامانىنى
تۆكۈپ بەرسە يەلەمتى؟*

## ق

**قالاق:** دىلكار (تامچى)
نىڭ لاي ئۇسىدىغان، كېسەك،
خىش چاقىدىغان ياپراق شەكىل-
لىك تۆمۈر ئەسۋابى.

**قــاقىرام** (قاقىراملىق) : ئاپتاپ، پىژغىرىم؛ كۈن تەپتىدە قىزىپ كەتكەن جاي.

**قېرى:** ئۈزۈنلۈق ئۆلچەمى (رەختلەرنى ئۆلچەيدۇ). بىر قېرى 64.04 — 71.12 سانتىمېتىرغا باراۋەر كېلىدۇ.

**قــېــرىغ:** تەمى قىرتاق؛ سۈيى ئەن ئاقمايدىغان؛ بىرەر ئىشقا ئېرىنىدىغان. م:

*بۇ دورا نىمە دېگەن قېرىغ؟*

*بۇ بەرنىڭ سۈيى قېرىغ، تۇغنى ئېگىز سالمىساق بولمايدۇ.*

*ئۇ، دورا ئىچىشكە قېرىغ ئادەم.*

**قىڭ - قىڭى:** ئەڭ ئۈستى تەرەپ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى، هاۋانىڭ قىڭىدا ئۇچماق، ئاسماننىڭ قىڭلىقىغا چىقماق. ياغاچ بۇيۇملارنىڭ قۇر - جىيەكلىرىنى سىلىقلاپ يونۇشنىمۇ «قىڭنى ئېلىش» دەيدۇ. م:

*ئاۋۇ كىشى تەلپەكنى قىڭلاپ كىيىپتۇ.*

*هۆپۈپ پېپكىنى قىڭلىدى.*

**قىيىق:** ئەگرى، مايماق، قىيسىق، قىيسايغان، قىيىق ياسالغان نەرسە. بوينىنى قىيىق تۇتۇپ ماڭىدىغان ئادەم.

قولى قىيىق (كۆچمە مەنىدە: ئۇنى - بۇنى ئوغرىلايدىغان، ئېلىۋالىدىغان). م:

*«كۆڭلى قىيىقنىڭ قولى قىيىق».*

**قىڭراق:** پۇت سۆڭكىنىڭ قىرى، پاقالچەك سۆڭەك. مەخسۇس ئاش - تاماق ئېتىشتە ئىشلىتىدىغان چوڭ پىچاق.

**قــنــاق:** بەلگە، پىچاقتا قىناپ سېلىنغان بەلگە؛ ئۇيۇق سىزىقى. كۆچمە مەنىدە بەلگىلەنگەن (كۆزلەنگەن) پەللە، نىشان. م:

*بۇ ئىشنى قىناقتا يەتكۈزمەي توختىمايمىز.*

**قــىلاۋ** (قــىلات) : تىغ ئەسۋابلارنى چاقلىغاندا، ئۇنىڭ بىسىدا قېپقالغان ئۆلۈك مېتال قالدۇقى. بۇنى يۇمشاق بىلەيگە بىلەپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇنى «قىلاۋنى ئېلىش» دەيدۇ.

**قىرىم:** قوي - ئۆچكە تېرىلىرىدە ياسالغان يەرلىك خۇرۇم.

**قۇت - قۇت:** ئېشەكنىڭ تەخىيىنى چاقىرىش.

**قۇر - قۇر:** ئات ۋە تاينى چاقىرىش.

**قىچىق** (قېتىق) : قول-
تۇق، ئالىقان، تاپان ...
قاتارلىق ئەزالارنىڭ غىدىقى،
قىچىقلاش، قىچىقى يامان.
كىشىلەردىكى ھەر خىل مەنىۋى
ئەيىبلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ
«قولىنىڭ قىچىقى بار»، «ئې-
غىزىنىڭ قىچىقى بار»، «قو-
ڭنىڭ قىچىقى بار» دەپ ئاتاي-
دۇ.

**قاساغ:** ياڭاق شاكىلىنى
ئوراپ تۇرغان كۆك پوستى،
ئىلگىرى ئۇنىڭدىن بوياق ماتې-
رىيالى سۈپىتىدە پايدىلىناتتى.
يېرىلغان كېيىملەرنى چوڭ -
چوڭ ئىلىپ ياماپ قويۇشنىمۇ
«قاساغ، قاساپ قويۇش» دەي-
دۇ. كېرىيىدە: تېرە تەلپەك-
نىڭ پوسمىسى بىلەن كۆرپە-
نىڭ تۇتۇغى «قاساغ» —
«تەلپەكنىڭ قاسىقى» دېيىلى-
دۇ.

**قاپچىمال:** ئاربلاشما،
شالغۇت، مۇرەككەپ، ئۆزئارا
كىرىشىپ كەتكەن. گېپىنىڭ
تايىنى يوق، لەۋزى ھەر خىل
ئادەملەرنىمۇ «قاپچىمال ئادەم»
دەپ كەمسىتىدۇ.

**قوپارغۇ:** پىشاڭ، دام-
كرات (قوزغاتقۇچ بالداق ۋە تا-
يانچۇق). ئۇنىڭدا ئاساسەن
تۇگمەن تېشىنى قوزغايدۇ. ئې-
غىر ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى
قوزغاش - يۆتكەش ئۇچۇن ئىش-
لىتىلىدۇ. م:
*«تۇز يالاپ كۆنگەن ئىت قو-
پارغۇ ئاستىدا ئۆلەر».*

**قاساڭ:** تىك يارنىڭ لې-
ۋى، سۈيى بار ئېقىننىڭ ئىك-
كى قاسىنىقى.

**قاۋاق:** ئىشكىنىڭ كې-
شىكى بىلەن تام ئوتتۇرىسىغا
قويۇلىدىغان ياغاچ.

**قالقا:** سايىلىق، ئاپتاپ-
تىن توسىدىغان پەش - لەمپە،
چەللە.

**قامغا:** ھۆل ياغاچ ۋە
ھۆل ياغاچتا تەييارلانغان رام،
كىشەك قاتارلىقلارنىڭ قېيىپ،
ئېگىلىپ قېلىشى.

**قاتلاڭ**
(قاتلاڭچىلىق) : ئالدىراش،
بىر قولنى ئىككى قىلغۇدەك
بولۇۋاتقان مەزگىل؛ يىغىم -
تېرىم ۋاقتى. م:
*ئىش ئالدىراش — قاتلاڭ،*
*باشتى ئازراق تاتلاڭ.*
*ئۆتۈپ كەتتى ئاش ۋاقتى،*
*پىشمىدىمۇ ئاتلاڭ.*

**قارا تۇرۇك:** قارا خەلق،

ساۋاتسىز، ئوقۇمىغان، بىلمە-
گەن نادان ئادەم؛ «تۈرك» سۆ-
زى بىلەن مەنىداش.

**قاشات** (تاغ شېۋىسى):
ئۇ قات، تاغنىڭ ئۇ قېتى،
قاشنىڭ ئۇ تەرىپى، قاشنىڭ
ئۇستى. م:
*قاشاتقا ئۆتمەك، قاشاتتىن
چۈشمەك*

**قاقتا:** غازاڭ — يوپۇر-
ماقلىرى بىلەن بىللە كېسىلگەن
شاخ، كۆز كۈنلىرى دەرەختىن
كېسىپ، باغلام قىلىپ قۇرۇ-
تۇپ، قىشتا مالغا بېرىلىدۇ،
ياغىچىدا ۋادەك ياسايدۇ، يې-
قىلغۇ قىلىدۇ. قاقتا تەييار-
لاشنى «قاقتا قىلماق» دەيدۇ.

**قاتار:** يەرگە كاتەكچە
سىزىپ، ئۈرۈقچىلار ئارقىلىق
شاھمات ئوينىغانغا ئوخشاش
ئوينايدىغان ئاددىي ئويۇن.

**قاغا تۇمشۇق:** ئىشىك
زەنجىرىنىڭ تۆۋىنى ھەم قارشى
تەرەپتىكى ئىلغۇچنى تۇتۇپ تۇ-
رىدىغان تۇمشۇق شەكىللىك تۆ-
مۈر. نىيا، كېرىيە تەرەپلەردە
«سوقۇچاق» قوشنىمۇ «قاغا
تۇمشۇق» دەيدۇ.

**قاداقچى:** سۇنغان، دەز
كەتكەن چىنە - قاچا، تەخسىـ-
لەرنى قاداپ بېرىپ جان باققۇ-
چى.

**قايناغ:** قاينىتىلغان
سۇ. كۆك سېلىپ قايناتقىنى
«بېدە سۇقاينىقى»، چامغۇر
بىلەن قايناتقىنى «چامغۇر سۇ-
قاينىقى» دېيىلىدۇ. م:
*— قاينىغىدىن بىر ئوتلام
بەر! — دېدى دەرۋىش. ئۇ، قايناغ
توشقۇزۇلغان قىزىق ھېجىرنى دەر-
ۋىشكە ئۇزاتتى.*

**قاڭشا:** بۇرۇننىڭ ئىككى
كۆز ئوتتۇرىسىدىكى قىسمى؛
كوچا ئاغزىغا ئۇدۇل چىققان
جاي - بىنا؛ يول ئاغزىغا ئۇدۇل
كەلگەن تاغ، ئېگىز جاي. م:
*«ئوتتۇرىدا قاڭشا بولمىسا، ئۇ
كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ».*

**قاينۇق:** سۇنىڭ چۆرگىلـ-
لەپ ئاقىدىغان خەتەرلىك يې-
رى، گۇم.

**قوداڭ:** مىجەزى ئىت-
تىك، تۈرۈپلا ئاچچىقى تۇتىدى-
غان، چېچىلغاق ئادەم. م:
*مىجەزلىرى بەك قوداڭىشىپ
كەتتى، ئۆزلىرىنى سەل بېسىۋېلىپراق
سۆزلىسىلە!*

**قوشۇغلۇق:** قاچا - قۇچا
قويىدىغان سېۋەت.

**قوقاق:** بىر خىل ئۆتكۈن-

چى يۇقۇملىنىش، ئىچىمىز- كال-
پۇك ئەتراپىغا چىقىدىغان يارا-
چاقا. بۇنى «بىر نەرسىدىن
قورقۇپ قورقاق چىقىپ قېلىپ-
تۇ» دەيدۇ. بىرەر كىشىدىن
تەھدىت يەتسە «قوقاق سالدى»
دەيدۇ.

**قوتۇماق:** قازان نېنى،
قوناق ئۇنى خېمىرىدا ئېتىلى-
دۇ. م:

*قوتۇماق يېگەن نوچام،*
*ئاچ قوساق يۈگەن نوچام.*
*ئەمدى نەلگە قاچتى،*
*دوست بولساق دېگەن نوچام.*

**قوماچ:** بۇغداي قاتارلىق-
لارنى دان پېتى قازاندا قورۇپ
يېيىلىدىغان يېمەكلىك، كۆ-
پىنچە بالىلار يەيدۇ.

**قوشاغ:** قوشاق، ناخ-
شا-بېيىت؛ ئات-ئۇلاغ، كالا
قاتارلىقلارنى قېتىپ ھەيدەپ
خامان يۇمشىتىشنى «قوشاغ
ئەتمەك» دەيدۇ. م:

*مالنى قوشاغدىن بوشاتتۇق.*
*خامانغا كالا قوشتۇق.*

**قولتاتقۇ:** بۆشۈككە بۆ-
لەنگەن بالىنى قورساق قىسمى-
دىن تارتىپ باغلايدىغان تاسما،
شوينا (قۇ، ئۆرۈمە قاتارلىقلار-
دىن ياسىلىدۇ).

**قۇيغاش:** پولۇ، گۆش
بىسلماي ئېتىلگىنى «غىلتاڭ
قۇيغاش» دېيىلىدۇ.

**قوچاق ئويۇنى:** ۋەقەلىك-
نى قونچاق ھەرىكىتى بىلەن ئە-
پادىلەيدىغان بىر خىل ئويۇن.
ئىلگىرى مەخسۇس قونچاق ئو-
يۇنى ئارقىلىق جان باقىدىغان
خەلق سەنئەتكارلىرى بار ئىدى،
ھازىر ئۇلارنىڭ مىراسخورلىرى
ئۈزۈلۈپ قالدى.

**قۇ:** رەڭلىك پاختا يىپ
بىلەن قولدا توقۇلىدۇ. شەكلى
ياپىلاق، ئىككى بارماق كەڭ-
لىكتە بولۇپ، بەلۋاغ، تورۋا
بېغى، نوختا، قۇشقۇنلۇق ...
قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**قۇمات:** خوتەندىكى بىر
ئۆتەڭنىڭ ئىسمى. ئۇ يەردىكى
مازار «قۇمات پاششىيىم»، تۆ-
پىلىك «قۇمات داۋنى» دېيى-
لىدۇ.

**قوشام:** تىكەن، يۇلغۇن
شېخى بىلەن قوشامدالغان ئاھا-
دە تام. يۇلغۇن شېخى بىلەن
ياسالغان ئۆي، ھويلا تاملىرى
«قوشام تام»، «قوشام قىلىپ
سېلىنغان ئۆي» دېيىلىدۇ.

**قۇۋۇل:** ئىلاج، ئامال،
چارە، كۈچ. م:

*ئۇ بىرەر ئىشقا قۇۋۇلى يەتمەي-
دىغان ئادەم ئەمەس.*

**قۇمتۇغ:** دەريانى قۇم - توپا، تاشلار بىلەن بۇگكەن تۇ-
غاننى «قۇمتۇغ» دەيدۇ. بۇ «ئۆستەڭ بېشى» دېگەن ئۇ-
قۇمنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى قۇمتۇغ قۇرغاقچىلىق پەسلىدە
ئۆستەڭ ئېغىزلىرى بار جايغا سېلىنىدۇ.

**قۇرۇچ** (قۇچ): پولات، گاڭ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»
دا «قىرۇچ» دەپ يازغان.

**قۇرۇقلۇق:** ئوت تۇتاش-
تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئو-
تۇن، تۇتۇرۇق؛ «قۇردۇق، قۇرۇپ چىقتۇق، قۇرۇپ قوي-
دۇق، قۇرۇلغان» دېگەن مەنى-
دە ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ كېلىدۇ. م:

*سىز قۇرغان پىلاننى، بىزمۇ
قۇرۇغلۇق.*

*ئۇ تېخى سىزگە بىلدۈرمەي،
ئالدىمىزغا قىسماق قۇرۇغلۇق.*

**قۇيداڭ:** تەجرىبىلىك، ئۆز ئىشىغا پۇختا، پىشقان ئا-
دەم.

**قۇيدى:** توخۇ قاتارلىق-
لارنىڭ تۇخۇملىشى، گۇمىدا «كاكىلىدى» دەيدۇ. م:

*توخۇ قۇيدى. ئۆردەك قۇيدى.*

**قۇلۇنجى:** ئۈچەيدە بولى-
دىغان بىر خىل كېسەل؛ بۆ-
رەكنىڭ چاۋاندىن سىرتقا چىقى-
ۋېلىشىنىمۇ (يەل پورداق) «يەل قۇلۇنجى» دەيدۇ. م:

*تۇيۇقسىز قورسىقىم ئاغرىپ
دوختۇرغا بارسام قۇلۇنجى تۇتۇپتۇ
دېدى.*

*مەتتوختاخۇن ئېغىر نەرسى-
لەرنى تولا كۆتۈرۈپ، يەل قۇلۇنجى
بولۇپ قالدى.*

*بولۇپ قالدىم قۇلۇنجى،*
*زىيان قىلدى گۇرۇنجى.*
*بىزنى يامان دېگەنلەر،*
*يۇتىمىزغا ئۇرۇنجى*

**قۇتاتمىدى:** ئەسقاتمىدى، پايدا بەرمىدى. م:

*ماڭا چىدىمىغان نەرسەڭ، سا-
ڭىمۇ قۇتاتمايدۇ.*

**قادا** (قادى): تومۇز كۈنلىرى مۆزنى قىرىپ يۇمشى-
تىپ، قېتىق، ئۈزۈم شىرنىسى قوشۇپ تەييارلايدىغان سوغۇق
ئىچىملىك؛ قىش كۈنلىرى دەريا ئېقىتىپ كەلگەن ئۇششاق
چاچراندى مۆزلۈق سۇ (شۇر-
مەل) نىمۇ «قادا سۇيى» دەي-
دۇ.

**قىس:** ئەتىۋار. م:

*بۇ يىل سۇ بەك قىس بولغى-*
*دەك.*

**قاشىرىپ قىلىش:** قات-
تىق بولۇپ كېتىش، پارقىراپ
ئۆتمەس بولۇپ كېتىش، ھال-
تى ئۆزگىرىپ كېتىش.
كۆچمە مەنىدە: قىلمىن،
خىجىل بولمايدىغان روھىي ھا-
لەتلەرگە تەمسىل قىلىنىدۇ.
گەپ ئۆتمەيدىغان ئادەمنى «قا-
شادى» دەيدۇ. م:
*داۋاملىق ئاياغ كيمەي مېڭ-*
*ۋېرىپ پۇتلىرىمۇ قاشىرىپ قالدى.*

كىشىلەر ئارىسىدا بالىلا-
رىنى ياكى يېقىن كىشىلىرىنى
«ھەي قاشىرىپ قالغان» دەپ
ئەركىلىتىپ تەنقىد قىلىدۇ.
يەنە بۇ سۆز بىلەن نارازىلىقىنىمۇ
ئىپادىلەيدۇ. م:
*ھەپىزەم سەھنىگە تولا چىقىپ*
*قاشىرىپ كەتتى.*
*ھەي قاشىرىپ قالغان، ئۆيدە*
*مېھمان بار، جۇما.*

**قوڭالتاق:** ئاياغ كيىمە-
نى پايپاقسىز كىيىش. كۆچمە
مەنىدە: گېپى يوغان، قوڭى
ئوچۇق كىشىلەرنىمۇ «قوڭال-
تاق» دەپ كىنايە قىلىدۇ.

## ك

**كۈننۈس:** بېخىل.

**كۈمىلەك:** دۈگىلەك،
يۇمىلاق.

**كۈيۈگەك:** كېمىلەرنى
ھەيدەيدىغان پالاق. دېھقانلاردا
چەش بۇغدايىنى ئېتىپ سورۇي-
دىغان ياغاچ گۈرجەك. م:
*خامان ئالدۇق بۇ يىل ياز،*
*كۈيۈگەكتە سورۇپ،*
*سۆيدۈرمىدى ئانگىز،*
*چىۋىندەك قورۇپ.*

**كۈۋا:** موزدۇزلۇق ئەس-
ۋابى، موزدۇزلار بۇ نەرسە بى-
لەن ئاياغلارنى پەردازلايدۇ،
شەكلى ھاۋانچا تېشىغا ئوخشاي-
دۇ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

**كۈلا:** چىغ ئارغامچا.

م:

*«بايىغا ئارغامچى، بىخىلغا*
*كۈلا. باي بولاي دېسەڭ ئاجىزنى*
*بۇلا».*

ئاشىقلار كىيىدىغان پۆ-
پۈكلۈك، ئۈچلۈق بىر خىل
باش كىيىمنىمۇ «كۈلا» (ئەس-
لىي كۈلاھ) دەيدۇ. م:

*مەن ئۆزۈم غېرىب بەندە،*
*كىيىشىم كۈلا - جەندە.*

**كۈررەك:** تۆمۈرچىنىڭ
ئوچىقىغا شامال يەتكۈزۈپ بې-
رىدىغان تۇلۇمچە.

**كۈرەك:** تۈكى (موپى)
قالمىغان تېرە. م:

*«كۈرەك قوي، كۈرەك جۇۋا»*
*دېگەندەك.*

**كۈشۈك:** ئىككى پايلىق،
چىغدا توقۇلىدىغان كاجۇۋانىڭ
بىر خىلى، ئۇنىڭغا كاجۇۋاغا
قاچىلايدىغان نەرسىلەرنى قاچى-
لاپ توشۇغىلى بولىدۇ. كۈ-
شۈكنى كىچىكرەك شەكىلدە يا-
ساپ، بۇقا-ئۆكۈزلەرنىڭ بۇرنى-
غا (تۇمشۇقىغا) كىيگۈزۈپ
قويىدۇ (كالا ياۋاش ماڭى-
دۇ).

**كۈدۈمبا:** ئۈچى كىچىك،
تۈۋى يوغان ھەم قاتتىق، ئاغ-
رىتىپ پەيدا بولىدىغان جارا-
ھەت. ئېغىز ئالمىسا ساقايماي-
دۇ، ئۈچى بۇزۇلۇپ كەتسە يا-
مانلىشىپ كېتىدۇ. بۇنى بەزى
جايلاردا: «تۈۋى يوغان»،
«چىقان» دەپ ئاتايدۇ.

**كۈرماچ:** يۇمىلاق، ئاغ-
زى يۇمىلاق. م:

*تونۇرنىڭ ئاغزى كۈرماچ بول-*
*سا، ئوت ياخشى كۆيىدىكەن.*

**كىش قارا** (تاغ شېۋىسى):
يىراقتا بىر ئادەمنىڭ قارىسى
كۆرۈندى دېمەكچى.

**كىز:** (ئاۋاز ئىملىقى).

م:

*كىژ قىلدى يۈرەك،*
*پىژ قىلدى يۈرەك.*
*سادەتخان ئۆزى،*
*بوستان سېكىلەك.*

**كىپىش:** (كېرىيە شېۋى-
سى) كەش، ساپما ئاياغ. ئۇنى
كۆن چەم بىلەن، كۆن رەخت
بىلەن ئالاھىدە تىكىدۇ. م:

*كىپىشى قوڭالتاق، خەلپەت*
*بەگ غوجام.*

**كوس:** قىيپاش، مايماق
نەرسە. م:

*يارنىڭ كۆڭلى تۈز دېسەم،*
*ئازراق بىرى كوس ئىكەن.*
*دىلى مايماق چوكانلار،*

*خەقلەر بىلەن دوست ئىكەن.*

**ئىختىيارىتەن:** ئەركىن،
ئازادە، مەيلى، رايى. م:

*جاھاندا ئۆز ئىختىيارىتەن يۇ-*
*رىدىغان چاغلارمۇ بولدى - ھە؟*

**كاللىماشاڭ:** باش - ئا-
يىغى يوق، قالايمىقان. م:

*ئادەمنى ئىلىشتۇرۇپ كاللىما-*
*شاڭ قىلىۋەتتى.*

*نىمانداق كاللىماشاڭ ئىشكىنا بۇ،*
*ھېچنىمىسنى بىلگىلى بولمايدۇ.*

كۆچمە مەنىدە ئىش - ھە-
رىكىتى قالايمىقان ئادەملەرنى
ئىسمىنى ئاتىماي «كاللىما-
شاڭ» دەپلا قويىدۇ.

**كەپكۇرىۋاش:** يوغان باش،
خاپان باش. جۈغى كىچىك،
بېشى يوغان كۆرۈنۈشتىكى ئا-
دەمنى ھەزىلدە «كەپكۇرىۋاش»
دەپ چاقچاق قىلىدۇ. م:

*كاللىسى لەيلەڭ كەپكۇرىۋاش،*
*گەپلىرى ھەريان جىڭگىلىماش.*

**كۆكچى:** مال ئوتاقچىسى
(تاغلىقلارنىڭ سۆزى). مال
ئوتاقچىسى مال ئىگىسىدىن
مالنى شېرىك توختام بويىچە ئا-
لىدۇ، بۇنى «كۆكچى» دەيدۇ.
مال بەرگۈچىنى «كۆككە بەر-
گۈچى» دەيدۇ. شۇڭا بۇ سۆز
ئوتاقچىلارغا لەقەم بولۇپ قالى-
دۇ. م:

*سۇلايمان كۆكچى، ھەسەن*
*ئاخۇن ئوتاق دېگەنگە ئوخشاش.*

**كۇسسالامەت:** قۇيۇپ
قويغاندەك، نەق ئۆزى. م:

*بۇ بالا سىزگە كۇسسالامەت*
*ئوخشاپتۇ.*

**كۇرمانىسى، كۇرمانىسى:**
زاھىرەن كۆرۈنۈشى. بۇ سۆز
كۆپ ھاللاردا كۆچمە مەنىدە
كېلىدۇ. م:

*ئۇنىڭ ئانچە كۇرمانىسى يوق.*

بۇ سۆز ئۇيغۇر ئۆرپ - ئا-
دەتلىرىدىكى توي ۋە ئاياللار
توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى چۈشەن-
دۇرۇپ كېلىدۇ. يېڭى تويى
بولغان قىزنى ئاتا - ئانىسىنىڭ
قېشىغا كۆرستىشكە ئاپارغاننى
«كۇرمانىسىنى قىلدۇق» دەيدۇ
ياكى «كۇرمانە تويى بولدى»
دەيدۇ. كۇرمانە كۆڭلەك (تا-
لا-تۈزلەردە كىيىدىغان كۆڭ-
لەك)، كۇرمانە ئىش (ئەل
كۆزىدىكى ئىش) ۋە باشقىلار.

**كاياك:** قىچىقى كەل-
مەك. م:

*مېنىڭ كايىكىم بەك قاتتىق،*
*ئازراق قىچىقلاپ بولغىچە جېنىم چە-*
*قىپ كەتكىلى قويىدۇ.*

كۆچمە مەنىدە: ئىنتىلى-

ـشى يوق، قورقۇنچاق، ھۇ-
رۇن، خۇشياقماس ئادەملەرگە
ئىشلىتىلىدۇ. م:

*بۇ ئادەم يول ماڭغىلى بەك*
*كاياك ئادەم.*

*ئىمىن ئاخۇنۇمنىڭ باللىرى*
*ھەممىسى ئېغىزىدا شەھەر ئالدىغان،*
*ئىشقا كاياك باللار بوپتۇ.*

**كامپا:** ئۇزۇن يىل بول-
غان قوتان قىغى. مۇنداق قىغ
100 يىلدىن ئاشسا ئۆزلۈكىدىن
ئوت ئېلىپ كۆيۈپ كېتىدۇ.

**كۆكەس:** مەيدە، كۆك-
رەك، تۆش.

**كۆشەگ:** ھايۋانلارنىڭ
قورسىقى ئېسىلىپ قالغاندا،
يامان بۇخاراتلارنى چىقىرىش
ئۈچۈن ئېغىزىغا سېلىپ قويى-
دىغان ئېغىزدۇرۇق. تېرەك
شېخى ۋە باشقا ئاچچىق شاخ-
شۇمبىلاردىن ياسىلىدۇ. مال
ئۇنى چايناۋېرىپ قورسىقى بو-
شايدۇ.

**كۆنەگ:** كۆنگەن، ئۆ-
گىنىلگەن. م:

*قورقماي مىنىۋېرىڭ، بۇ كۆ-*
*نەگ ئات.*

**كۆپە:** كىچىك قوزىلار-
نىڭ تېرىسى، ئادەتتە موينا دەيى-
دۇ.

**كۆكلەپ كېتىش** (تاغ
سۆزى): كېيىك، ئارقارلارنىڭ
سەكرەپ قېچىپ كېتىشى،
كۆندۈرۈلگەن قۇشنىڭ ساياپ
كېتىشى؛ زىرائەتنىڭ ئۆلچەم-
دىن ئارتۇق كۆكلەپ كېتىشى؛
كۆچمە مەنىدە: ئادەملەرنىڭ
بارغانسېرى مەرتىۋە تېپىشى.
كۆرپە-يوتقانلارنى چوڭ-چوڭ
يىڭنىلەپ تىكىشنىمۇ «كۆك-
لەش» دەپ ئاتايدۇ.

**كۆرۈك ئوتۇن:** كۆرۈك
دەيدىغان جاڭگال ئۆسۈملۈكى-
نىڭ ئوتۇنى.

**كۇرا:** ئاياق شەكلىدە،
لېكىن ئاياقتىن كىچىك بولغان
ياغاچ قاچا. ئادەتتە ئۆينىڭ
كىچىكلىرى تاماق يەيدۇ.

**كۇس:** خام قوغۇن، خام
ئالما؛ نېپىز ئۆتىدىغان يەلنىڭ
ئىملىقى. م:

*ئۇنۇڭ چىقتى «كۇس» قىلىپ،*
*بىلىك چىقتى «پۇس» قىلىپ،*
*سۆيەر بولساڭ تۇزۇك سۆي،*
*خىيالىڭنى رۇس قىلىپ.*

**كىر-كىر** (كېرىيە شې-
ۋىسى): تۇمۇچۇق قۇش.

**كولدۇرۇك:** كولدۇرما.

**كوسەي:** كىچىك باللار
ئۈچۈن تىكىلگەن پاشىنىسى يوق

مەسىگە ئوخشاش ئاياغ.

**كالۇ:** سۇ تۈگمەنلىرىگە سۇ چۈشىدىغان نو (قوغاچ). كالۇنىڭ ئۈستۈن بېشى تەرەپىنى (ئېرىققا تۇتىشىدىغان جايىنى) «كالۇ بېشى» دەيدۇ. كېرىيىدە «كالا، كالە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. م:

*«بالىسى بارنىڭ گېلى چالۇ،*
*بالىسى يوقنىڭ گېلى كالۇ».*

**كاكچا:** يۈزىنى چوڭ ئېچىپ، نېپىز يېيىپ ياقىدىغان نان.

**كاسنا:** پارچە - پۇرات، يېرىم - يارتا ئىش، دەسمايىسى يوق، كىشىلەرگە ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ھۈنەرۋەننى «كاسنا ھۈنەرۋەن» دەيدۇ.

**كاساڭ:** خېمىر يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان چوڭ ياغاچ قاچا. سۆگەت ۋە ھاڭگا تېرەك ياغاچلىرىدا ياسىلىدۇ. م:

*ياخشى خوتۇننى ئاساڭ (ئالساڭ)،*
*ئۆيگە ئالدۇ كاساڭ.*
*يامان خوتۇننى ئاساڭ،*
*بېشىڭنى قىلار ساساڭ (ساراڭ).*

**كاشا:** قوتاز يۇڭىدا توقۇپ ئىشلەنگەن ياپىلاق ئارغامچا. تاغ خەلقى تۇرمۇشىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**كار:** ئىش، ئەمگەك. م:

*خامىنىڭغا بار دەيسەن،*
*شامال چىقسا ئارى يوق.*
*دەردى بارلار يىغلايدۇ،*
*دەردى يوقنىڭ كارى يوق.*

**كارىكا (كاركا):** ئىشتاننىڭ كارىكىسى، باغ، تاسما بېكىتىدىغان جايى.

**كاتا (كاتىچى):** خام ئۇشتىلەيدىغان ھۈنەرۋەن. ئىستېمالدا مۇنداق كىشىلەرنى كاتا، كاتىچى دەيدۇ. م:

*ئىسمائىل كاتىچى دېگەننىڭ ئورنىغا، ئىسمائىل كاتا دېگەنگە ئوخشاش.*

**كاپ:** ساتىراشنىڭ ئۇستىرا بىلەيدىغان لاتا بىلىيى. م:

*«ئۇستىرىنى كاپ بىلەن تۇت،*
*خوتۇننى لاپ بىلەن».*

**كاتۇ:** يەرلىك كارىۋات. ئەگەر ئۈستى كارىۋات، ئاستى ساندۇقلۇق (ئىشكاپلىق) بولسا، «كاتۇ ساندۇق» دەيدۇ. ھازىر ئۆيلەرگە قويۇلغان زامانىۋى ئىشكاپلارنى دېھقانلار «ئۆرە ساندۇق» دەپمۇ ئاتايدۇ.

م:

*ئۆستەڭ بويىدا كاتۇ،*
*مەڭلەشخان دۇتا چاتۇ.*
*مەڭلەشخان دۇتا چالسا،*
*ئاڭلىغانلار ھاڭ قاتۇ.*

**كاشا:** توڭرا، كىر، قاسماق. ئەگەر بىرەركىمنىڭ پۇت - قولىنى توڭرا بېسىپ كەتكەن بولسا، «بۇنىڭ ئەزايىنى كاشا باغلاپ كېتىپتۇ» دەيدۇ.

**كان:** تۆگمەننىڭ ئۈستۈن تېشىنى چاقپەلەك ئوقىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياپىلاق تۆمۈر. ئۇ، تاشنىڭ مەركىزىدىكى تۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئويۇققا چىڭ بېكىتىلىدۇ.

**كائئوچاق:** مورا ئوچاقلار ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان كىچىك تونۇر. ئۈستىگە قازان ئېسىپ ئاش - تاماق ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزىقىدا نان ياقىدۇ.

**كانا:** قويدا بولىدىغان قان شورىغۇچ (پارازىت) پىت. ئادەم بەدىنىگە چاپلىشىۋالسا ئاجراتماق تەس. م:

*ئادەمگە كانىدەك چاپلىشىۋالماي، نېرىراق تۇرىگە!*

**كاسكا** (كاسكى): تالىشالمايدىغان، چىشىنى چىقىرىپ، خىرىلداپ قاۋايدىغان ئىت. تىللاشقاق، جېدەلخور ئادەملەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ «كاسكا» دەپ قويىدۇ.

**كاسپ:** ھۈنەرۋەن، ھۈنەرلىك كىشى.

**كامشۇك:** كالپۇك، لەۋ.

**كاسۋال:** تۆمۈر تىغلارنى ئىتتىكلىتىش، سۇركەپ كىچىكلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمان (ئېكەك).

**كامالەك (سوزماق):** ئاچا ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا رېزىنكە بېكىتىپ، ئۇششاق تاش (ئوق) ئېتىپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى.

**كالەك:** («كا» ئۇرغۇسىز، تېز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) يۇمىلاق شەكىل؛ ئۈي - ئۆكۈزنىڭ بۇرنىدىكى چۈلۈك؛ ۋاقىتلىق سېلىنغان مال سولايدىغان ئاھادە تام. م:

*ھېچ بولمىسا، بىر كالىكىم بولسا، تالادا قالماستىم.*

## گ

**گاداي:** ئايالىلارنىڭ ئەر-
لەرگە بولغان يېقىنچىلىق، ئۆز
بىلىش كەيپىياتىنى ئىپادىلەي-
دۇ. بىزنىڭ گاداي، ماۋۇ گا-
داي ... دېگەندەك.
ئۆزئارا يېقىن كۆرۈش،
چېقىشىش، ئۆز بىلىش كەيپى-
ياتىنى ئىپادىلەيدۇ. م:
— *هوي گادايلار، كېلىڭلار،*
*بۇ قوغۇنىنى يېۋېتەيلى.*
*يوغانلا بىر گاداي بولۇپ قاپ-*
*سىز، ساقال - بۇرۇت بېسىپتۇ؟*
يات كۆرۈش، كەمسىتىش
كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدۇ؛ يوق-
سۇل، يەر - سۇيى يوق، ئاجىز
ئادەم مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
**گۇۋۇنۇش:** ئات - ئۇلاغ-
لارنىڭ توپىغا يۇملانغاندىن
كېيىن، ئۇستىدىكى توپا - تو-
مانلاردىن ئادالىنىش ئۈچۈن
گۈپشۈنۈشى (سىلكىنىشى).
ئات - ئۇلاغلار سۇ ئىچكەندىن
كېيىنمۇ رېفلېكسلىق هالدا
گۇۋۇنىدۇ. باشقا هايۋانلار ۋە
توخۇ - كەپتەر قاتارلىقلاردىمۇ
بۇ خىل گۇۋۇنۇش رېفلېكسى
بار.
**گالدۇڭ:** دېۋەڭ، ئەقلى
تۆۋەن، ئاق - قارىنى پەرق ئەت-
مەيدىغان. «گاراڭ» دېگەن يە-
نە بىر سۆز بار. ئۇ زېهنى تو-
تۇق، ئەقلى - هوشى جايىدا ئە-
مەس بولۇپ قېلىشنى كۆرسى-
تىدۇ. «گالدا - گۇلدۇڭ قىل-
ماق» بولسا، «قالايمىقان سۆز-
لەپ ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئېلىش-
تۇرماق، ئەخمەق ئەتمەك» نى
بىلدۈرىدۇ.
**گاراخ:** مەيدىسى بۇزۇ-
لۇش، خام كېكىرىپ قېلىش.
م:
*گاراخ بولۇپ قالماق.*
**گەزنە:** يۇزىنى ئېچىپ
يې- قىلىدىغان نان - توقاچلارنى
تونۇرغا چاپلاشتا ئىشلىتىدىغان
نان ياققۇچ، زاغرا ياقىدىغىنىنى
«يەڭ» دەيدۇ. ئۇ يەڭگە ئوخ-
شاش ئۇزۇنچاق بولىدۇ.
يۇزى چوڭ، يۇملاق
كەلگەن ئادەملەرنىمۇ «گەزنە-

يۈز» دەيدۇ.

**گەدەنكەش:** بوينى توم، ئـۆزىنى سورىمايدىغان، هاكا-
ۋۇر. م:
*گەدەنكەشلىك قىلماق.*
*گەدەنكەش بىر نېمە (ئادەم).*

**گـول:** ئـاسان ئىشىنىپ قالغۇچى، ئالدانغۇچى، ساددا،
ئەخمەق. م:
*گول بولماق، گول ئادەم*

**گويەك:** چاچقا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى، ئۇ قۇلۇپ شە-
كىللىك بولۇپ، ئالتۇن ياكى كۇمۇشتىن ياسىلىدۇ.

**گوللامچى:** گوللىغۇچى، يالغانچى، ئالدامچى.

**گۆرۈي:** تەمبەل، بەستى-
لىك، ئۇستىخانلىق ئادەم.

**گوداڭ:** قـۇشخانا، مال ئۆلتۈرۈش ئورنى؛ ئويۇلغان،
كولانغان چوڭقۇر جاي. م:
*گوداڭغا چۈشۈپ كەتمەك.*

**گۆپسەن:** سېمىز، ئىشـ-
شىق، پۈۋلىگەندەك. م:
*گـۆپسەندەك ئادەم، گۆپسەن
يىگىت*

**گـۆسـمەن:** قوقاسقا كۆ-
مۈپ پىشۇرۇلغان كۆمەچ.

**گۇم:** ئېرىق - ئۆستەڭ-
لەردىكى سۇ پىرقىراپ - قايناپ
ئاقىدىغان چوڭقۇر جاي. قاي-
نۇق، سۇ ئويمۇەتكەن ئازگال.
كېرىيىدە چوڭقۇر كۆلنى «تې-
گى يوق كۆل» ياكى «گۇم»
دەيدۇ.

**گۇندا:** بۇرۇنقى چاغلاردا
مـەهـبۇسلارنىڭ پوتىنى كەپ-
لەپ، قۇلۇپلاپ قويىدىغان كۆ-
تەك. گـۇنـدىپاي، گۇندىخانا
سـۆزلـىرىمۇ «گۇندا» سۆزىگە
تۇغقان سۆزلەردۇر. يەنە «قىس-
ماقنىڭ گۇندىسى»، «ئىشىك-
ـنىڭ گۇندىسى»، «بوقۇسى-
ـنىڭ گۇندىسى» ... قاتارلىق
سۆزلەرمۇ بار.

**گىچاڭلىتىش:** كۆز - كۆز
قىلىش، كۆرسىتىش. باللار
بىرەر نەرسىنى گىچاڭلاتماقچى
بولسا، يۇمۇرلۇق هالدا باشقى-
لارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ «گى-
چاڭ - گۇچ!» دەپ قويىدۇ.

**گىردە:** ئوتتۇرىسىغا كا-
تەك چىقىرىپ، گىۋىنىگە تاغاق
ئۇرۇپ كۇنجۇت سۇرتۇپ تونۇر-
دا پـىـشۇرۇلىدىغان بىر خىل
نـان. ئىچىگەگۆش قىيما تۇ-
گۇپ ياقىدىغان يەنە بىر خىل
ناننى «گۆشگىردە» دەيدۇ.

**گىرىي:** كاج، گەپ يې-
مەس، ئۆز سۆزلۈك ئادەم. م:

*گىرىي ئادەم، گىرىيلىك قىلماق*
**گىۋەن:** چۆرىسى، قىر-
غىقى، گىرۋىكى. م:
*غەلۋىرنىڭ گىۋىنى*
**گىج** (ئاۋاز ئىملىقى):
خام ياكى بىرەر غەيرىي نەرسىنى
چىشلەپ بەرگەندە چىش ئارىسى-
دىن چىقىدىغان ئاۋاز. م:
*گىج قىلماق، گىچ - گىچ قىل-*
*ماق، گىچچىدە قىلماق*
**گىچ - ماچ:** چىگىش،
ئايرىماق تەس، مۇرەككەپ،
باش - ئاخىرىنى تاپقىلى بول-
مايدىغان.

## ل

**لۆش:** مېڭىسىنى ياخشى
ئىشلەتمەيدىغان، ھەرىكىتى
سۇس ئادەمنى «لۆش» دەپ
سۈپەتلەيدۇ. ھەرىكىتى سۇس،
ئېغىر ھايۋانلارنىمۇ شۇنداق ئا-
تايدۇ. م:
*شۇنداقمۇ بىر لۆش ئادەمكەن*
*بۇ، بىر سائەتتە بىر قەدەم ئالىدىغان.*
**لوك:** سۆڭەكسىز، سې-
مىز گۆش. م:
*ئۇستام، لوك يېرىدىن بىر كى-*
*لو گۆش بەرسىلە.*
مەجازدا لوك گۆشنى بو-
زەك بولىدىغان نەرسىگە ئوخ-
شىتىدۇ. م:
*غوجامنىڭ قىڭىرىقى سۆڭەك-*
*تىن قورقۇپ، لوكىنى كېسىدۇ.*
**لوك** (لوكا): بۇرۇنقى
ياغاچ قۇلۇپ، بەزىلەر «تاقاق»
مۇ دەيدۇ، ئاساسەن ئىشىك،
دەرۋازىلارنى ئىچ تەرەپتىن بې-
كىتىشكە ئىشلىتىدۇ.
**لەپپەك:** ياشلار ئوينايدى-
غان تەنتەربىيە خاراكتېرلىك
بىر خىل ئويۇن تۈرى. بەزى
جايلاردا «ساغايدى» دەيدۇ. بۇ
ئەڭ قەدىمكى ئويۇنلاردىن بو-
لۇپ، ئەتىياز - نورۇزلاردا،
ھېيت كۈنلىرىدە ياشلار جەم
بولۇپ، ئېگىز دەرەخكە ياكى با-
لا ياغاچقا ئارغامچە باغلاپ، ئار-
غامچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا تاخ-
تاي بېكىتىدۇ، ئىككى بېشىغا
بىر جۈپ ياش چىقىپ ئىتتىر-

ـرىش كۈچى بىلەن ئېگىزگە ئۆرلەپ ئويناydu. مانا بۇ ئو-
يۇنـنى «لەپپەك ئوينىدۇق» دەيدۇ. م:

*ئەتە ھېيت بولىدۇ. نامازدىن كېيىن تۇخۇم چېكىشىمىز، ئاندىن بىرىپ لەپپەك ئۇچىمىز، چاغىپلەككە چىقىمىز.*

«لەپپەك» مەجازدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. م:

*قارىگە، قارىكامغا، لەپپەگشىپ كېلىۋاتقىنىنى!*

*يەر تەۋرىدى بولغاي، لەمپىلەر لەپپەگلەپ كەتتى.*

*«ھېـلىمخانىنىڭ ماڭغىنىغا، لەپپەك ـ لەپپەك قايغىنىغا».*

**لەڭگە** (لەڭگەر) : چۆل-دىكى قونالغۇ، دەڭ، رابات. سەپەر قىلغۇچىلار (رەۋەندىلەر) لەڭگەرلەردە قونۇپ، ئوزۇقلىـنىپ ماڭىدۇ. ھازىر مۇنداق جايلار بولمىسىمۇ، «لەڭگەر» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ. م:

*گـۇمدا «باشلەڭگەر»، لوپتا «قوتاز لەڭگەر»، كېرىيىدە «بوغاز لەڭگەر»، نىيىدە «ئەندىرە لەڭگەر، ياتوغغۇز لەڭگەر» دېگەندەك.*

«لەڭگەر» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەڭلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە مەجاز قىلىپمۇ ئىشلە-تىدۇ. م:

*ئايدا ـ يىلدا بىر كۆرۈشمەيـمىزغۇ! ئارىلىقىمىزدا لەڭگەر بولمى-سا؟*

**لەيلەڭگۇ:** بېلىقنىڭ قورسىقىدىن چىقىدىغان يەل خالتىسى. بېلىق تۇتىدىغان يا-غاچنىڭ سۇ يۈزىدە لەيلەيدىغان نەرسىسىنى «لەيلىكى» دەيدۇ. مەجازدا: لايغەزەل، ھۆرۈن ئا-دەملەرنىمۇ «لەيلەڭگۇ» دەپ سۈرەتلەيدۇ. م:

*تازا بىر لەيلەڭگۇ ئاداشكەن بۇ، ئەتىدىن ياقى قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق.*

*ئاشۇ خېنىمنىڭ جۇۋىسىنىڭ،*
*تېرىسى ئاشتا ئەيلەڭگۇ.*
*ئۇيقۇسىز شۇنداق كۆرۈنەمتۇ،*
*مېڭىشلارى لەيلەڭگۇ.*

**لەش:** سازلىقتىكى يې-يىشقاق لاي، سۇ يۈزىگە يىغى-لىۋالغان غەلىغەشلەر. كۆچمە مەنىدە: يۈمشاپ كەتكەن، ئې-ۋىپ كەتكەن، سۇدا چىرىپ كەتكەن نەرسىلەرنى «لەش بو-لۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئاتايدۇ. م:

*ئەتىگەن چىلغان نېنىڭىز، لەش بولۇپ كېتىپتۇ.*

**لەمپە:** ئولتۇراق ئۆينىڭ
ئۈستى تەرىپى؛ هويلا - ئارام-
لاردىكى ئۈستى يېپىلغان يەر-
لەر؛ مال قوتانلىرىنىڭ ئۆگزە
تەرەپلىرى. خوتەننىڭ يېزىلىرى-
دا مۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتىلى-
دىغان كەنتلەر بار.

**لاكات:** بەدەن - ئەتلىرى
پالەچكە ئوخشاپ قېلىش ياكى
يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىش.
ئىستېمال جەريانىدا، ماغدۇر-
سىز بولۇپ بوشاپ قالغانلارنىمۇ
«لاكات» ئاتايدۇ. م:

*پۇت - قولۇم لاكات بولۇپ*
*قالغاندەك زىقىرىشىپ ئاغرىيدۇ.*

**لابدۇ:** كېلەڭسىز بولۇپ
كېتىش، ئەپتىگە ماس كەل-
مەسلىك. مەجازدا: ئۆزىنى
ئوڭشىمىغان، ئۆزىنى تاشلى-
ۋەتكەن قىلىقلارنى «لابدۇ»
دەپ سۆرەتلەيدۇ. بەزىدە كوندى-
راپ كەتكەن نەرسىلەرنىمۇ «لاب-
دۇلىشىپ كەتتى» دەپ قويى-
دۇ. م:

*بىر قاراپمۇ قويمايدۇ،*
*ئابدۇ دېگەن لابدۇ.*

**لاقشامبۇل:** بۇزۇلۇپ،
كېرەكتىن چىقىش، چۇۋۇلۇپ
كېتىش، بىر - بىرىدىن ئاجراپ
كېتىش. بۇ سۆز ئۆي سەرەم-
جانلىرى، ياغاچ ئەسۋابلار ۋە
ئۇسكۇنىلەرنىڭ بۇزۇلۇش،
چۇۋۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا
قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. م:

*ئۇنىڭ ئۆيلىرىگە قارىغىلى*
*بولمايدۇ. ھەممە نەرسىلەر قالايمى-*
*قان، كاتلىرى (كارىۋاتلىرى) لاق-*
*شامبۇل بولۇپ كېتىپتۇ.*

*قاراپ ئۇنىڭغا ھەيران بول،*
*داۋزىلىرى لاقشامبۇل.*

**لاتا قالپاق:** رەختتە تەي-
يارلانغان باش كىيىمى. تۇر-
مۇشتا كۆپ هاللاردا تەنە، ئىس-
تېھزا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.
م:

*سىزدەك لاتا قالپاق نوچىلار-*
*دىن تولا كۆرگەنمەن.*

*كاللىڭىزدا لاتا قالپاق،*
*قاشلىرىڭىزنى ئەگمەڭ.*
*يارىم بارنى بىلگەندە،*
*لەۋنى چىشلەپ تەگمەڭ.*

**لاپقۇت:** تەڭ شېرىكلى-
شىش، ئۆتنە، هەمكارلىق.
هەمكارلىشىپ ئىش پۇتتۇرۇش-
نى «لاپقۇتلىشىش» دەيدۇ. م:

*«ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە*
*ئاپقۇت» دەپتىكەن. سىز بىزگە ئىش-*
*لىشىپ بەرسىڭىز، بىزمۇ سىزگە ئىش-*
*لەپ قايتۇرىمىز.*

**لايغەزەل:** لاغايلاپ يۈرد-

دىغان، ئىش خۇشياقمايدىغان ئادەم ۋە ئىشلارنى ئاتايدۇ. يەنە بىر ئاتاشلاردا لايغەزەللەرنى «لامزەللە» دەيدۇ. لايغەزەللەر ھۇرۇن ۋە بوشاڭ كىشىلەردۇر. م:

*ئەتىگەن كىلىمەن دەپ قويۇپ، تېخىچە كەلمىدى ئۇ لايغەزەل.*

*ئەنجانىكامنىڭ قىزلىرى،*
*ئوخشاش ئىكەن لامزەللە.*
*ئەنجانىكامنىڭ كاللىسىدا،*
*تالما ئەمەس خام سەللە.*

**لاغاي:** نەرسە - كېرەكنىڭ ئۆز بەنتىدىن بوشاپ كەتكىنىنى، قوزغىلىپ كەتمەكنى كۆرسىتىدۇ. م:

*كەتمەننىڭ دەستىسى لاغايلاپ قاپتۇ.*

كۆچمە مەنىدە: دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان، بىكار يول يۈرىدىغان ئادەملەرنى «لاغاي» ياكى «لاغاي پاچاق» دەپ سۆپەتلەيدۇ.

**لاكىلوزا** (لاكىلوزۇك): ئادەمنى ئەخمەق قىلىش، ۋاقىتنى ئاۋارە قىلىشنى «لاكىلوزۇك» دەيدۇ. م:

*تازا بىر لاكىلوزۇك ئىش. تازا بىر لاكىلوزۇك ئادەم دىگەندەك.*

**لاڭقا:** ئورۇق، ئېگىز، شادا پاچاق ئادەم ۋە ھايۋانلارنى «لاڭقا» دەپ ئاتايدۇ. م:

*قاراڭلار ئاۋۇ لاڭقا بوىغا، بېشى تورۇسقا تاقاشقىلى تاس قاپتۇ.*

ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» ىدە ئورۇق، يامان ئاتقا «لاڭقا» سۆزى بىلەن سۈپەت بېرىلگەن.

**لالۇ:** بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ ياۋا سەيلىك خاراكتېرى بولغاچقا، كىشىلەر سەي ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. دورىگەرلىكتە مۇھىم دورا ھېسابلىنىدۇ. م:

*لالۇ دىمەڭ بىزنى،*
*يىلغا چىقارغان سىزنى.*
*ئارپا ئوساغاقنى كۆرۈپ،*
*تاشلىۋەتمەڭ بىزنى.*

**لۆم - لۆم:** ئاستا ئىش قىلىدىغان، ئۇنۇمسىز ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەمنى «لۆم - لۆم ئادەم»؛ ئاستا بولۇۋاتقان ئىش، ياكى ئاستا بولۇۋاتقان ھەرىكەتنى «لۆم - لۆم ئىش» ياكى «لۆملۈك» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەم سۈنىڭ ياكى قىيامالارنىڭ قايىنىشىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق رەۋىشتۇر. م:

*ئانام ئېپ بىرىمەن دەيتۇ،*

*خەلچەك دېگەن لۆم - لۆمنى.*
*دادام ئېبپ بېرىمەن دەيتۇ،*
*سارەك دېگەن دۆم - دۆمنى.*

*قازانغا قاراڭ،*
*بەش پۇلغا ياراڭ.*
*قايناۋاتىدۇ،*
*لۆم - لۆم - لۆم.*

## م

**مەككە چامغۇرى:** ياڭ-يۇ. قېرىساللار، چەت يېزا - قىشلاق ئاھالىلىرى ھازىرمۇ «مەككە چامغۇرى» دەيدۇ. ئىلگىرى «مەككە قونىقى»، «مەككە بۇغدىيى...» دەپ ئاتىلىدىغان زىرائەت خىللىرى (سورتلىرى) بار ئىدى.

**مەروزا:** گىلەمنىڭ بىر تۈرى. ھارۋا، مەپىلەرگە، ئو-چاق بېشىغا، ئورۇندۇقلارغا سېلىش، يېپىش ئۈچۈن تو-قۇلغان كىچىك گىلەم.

**مەلەڭ** (مېلەڭ): مەز-زىسىز، ئادەم زېرىكتۈرىدىغان، تايىنى يوق، «مەلەڭ ئىش»، «مەلەڭ قىلماق»، «مەلەڭلىك قىلماق».

**مەللە:** (بىر خىل رەڭ-نىڭ ئىسمى). م:

*مەللە چاپان، مەللە كۆڭلەك،*
*مەللە چەكمەن، مەللە توخۇ، مەللە مۇشۇك دېگەندەك.*

مەللە رەڭ ئادەتتە ياڭاق پوستىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ. ئىستېمالدا «مەھەللە» سۆزى قىسقارتىلىپ «مەللە» دەپ تە-لەپپۇز قىلىنىدۇ. م:

*بۇ خېنىم كىم بولغىيدى،*
*مەللە ياغلىق ئارتىپتۇ.*
*ئويغىتايمۇ يۆتىلىپ،*
*مانا دىكىلىڭ دەپ ياتىپتۇ.*

**مەقىرەش:** قوينىڭ ۋار-قىرىشى. قويلار ئاچ تۇرغاندا، ئۇسسىغاندا مەقىرەيدۇ.

كۆچمە مەنىدە: تولا ۋار-قىرىغان، تولا يىغلىغان بالىلار-نىمۇ «ئاچ قالغان قويدەك مە-قىرىدى» دەپ ئېيتىدۇ. م:

*بالىڭىزنى بوشراق مەقىرىتىڭ،*

*قۇلاق ـ مېڭەمنى سارالْ قىلىۋەتتىـ*
*ڭىز.*

**مـــەدەك:** قوناق مەدەككە
تايىنىپ دان تۆتىدۇ، قوناقنىڭ
دانلىرى ئايرىۋېلىنغاندىن كېـ
يىن، مەدىكىنى يېقىلغۇ قىـ
لىدۇ، يەم ـ خەشەككە ئىشلىـ
تىدۇ.

**مەلتۇك:** سۆزنى غەلەت،
كـــەمتۇك تەلەپپۇز قىلىش ۋە
شۇنداق ئادەم. م:
*تىلى مەلتۇك ئادەم. مەلتۇك*
*گەپ*

**مـــوچـــۇن:** ســاتـــىراشلىق
ئەسۋابى.

**مـــوتـــەك:** بىسى يانغان،
ئـۇچـى ئۇپىرىغان، قايرىلغان.
م:
*موتەك تىۋەزۇن*
كـۆچـــمــە مەنىدە: گېپى
ئۆتمەيدىغان، سۆزى ئاقمايدىـ
ـغان دېگەن مەنىدە ئىستېمال
قىلىنىدۇ. م:
*سۆزى موتەك باشلىق.*

**موك:** قويۇلۇپ قالغان،
ئۇيۇپ قالغان، سۇيى يوق. م:
*موك بولۇپ قالغان ئاش. موك*
*شاپتۇل*

**مـــەڭـــزىـــتــىش:** ئوخشىـ
تىش، قىياس قىلىش، سېـ
لىشتۇرۇش، نىسبەت بېرىش.
م:
*مېنى ھەركىمگە مەڭزەتمەك،*
*مەن ئۇنداق ئىشتا يوق.*
*مەن سىزنى ئانامغا مەڭزىتىپ،*
*ھۆرمەت قىلىمەن.*
«تۈركىي تىللار دىۋانى»
دا مەڭزەتمەك سۆزىگە «سېلىشـ
تۇرۇپ كۆرمەك، كۆرۈشتۈرـ
مەك» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

**موككىدەك** (موككىدە):
نەقمۇنەق، تۈيۈقسىز. م:
*تــازا بېشىم قېتىپ تۇراتتى،*
*خۇدايىم موككىدەك بەردى.*
*ئاسماندىن چۈشكەندەك موكـ*
*كىدە پەيدا بولدى.*

**موندەك:** قوناق پاسىرى
چېپىپ ئېلىنغاندىن كېيىن،
يەر ئاستىدا قېلىپ قالغان يىلىـ
تىزى ـــ كۆتىكى. قوناق كۆـ
تىكى.

**مـــومۇن:** خامانىنىڭ ئوتـ
تۇرىسىغا بېكىتىلگەن موما ياـ
غاچ، خامانغا قوشۇلغان كالا ۋە
ۋال مومۇننى ئايلىنىپ چۆرگىـ
لەيدۇ.

**مـــوكـــابېلىق:** بېلىقنىڭ
بىر تۈرى، خوتەننىڭ داڭلىق
«ئاق بېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدىـ
غان بېلىقى. تېنى ئۇزۇن، بېـ

شى كىچىك، چىرايلىق، تېرد-
سى سىلىق، ئاقۇچ كېلىدۇ،
گۆشى ئالاھىدە تەملىك. ھازىر
نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا
تۇرۇۋاتىدۇ. رەڭگى ئاق، چىد-
رايلىق ئايالالارنى «ئاق بېلىق»
دەپ تەسۋىرلەيدۇ. م:

*ئاق بېلىق، ئاپپاق بېلىق،*
*ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى؟*

**مــوتــلاش:** پۇرلەشكەن،
يىغىلىپ قالغان. م:
— *«قېرىلىق سولاش، دۈم*
*قاتلاش، ھەم موتلاش».*

**مۆك:** ئىچىگە تىنىپ يۇ-
رىــيــدىغان، جىمغۇر، پاراڭغا
ئۆچ ئادەم. م:
*«بىرى دۆڭدىن قورق، بىرى*
*مۆكدىن».*

**مــۆلەگ:** پۆللۇق، پۆلغا
يــارايــدىغان، ساقلىغۇچىلىكى
بار، تۇتامغا چىقىدىغان. م:
*ئاتا - ئانامدىن قالغان خېلى*
*مۆلەگ نەرسىلىرىم بار.*

**مــۆرىتى كەلمەك:** پەيتى
كــەلمەك، پۇرسىتى كەلمەك،
شەرت - شارائىتى يېتىلمەك،
توغرا كېلىپ قالماق. م:
*مۆرىتى كەلگەندە مەن بۇ مە-*
*سىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.*

**مۇلۇك:** نانىنىڭ بىر خد-
لى.

**مۇلە:** ئېشەككە توقۇيدى-
غان ئۇچۇلۇق. توقام (توقۇم)
نى بولسا ئېشەككىمۇ، ئۇيغىمۇ
توقۇيدۇ. م:
*«ئېشەككە كۇچۇك يەتمىسە،*
*ئۇر توقۇمنى».*

**مۇجۇقلاش:** ئالىقانغا ئېد-
لىپ مۇجۇش، ماجغۇش، قول
بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىش.

**مۇدەممەت:** مەڭگۈلۈك،
ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق. م:
*بىز مۇدەممەتلىك ئاغىنىلەر.*

**مۇشتەك:** تاماكا سېلىپ
چېكىدىغان غاڭزا؛ ئاتقۇچىنىڭ
پاختا، يۇڭ ئاتىدىغان توقمىقى-
مۇ «مۇشتەك» دېيىلىدۇ.

**مۇڭگۇ سۇيى:** ئۆلۈمنى
يــاد ئــەتــمەيدىغان كىشىلەرگە
«مۇڭگۇ سۇيى ئىچكەنمىدىڭىز»
دەپ تەنە قىلىدۇ.

**مــۇۋا (مــو):** مــەڭگۇ،
ئۆلمەيدىغان، مىراسلىق دېگەن
مەنىلەردىكى سۆز. م:
*ئاتا - ئانا دېگەن بالىغا مۇۋا*
*ئــەمەس. ئۇلاردىنمۇ قالىسەن، ئۆز*
*يولۇڭنى تاپقىنىڭ ياخشى، بالام.*
كېرىيىدە «ھوما» دەيدۇ.

**مۇنجى:** پۈتى سىرقىراپ
قېلىش، ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ،

ئورنىدىن تۇرغاندا دەسسىيەلـ
مەي قىلىش، پۇت - قول ئۇ-
يۇشۇپ قىلىش. م:
*ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتۇم مۇنجى بولۇپ قىلىپتۇ.*

**مۇت:** پۇل تۆلەتمىگەن، بىرەر نەرسىگە ئالماشتۇرۇلمىغان، بىكارغا بېرىۋېتىلگەن، بىكارغا ئىگە بولۇنغان نەرسە. م:
*«ئات مۇتىس، قوڭ چويۇندىن».*
*«مۇت، زەھەر بولسىمۇ يۇت».*

**مەرئا:** بوز، ئېچىلمىغان، كەتمەن تەگمىگەن يەر.

**مۇنەك:** ئۆكچىسى (ئۇرۇقچىسى) بىلەنلا قۇرۇتۇلغان توغاچ شاپتۇلنى «مۇنەك» دەيدۇ. «توغاچ مۇنىكى، شاپتۇل مۇنىكى» دېگەندەك.

**مۇلغۇي:** موزدۇزنىڭ خېرىت يەملەيدىغان شىلىمى. ئۆرۈك يېلىمىنى قاينىتىش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىدۇ.

**مۇزەررەت:** زىيانلىق، زىيان قىلىدىغان، سىڭمەيدىغان.

**مۇزەممەت:** تاپا - تەنە، مالامەت.

**مەزە** (مەززە) : داستىخانغا تىزىلغان يېمەكلىكلەر؛ مېھماندارچىلىقتا يۆگەپ بېرىلىدىغان داستىخان. مەزە كەلتۈرمەك، مەزەگە باقماق.

**مەش:** ھەربىي ئىنتىزام مەشقى؛ مەشكە دەسسەش، مەش ئويناش، مەش مەيدانى.

**موخەك:** ئادەمنىڭ بىرەر ئەزاسىدا پەيدا بولۇپ قالغان، تېرە ئاستىدا پولتىيىپ چىققان غەيرىي ئۆسمە. پېشانىدە پەيدا بولۇپ قالغىنىنى بەزىدە «تۆپىق» دەپمۇ ئاتايدۇ. باشقا نەرسىلەردىكى شەكلى شۇنىڭغا ئوخشىغان نامەلۇم نەرسىلەرنىمۇ «موخەك» دەپ قويىدۇ. م:
*يانچۇقۇڭنىڭ تېشىدىن قولۇمغا موخەك بىر نېمە ئۇرۇلىدىغۇ؟*

**مۇشتۇرۇق** (شۇ تۇرقۇمدا) : ھازىر، شۇ تاپتا، مۇشۇ ھالەتتە. ئۇ مۇشتۇرۇق كېتىپ قالدى، دېگەندەك.

**مىختا:** سېمىز، تولۇق، چىڭ ئەتلىك، تولغان بەدەن. م:
*ئۇ قاۋۇل، مىختا كەلگەن چوكان.*

**مىرىڭ:** يىغلاڭغۇ.

**مىش:** (كېرىيە شېۋىسى) مۈشۈك.

**مىسۋاك:** بۇرۇنقى چاغ-

لاردا كىشىلەر ئىشلەتكەن چىش تازىلاش ئەسۋابى. ئۇ خۇشبۇي سەندەل ياغىچىدا ياسىلىپ پو- تىغا (بەلۋاغقا) ئېسىپ قويۇ- لىدۇ. تەرەت ئالغاندا ئېغىزغا سېلىپ چىشنى پاكىزلايدۇ. مويسىپىتلار هازىرمۇ مىسۋاك ئىشلىتىدۇ.

**مىتىن:** تاغ چوقۇيدى- غان، تاش تاراچلايدىغان، تۆگ- مەن تېشى ئۇيراپ سىلغىيىپ كەتكەندە چوقۇپ، داننى ئېزىش ئۇنۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدى- غان پولات ئەسۋاب.

**مىيانە:** ئوتتۇراهال، ئوتتۇرلۇق. بۇ سۆز كۆپىنچە «ئوسال»، «ناچار» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. م:

*بۇگۇنكى مېهماندارچىلىق مى- يانىراق بولدى.*

**مىنۇچ** (مىنۇي): «ۋە- يەي، ۋايىيەي» ئىملىقىغا توغرا كېلىدۇ. هەيران قېلىش، تە- ئەججۇپلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. تۇيۇقسىز چۆچۈپ قورقۇپ كې- تىشمۇ «مىنۇچ» دېيىلىدۇ. ئاياللارغا خاس سۆز.

**مىياڭسال:** شاپتۇلنىڭ داڭلىق بىر تۈرى. ئارا چوڭ- لۇقتىكى، ئېتى كۆك سۇلۇق

كېلىدۇ. 8 - ئايلاردا پىشىدۇ.

**مىرىق:** تۇتۇپ بولغىچە سۇيى چىقىپ كېتىدىغان نەر- سە.

كۆچمە مەنىدە: يىغلاڭ- غۇ، تەگكىلى بولمايدىغان...

**مىدىق:** بىخ، دەرەخنىڭ ئەتىيازدا بۆرتۈپ چىققان يوپۇر- ماق تۆرەلمىسى؛ ئۈزۈم سېپى- نىڭ بۆلەكلىرى، شاخچىلىرى. م:

*ئۈجمە كۆچىتى مىدىقلاپتۇ. ئۈزۈمنى مىدىقلاپ قويماق. بىر مى- دىق ئۈزۈم.*

**مىرۋەت:** ئەرگۈللۈق. بوينىدىن باغلاپ باقىدىغان قوي، ئۆچكە، ئىت قاتارلىقلار- نىڭ بوغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈ- چۈن ئىشلىتىدىغان ئەرگۈللۈق تۆمۈر هالقا.

**مىتەۋە:** مۇنازىرە، سۆز تالاشماق، سۆز - چاقچاق. م:

*مىتەۋە قىلماق. مىتەۋلەش- مەك.*

**مىنەپتە:** بازار ئەمەس كۈنلەر. كېرىيىدە «بىنەپتە» دەيدۇ. م:

*مىنەپتە كېلىڭ. مىنەپتىدە كۆرۈشەيلى.*

شارائىتقا قارىماي، پەرداز

قىلىندىغان، ياسانچۇق قىز ـ ئا-
يـالـلارنـى «مىنەپتە مۇنچاق»
دەپ مەسخىرە قىلىندۇ.

**مـىس** (لىس): لىپمۇ-
لىپ، گىرۋىكىگىچە. م:
*بـىـر قاچىدا مىس شەربەت*
*كەلتۈردى.*

**مېزە:** تەم، تېتىم. م:
تاماقتا مېزە كىرگۈزمەك،
بىمەززە، مەززىسىز.

**ماتال:** توغراق ۋە بەزى
دەرەخ ياغاچلىرىنىڭ پورىنى ئېـ-
لىۋېتىپ قوڭ (تەگلىك) سېـ-
لىپ، تۇتقۇ (باغ) چىقىرىپ
ياسايدۇ. يەنە تاختايلارنى بىر-
بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، چېتىپ
(مـاتـاپ) يـاسايدۇ. سۇ تو-
شـۇش، سېغىنلارنىڭ سۈتىنى
سېغىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتى-
لىدۇ. كېرىيىدە ماتالنى «سۇ-
غا» دەيدۇ. مال ـ چارۋىلارنىڭ
پـۇتىنى باغلاشنىمۇ «ماتاش،
ماتالدى» دەيدۇ.

**ماتاش ـ ماتىماق:** پۇت ـ
قولنى باغلاپ قويۇش، تېڭىپ
باغلاش.

**مـاتاڭ:** ئۈزۈم، ياڭاق،
ئـۈزۈم شىرنىسى قاتارلىقلارنى
ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان تات-
لىق يېمەكلىك. ئۇنىڭ بىرقان-
چە تۈرلىرى بار. ياڭاق ماتى-
ـڭى، كەندىر ماتىڭى، دېگەن-
دەك.

**مـالـتىلاش** (ماتىلاش):
ئىلەشتۈرۈش، قوچۇش، نەر-
سىلەرنىڭ ئارىسىنى ۋە ئاستىنى
تېنىتىپ ئاختۇرۇش. م:
*ئـاشنى مالتىلاش، يانچۇقنى*
*مالتىلاش.*

**ماخچاق:** ئېزىلگەن، ياد-
چىلغان، ماخچايغان (ماكچاي-
غان). مېتال ۋە باشقا ئېگىلۈ-
چان نەرسىلەردىن ياسالغان قا-
چا-قۇچا قاتارلىقلارنىڭ بېسى-
لىپ-ئېزىلىپ، شەكلىنىڭ بۇ-
زۇلۇپ كېتىشى. پاناق بۇرۇن-
نىمۇ «ماخچاق بۇرۇن» دەي-
دۇ.

**مارۇق** (ئىنجۇ مارۇق):
يـىگلەك، ئەت ئالمىغان، ئا-
ۋاق، چوڭـيالمىغان. م:
*مارۇق قوزا، مارۇق شاپتۇل.*

**مـانـجۇ** (مانجا): ئىش
ھەققى، سىمكار، ھۈنەر قىلىپ
بـەرگەن ئۇستىغا تۆلىنىدىغان
ھەق. («تۈركىي تىللار دىۋا-
نى» دىمۇ مۇشۇنداق ئىزاھلان-
غان.)

**مالغايدى** (تاغ شېۋىسى):
تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

م:
*ئۇ ئۆز ئارا ئەمەسكەن، ئەنە، مالغايدى.*

**ماندا:** بىر خىل ئۆسۈملۈك. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆسىدۇ. دەرەخ يىلتىزىنى بويلاپ ئۆسۈپ چىقىپ باراڭلاپ كېتىدۇ، پۈتۈن دەرەخنى ئورىۋالىدۇ. بۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشى بەك ھەيۋەتلىك بولۇپ، بۇرۇنقى زاماندىكى شامان پېرىخونلىرى پېرە ئوتلىرىنى ماندا دەرىخىگە كۆچۈرگەچكە، كىشىلەر جىن چاپلىشىۋېلىشتىن قورقۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ، قېشىدىن يالغۇز ئۆتۈپ قېلىشتىنمۇ قورقىدۇ.

**مىخرازى:** كىچىكرەك قايچا.

## ن

**ناقا:** بىرەر ئىشنىڭ كاللىدىن ئۆتمەي ئىدىيىۋى يۈك بولۇپ قېلىشى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن سۆز - ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلالماسلىقى، ھار ئېلىشى. م:
*بۇ ئىشلىرى كۆڭلۈمگە بەكمۇ ناقا كەلدى.*

**نوۋاي:** دەل -دەرەخلەردىن باش باھاردا ياشىرىپ چىققان پۈتىقى - ياشارتمىقى.

**نارىزا:** رازى ئەمەس، نارازى.

**ناقىس:** كەم سۆز؛ مەلۇم كەسىپ، مەلۇم نەرسىدە كەملىك ۋە قىسىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. م:
*سۆزگە ناقىس، پۇلغا ناقىس.*

**نىلچە:** بۇرۇنقى چاغلاردا تاماكا چېكىدىغان قاپاق چىلىمنىڭ تۆشۈكىگە بېكىتىلىپ، سەرخانىسىنى كېيگۈزۈشكە ئىشلىتىدىغان نەيچە. ئۇ تاماكا تۈتۈنىنى چىلىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدۇ.

**ناگان** (ناگىھان) : گاھ - گاھ، بەزىدە، ئەگەر ... م:
*مەن ئۇنى ناگاندا بىر كۆرۈپ*

*قالمەن.*

**ناچا** (ناچى) : خام (بۆز) ، شايى ، ئەتلەس توقۇشقا تەييارلانغان يىپلارنى تۇرىدىغان، ئۆلچەملىك قىلىپ كېسىلگەن قومۇش. ناچا، موكىنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇققا جايلاشتۇرۇلىدۇ. موكىنى دۇكانغا تارتىلغان ئارقاغ يىپنىڭ ئاراشلىرىغا ئاتقاندا ناچىدىكى تورۇكلۇك يىپ بىر باشتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئارقاغقا كىرىشىپ، رەختنىڭ ئۆرۈشىنى ھاسىل قىلىدۇ.

يەنە قاڭشىرى تۈز كەلگەن، بۇرنى تەكشى، چىرايلىق كىشىلەرنى «ناچا بۇرۇن» دەيدۇ.

**ناشقا:** «ناخشا» سۆزىنىڭ شېۋىسى. يېزا - قىشلاقلاردا «ناشقا» دەپ ئېيتىدىغانلار كۆپ. «ناخشا ئېيتماق» دېگەننى «ناشقېتماق» دەيدۇ. م:

*ناشقېيتىپ بېرەي سىزگە،*
*قالاپ ئولتۇرۇڭ بىزگە.*
*راست گەپنى قىلار بولسام،*
*ئىچىم كۆيىدۇ سىزگە.*

**نانتەك:** ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنى قورۇما تەييارلاپ ئۈستىگە ناننى چىلاپ، ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن قاچىغا ئېلىپ يەيدۇ. قاتقان نانلارنى مۇشۇ ئۇسۇلدا يېسە يۇمشاق ھەم تەملىك بولىدۇ.

**ناگىرىن:** قېيىدىماق، رەنجىمەك، خاپا بولۇپ قالماق. م:

*بىز دېگەن خالىس ئەلچى، جاۋابلىرى قانداق بولسا، ئوغۇل تەرەپكە شۇ پېتى يەتكۈزىمىز. ھەرگىز ناگىرىن بولمايمىز.*

**ناسا** (ناسۋال) : تىلنىڭ ئاستىغا كاپ ئېتىپ خۇمارىنى باسىدىغان بىر خىل چېكىملىك. ئۇ سېرىق تاماكا يوپۇرمىقى، ئوتۇن كۈلى ۋە ھاك قاتارلىقلارنى يانجىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. ناسا چەككەنلەرنىڭ چىشى بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ چېكىملىكنى چېكىدىغانلار ھازىر يوق دېيەرلىك. م:

*«ناس ئۇنى چەككەننىڭ ئاغزىغا سېلىڭ قاس.»*

**ناتىيىن:** چىدىماس، بىر پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە قېتىم ئۆتىدىغان كەم خەرج ئادەم. بۇ ئەسلى «تىيىنى يوق» (پۇلسىز، پۇل كۆرمىگەن)

تىن كەلگەن سۆز. م:
*«قارىغۇ ناتىيىن، توكۇربەتد-*
*بىين»* .
«تەچىگە دوست بولماڭ،
ناتىينغا قەرزدار» .
**ناشايان:** ئەلنىڭ نەزەرىد-
گە سىغمايدىغان، هاياسىز، بە-
ئەدەپ. م:
*هاراق ئىچىۋىلىپ، ناشايان*
*سۆز، ناشايان قىلىقلارنى قىلىپ يۈ-*
*رۈش، ياشلىقنى خاراب قىلغانلىق*
*ئەمەسمۇ؟ ...*
**ناپىسەنت:** پىسەنتىگە
ئالماسلىق، نەزەرىگە ئىلماس-
لىق، بىنەزەرلىك. م:
*ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە*
*ناپىسەنتلىك قىلمىغۇلۇق ئوغلۇم،*
*ياخشى نەسىهەتنى ئاڭلىمىساڭ ها-*
*مان پۇشايمانغا قالىسەن.*
**ناسالقى:** هۈنەردە كامىل
ئەمەس، تېخنىكىسى تۆۋەن،
ئىشى چولتا. م:
*«مىنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،*
*ناسالقىڭ بېقىن كەلمە».*
**نارىنجى:** قىزىلمۇ ئە-
مەس، ئاقمۇ ئەمەس، بۇ ئىك-
كى خىل رەڭگە مايىل بىر خىل
رەڭ. م:
*نارىنجى قوغۇن.*
**نائىلەنجى:** ئىلاجسىز،

ئامالسىز ... م:
*سىزگە ئىچىمىز ئاغرىيدۇ، ئەمـ*
*ما، بىزمۇ نائىلەنجى ئۇكام ...*
**ناكا:** ئاقساق - چولاق،
مېيىپ، ئەسقاتمايدىغان ...
پۈت - قولى ياكى بىرەر ئەزا
زەخىملەنسە، سۇنسا «ناكا بول-
دى» دېيىلىدۇ. م:
*هارۋىدىن يىقىلىپ بىر قولۇم*
*ناكا بولدى، مانا ئەمدى قاچانغىچە*
*كارغا كەلمەيدىكىن؟*
**نە:** قەيەر، قايسى جاي؛
كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ ئەركى-
كى. جۈملىدە: «نەگە ماڭدى-
ڭىز؟»، «خەرىتىدىن نەنى
ئىزدەۋاتىسىز؟» شەكلىدە كې-
لىدۇ. «قەيەر بۇ؟» دېگەننى
«بۇ نەرا؟» دەپ سورىلىدۇ.
جۈملىدە يەنە «بىر جۈپ
باچكىنىڭ نەسى ئۆلۈپ كې-
تىپ، مېدىسى ئەي بولدى»
دېيىلىدۇ.
**نەغەز:** باش ئەتىيازدا ئې-
چىلىدىغان بىر خىل گۈل. ئۇ-
نىڭ غولى ئېگىز، يوپۇرمىقى
ياپىلاقراق، گۈلى قىزغۇچ سې-
رىق ئېچىلىدۇ. كۆلنىڭ بويلى-
رىغا، هويلا - ئاراملاردىكى ئوت-
ياشلىقلارنىڭ قىرلىرىغا تېرى-
لىدۇ. كۆپ يىللىق ئۆسۈمـ

لىۋك .

**نەخ:** خام (بۆز)، ئەتـ لەس توقۇشقا تەييارلاپ، دۇ- كانـغا ئۈزۈنىسغا تارتىلغان يىپنىڭ ھەر بىر تالاسى.

**نەختانە:** نەقمۇنەق، قولغا نەق تېگىدىغان، ئالىقاندـ ىكى ... م:

*نەختانە سودىنى قىلىشايلى،*
*خەق باھا قويۇپ قويغان بىلەن،*
*پۇلـى قوللىرىغا نەختانە تەگكىنى*
*ئەۋزەل.*

**نەششە:** كەندىر ئۈسۈمـ لـۈكىنىڭ شەبنەم چۈشكەن چاغدىكى يېپىشقاق توپىسىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىلىدىغان بىر خىل زەھەر. «نەشە»، «بەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدـ ۇ. م:

*چەكمىگەندە نەشىنى،*
*تۇتار ئىدى پاشىنى.*
*چېكىشۈدى نەشىنى،*
*تۇتالمىدى پاشىنى.*

**نەچى:** قەيەرچە، قەيەرـ نىڭ ئۇسلۇبى، نەنىڭ پاسونى، غەلىتە ... نەنىڭ قائىدىسى. كۆزگە سىغمايدىغان، تەئەجـ جۈپلەنگۈدەك ئىش - ھادىسىـ لەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. م:

*نەچى كىيىنىۋالدىڭىز، بۇ نەـ چى مېڭىش؟ ئەجەب سىزنى تونۇـ مىغىلى قويىتۇمىيا؟*

**نىقىپ:** بۇرۇنقى چاغلاردا بازار تەرتىپىنى، باھا (نەرخ - ھاۋا) نى نازارەت قىلغۇچى خاـ دىم. نىقىپلار ئىلىم - سىيىمـ نىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىـ نى، جىڭ - تارازىلارنىڭ ساق ياكى كەملىكىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى.

**نىراق (نىرى):** يىراق، ئۇزاق، چەت - ياقا مەنزىل، مەلۇم ئارىلىق.

**نىرى - بىرى:** يىراق - يېقىن، كەلدى - كەتتى، ئالـ دى - كەينى ... م:

*ئىشنىڭ نىرى - بىرىسىنى سۈرۈشـ تۈرمەي، كۆز ئالدىمىزدىكى مەسىلىنىڭ ئۆزىگە بىر نىمە دەيلى.*

**نىمانچىزا** (نامانچىزا): نىمە ئانچە، نىمە ئۇنچىۋىلا. م:

*نىمانچىزا تۇگمەيدىغان يارىڭ بۇ،*
*كىچە تەڭ بولدى، ئۇخلايلى.*

**نىزىقماق:** ناز قىلماق، سۇنئىي ھايا، ھال تارتماق. م:

*ئىگىز تاغنىڭ بېشىدا،*
*ئىرىمەيدىكەن قارلار.*
*كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسا،*
*نىزىقايدىكەن يارلار.*

**نىم:** يېرىم، پارچە؛ نېمە.

**نىمچە:** ئاياللارنىڭ يازدىن ئىزمىداپ ئېتىلىدىغان بىر خىل ئۇزۇن چاپىنى، بۇ خىل چاپاننىڭ مەيدىسىگە گۈل بېسىلىپ، ئىككى ياندىن چەك قويۇلىدۇ. ئۇنى ئوتتۇرا ياش (جۇۋان يېشىدىكى) ئاياللار توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا كىيىدۇ. م:

*نىمچە كىيدىم ئۇكىجان،*
*ئىزمىلىرى قاتار - قاتار.*
*بىر قاتارىنى يەشكىچە،*
*باش توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتار.*

**نىمشەك:** ئېغىرلىق ئۆلچىمى. بىر چارەك (16 جىڭ) نىڭ سەككىزدىن بىر بۆلىكى، ياكى ئىششەك (تۆت جىڭ) نىڭ يېرىمى (ئىككى جىڭ). «ئىششەك - نىمشەك» دېيىلسە ئالتە جىڭنى بىلدۈرىدۇ. م:

*ئىششەك تاماكۇ،*
*نىمشەك ياغاچلا.*
*مەيدەڭ قاتتىقكەن،*
*بوشراق باغاشلا.*
*بۇ يىل شاپتۇل بەك بولدى،*
*ئىششەك - نىمشەك قاق بولدى.*

**نىمكار:** باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەپ، ئەجرى ئۇچۇن يېرىم ھەق ئالغۇچى. م:

*بۇگۈن ئۇستام دۇكاندا ئولتۇرماپتۇ، ئىشنى نىمكارلىرىغا بۇيرۇتۇپ قويۇپ، قايتىپ كەلدىم.*

**نىمزىدە:** نان يېقىشقا تەييارلانغان پىلتە خېمىرنى ئۇزۇپ پارچىلاشنى نىمزىدە قىلىش دەيدۇ. م:

*مەن نىمزىدە قىلىپ ئۇزۇپ بەرسەم، سىز زۇۋۇلا تۇتۇپ بەرسىڭىز بولارمۇ؟*

**نىمقوق** (نېمە قورق): كېرەك يوق، ھېچ ۋەقەسى يوق مەنىسىدىكى تەسەللى سۆز. بەزىدە «نىم قويغۇلۇق» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. م:

*نىم قويغۇلۇق بالام، ئادەمنىڭ بېشىغا ھەر مۇشكۇلاتلار كېلىدۇ. بۇ كۈنمۇ ئۆتۇپ كېتەر ...*

**نىختىماق:** تاغار، قاپلارغا نەرسە - كېرەكلەرنى كەپلىمەك، چىڭداپ تىقماق، بىرەر نەرسىگە تاقاپ قىسماق.

**نىسسي:** (نېسى) ئېلىم-بېرىمدە مالنى نەق مەيداندا ئېلىپ، پۇلىنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشكەن سودا. بەزى خۇسۇسىي ماگىزىنلار خېرىدارلارنى مالنى نېسى ئالماسلىققا ئۇندا

دەپ: «بۇگۇن نەق، ئەتە نە-
سىي» دەپ يېزىپ قويىدۇ.

**نچاغ:** نەۋاق، بەك ئۇ-
زۇن، نىكەم (ئۆتكەن ۋاقىتنى
بىلدۈرىدۇ). م:

*سىز بۇياققا كەلمىگىلى نچاغ،*
*ھېلىمۇ بۇ جايلارنى ئۇنتۇپ كەت-*
*مەپسىز؟*

**نىل:** كۆك رەڭلىك بىر
خىل بوياق، ئۇنى ئوسما يىل-
تىزىنى يانجىپ پىششىقلاش
ئارقىلىق ئايرىۋالىدۇ، خام
(بۆز) قاتارلىق رەختلەرنى بو-
ياشقا ئىشلىتىدۇ. بۇنداق بو-
ياقتا بويالغان رەڭلەرنى «نىل
رەڭ»، «نىلكۆكى» دەيدۇ.

**نىلپە:** دىلى نازۇك، رەن-
جىگەك، يۈزى نېپىز (مەجازىي
مەنىدە)، «نېلۈپەر» دىن كەل-
گەن. م:

*بۇنداقمۇ نىلپەلىشىپ كەتمەڭ*
*قىزىم، شۇنچىلىك گەپكىمۇ يىنى قا-*
*راپ قالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟*

**نۇغۇلا:** تۈگۈنچەك، مول-
لەك.

**نوغۇچ:** ئۈگرە ۋە چۆپ
ئۈچۈن خېمىر يايىدىغان ئۇزۇن
ھەم بالداقسىمان ياغاچ ئەس-
ۋاب. يايغۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
قىيمىلىق يېمەكلىكلەرنىڭ خې-
مىرىنى ئاچىدىغان (يايىدىغان)
لىرىنى فۇزا ياكى يايغۇ دەپ ئا-
تايدۇ. «فۇزا» نىڭ ئىككى بې-
شى ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى توم،
بىر غېرىچتىن ئۇزۇنراق بولى-
دۇ. م:

*«ئاكىڭىز بىلەن ئويناشماڭ*
*شىللە پاتاڭ يەرسىز، يەڭگىڭىز بىلەن*
*ئېتىشماڭ نوغۇچ بىلەن يەرسىز.»*

**نوخۇلا:** ئات - ئېشەك-
لەرنىڭ بۇرنىدا ئۆسۈپ قالىدى-
غان بەز؛ ئاينىغان، ھاكاۋۇرلا-
شقان ئادەملەرگە قارىتىپ «نو-
خۇلىسى ئۆسۈپ قاپتۇ» دېيى-
لىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى ئەدەپ-
لەپ قويۇش مەنىسىدە «بۇرنى-
نىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىپ قو-
يۇش كېرەك» دېيىلىدۇ.

**نوگاي:** قاپاقنىڭ بىر تۈ-
رى. ئۇنىڭ بېغىش تەرىپى ساپ-
لىقتا ئوخشاش ئۇزۇن، قورساق
قىسمى كىچىك بولىدۇ. ئۇنى
تۈزلۈقتىن تۈز ئېلىش، كاچ-
كۇلدىن سۇ ئۇسۇش ...
قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.
كىچىك نوگاي قاپاقلىرىنى چى-
لىم قىلىپ تاماكا چېكىدۇ.
تۆگىنى چاقىرغاندىمۇ «نوگاي -
نوگاي» دەپ چاقىرىدۇ.

**نورۇز:** خوتەندە نورۇزنى

«زاراخەتمە» دەيمۇ ئاتايدۇ. نو-
رۇز كۈنى پۈتۈن يۇرت بىر سو-
رۇنغا يىغىلىپ، قازان ئېسىپ
ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بەخت ـ
قۇت تىلىشىدۇ. چېلىشى، بەيـ
ـگە، ئوغلاق تارتىشىش، بېـ
يىت-ئېيتىشماق قاتارلىق پائا-
لىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. 50 -
يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ
«زاراخەتمە» پائالىيىتى ئەمەل-
دىن قېلىشقا باشلىدى. خوتەن-
دە «نورۇزئاخۇن»، «نورۇز-
خان» ئىسىملىكلەر، «نورۇز-
باغ» دەپ ئاتالغان باغلار،
جۈملىدىن چىرا ناھىيىسىنىڭ
ئۇپا يېزىسىدىكى كونا كارۋان
يولىدا «نورۇز مەھەللىسى»
دېيىلگەن كەنت بار. م:

*نورۇز كەلدى تويدۇڭلىمۇ؟*
*ياغلىق ھېسىپ قويدۇڭلىمۇ؟*
*نورۇز كەلدى بىلدىڭلىمۇ؟*
*تۆسىپىنى قىلدىڭلىمۇ؟*
*نورۇز كەلدى ئوينايلىمۇ؟*
*بىدە تېرىپ كەلمەيلىمۇ؟...*

## ھ

**ھىمات:** ئارقا تىرەك،
يۆلەنچۈك، ھىمايە قىلغۇچى،
قانات ئاستىغا ئالماق، پەرۋىش
قىلماق. ئىستېمالدا ھىمات
قىلىش، ھىماتىغا ئېلىش،
ھىماتىغا تايىنىش قاتارلىق لەۋ-
زىلەر بىلەن جۈملىگە كەلتۈرۈ-
لىدۇ. م:

*سەن ئوردىدىكى ھىماتىڭغا تا-*
*يىنىپ چوڭچىلىق قىلىۋاتىسەن.*
*پۈستانى ئامبال قانۇنغا خىلاپ-*
*لىق قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز*
*يېقىنلىرىنى ھىمات قىلىدۇ. سەن*
*شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئوردى-*
*نىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدىن بىر ھىمات*
*تۇتۇشۇڭ كېرەك.*

**ھىجاق:** شېلى ئاجراپ
كەتكەن، تاختايلىرى شامال يا-
كى كۈن نۇرىدا قېيىپ قالغان
ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان
سۆز. كۆچمە مەنىدە — ھىجاق
ھالەت ئېغىزنىڭ (كۈلگەندە)
ئېچىلىش ھالىتىگە ئوخشاپ
قالغاچقا، كۈلكىچان، تولا كۈ-

لۈپ يۈرىدىغان، چىشىنىڭ ئې-
قىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كى-
شىلەرنى سۈرەتلەشكە ئىشلىتى-
لىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ سۆز
كىشىلەرگە لەقەم بولۇپمۇ قال-
غان.

چوڭ كىشىلەر بوۋاقلىرد-
نى «ھىجاق» دەپ ئەركىلىتى-
دۇ.

**ھىمىق:** ھاۋانىڭ تەنگە
يېقىشلىق بولۇشىنى ئىپادىلەي-
دىغان ھالەت؛ شامال ئۆتۈش-
مەيدىغان ھالەت؛ بۇنىڭدا ئىس-
سىق كۈنلەردە ئىسسىق ئۆتمەي-
دىغان، سوغۇق كۈنلەردە سو-
غۇق ئۆتۈشمەيدىغان يېقىملىق
مۇھىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. م:

*بۇ يەردە ئولتۇرايلى، بۇ يەر
ھىمىقكەن.*

*ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، ئۆي
ھىمىقتەك تۇرىدۇ.*

**ھىڭگاڭ:** ھىڭگاي،
ھىڭگىيىش، ھىڭ. ئادەمنىڭ
كۈلۈش ھالىتىنى ئىپادىلەيدى-
غان ھالەت ئىملىقى. «ھىڭ-
گاي» تەكشى ئۆسمىگەن چىش
(تاماق چىش) ھالىتىنى بىل-
دۈرىدۇ. چىشى قوپال ئۆس-
كەچكە لەۋ ئىچىگە پاتماي، ئې-
غىز ئېچىلىپ كۈلگەن (ھىڭ-
گايغان) قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ.
م:

*يىگىت ھوشىغا كېلىپ كۆزى-
نى ئاچسا، «ھىڭگاي چىش» بىر
مەخلۇق خىرىس قىلىپ بېشىدا تۇر-
غىدەك ...*

*ھىڭگىيىپ قاپتۇغۇ بۇ خېنىم،
بىر نەرسىدىن خۇشلۇقى تۇتۇپ قال-
غان ئوخشايدۇ.*

**ھىم (ھىمى):** شامال
ئۆتمەس ھالەت. كۆچمە مەنى-
دە: ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم-
لەرنىڭ ئىچ گېپىنى بىر قىلى-
ۋېلىش، پىكىردە بىرلىككە كې-
لىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. م:

*تەكشۈرۈشتىن نەتىجە ئاز بو-
لۇۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھىمنى بىر
قىلىۋاپتۇ.*

*يارىم بىلەن ئىككىيلەن،
ھىممىزنى بىر قىلدۇق.
دۈشمەن گۇيلار بىلمەيدۇ،
بارغان يەرنى سىر قىلدۇق.*

**ھېلىتتىن:** بىردەمدىلا،
كىچىككىنە تۇرۇپ، ئىش بو-
لا-بولمايلا. م:

*ھېلىتتىن ئەسكىلىك قىلغىلى
تۇرسىڭىز، ئەتە - ئۆگۈن ئىش بار
ئوخشايدۇ.*

*بۇ ئۇزۇملەرنى ھېلىتتىن ھەرە
يېگىلى باشلاپتۇ، 9 - ئايلارغىچە*

*نېمە بولۇپ كېتەر!؟*

**ھېجىن:** ئەپسۇسلىنىپ ئەيىبلەش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش، كۆزگە سىغمىغان بىرەر ئىشقا قارىتا ھېسسىيات ئىپادىلەشتۇر. م:

*ھېجىن، قويىڭە سىزنى، چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ مۇشۇ ئىشنىمۇ قىلدىڭىزمۇ؟!*

*بەزى كىشىلەر قاتتىق كايىش تەلەپپۇزىدا: «ھېجىن، ھېجىن ... ۋاي ھېجىن ...» دەپ قويىدۇ.*

**ھېجىي:** ساپال قاچا، بەزى جايلاردا «غېدىر» دەيدۇ. م:

*ئالتە شەدە باش كۆتەرگەن،*
*ھېجىي يۇچىقىدا ئاش كۆتەرگەن*
*نوچام ئۆزلىرىما؟*

**ھېدىقاش:** ياتسىراش. بۇ سۆز كىچىك باللارنىڭ چوڭلارغا ياكى يېڭى مۇھىتقا ئېلىقماسلىقى ياكى كۆڭلى تارتماسلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. م:

*ھازىر ھېدىقىغان بىلەن ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالىدۇ.*

*ئۇبدان خېنىم ھېدىقىماڭ،*
*مېھمان خېنىم ھېدىقىماڭ.*
*كۆڭلىڭىز كەپ بولغىچە،*
*باشقىلارغا ئېلىقماڭ.*

**ھېيىقىش:** تارتىنىش، قورۇنۇپ قېلىش، ياكى قورقۇپ يېقىن كەلمەسلىك. م:

*مەن سىلىدىن بەك ھېيىقىدمەن. بۇ بالا ھېيىقىشنى ئانچە بىلمەيدۇ.*

**ھۇ تارتىش:** يىغا - زار قىلغان چاغدىكى ئۈن - ئاۋازنى ئىپادە قىلىدۇ. م:

*ئۇ مېنى كۆرۈپ ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى.*

*بىر كىم ھۇ تارتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ؟ تىڭشاپ باققىنە (قاراپ باققىنە! ...).*

**ھوشۇق:** (ئوشۇق) جانلىقلاردا، ئادەملەردە بولىدىغان ئالاھىدە سۆڭەك. م:

*قويىڭ ھوشۇقى، ئادەمنىڭ ھوشۇقى، ياكى ھوشۇق سۆڭەك.*

*قىمارۋازلار بۇ سۆڭەكلەردىن بىر نەچچىنى تەييارلاپ، قىمار ئويناشتا ۋاستە قىلىدۇ.*

**ھۇۋۇتۇش** (ھۇقۇش): يۈزى ياكى باشقا ئەزالىرىنىڭ ئىششىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. م:

*كىچىدىن بىر نەرسە چېقىۋالغان ئوخشايدۇ، كۆزۈم ھۇقۇپ قاپتۇ.*

*بۇ كىشى ھۇقۇپ قالغاندەك*

*سەمرىپتۇ (غەلتە سەمرىپتۇ، ئىش-*
*شىپ قالغاندەك سەمرىپتۇ).*
**ھۇما:** ئۇمۇرلۇك، مەڭ-
گۈلۈك. م:
*بىز سىزگە ھۇما ئەمەس.*
**ھۆددەس:** قەتئىي، پە-
قەت، زادى، تولۇق، مۇتلەق.
م:
*سىز ھۆددەس ئادەم بولماي*
*ئۆتۈپ كەتكۈدەكسىز.*
*بۇنىڭ چىرايىنى ھۆددەس يارا*
*بىسىپ كېتىپتۇ.*
**ھۆسۈللەش:** كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈش، قىياس قىلىش،
ئەسلەپ كۆرۈش، ئىسىگە كەل-
تۈرۈش. بەزى لەۋزىلەردە (كې-
رىيىدە) «يۇسۈللەش»، يەنە
بەزى لەۋزىلەردە «مۇسۈللەش»
دەيدۇ. م:
*مۇنداق ھۇسۈللەپ باقسام،*
*بىزنىڭمۇ بىشىمىزدىن نۇرغۇن ئىشلار*
*ئۆتۈپتۇ.*
**ھۆداق** (ھۆددەق):
ئۆكتەم، مۇتتەھەم، ئۆكتىد-
چى. كۆچمە مەنىلەردە: «ئۆ-
لۈكنى ساتقۇچى، كۆكەرمە»
دەپ ئىشلىتىلىدۇ. م:
*ھەسەن ئاكامنىڭ بالىلىرى*
*ھەممىسى ھۆددەق بىر نېمىلەر بوپ-*
*تۇ.*

*ساڭا سۇۋانغىنىنى بىلمىدىڭ-*
*مۇ؟ سىنى بىر نېمە دېگۈزۈپ ئۆلۈ-*
*كىنى ساتىدۇ. بۇ يەردىن تېز كېتەي-*
*لى.*
**ھويجون:** «ياپىرىم، تو-
ۋا» دېگەندەك تەئەججۈپ مەن-
سىدە كېلىدۇ. كېرىيە تەرەپ-
لەردە «ۋويجون» دەپ تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ. م:
*ۋويجون، ئادەم دېگەن مۇنداق*
*بولار، بولسا نېمە دېگۈلۈك، بىردەم-*
*نىڭ ئىچىدىلا يۈزىنى كۆتىگە ئېلىپ*
*قويتى.*
بەزىلەر: «ھوئ»، «ھائ»
دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىدۇ. مەن-
سى يەنىلا ھەيرانلىق ئىستىھزا-
سىنى ئىپادىلەيدۇ.
**ھوقسوپى:** ھۇۋقۇش،
قارىغۇ ياپىلاق. ئۇ كېچىلىرى
«ھوق، ھوق» دەپ تەكرارلى-
غاچقا، سوپىلارنىڭ ھوق ساما-
لىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇ تو-
پەيلى «ھوقسوپى» دېيىلىدۇ.
كۆچمە مەنىلەردە ياخشى-
لىق قىلغاننى بىلمەيدىغان ئا-
دەملەرنىمۇ ھوقسوپى مىجەز،
كۆز يۇمغاق دېيىلىدۇ. مەجازدا
شۇم ئىغىز ئادەملەرنى «ھوق-
سوپى» دەپ كىنايە قىلىدۇ.
**ھەر قانداغتۇ** (ھەرقاند-

داقتۇ) : قانداقلا بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، ھەر ھالدا دېگەنـ لەرنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى لەۋـ زىلەردە «ھەكىۋاتۇ» دەپ تەلەپـ پۇز قىلىدۇ. م:

*ھەرقانداغتۇ، ئىشىمىزنى ھەل قىلىۋالدۇق.*

*ئاق بارائغا بىللە باماڭ،*
*ھەكىۋاتۇ، ھەكىۋاتۇ.*
*ياچىقىڭىزغا ئىسلىۋاتۇ،*
*ھەكىۋاتۇ، ھەكىۋاتۇ.*

**ھەمسال** (ھەمسەل) : تەڭ دېمەتلىك، تەڭ ياشلىق، تەڭتۇشلار. م:

*بۇگۇن ھەمسەللەرنىڭ ھەممىسى كەپتۇ، پۇخادىن چىققۇچە ئويـ نايلى.*

*بۇ يەردە بىزنىڭ ھەمسەللىدىن كىملەر بار؟*

*يىغىلغاندا ھەمسەللە،*
*قىچىۋاپتۇ لامزەللە.*

**ھەلەق:** چوڭلارنىڭ كىـ چىكلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان سۆزى. كۆچمە مەنىدە: «كىر، شالتاق، كاشا» دېگەن مەنىـ لەردە كەلتۈرۈلىدۇ. م:

*ھاي، ھەلەق، ئاغزىڭغا سالما،*
*كىيىملىرىڭنى ھەلەق قىلما!*

*... بۇ ئادەم نەگە بارسا شۇ يەرنى ھەلەق قىلىدۇ.*

**ھەپىلەشمەك:** قىرىشماق، پېيىغا چۈشمەك، بىر ئىش بىـ لەن مەشغۇل بولماق. بۇ سۆز كۆچمە مەنىلەردە كەڭرەك قولـ لىنىلىدۇ. م:

*مەن بىلەنلا ھەپىلىشىپ قالـ دىڭىز، ياكى مەندە گىنىڭىز بارمۇ؟*

*«ھەپىلەشكەننىڭ ئانىسىنى ئال.»*

*— نېمىش قىلىۋاتىسلەر؟*

*— يەنە شۇ ئىش بىلەن ھەـ پىلىشىۋاتىمەن.*

**ھەدەڭ - ھەدەڭ:** (ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت سۆزى) «ئاڭلاپ تۇرۇڭ، قۇـ لاق سېلىڭ، بىلىۋېلىڭ» دېـ گەندەك ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزى. م:

*ھەدەڭ-ھەدەڭ غوجام، ئاتاـ ئانىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇلۇق.*

**ھەيۋەتىش:** بىسىم (قورقۇتقۇ ئارقىلىق)، ئىزا تارتقۇزۇش. بۇ سۆزدە ھەيۋە كۆچمۇ، سىلىق يول بىلەن ئىزا تارتقۇزۇش ئۇنۇممۇ بار.

ھەيۋەتىش ھەرىكىتى يۈزـ تۇرانە ئەيىبىنى كۆرسىتىش، جامائەت ئورتاق ھالدا ئەيىبلەش ئارقىلىق نەسىھەت قىلىش شەكلى بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

م:
ئەيسا قاچىنىڭ باللىرىنى بۇ-
گۇن جامائەتنىڭ ھەممىسى ھەيۋەت-
تى.

**ھەيھەي قىلماق، ھەيھەيگە قالماق:** خىجىل قىلىپ ئىزا
تارتقۇزماق، ئەل ئارىسىدا خى-
جالەتچىلىككە قالماق، يۈز -
ئابرۇيغا بىسىم كەلمەك. م:
ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ تو-
لىسى رەستىدە ھەي - ھەي بولىدۇ.
خەقلەرگە ھەي - ھەي بولۇپ
يۈرگىچە تېز بۇ بەردىن كېتەيلى.
بەزى تەنلەردە: ۋاي غوجام،
ئىبىل غوجام، ئۆزىڭىزنى بىلمەي
ھەي - ھەيگە قالدىڭىز! ...
دېيىلىدۇ.

**ھەلەپ:** چارۋىلارغا سا-
ماندا تەييارلاپ بېرىلىدىغان
يەم-ئوزۇق. كۆچمە مەندە
ئاش-غىزانى تولا يەيدىغان كى-
شىنى ھەلەپ ياكى «ھەلەپ-
شاھ» دەپ كىنايە قىلىدۇ. بە-
زىدە كۆپ ھەم ئوخشىمىغان تا-
ئاملارنىمۇ «ھەلەپ تېتىيدۇ»،
«ھەلەپ» دەپ تەنە قىلىدۇ.

**ھەمقام** (ھەم بولۇش، قامغا كېلىش دېگەندىن بىرلەش-
كەن): بىرلىككە كېلىش، بىر
نىيەت بولۇش، ئىجىل - ئىتى-
تىپاق ئۆتۈش. م:
ھەمقام بولۇپ ئۆتكەنگە نېمە
يېتىدۇ.
بۇ مەھەللىدىكىلەر ناھايىتى
ھەمقام.

**ھارراپ-ھەرراپ:** قىزىق-
چى، گەپدان، ئادەم كولدۇر-
لىتىدىغان ماھارەتكە ئىگە،
گەپ بىلەن جان باققۇچى.
«ھارراپ» ئىسىملىك لەقەم ۋە
يۇرت نامىلىرى بار. م:
ھەرراپ ئادەملەر بىلەن بىرگە
بولساڭ، ئادەم بەك تەڭلىكتە قالىدۇ.

**ھاراكەت:** ھەرىكەت،
ئىش - ئەمەل. ئەمەلىي ئىستې-
مالدا بۇ سۆز تەنە خاراكتېرگە
ئۆزگىرىپ، قىياس قىلمىغان،
كۈتۈلمىگەن ئىشلارنى ۋە ئاۋا-
رىچىلىق كەلتۈرگەن ئىشلارنى
ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.
م:
بۇ قۇلاق كەستىنى قاراڭ،
بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ھارا-
كەتلەرنى تېرىپتۇ.
ماۋۇ ھاراكەتنى كۆرۈڭ. بىز
ئىتىزلىقتا يۈرۈپتىمىز، توخۇلار قې-
چىپ چىقىپ تاغاردىكى داننى چې-
چىپ تۈگىتىپتۇ.
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دې-
گەن شۇنداق بىر ھاراكەت بولدى-

كى، *يامانلارنىڭ نۇقتىسى يوق، ياۋاشلارنىڭ نىسۇسى يوق.*

**هاۋىلاش:** زۇكامداش (بەزىلەر ئەسلىي ئىپادىسى بويىچە «هاۋا تېگىش» دەپ ئاتايدۇ).
م:

*هاۋاخان هاۋىلاپ يېتىپ قاپتىكەن، بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم.*

*— نېمە بولدىڭىز، كەيىپياتىڭىز تۆۋەن تۇرىدىغۇ!؟*

*— هاۋا تېگىپ قاپتىكەن، مىجەزىم يوق.*

*قىزىپ قاپسىز ئامرىقىم،*
*هاۋىلاپ قالغان ئوخشايسىز.*
*تىترەپ قاپسىز ئامرىقىم،*
*توڭاپ قالغان ئوخشايسىز.*
*يەلپۈپ قويايمۇ، يۆگەم بىلەن،*
*يۆگەپ قويايمۇ يوتام بىلەن.*

**هايال:** ۋاقىت، پۇرسەت. م:

*يولدا بۇرادەرلەر ئۇچراپ قېلىپ سەل هايال بولۇپ قالدىم، هەر قايسىڭلار كەچۈرۈڭلار.*

*جىندەك ساقلاپ تۇرۇڭ، هايال بولماي كېلىمەن.*

*كۆچمە مەندە مۇنداق كېلىدۇ: بۇنىڭغا تېخى هايال بار، ئالدى- رىمىسۇن. ئالدىرىغان مېهمانىنى هايال قىلماڭ.*

سوۋغا كەلگەن ئالدىراش،
مېنى هايال قىلماڭ ئاداش.

**هاما، هاما-هاما:** «هەدەڭ - هەدەڭ» دېگەن ئىپادە بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «ئاڭلاپ تۇرۇڭ، قۇلاق سېلىڭ» دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە. خوتەن - قاراقاش خەلقلىرىنىڭ ئادەت سۆزى بولۇپ، تۇرمۇشتا ناهايىتى كۆپ قوللىنىدۇ. م:

*هاما - هاما ئوبدان غوجام، «گەپ بىر، قۇلاق ئىككى» دەيدىغان گەپ بار. ئاڭلىغانمۇ!؟ گەپنى بىر قېتىم دېگەندىكىن قۇلاقتا تۇتقۇلۇق ماقما!؟*

گەپ دېگەنگە دەسمى يوق،
*دەۋىرىڭ هاما - هاما.*
مەنمۇ بىلگەننى قىلاي،
*قاراپ بېقىڭ هاما - هاما.*

**هاي قىلىش:** بولدى قىلىش، جېدەلنى توختىتىش، ئاچچىقنى بېسىۋېلىش؛ سەۋر قىلىڭ، كۆڭلىڭىزگە هاي بېرىڭ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.
م:

*بۇ جېدەلنى هەل قىلغىلى بولمىغۇدەك. ئۇنى هاي دېسەم بۇ قويسا، بۇنى هاي قىلسام ئۇ قويسا...*

*ئاچچىقلىرىغا هاي بەرگەنلىرى تۈزۈكمىكىن جانابلىرى.*

*ئاچچىقىمغا هاي بەرمىگەن بولسام ئىشىنىڭ چوكى چىقاتتى، كىرەك يوق.*

**هاۋان:** دايىمال ياغاچ، تىرەپ قويۇلغان ياغاچ. كېرىيە تەرەپلەردە «دايىمال» دەپ ئاتايدۇ. م:

*ئۆي تاملىرى قىڭغايكەن،*
*هاۋان سالماملا.*
*هاۋان ياغاچ ئەۋەتەي،*
*ئالا - ئالماملا.*

**هايەت:** قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويغان ئىش ۋە هەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. م:

*بۇ نەرسە شۇنچىلىكلا (هايەتكە) ياساپ قويغان نەرسىكەن. ئىشىنى كۆڭۈل قويۇپ قىلمايدىكەنسىز. هايەتكىلا ئىش قىلىپ قويىدىكەنسىز.*

*— هەي قويىڭە، هايەتكە ياساپ قويغان ئۈزۈككەن، ئالمايلى.*

**هانا تاراج:** «بەك ئورۇق، ئەت يوق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «هانا» دېگەن پارازىت تالان - تاراج قىلىنىۋالغان مالكەن دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئاساسەن ئورۇق مالنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*بۇ قوينى قۇربانلىققا ئاتىغان دەيسەن، قارىغىنا، هانا تاراج بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى قۇربانلىق قىلساڭ هارام بولىدۇ.*

**هاشقاپاق:** كۆچمە مەنىدە نىقاب يۈزلۈك قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ. «هاشقاپىقى» دەيدىغان بىر خىل قاپاق بولۇپ، كۆرۈنۈشى قوپال هەم سەت. شۇڭا سەت، سېمىز ئادەملەرنى كەمسىتىپ «هاشقاپىقى» دەپ تەنە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىملىرىدا ئادەمنىڭ غەلىتە يۈز شەكىللىرى بويىچە نىقاب ياسىلىپ ئويۇن مەيدانىدا يۈزگە تارتىلىدۇ. بۇ خىل هەرىكەتنى «نىقاب تارتىپ» دېمەي، يەرلىك ئادەتتە «هاشقاپاق بولۇش، هاشقاپاق تارتىش» دەپ ئاتايدۇ.

**هالايىلكۇم:** ئازادە، كەڭرى-كۇشادە ئورۇن ۋە ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. م:

*ئۆيلىرى بەك هالايىلكۇمكەن. هالايىلكۇمغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۆزلىرى يوقاپ كەتتىلە. بىزنى قورقۇپ قالامۇ دېمىدىلە؟*

**هالۇ:** هويلا، ئۆينىڭ ئالدىدىكى بوشلۇق. كېرىيىلىكلەر «هال» دەيدۇ. هويلىغا ئېچىلغان ئىشىكنى «هاللاڭ» دەيدۇ. م:

*ساقلاتتىڭىز تالادا،*
*هالۇڭىزغا كىرگۈزمەي.*

*نەۋاققىچە قىينايسىز،*
*دەيدىغاننى دېگۈزمەي.*

**هالۋازلاش:** كېرىيە تىل ئادىتىدە «هاللازلاش» دەيدۇ. ئات - ئېشەك، توپاقلارنىڭ يۇك ئارتىلغاندا رەت قىلىپ سەكرى-شىگە «هاللاز ئېتىش» دېيىلى-دۇ. كۆچمە مەنىلەردە: گەپ يېغىرىغا تەگكەندە تۇرالماي قې-لىش، چىچاڭشىپ كېتىش، ئاچچىقلاپ سەكرەپ كېتىشلەر-نىمۇ «هاللاز ئېتىش» دەپ ئوخشىتىدۇ. م:

*— نېمانچە كەچ قالىسلەر.*
*— توپاق هاللاز ئېتىپ يۇكنى ئارتقىلى قويمىدى.*

*هاللاز ئاتماڭ باشلىقىم،*
*گەپنى ئاڭلاڭ باشلىقىم.*
*ئۆستەڭلىرىمىز يا كەتتى،*
*ئۇيقىنى تاشلاڭ باشلىقىم.*

**هايتاق:** كەپسىز، باش-تىن - ئاياغ هەرىكىتى رەتسىز. م:

*«بويتاقلىق — هايتاقلىق».*

*بۇ سىنىپنىڭ بالىلىرى تولىسى*
*هايتاق كۆنۈپ قاپتۇ.*
*بويلىرى تاق - تاقكەن،*
*خۇيلىرى هايتاقكەن.*
*ئەركە تېگىمەن دېمىسلە،*
*هەممىسى «ياق - ياق» كەن.*

**هازناي** (كېرىيە شېۋى-سى): «هەي بالا، هەي ئا-دەم» دېگەندەك چاقىرىش ئاۋۇ-شى. كېرىيە تەرەپلەردە چوڭ ئادەملەر كىچىك بالىلارنى ئەر-كىلىتىپ «هازناي، هازنوي» دەپ چاقىرىدۇ. يېڭى توي قى-لىشقان ياش ئەر-خوتۇنلارمۇ بىر-بىرىنى يېقىنلىق تۇيغۇسى بىلەن «هازناي» دەپ چاقىرى-شىدۇ. ياشانغان قېرىلارمۇ بىر - بىرىنى ئەركىلىتىپ بۇ سۆزنى قوللىنىدۇ. م:

*... هازناي! (يىراقتا كەتكەن بالىنى) نەگە بارىسەن؟!*
*هازناي ... ئورنۇڭدىن تۇرغى-نە، كەچ بولدى.*

## ئو

**ئودرام:** ئولتۇرۇپ قې-لىش كېسىلى. كۆچمە مەنىدە ئادەتتە ئۆزىنى ئۇپراتمايدىغان، تولا ئولتۇرۇۋالىدىغان، هورۇن

ئادەملەرنى سۈپەتلەشكە ئىشلە-
تىلىدۇ.

**ئوتاغ:** قونالغۇ (كېرىيە
تەرەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «قۇ-
ناغ» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ).

ئوتاغنىڭ مۇقىم، ئۇزۇن
مۇددەتلىك تۇرالغۇ مەنىسى
بولماي، بەلكى ۋاقىتلىق ما-
كانلىق مەنىسى بار.

خوتەن بىلەن شايار ئارى-
سىدىكى قەدىمكى يولدا (ئۇنى
يەرلىكلەر «خوتەن قىيى» دەي-
دۇ) بىر چۈشكۈ بولۇپ،
«تۇزلۇق ئوتاغ» دېيىلىدۇ.

ئوتاغنىڭ يەنە بىر خىل
ئاتىلىشى ۋە مەنىسى بار بو-
لۇپ، مايىسلارنى ياۋا ئوتلاردىن
ئادالاش، ئوت ئوتاشنى «ئو-
تاغ» دەيدۇ. م:

*ھازىر ئوتاغ ۋاقتى، قوناقلارنى*
*ئوتاپ تاقلىمساق بولمايدۇ.*
*— مايىسخان، نەگە ماڭدىڭلا؟*
*— ئوتاغ ئوتىغىلى ماڭدىم.*

**ئوتاق** (ئورتاقنىڭ ئۆز-
گىرىشى): بۇرۇنقى چاغلاردا
يېرى بارلار بىلەن كۈچى بارلار
ھەمكارلىشىپ تېرىقچىلىق قى-
لىپ مەھسۇلاتنى توختام بو-
يىچە بۆلۈشەتتى. بۇنى «تەڭ
ئوتاق» دەپ ئاتايتتى. بۇنداق
مۇناسىۋەتلەردە كۈچىنى چىقار-
غۇچىنى «ئوتاقچى»، يەر چى-
قارغۇچىنى «يەرنى ئوتاق بەر-
گۈچى» دەپ ئايرىيدۇ.

كۆچمە مەنىلەردە: باشقى-
لارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋال-
غۇچىنى ياكى باشقىلارنىڭ نى-
كاھىغا (خوتۇن ياكى ئېرىگە)
يېپىشىۋالغۇچىنىمۇ «تەڭ ئو-
تاق»، «ئوتاق بولىۋالغۇچى»
دەپ كىنايە قىلىنىدۇ. م:

*ماڭا ئوتاقچى لازىم ئەمەس،*
*ئۆزەمنىڭ ئىشىنى ئۆزەم قىلىمەن.*
*«ئالتە ئاي ئوتاقتا ئىشلەپ،*
*قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ».*

**ئوبراز** (تاغ شېۋىسى):
ئېھتىمال «ئوۋراز» دېگەن
سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمە-
كىن. ئىككى تەرىپى ئېگىز،
ئوتتۇرىسى ئويمان (چوڭقۇر)
يەرنى كۆرسىتىدۇ. م:

*ئالدىمىزدا ئوبراز بار، ماللارنى*
*قوغلىماي ھەيدەڭ.*

**ئوتاچى:** مال دوختۇرى،
چارۋا ماللارنىڭ كېسىلىنى
تەكشۈرۈپ داۋا قىلغۇچى. م:

*ئاتنىڭ قېشىدىن ئايرىلماي*
*تۇرۇڭلار، مەن ئوتاچىنى ئىزدەپ*
*كېلەي.*

**ئولپاق:** كىچىك باللار-

نىڭ باش كىيىمى، بۇ كىيىم
باشتىن تارتىپ قۇلاققىچە يۆ-
گەيدۇ.

**ئويماق:** كىشىلەر (تىك-
كۈچىلەر) تىكىش قىلغاندا بار-
مىقىغا كىرگۈزۈۋالىدىغان ئۇ-
زۈك شەكىللىك بۇيۇم. ئۇ مې-
تالدىن ياكى مەزمۇت تېرىلەر-
دىن ياسىلىدۇ. بارماققا يىڭنە
سانجىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى
ئالىدۇ.

كۆچمە مەنىدە: مەھبۇب-
لارنىڭ ئېغىزىنىڭ چىرايلىق
ئىككەنلىكىنى سۈپەتلەيدىغان
سۆز. م:

*كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئېغىزلىرى*
*ئويماقتەك، بۇرنى ناچىدەك، كىر-*
*پىكلىرى بەرگى قىياقتەك.*

**ئودىكام** (ئودا ئويۇنى):
باللار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى.
«ئوداكاتىكى» دەپمۇ ئاتايدۇ.
يەرنى يۇملاق كاتەكچە قىلىپ
ئويۇپ، چەمبەر شەكىلدىكى
سەككىز كاتەكچە قىلىنىدۇ،
مەلۇم ئارىلىقتىن تۇرۇپ بۇ كا-
تەكچىلەرگە دوغا تىككەن نەر-
سىلەرنى (مەسىلەن، ياڭاقنى)
ئاتىدۇ. نەرسىنى ئەڭ كۆپ
سولىغانلار ئۇتقان بولىدۇ.

**ئوي:** خىيال؛ چوڭقۇر،
تېرەن. م:

*هازىرچە ئۇنىڭ قايتىش ئويى*
*يوق.*

كۆچمە مەنىلەردە: ئىلمى ئوي
ئادەم؛ ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەزمۇنى بەك
ئوي؛ قۇلاقنى كىم ئوي كەسسە غو-
جىڭىز شۇ، دېگەندەك كېلىدۇ.

*ئوي ئويلايسەن،*
*ئوي ئويلايسەن،*
*ئويچىمىدىڭ سەن.*
*تاغ باغرىدا بېتىۋاپسەن،*
*قويچىمىدىڭ سەن.*

**ئوك پۇت:** ئوچاقنىڭ
ئوك تەرىپى، ئۇيغۇر ئۆيلىرى-
دە، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئۆيىنىڭ
مەركىزىي قىسمىغا ئوچاق چې-
قىرىلىپ، ئوچاقنىڭ ئىككى
تەرىپىنى بويلىتىپ كىگىز -
كېچەك سېلىنىدۇ. ئوك پۇت
تەرىپى ياخشى جابدۇلۇپ مېھ-
مانغا قالدۇرۇلىدۇ. چەپ پۇت
تەرىپىگە پارچە - پۇراتلار قويۇ-
لىدۇ. شۇڭا ئۆي ئىگىسى مېھ-
مانىنى «ئوك پۇتقا ئۆتسىلە»
دەپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئوك تەرەپ ئۇ-
لۇغلىنىدۇ. م:

*ئوك پاچاق، ئوك قول. ئى-*
*شىكتىن كىرگەندە، چىققاندا ئوك*
*پاچاق ئاۋۋال بېسىلىدۇ. تاماقمۇ ئوك*

*تەرەپتىن تارتىلىدۇ ۋە باشقىلار. شۇڭا خاسىيەتلىك ، خەيرلىك ئىشلارنى «ئۇڭدىن كەلدى» دەپ ئىپتىخار قىلىدۇ.*

**ئو:** هە، مانا مەن، دېگەندەك چاقىرىشلارغا جاۋابەن چىقىدىغان تاۋۇش.

خوتەنلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى «هە» نىڭ ئورنىغا «ئو» تاۋۇشىنى ئىشلىتىدۇ.

**ئوشاتماق:** سۇندۇرماق، پارچىلىماق. م:

*ئەجەپ قولى قاتتىق ئادەمكەن بۇ، بىلىمنى ئوشتۇۋەتكىلى تاس قالدى.*

*نان دېگەننى ئوشتۇپ يېگۈلۈك.*

كۆچمە مەنىدە: ئۇنىڭ بېلى ئوشتۇلدى (ئۇ كۈچىدىن قالدى). ئۇنىڭ تايىقى ئوشتۇلدى (ئۇ كۈزۈردىن قالدى).

**ئوخرەك:** دولا سۆڭەك ياكى دولا تەرەپ. كۆچمە مەنىدە: ئوخرىكى نېمانچە يوغانكىنە بۇنىڭ (نېمانچە هالى چوڭ ئىكەن بۇنىڭ)!؟ هارامزادىنىڭ ئوخرىكىنى ئاجرىتىپ قويايلى، دېگەندەك جۈملە شەكىللىرىدە كېلىدۇ.

## ئۆ

**ئۆبۆلدىكاپات** (ئۆۋۆۋۆلدە كاپات): بىهۇدە سەرپ بولۇپ كەتمەك، ئورۇنسىز زىيان تارتماق، قالايمىقان تۈگىتىۋەتمەك، ئۆۋلىمەك (پارچىلىنىپ) زايە بولماق. م:

*ئاشۇ ئىشنىڭ كاساپىتىدىن شۇنچە پۇل ـ مالLىرىمىز ئۆبۆلدىكاپات بولۇپ كەتتى.*

**ئۆۋۈلۈق:** ئۆششاقلىنىپ كەتكەن، ئۆۋلىپ كەتكەن، ئۆۋاق؛ توخۇنىڭ ئۆۋسىدىن تېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆۋىدا قالدۇرۇلىدىغان بىر تال تۇخۇم. م:

*ئۆۋۈلۈق نان، ئۆۋۈلۈق تۇخۇم.*

**ئۆۋاق:** ئۆۋالغان نەرسە،

ئۇششاق، نان ئۇۋىقى، كىـ
چىك.

**ئۇۋىدا:** بۆشۈكنىڭ ئو-
قۇرى بىلەن تەڭ چوڭلۇقتا،
ئىچىگە يۇمشاق نەرسە سېلىنىپ
ياسالغان، بۆشۈك ئىچىگە (تې-
گىگە) ئورۇنلاشتۇرۇلغان پا-
لاس. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالى-
نىڭ سۈيدۈكىنى چۈشۈرۈۋېتى-
دىغان ئورنى (تۆشۈكى) بول-
دۇ.

**ئۇردان:** ئۆسۈملۈك بو-
لۇپ، بوياق ماتېرىيالىدۇر.
كىشىلەر تۇخۇم ۋە باشقا نەرسى-
لەرنى بويايدۇ. گۆش رەڭگىدە
رەڭ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ياغاچ-
لىرىنى بالىلارنىڭ بوينىغا ئې-
سىپ قويسا، كۆك پىت چاق-
مايدۇ.

**ئۇزالماق** (... «زا» ...
نىڭ ئۇرغۇسى سوزۇپ تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ): ئۇزالىپ ياتماق،
سوزۇلۇپ ئەركىن ياتماق،
پۇت-قولىنى سوزۇپ، قويۇۋې-
تىپ ئارام ئالماق.

**ئۇلاغ:** مىنىشكە، يۈك
ئارتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاسا-
سىي ھايۋانلار — ئات، ئې-
شەك، قېچىر قاتارلىقلار؛ ئو-
زۇلۇپ كېتىپ، چىگىپ ئۇلاد-
غان نەرسە. م:
*ئۇلاغ ئارغامچا.*

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ
خىلىنى يېڭىلاش ئۈچۈن كې-
سىپ تاشلاپ، يېڭى چىققان
نوۋاي نوتىلارغا قويۇلىدىغان
خىپچا. بەزىدە ئاساسىي غولىنى
كېسىپ تاشلاپمۇ خىپچا قويۇ-
لىدۇ. ئۇلاغ قىلىنغان دەرەخ-
لەرنىمۇ «ئۇلاغ» دەيدۇ. م:
*ئۇلاغ كۆچەت، ئۇلاغ ئۆرۈك.*

**ئۇمۇنۇش:** تەمە قىلىپ
قېلىش، ئۈمىدى يوققا چىـ
قىش. يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالار-
نىڭ قېشىغا قۇرۇق قول كىرسە
«ئۇمۇنۇپ قالىدۇ» دېيىلىدۇ.
ئەمچىكى ئاغرىپ قالسا، «بىر
كىمدىن ئۇمۇنۇپ قاپتۇ» دەپ
قارىلىدۇ.

**ئۇدۇم:** ئادەت، كۆنگەن
خۇي - مىجەز، خاسلىق. م:
*ئۇدۇمى غەلىتە، ئاتىسىدىن*
*ئۇدۇم ئالماق.*

ئۇستا تېخنىقچىلارنى ۋە
قولىنىڭ مەلۇم ھەرىكىتى ئاغ-
رىققا شىپا بولىدىغان كىشىلەر-
نى «قولىنىڭ ئۇدۇمى بار»
دەپ تەرىپلەيدۇ. قولى ئەگرى،
قولىنى ئۇ - بۇ يامان ئىشلار-
دىن تارتمايدىغانلارنىمۇ ئاشۇن-

ـداق ئاتايدۇ.

**ئۈۋۈنۈش** (ئۈۋۈلۈنۈش): تۈيۈقسىز بىرەر نەرسە تېگىپ قاتتىق ئاغرىقتىن چىدىيالماي قېلىشنى، ئازابلىنىش ھالىتىنى، چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تولغىنىپ كېتىشنى «چىدىيالماي ئۈۋۈنۈپ كەتتى» دەيدۇ.

**ئۈتتۈ:** ئۈتتۈر، رۇس، ئۈدۈل، نەق. م:

*ئۈتتۈ چىش، ئۈتتۈ ماڭماق.*

*ئايۋاندىن ئۆتۈپ، ئىككى تەرەپكە كەتكەن دەھلىزنىڭ ئۈتتۈرىسىغا چىقىرىلغان ئۆيىنى «ئۈتتۈ ساراي» دەپ ئاتايدۇ.*

**ئۈۋۋا:** ئاپەت، كۈتمىگەن پالاكەت، ۋابا. م:

*ئۈۋۋا تەگكۈر، ماڭا قىلدىم دېمە، ئۆزۈڭگە قىلارسەن!*

*ئۇنىڭ ماللىرىغا ئۈۋۋا تەگكەنمىدۇ، بىر - بىرلەپ يىقىلىپ تۈگەي دەۋاتىدۇ؟*

**ئۈقتاسى كەلمەك:** بىرەر ئىشنىڭ پەيت - پۇرسىتىنىڭ ئۈدۈل كېلىشى، مۇددىئاسى بىلەن رېئاللىقنىڭ ماس بولۇشى، شەرت - شارائىتىنىڭ بىراقلا ھازىرلىنىپ قېلىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. م:

*بۇ ئىش ئەجەپمۇ ئۈقتاسىغا كەلگەن ئىكەن، بىراقلا ھەل بولۇپ كەتتى.*

**ئۈچ:** ئېگىرىش ئۈچۈن پىلتىلەنگەن پاختا. م:

*بوۋاينىڭ ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەن.*

**ئۈچۈقما:** موزاينىڭ چوڭ بولۇپ بۇقىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى مەزگىلىنى ئۈچۈقما (تاغ سۆزى) دەيدۇ.

**ئۈچۈتما:** قۇش تىپىدىكى (ئۈچارلىقلارنىڭ) جانلىقلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۈچۈش باسقۇچىغا تەييارلانغان مەزگىلىدۇر. م:

*بۇ كاتەكتىكى قۇشقاچلارنىڭ باللىرى ھەممىسى ئۈچۈتما بولدى.*

«ئۈچۈتما» سۆزى قوشما مەنىدە قوللىنىلىدۇ. م:

*بۇ باللار تېخى ئىش كۆرمىگەن، ئەمدىكى ئۈچۈتمىلار. ھاۋاخانىنىڭ يالغۇز قىزىمۇ ئۈچۈتما بولاپتۇ (ئەرگە تەگكۈدەك بولۇپتۇ).*

**ئۈچۈناق:** زۇكام تېگىش، ھاۋىلاش.

**ئۈز:** چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم، تۈرلۈك ئىش - ھەركەت ۋە نەرسىلەرنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. م:

*ئۇز چوكان، خېتى ئۇز، قىلـ-*
*غان ئىشى ئۇز، ئۇز رەتلىمەك، ئۇز*
*سۇپۇرمەك، ئۇزلۇق بىلەن ياراشماق،*
*ئۇزلۇقچە كېلىشىپ قالماق.*

**ئـۇچا:** (تېز، يەڭگىل، ئۇرغۇسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) بەدەننىڭ دۇمبە قىسمى، ئارقا تەرەپ. م:

*ئـۇچـامـىنى تۇتۇپ قويغىنا.*
*«ئۇچىسى قىچىشقان ئېشەك، تۇگـ-*
*مەن ئالدىغا بارار».*

**ئـۇچـتۇرۇم:** شوخ، زېـ-رەك، ئەقىللىق، قانات - قۇيـ-رۇقى يېتىلگەن. م:

*بالىنى ئۇچتۇرۇم چوڭ قىلاي*
*دېسەڭ، بىسىنى ياندۇرمىغۇلۇق.*

**ئـۇرۇس گۇگۇتى:** سەرەڭـ-گە، چاقماق گۇگۇت.

**ئۇرۇنجى:** پۇت - تاپانغا ئـورايدىغان ماتا - بۆز، شىرە چورۇق كىيگەنلەر پاچاقا ئورايـ-دىغان يۇڭ توقۇلما. م:

*گۇرۇنجىيا - گۇرۇنجى،*
*قىزىل قولتۇق گۇرۇنجى.*
*بىزنى يامان دېگەنلەر،*
*پۇتىمىزغا ئۇرۇنجى.*

## ئۆ

**ئـۆندە** (ئەندە) : ئالدىـ-راشلىقنى ئىپادىلەيدىغان «ئەنـ-دەرەش» سـۆزىدىن كەلگەن. شۇڭا ئالدىراشچىلىقتىن بولغان ئىش - ھەرىكەتكە قارىتا ئەپـ-سـۇسـلىنىشنى «ئۆندە ئىش بوپتۇ» دەپ ئىپادىلەيدۇ. م:

*...ھەي! بەك ئۆندە ئىش بو-*
*لۇپتىغۇ.*

**ئـۆيـۇش:** ئـەندىشە قىـ-لىش، تەشۋىشلىنىش، ئەنسىـ-رەش، كۆڭلى توختىماسلىق.

بـەزى جايلاردا «ئۆيەش، ئۆيەنجە» دەپ ئاتايدۇ. م:

*يىراق جايلاردا بالا - چاقاڭ*
*بولسا بەك ئۆيەشلىك بولۇپ كېتىد-*
*ىكەن، ئادەم.*
*نېمە بولدۇمكىن تاڭ، مۇشۇ*
*كۇنلەردە بەك ئۆيەنجىلىك بولۇپ*
*قالدىم.*
*بالام، بىرىپلا خەت يېزىۋېتىڭ،*
*ئادەم ئۆيەپ قالىدىكەن!*

مېنىڭ ئۆيەشلىكىم بەك قاتـ-
تىق قارىسىلا، ئازراق ئەندىشە كىـ-
رىپ قالسا بىر نەچچە كۈن تىنچلىـ-
نالمايمەن.

**ئۆندەرەش** (ئەندەرەش) :
ئالدىراشچىلىق. م :
مۇشۇ بىر ھەپتىنىڭ ياقى بەك
ئۆندەرەش بولۇپ كەتتىم.
«ئـۆندەرىمەڭ يارەي، سىزگە
قويغان بارەي» .
ئـۆنـىڭغا بەزىدە «لىك»
قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئۆندە-
لىك» دەپ ئىشلىتىلىدۇ. م :
ئوبدان قوشنام، خاپا بولمى-
سىلا، ئۆندەلىك مەندىن بوپتۇ.

**ئۆلكە:** مەلۇم تېررىتورىيە-
ـلىك دائىرە، بۇنى ئىستېمالدا
تېخىمۇ كەڭ قوللىنىدۇ. م :
جۇڭگونىڭ چىگخەي ئۆلكى-
سى.
ئەتە ئۆلكىگە بارىمەن.
سەھرا دېگەن سەھرا، ئۆلكە
دېگەن ئۆلكە.
ئۇنىڭ بوبىلىرى بۇرۇن ئۆلكە
پادىشاھى بولغان.
يۇقىرىقى مىسالاردا سۆ-
زنىڭ مەلۇم يۆتكەلمە مەنلى-
رى بار.

**ئـۆيـۋاق:** ئۆي - جاي،
تورالغۇ، ماكان، ئائىلە. م :

ئاتا - ئانىمىزدىن قالغان ئۆي-
ۋاقنى تاشلاپ نەگىمۇ بارارمىز.
باللارنىڭ ھەممىسى ئۆيۋاق-
لىق بولۇپ بولدى.
بىزنىڭ قىزىمىزغا خىدا بولغان
بىلەن ئۆيۋاقىسى بارمىكەن؟
سىلى ئۆيۋاقلىق بولغان ئايال،
ناشايان يولدا ماڭمىسىلا.

**ئـۆتـۇۋتـى** (تاغ شېۋى-
سى) :
ئـۆتۈپ كەتتى. تاغلىقلار
ناتونۇشلارنىڭ داۋاندىن ئۆتكەن
ھالىتىنى خەۋەر قىلىدىغان ئۇ-
چۇر سۆزى. م :
دادا، قارىڭا، ئۇ تامدىن بىرسى
ئۆتىۇۋتى.

**ئۆزئارا** (تاغ شېۋىسى) :
تـاغلىق ئادەم، ئۆز ئادىمىمىز
دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ
ئەكسىچە باشقىلارنى «كىش قا-
را» دەيدۇ. م :
ئـۇ كىش قارا ئەمەس، ئۆز ئارا.
(يات ئادەم ئەمەس، ئۆز ئادىمىمىز)

**ئۆلەگ:** ئۆلەگ خېمىر،
پاگىر قوشقان خېمىر. م :
ئۇنىڭ خېمىرى تېخى ئۆلد-
مەپتۇ، بىزنىڭكىنى بىقشۇبرەيلى.
«ئۆلەگ» سۆزى كۆچمە مە-
نىلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ. م :
«بۇ خېنىم ئۆلەگ خېمىردەك
يامزىبىپ كېتىپتۇ» ، ياكى «بۇ خې-

نىم ئۆلەگ خېمىردەك تېشىپ كېتىپتۇ» (ھەر ئىككىلىسىدە سەمرىپ ئەپىسىز بولۇپ كەتكەننى تەنە قىلىدۇ).

*ئەمدى ئۆلمەك ماقما، بابا سۆزلىگەندە تاس قالدىڭىز ئۆلەپ تېشىپ كەتكىلى (ئەزۋەيلەپ كەتمەك دېمەكچى).*

*بۇ خېمىرنىڭ پاگىرى ئازكەن، تېخى ئۆلمەپتۇ (ئانچە سەمرىمەپتۇ دېمەكچى).*

**ئۆش - ئۆش:** كالىنى ھەيدەش، قوغلاش.

**ئۆشنە:** دولا، يەلكە. م:

*خاپا بولماي مۇشۇ تاغارنى ئۆشنەمگە ئەپ قويسىلا.*

كۆچمە مەنىلەردە مۇنداق كېلىدۇ:

*بۇ غوجامنىڭ ئۆشنىسى ئاپتاپ كۆرۈپ قالدى.*

*شۇنچە ئىشلەيسىز، ئۆشنىڭىزدە ھېچنېمە يوق.*

*قايلاڭ مەرەمخان،*
*ئۆشنىمىز يارا.*
*سىز قايلىمىسىڭىز،*
*جان قانداق چىدا.*

**ئۆتەك:** سەپەر يوللىرىدىكى چۇشكۇ، قونالغۇ. م:

*ئۇ يەرگە يەنە ئىككى ئۆتەك ماڭسا يېتىپ بارىمىز.*

كۆچمە مەنىدە مۇنداق كېلىدۇ:

*ئايدا - يىلدىمۇ بىر كۆرۈشەي دېمەيسىز، ئارىلىقىمىزدا يا ئۆتەك يوق.*

«ئۆتەك» دېگەن نام بىلەن يېزا - كەنتلەر ۋە كىشى لەقەملىرى بار.

**ئۆچەشمەك:** (ئۆچەكەشمەك): ئۆچلىشىش، قېرىشماق، پېيىغا چۈشمەك، زىتلەشمەك. «دىۋان» دىمۇ شۇ پېتى ئېلىنغان. م:

*مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ پايدا تاپالمايسىز.*

*«ئاچىڭىز بىلەن ئۆچەشمەك، شەللىپاتاڭ يەسىز».*

*«ئۆچەشمەك ئەرباب بىلەن، كۆتۈرۈپ سالار ھەر باب بىلەن».*

ئۆچەكىششنى كۆچمە مەنىدە «ھەپىلىشىش» دەپمۇ قوللىنىدۇ. م:

*ئارماماي (ئارام ئالماي) مەن بىلەن ھەپىلىشىسىز، ئالالمىغان قەرزىڭىز بارمىدى!؟*

**ئۆمۇلاقمان:** ھەمىشە، داۋاملىق، مەزمۇنى «ياپا» سۆزى بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ. م:

*ئۆمۇلاقمان ئىشلەيسىز، ئۇچىڭىزدا تۈزۈك كىيىم يوق.*

*مەنغۇ ئۆمۇلاقمان سىزنىڭ غېمىڭىزدە، سىزچۇ!*

## ئۇ

**ئۇرۇش:** توقۇلىدىغان بۇ-
يۇملارنىڭ (ئەتلەس، گىلەم ۋە
باشقىلار) يىپلىرىنىڭ ئاتىلى-
شى. دۇكانغا «ئارقاغ» يىپلار
بىر يۇرۇش، «ئۇرۇش يىپلار»
بىر يۇرۇش تارتىلىدۇ، ئاندىن
مۇكا يىپلىرى ئارقىلىق رەختلەر
توقۇلىدۇ. «دىۋان» دا ئۆرۇش
يىپ «ئارىش» دەپ يېزىلغان.
باشقا سۆزلەرگە ئوخشاشلا
بۇ سۆزنىڭمۇ كۆچمە مەنىلىرى
بار. م:

*ئۇرۇشى يوق خامدەك تىكىشى*
*توختىمايدىغان ئادەمكەنغۇ بۇ.*

**ئۇلگۇجە:** ھەممىسى،
بىر يولى، بىراقلا. م:

*ئالسىڭىز ئۇلگۇجە ئېلىڭ، پار-*
*چە ساتمايمەن.*

*قەيقالغان نەرسىلەرنى بىر يەر-*
*گە يىغىپ ئۇلگۇجىلەيلى.*

*بۇ جانلارغا تەس بولدى،*
*ئاتۇشىڭدىن كەلگۇچە.*
*ئۆزەمنى تاشلىغۇدەك بولدۇم.*
*ئېلىڭە جاننى ئۇلگۇجە.*

**ئۇگۇت:** پاكىزلانغان،
تۇگمەنگە تەييارلانغان دان.
«دىۋان» دا «ئوگىت» دېيىل-
گەن. م:

*سىزنىڭ ئۇگتىڭىز قېنى، تەي-*
*يارلاپ تۇرۇڭ. نۆۋەت سىزگە كەل-*
*دى.*

ياغ تارتىش ئۇچۇن تەييار-
لانغان مايلىق دانلارمۇ «ئۇ-
گۇت» دېيىلىدۇ.

**ئۇشۇيۇش:** بېزىرىپ تۇ-
رۇش، جىم تۇرۇۋېلىپ، نارا-
زىلىقنى ئىپادىلەش. م:

*كەچكىچە ئۇشۇيۇپ تۇرام-*
*سەن، گەپ بولسا قىل.*

**ئۇزۇك:** نەرسىلەرنىڭ
بىر-بىرىدىن ئۇزۇلۇپ قېلىشى
بولۇپ، كۆچمە مەنىدە ئىشلى-
تىلىدۇ. م:

*كۆڭلۇم بەك ئۇزۇك (كۆڭلۇم*
*بەك يېرىم).*

*شانىسى بەك ئۇزۇك خېنىم بۇ،*
*گەپ كۆتۈرەلمەيدۇ.*

**ئۇزە:** تېز، چوققۇر ئە-

مەس. م:

*ئۇنىڭ گەپلىرى بەك ئوزە. نىپ-
مە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگىلى
بولمىدى.*

**ئۇنۇتىم** (ئۇن يېتىم):
چاقىرىم، ئاۋاز يەتكۈچىلىك ئا-
رىلىق. م:

*ئۇنىڭ ئۆيى بەك يىراق ئە-
مەس، ئۇنۇتىم كېلىدۇ.*

**ئۇنەچ:** بۇزۇلۇپ قالغان
سۈتنىڭ ئاتىلىشى. م:

*سۈت ئۇنەچ بولۇپ قاپتۇ، قې-
تىق ئۇيۇمايدۇ.*

**ئۇستەگ** (ئۇستەگە):
شېرىنكانە (تاپان ھەققى)، تۆ-
پە پايدىسى. م:

*سىلىنىڭ ئاتقا بىزنىڭ ئاتنى
تېگىشەيلى، ئەللىك تەڭگە ئۇستەگ
بېرەي.*

**ئۇسكەن:** تۆگمەننىڭ
يېرىك ئاش تۆكىدىغان قاچى-
سى. ئۇنىڭ ئۇستى تەرىپى
كەڭ، ئاستى تەرىپى تار، تەتۈر
پىرامىدا شەكلىدە بولىدۇ. بۇ
سۆزنىڭ كۆچمە مەنىلىرى بار.
م:

*ئۇسكەن قورساق (قورسىقى
يوغان، توبىماس).*

*ئۇ سەمرىپ ئۇسكەندەك بو-
لۇپ كېتىپتۇ.*

*ئۆيرۈلۈپ قىچىلىڭ،
چۆيرۈلۈپ قىچىلىڭ.
تاياقتىن قورقىسىڭىز،
ئۇسكەندە يېتىڭ.*

**ئۇشتە:** خام، تالىما،
چەكمەن قاتارلىق رەختلەرنىڭ
پاتلىنىپ ئاقارتىلىشى.

ئۇشتە قىلىش — يەرلىك
ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ، بۇ
ھۈنەرنى قىلغۇچىلارنى «ئۇش-
تىگەچى» دەپ ئاتايدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇش-
تە» لەقەملىك كىشىلەر كۆپ.
«ئۇشتە» ئاق رەڭنىڭ سىمۋو-
لى بولغاچقا، ئاق كۆڭۈللۈككە
سۈپەت قىلىنىدۇ. م:

*ھەنىپخان ئۇشتىدەك ئاق ئايال.*

*ئاخۇنۇمنىڭ كۆڭلىكى ئۇشتە،
بىزنى قاپەرمىدى چۈشتە.*

**ئۇدۇكلەش** (كېرىيە شې-
ۋىسى): سېغىنىش، ياد ئې-
تىش، ئويلاش. م:

*ئۇ ئۆيىنى ئۇدۇكلەپ قالدى.*

*ئۇ ئانىسىنى ئۇدۇكلەپ قالدى.*

**ئۇگ - ئۇگمەك:** ئۆۋاش،
پارچىلاش. كېرىيە تەلەپپۇزىدا
«ئۇگاش» دەيدۇ. «دىۋان»
دىمۇ «ئۇگ» دەپ ئېلىنغان.
م:

*ياڭاقنى ئوبدانراق ئۇگەڭ.*

*مېغىز چاي قىلىپ بەيلى.*
*قىسچىنى ئۇگىلەپ بولدۇم.*
*ئەمدى زاغۇن قالدى، ئەتە ئۇگۈلە-*
*ۋېتەي.*
**ئۇزۇلمەك:** باھانى يۇقى-
رىلاتماق، سودىلاشقان نەرسى-
نىڭ نەرخىنى يەنە كۆتۈرمەك.
م:
*— ئالاي دېسەم نەرخىنى*
*ئۇزلەۋەردىڭىز.*
*— ئالماقچى بولسىلىرى ئازراق*
*ئۇزۇلسىلە؟*

## ۋ

**ۋاتاق** (ئاۋاز ئىملىقى):
قازاندىكى ئاش ياكى سۇنىڭ
قاينىغان چاغدىكى ئۇنى. ئېغى-
زى بېسىقماي، توختىماي سۆز-
لەپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىمۇ مۇ-
شۇ سۆز بىلەن سۈپەتلەيدۇ. م:
*ۋاتاقلاپ قاينىماق. ۋاتاقشىپ*
*كەتمەك. ۋاتاقلاپ سۆزلىمەك. تولىمۇ*
*ۋاتاق خوتۇن.*
**ۋاسالغۇ:** قاق سېلىپ
قۇرۇتۇلغان ئۆجمە مېۋىسى،
تۇرپان قاتارلىق بەزى جايلاردا
قۇرۇق مېۋىلەرنى «ۋاسالغۇ»
دەيدۇ.
**ۋاششاك - ۋاش:** ئادەم
ۋە نەرسىلەرنىڭ بەك كۆپ ئى-
كەنلىكىنى، ھەرىكەت ۋە ۋا-
راڭ-چۇرۇڭنىڭ باش - ئۇچى
يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدى-
غان ئىملىق. م:
*بۈگۈن بازار دېگەن ۋاششاك -*
*ۋاش قىزىپ كېتىپتۇ. ئۇياق - بۇياق*
*ئۆتكىلى بولمايدۇ.*
**ۋال:** خامان يۇمشىتىدى-
غان سۆرەم، شوتىنىڭ بالداق-
لىرىغا شاخ ئۆتكۈزۈپ (ياكى
تېڭىپ) ياسىلىدۇ. ئات - ئۇ-
لاغقا سۆرىتىپ ئەنجۈنى يۇمشى-
تىدۇ.
**ۋاخلىغىن:** ئۆز ۋاقتىدا،
ئۆز قەرەلىدە، ھايال قىلماي.
م:
*تويىنى ۋاخلىغىن قىلىۋەتمى-*
*سەك، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ*
*قالىدۇ.*
**ۋىي ئا** (ۋىي ئە): ھە-

ۋەسلىنىش، زوقلىنىشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق؛ «پاھ» ئىملىقىغا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئەركىلىتىش ۋە قىزغىنلىق كەيپىياتى يۇقىرىراق. م:

*ۋىي ئە، ماۋۇ بالىنىڭ ئۇزلىقىنى! ۋىي ئە، ئەجەپمۇ يارىشىپتۇ كىيىملىرى!*

**ۋىرىڭ** (ۋىڭ): ئاۋاز ئىملىقى؛ پاشا، كۇمۇتا، ھەرە قاتارلىقلارنىڭ ئۇچقاندا چىقىرىدىغان ئاۋازى. م:

*ۋىرىڭ-ۋىرىڭ ئۇچماق. ۋىڭ - ۋىڭ قىلماق.*

بەزىدە كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە ئاۋازىدىن بىزار بولۇشىنىمۇ كۆچۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. م:

*تولا ۋىرىڭلاپ باشنى ئاغرىتىۋەتتىڭىز.*

**ۋىل:** ئوتنىڭ يېنىپلا ئۆچۈشى، يىراقتىكى يورۇقلۇقنىڭ سۇس كۆرۈنۈشى، دەم-دەم كۆرۈنگەن ئوت ئۇچقۇنى. م:

*ۋىل قىلماق، ۋىل قىلىپ يانماق (ئۆچمەك)، ۋىل - ۋىل ئۇچقۇندىماق، ۋىلقىلداپ كۆرۈنمەك.*

## ئې

**ئېلەك:** سۇ بار جاي، سۈيى چىقىپ تۇرىدىغان يەر، قىش، ياز سۈيى توڭلىمايدىغان سازلىق. ئىستېمالدا: ئېلەك سۈيى، بۇلاق سۈيى، تاغ سۈيى دەيدىغان گەپلەر بار. م:

*— نەگە ماڭدىڭىز؟*
*— ئېلەك بېشىغا ماڭدىم،*
*— قاياقتىكى سۇ نەنىڭ سۈيى؟*
*— ئېلەكنىڭ سۈيى.*

كېرىيە ناھىيىسىدە «ئاق ئېلەك»، «سېسىق ئېلەك» دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەر بار.

**ئېرىغ:** پاكىز، ساپ، ئارىلاشمىسى يوق. م:

*ئانامدىن قالغان ئېرىغ مال (ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى)، ئۆي - ماكانلىق بولۇشۇمغا ئەسقاتتى.*

*كاللار كەپ بولغىچە، ئېغىلنى*

*ئىرغىلتۇالايلى.*

يەنە ئىرىغداش دېگەن سۆزمۇ بار. بۇ «ئىرىغ» دىن تۈرلەنگەن سۆز بولۇپ، «پاكىزلاش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئىپچىشتان:** تاماكا چېكىدىغان چىلىمنىڭ سەيخانىسى كىيگۈزۈلىدىغان، قاپاقتا ئىس ئۆتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدىغان ياغاچ نوكەش. «ئىپچىشتان» لەقەملىك ئادەملەرمۇ بار.

**ئىپملەكلەش:** تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىش (بوۋاقلارنىڭ ھەرىكەت ئادىتى). م:

*بۇ بالا بېشىغا توشماي تۇرۇپ ئىپملەكلىدى.*

**ئىلىۋۇرۇش:** يىقىتىش، يەرگە تاشلاش (ئات - ئۇلاغنىڭ مۆككۈشلەپ ئادەمنى تاشلىۋېتىشى). كېرىيە تەرەپتە چېلىشچىلارنىڭ بىر - بىرىنى يىقىتىشىنىمۇ «ئىلىۋۇردى» دەيدۇ.

مەجازدا: ئۇن يىل ئۆچەكىشىپ ئاخىرى ئىلىۋۇردىڭىز، دەردىڭىز چىقتىمۇ؟! دەپ كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئىلىۋۇرۇش» «دەردىنى ئىلىش» يېڭىلگەننى ئىپادىلەيدىغان مەجازىي تۈسلەردۇر. بۇ سۆز، «ئىلىپ ئۇرۇش»، «ئىلىپ يىقىتىش» دېگەن ھەرىكەتناملاردىن كەلگەن.

**ئىرەكتە:** ئەر، ئەر ئادەم (بۇ سۆز خوتەن تەرەپتە ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى كۆرستىش سۆزى). م:

*ئىرەكتە خەق دېگەن تالانىڭ ئادىمى، ھەممە دەردى-بالا ئاياللارغا قالىدىغان ئىش.*

*جاغالۋايلار تۈنەيدۇ،*
*ئارقىدىكى تىرەكتە.*
*ئىشەنمەڭلار قىز باللا،*
*ئەسقاتمايدۇ ئىرەكتە.*

**ئىمى-ئەندامى:** (ئايالنىڭ) جىنسىي ئەزاسى.

**ئىغناش** (ئىغناقلاش): ئات - ئۇلاغلارنىڭ يۇمشاق توپىغا يېتىپ پۇچۇلىنىشى، ئۇيان - بۇيان ئۆرىلىشى. كۆچمە مەنىدە: بىراۋلارنىڭ ئىككى يانغا سامداپ مېڭىشى «ئىغناپ مېڭىش» دەپ كىنايە قىلىنىدۇ.

**ئىلىشۋېشى** (ئىلىشبېشى): سۇ چىقىدىغان ياكى سۇ چىقىرىلىدىغان ئېغىز. مەجازدا «بۇ خېنىمنىڭ ئىلىشۋېشى ناھايىتى يېقىن، گەپ قىلىپ

بولغىچە كۆزنگە سۇ كېلىدۇ»
دەپ ئوخشىتىلىدۇ.

**ئىچىغ:** پۇراپ قالماق، ئىچىپ قالماق، بۇزۇلۇپ قال-
ماق؛ ئىرىق - ئۆستەڭلەردىن سۇ باشلاپ كېلىدىغان ئىغىز.
م:

*ماڭ، ئىچىغ بىشىغا چىق.*

*بۇ ئۆيدە ئىچىغ قوغۇن پۇراي-
دىغۇ؟*

**ئىبىلىشماق:** بىر خىل تۇتقاقلىق كېسىلى، روھىي قا-
لايمىقانلىق، سۆز ۋە ھەرىكىتى غەيرىي ھالەت، ساراڭلىقنىڭ
ئالدىنقى باسقۇچى. م:

*ھەبىبخاننىڭ قىزى ئىبلىشىپ
قاپتۇ.*

بۇ سۆز يەنە ئۆز ئارا ئى-
جىل - ئىناق بولۇپ قېلىشنى
ئىپادىلەيدۇ. م:

*بۇ ئىككىيلەن ئىبلىشماق بولۇ-
شۇپ كېتىپتۇ.*

بۇ سۆز يەنە بۇغداي، قو-
ناق ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزئارا ئارى-
لىشىپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ.
م:

*بۇ تاغاردىكى يۇك كەندىر -
زاغۇن ئىبلىشماقكەن - ھە!*

*ئايلام سىكىلەك بولۇۋاپتۇ،*
*سىكرىتارغا كېلىنچەك.*
*ئەنە قاراڭلار كەلگىنگە،*
*ئىبلىشماقتەك كۆلگۈنچەك.*

## ئى

**ئىستارى:** يۇيۇنىدىغان، «كاشىلىسى» يۇقىدىغان ئا-
دەم. كەمسىتىش، تۆۋەنلىتىش
مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. م:

*مۇشۇ ئىستارى گادايىنىڭ خا-
پىلىقى، نەگە بارسا شۇ يەردە ئىش
بۇزۇلىدۇ.*

كىشىلەر ھايۋانغا كايىغان-
دىمۇ بۇ سۆزنى ئىشلىتىپ قو-
يىدۇ.

**ئىمزەڭگۇ:** سۇتىگە توي-
مىغان، ئەت ئالالمىغان بوۋاق
ۋە ھايۋان بالىلىرىنى «ئىمى-
زەڭگۇ بولۇپ قالدى» دەپ ئا-
تايدۇ. م:

*— ئاچاڭنىڭ بالىسى قانداق-*

*راق تۇرۇپتۇ؟*

*— بالىسى بەك ئىمزەڭگۇ كۆرۈنىدۇ. تېتىك ئەمەس.*

بۇ سۆزنى بەزى رايونلاردا «ئىزىلەڭگۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىشىدۇ. بۇنىڭدا شۇ جانلىقنىڭ ناھايىتى بوش، سۇس ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ.

**ئىشتمەك:** ئاڭلىماق، تىڭشىماق. م:

*بىر غەلۋە - غۇدۇرنىڭ شەپىسى بار. ئىشتتىڭىزما؟* «دىۋان» دىمۇ «ئىشتۈرمەك» دەپ ئېلىنغان. م:

*ئىشتىڭلار، ئام خاس! ئىشتىمىدىم دىمەڭلار، بۇگۈن كىچە پادىشاھنىڭ مەۋلۇت كېچىسىدۇر...*

**ئىشتانباغ:** يەرلىك دېھقانلارنىڭ دائىم كىيىدىغان ئىشتانلىرى كاركىلىق، ئاغلىق بولغاچقا، كاركىسىغا ئىشتانباغ باغلايدۇ. ئىشتانباغ پاختا يىپتىن، يۇمشاق رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. م:

*يارىم بەرگەن ئىشتانباغ،*
*ئاخشام ئۈزۈلۈپ كەتتى.*
*يارغا نىمە بولغانتۇ،*
*تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتتى.*

**ئىچەكەش:** ئارىلىشىش، يېقىنلىشىش. م:

*— نەۋرىمىزنى ئەكىلىۋالغانتۇق، پەقەت ئىچەكىشكىلى ئۇنىمىدى.*

*— كېلىن خېلى ئىچەكەپ قالغاندۇ؟*

*— ئىچەكەپ قالدى.*

**ئىچپەش:** قىز - يىگىتلەرنىڭ دەسلەپكى مۇھەببەتلىشىش مەزگىلى، ئىسسىق ئۆتۈشۈش، بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشۈش. م:

*ئادىشىم، ئايشەمگۈل بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرەتتىڭ، قاچان توي قىلىسەن؟*

**ئىماۋۇ** (كۆرسىتىش ئالماش): ماۋۇ، مۇشۇ، ئاۋۇ، دېگەندەك. م:

*ئىماۋۇ ئادەم ئارتىسمىكىن، تېلېۋىزوردىكى ئادەمگە ئوخشايدىكەن.*

*— پۇتۇمغا دەسسەپ كېتىپ باردۇ.*

*— كىم؟*

*— ئىماۋۇ...*

بۇ ئالماشنى كېرىيىلىكلەر ئەڭ كۆپ قوللىنىدۇ.

سۆزنى سۆزگە باغلىغاندا، خەۋەرنى مەلۇم قىلغاندا، پىكىرنى مەلۇم قىلىش ۋاقتىدا بۇ سۆز ناھايىتى كۆپ تەكرارلىنىدۇ. م:

*ئىماۋۇ ئەينا، دادام ئەينا، ئەتە*
*ھەممىڭلارنى بازارغا ئاپىرىمەن دەيتۇ.*

**ئىلچى:** خوتەن شەھىرى-
نىڭ نامى. ئەمەلىي ئىستېمالدا
بۇ سۆز شەھەرنىڭ ئورنىدا ئىش-
لىتىلىدۇ. م:

*— نەگە ماڭدىلا؟ ئىلچىغا.*
*دەريانىڭ ئۇ قاتىنى،*
*«ئىلچى» دەيدۇ ئاتىنى.*

**ئىزنى:** رۇخسەت، ما-
قۇللۇق. بۇ سۆز قۇرئان ئايەت-
لىرىدە ناھايىتى كۆپ قوللىنى-
لىدۇ. م:

*ئۆزلىرىدىن بىئىزنى ھېچ ئىش*
*قىلغىنىمىز يوق.*
*خۇدادىن بىئىزنى قىل تەۋرى-*
*مەيدۇ.*

**ئىسكىنە:** خارەتنىڭ تۆ-
شۈك سىلىقلايدىغان ئەسۋابى.
بۇ ئىسىم كىشىلەرگە لەقەممۇ
بولىدۇ.

**ئىسكەت** (ئىسكات):
ئۇيغۇر تېبابىتىدە سۇيۇق
(شەربەت) دورىلارنىڭ ئۆلچەم
بىرلىكى. شەربەت دورىلارنىڭ
بىر گۇرۇپپىلىق داۋالاش مىق-
دارى «بىر ئىسكەت» دېيىلى-
دۇ. م:

*ئۆزلىرى تۆت ئىسكەت شەر-*
*بەت ئىچىپلە، ئەمدى بىر مەزگىل*
*توختىسىلا.*

بۇ سۆزنىڭ «پەردازلىق،
كۆرۈنۈشلۈك، كېلىشكەن»
دېگەندەك مەنىلىرىمۇ بار. م:

*«ئادەمگە ئىسكەت، ئۆيگە بە-*
*رىكەت».*

«ئىسكەت» سۆزىنىڭ سۈ-
پەت ۋە كۆچمە مەنىلىرى ناھايى-
تى كۆپ. م:

*ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئىسكەتتىن*
*چۈشمەگىلىك. ئىسكەتى يوق نوچام،*
*ھەممىسىگە ۋاي ئاچام.*
*«ئاناڭنى داداڭغا ئىسكەتسىز*
*كۆرسەتمە».*

**ئىگىن:** كىيىم، ئۇست-
ۋاش. «دىۋان» دا: «ئىگىن-
ئېنى بىر يېرىم غېرىچ، بويى
تۆت گەزلىك بىر خىل بۆز» دې-
يىلگەن. بەزىلەر «ئەڭلىم،
ئەڭنىم» دەپ تەلەپپۇز قىلى-
دۇ. م:

*قىشلىق دېگەندە ئىگىننى قې-*
*لىنراق كىيگۈلۈك.*
*ئەڭلىم بەك جۇلغۇپ كەتتى،*
*ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.*

**ئىنجا:** پەم - پاراسەت،
پىلان، دىت، ماغدۇرى، ھەرى-
كەت. م:

*بۇ بالا پەقەت ئىنجايى يوق*
*ئادەم بولدى.*

*بـۈگـۈن شـۇنداق ئىنجايىم*
*يوق.*
*ئازراق ئىنجا قىلىڭ بۇرادەر،*
*بېتىۋالماڭ.*

ئـادەتتە «بىئىنجا» دەپ
تۈرلىنىپ يەنە دىتسىزلىقنى ئىپـ
ـادىلەيدۇ. م:
*بىئىنجالىقىڭدىن مۇشۇ كۈنگە*
*قالدىڭ.*

**ئـىـتاچى:** ئىت تالاشتۇ-
رۇپ، ئىت ئوйناشنى كەسىپ
قـىـلـىۋالغان ئادەم، تالاشچى
ئـىـتلارنى تەربىيىلەيدىغان ئا-
دەم. بەزى لەۋزىلەردە «ئىتۋاز»،
«ئىتاۋاز» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
ئۇيغۇر يېزا - قىشلاقلىرىدا ئىت
تالاشتۇرۇش بىر خىل كۆڭۈل
ئېچىش پائالىيىتى ھېسابلىنىـ
ـدۇ. قىش ۋە ئەتىياز كۈنلىرىدە
نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ
ئادەم چوڭ سورۇن تۈزۈپ، نا-
ھىيە، ۋىلايەت ئاتلاپ داڭلىق
ئىتلارنى سورۇنغا ئېلىپ كېلىـ
ـدۇ. يېڭىپ چىققان ئىتلار يۇ-
قىرى باھادا تالاشتۇرۇلۇپ سېـ
ـتىلىدۇ.

**ئىنامى** (ئىنئامى): قا-
ئىدە، ئۆزىنى بىلىش، ئەدەپ -
يوسۇن، ئىنتىزام. م:
*ھەي، ئىنامىڭنى ساقلا، جۇما.*
*نېمىشقا ئىنامىڭدا يۈرمەيسەن؟*
*تازا بىر بالا بوپتۇ بۇ، ئىنامىـ*
*ـنىڭ تايىنى يوق.*

**ئىنەك:** مەڭزى، يۈزى.
م:
*گەپ قىلسام ئۇنىمايدۇ، شۇ-*
*نىڭ بىلەن ئىنەككە نەچچىنى قويـ*
*ـدۇم.*
*چوڭ گەپ قىلغان بىلەن، تېـ*
*ـخى ئىنىكىدە تۈكى يوق.*

«ئىنەك» نىڭ يەنە سېغىن كالا
دېگەن مەنىسىمۇ بار. لېكىن بۇ
سۆزنى خوتەن تەرەپلەردە ئىشلەتمەيـ
ـدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «غونجۇن،
سېغىن» دېگەن ئىسىملارنى ئىشلىـ
ـتىدۇ.

**ئىششەك:** ئېغىرلىق ئۆ-
لچىمى، چارەكنىڭ تۆتتىن بىـ
ـرى. ھازىرقى ئىككى كىلوگـ
ـرامغا باراۋەر كېلىدۇ. كۆچمە
مەنىلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ،
قىلىشنى خالىمىغان بىر تالاي
ئىشلارغا كىنايە قىلىنىدۇ. م:
*ئـۇنـىڭ گەدىنىدە ئىششەك*
*قەرزى بار.*
*ياتقان يېرىدە چارەك - ئىشـ*
*ـشەك ئەخلەت.*

**ئىينا:** «مانا، ماۋۇ، ما-
ۋۇ يەردە» دېگەن مەنىلەردە كېـ
ـلىدۇ. يېقىن يەردىكى، قېشىدـ

دىكى نەرسىلەرنى ئىملاش يۇزد-
سىدىن ئىشلىتىلىدۇ. «ئەينا»
غا ئوخشمايدۇ. «ئەينا» —
«ئەنە» سۆزى، بولۇپ بولغان
ئىشلارنى ئىپادىلەشكە، يىراق-
راق نەرسىنى كۆرسىتىشكە
قوللىنىلىدۇ. م:

*— پىچاق قېنى؟*

*— ئىينا، مېنىڭ قېشىمدا.*

**ئىنجىق:** يەل، ئىنجىق-
لاش، چىڭقىلىش. م:

*— ئانا، ئاكام ئىنجىقلاپ كې-
تىپتۇ، قانداق قىلىمىز!؟*

*— يەنە بىر ئىنجىقلاڭ.*

*— ماقۇل، ئىنجىق كەلمەيۋاتىدۇ.*

كۆچمە مەنىدە مۇنداق كېلى-
دۇ: *«بەك ئىنجىق ئادەمكەن بۇ»*
*(بەك سۆرەلمە ئادەمكەن).*

**ئىلغاق:** كىيىمنىڭ يا-
قىلىرىنى ئىلىپ قويىدىغان
نەرسە، يىڭنە. بۇ سۆز كۆچمە
مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. م:

*بۇ ئادەم بەك ئىلغاق ئادەم
هاما، گەپ - سۆزگە دىققەت قىلايلى
(گەپتىن تۇك ئۇندۇرىدۇ، ئادەمنى
چېقىۋالىدۇ).*

*«دىۋان» دا بۇ سۆز «ئىر-
غاق» دەپ ئېلىنىپ، «ئىلمەك»،
«قارماق» دەپ ئىزاهلانغان.*

**ئىلالىق:** هال - ماجال،
قۇۋۋەت، ماغدۇر، پېتىدىن
چۈشكەن. م:

*مەن كەلسەم، بۇ ئادەم ئىلالى-
قى يوق يېتىپتۇ.*

*ۋېلىسىپىتنى تىلەيسىز، بەرسەم
ئىلالىقنى قويماپسىز.*

**ئىزدەش:** يوقلىشىپ تۇ-
رۇش، باردى - كەلدى قىلىش.
م:

*كۆكۈل ئىزدەش دېگەن شۇ،
يوقلىشىپ تۇرايلى.*

**ئىگىلەڭگۇ:** ئېڭىشىپ
قالغان ئادەم، قىڭغىر نەرسە. م:

*«كۆكلى ئېزىلەڭگۇ، بويى ئى-
گىلەڭگۇ».*

*ئىگىلەڭگۇ ئۇجمىڭىز،*
*يۇگرەپ چىققۇم كېلەدۇ.*
*ئارانى بوزغاننى كۆرسەم،*
*گالدىن سىققۇم كېلەدۇ.*

**ئىلغاندى:** شالىلىنىپ
قالغىنى، تاللاشتىن (خىللاش-
تىن) ئۆتمىگىنى. م:

*ئىلغاندىراقلىرى قالدى، ئەزان
بىرىمەن.*

يەنە بىر مەنىدە — ئىل-
غاش، ياكى خىللاش تەرزىدە
ئىشلىتىلىدۇ. م:

*ئۆزلىرى ئىلغىۋالسىلا، قالغىنى
ماڭا قالسۇن.*

**ئىرىنچەك** (ئىرىنچۈك):

ھـﯘرۇن، ئىش خۇشياقماس.
م:
*ئـﯘرۇنلىرىدىن تۇرسىلا، تولا*
*ئىرنچەكلىك قىلمىسلا.*

**ئىلىنچۇك:** نەرسە ـ كېـ
ـرەك ئېسىپ قويىدىغان ئاچا.
كـۆچـمە مەنىدە: يۇقىرىدىكى
ئىمتىيازلىق ئادەمى دېگەنگە ئىـ
شارە قىلىنىدۇ. م:
*سـائادەت دېگەن ئۆلچەملىك*
*ئايال، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىـ*
*يەتلىك. ئەمما، ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئىـ*
*لىنچۇكى يوق، ھازىرقى كۇندە ئىـ*
*ـلـىنچۇكى بولسىلا يۇقىرىغا قاراپ*
*ئۆرلەۋېرىدۇ.*

**ئىـلـچۇك** (ئىلچۇق):
قـىـسماقنىڭ دان بېكىتىلگەن
دانـچـۇقىنى ئىلىپ تۇرىدىغان
تـىلى. كىشىلەر بۇنى تېخىمۇ
جـانـلـىـقلاشتۇرۇپ دانچۇقنى
«دىـلـدانـىـكـى»، ئىلچۇقنى
«ئىلدانىكى» دەپ ئاتىشىدۇ.
ئۆزى كىچىك، ئەمما چاققان،
كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈـ
رىدىغان، كىچىك ئەقىل ئىگىـ
ـسـىـنـى ئەركىلىتىپ «دانـ
چۇق»؛ ئۆزى كىچىك، ئەمما
ئـۆز ئـىشىغا پىششىق بالىنى
«ئىلچۇق» دەپ ئوخشىتىدۇ.

**ئىلمەك** (ئىسىم): مېۋە
شاخلىرىنى ئېگىشكە ئىشلىتىـ
ـدىغان ئەگمە خادا. چوڭ ـ كىـ
چىك مېتال ۋە ياغاچلاردىن ياـ
سىلىدۇ. م:
*هويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى،*
*ئىلمەكتە ئېگىپ يەيمەن.*
*كۆڭلۈمگە ئازار بەرمە،*
*ئۆزەم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن.*

**ئىلمەك** (پېئىل): بۇرـ
ننى ئىلىش ياكى شاخ ـ شۇمـ
ـبـىـلارنى ئېگىش ھەرىكىتىنى
ئىپادىلەيدۇ. م:
*ھارامزادىلىك قىلساڭ بۇرنۇڭـ*
*نى ئىلئۇېتىمەن جۇما!*

**ئېشەك مەرىسى:** موگۇ.
ئېشەك مەرىسى نەم، سايىلىق
جايلاردا ئۆسىدۇ ياكى ئۆستۈـ
رۈلىدۇ.

**ئىچەكەش** (ئىچەكەشمەك):
سىرداشلىق، ئىچ گېپىنى بەرـ
مەك. م:
*ئەمدى ئىچەكىشىپ كەلگەنـ*
*تۇق، يۆتكىلىپ كەتكۇدەكسىز.*

**ئـىـنـدەك:** قـۇشلارنىڭ
قولغا كۆندۈرۈلۈشى. مەجازىي
مەنىدە ئالداش، ئالداپ (گولـ
لاپ) مايىل قىلماق. م:
*سەن قۇشۇڭنىڭ بارىدا،*
*غازغا سال، ئۆردەككە سال.*
*تاڭلا بەش كۇندىن كېيىن،*

*ئىندەككە كەلمەيدۇ قۇشۇڭ.*

*

*مېنى ئىندەككە كەلتۈردۈڭ،*
*ئۆزەڭ كەلمەكتە يوق، يارىم.*
*كۈلۈپ نازىڭدا ھەر باقساڭ،*
*يۈرەككە تەگدى ئوق، يارىم.*

**ئىس قويماق:** «ساماننىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرۈتمەك، شەپە بەرمەك دېگەندەك» مەجازىي مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. م:

*شۇنچە ئىس قويۇپ باقتىم،*
*ھېچنېمىنى سەزمىدى.*

يېزا - سەھرالاردا ياز كۈنلىرى پاشا - كۇمۇتىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سامان - پاخاللارنى كۆيدۈرۈپ ئىس چىقىرىپ پاشىلارنى ھەيدەيدۇ. مانا بۇمۇ «ئىس قويماق» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ي

**ياتا، ياتىسى** (بىر نەرسىنىڭ يېرىمى): چالا ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگە «يېرىم - يارتا ئىش قىلماڭ» دەيدىغان گەپلەرمۇ بار. م:

*بۇ قوينىڭ گۆشىنىڭ ياتىسىنى قازانغا سالدۇق. ياتىسىنى پولۇغا باسماقچى.*

*«ئىش قىلغان يېرىم - يارتا،*
*جېنىنى نەگىمۇ ئاتا».*

**يالغۇزەك:** نەي.

**يىگىنە** (ژىڭنە): ئەسلىي ئاتىلىشى «يىڭنە» بولۇپ، كېرىيىلىكلەر «يىگىنە» دەپ ئاتايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «يىگىنە» دەپ ئېلىنغان.

**يىد:** پۇراق، ھىد، كېرىيىلىكلەر «يىد» دەيدۇ. كىشىلەر باراۋەت ئايلىرىدا، پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرىدە ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىپ قويماق پىشۇرۇپ ياغ پۇرىتىدۇ، بۇنى «يىد پۇراتتى» دەپ ئاتىشىدۇ. قوچۇدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە يادىكارلىقلاردىمۇ «يىد» دەپ ئېلىنىپ، «پۇراق» دەپ ئىزاھلانغان. مەجازدا: ئىش -

ھەرىكىتىنى مەخپىي تۇتۇشنى، ئىنتايىن مەخپىي ئىش قىلىشنى «يىد - بۇسىنى چىقارمايلا يىغىشتۇردى»، يەنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمىدى دەپ ئىپادىلەيدۇ.

**يالاق:** يۇندى ئازگىلى. ئۇيغۇرلار قاچا - قۇچا يۇغان يۇندىنى مۇقىم بىر جايغا تۆكىدۇ. چۈنكى يۇندا تەركىبىدە تۇز، ئاشلىقنىڭ تاتىقى بولغاچقا، ئۇنى قالايمىقان تۆكسە، دەسسىگەن ئادەمنىڭ پۇتى تو- كۇر، كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئاشلىقنى قەدىرلەش، «تۇز» نى ئۇلۇغ بىلىش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش تۇيەيلىدىن شەكىللەنگەن ئادەت.

مەجازدا خۇشامەتچى، سۇخەنچى (چېقىمچى) ئادەملەرنى «يالاقچى» دەپ ئاتايدۇ.

**يىك:** يىپ ئېگىرىدىغان ياغاچ ئەسۋاب. ئۇ قۇرۇق يۇلغۇننىڭ ياغىچىدا قىرىپ مەخسۇس ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇز، رۇسلىقى، مەزمۇتلىقى مەجازدا ئادىللىققا، توغرىلىققا (دۇرۇسلۇققا) ئوخشىتىلىدۇ. م:

*ئۇ ئالدىمغا كېلىپ يىكتەك*
*تۇردى ۋە مەندىن ئەپۇ سورىدى.*
*ئادىل دېگەن يىكتەك ئادەم،*
*ھەقىقەت دېسە تىك تۇرىدۇ.*

**يېتىلەگ** (يېتىلەك): مالنىڭ يېتىلەپ ماڭىدىغان باغلانچىسى. كۆندۇرۇلگەن، باشلىغان تەرەپكە ماڭىدىغان ھايۋانلارنى، «يېتىلەككە ماڭامدۇ» دەپ ئىپادىلەيدۇ. مەجازدا: كىم بىر نېمە دېسە شۇ ياققا ئەگىشىپ كېتىدىغان قىلىقلارنى بۇ سۆز بىلەن كىنايە قىلىدۇ. م:

*بۇ باشلىقنىڭ مەۋقەسى يوق،*
*كىم يېتىلىسە شۇ ياققا ماڭىدۇ.*
*بۇ ئادەم يېتىلەككە بەك كۆنەگ ئادەم.*

**يىتىم ئەتتا:** ئۇستاز كۆرمىگەن، پارچە تىجارەتچى. م:

*«سودا قىلساڭ سودىگەر بىلەن قىل، يىتىم ئەتتا بىلەن ئىش پۈتمەس».*

**يىلىم چالغۇ** (يېلىم چاغۇ): ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ يېلىمىنى چىلايدىغان قاچىسى. شەكلى ھازىرقى نەپىس قەدەھلەرگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. بېلى ئىنچىكە ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى جىگدە يېلىمىنى كو-

لاپ كېلىپ، قۇرۇتۇپ سوقۇپ
بۇ قاچىغا ئېلىپ سۇ ئارىلاشتۇ-
رۇپ يېلىم ھالىتىگە كەلتۈرۈپ
بېشىغا چاپىدۇ. جىگدە يېلىمى
چاچنى ئۆستۈرىدۇ. چاچ چۇ-
شۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ دەپ
قارايدۇ.

كۆچمە مەنىدە: ئورۇق،
ئېگىز كەلگەن قىزلارنى «يېلىم
چاغۇ» دەپ كەمسىتىپ ئوخشى-
تىدۇ.

**يېسى** (ياپىلاق): بەزى-
لەر ياسىماق، يېسىماق، دەپ
تەلەپپۇز قىلىدۇ. م:

*بۇ بالىنىڭ كاللىسى بىر تەرەپ-
كە يېسى بولۇپ كېتىپتۇ.*

*كېچىدىن يېسى يېتىپ قالغان
ئوخشايمەن، بويىنۇم ئاغرىپ قوپۇپ-
تىمەن.*

*شىۋۇللاغىنىڭ قىزلارى،
پېستان كۆزلۈك، يېسىماقۋاش.*

**يۇدمەك:** (پېئىل) ئو-
تۇن، ئوت - چۆپ، تاغار - قاپ-
لارنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ كۆتۈ-
رۈش، يۇدۇپ ماڭغان نەرسە.
كۆپىنچە ھالدا كىچىك بالىلار-
نى ھاپاش ئېتىپ مېڭىشنى
كۆرسىتىدۇ.

مەجازدا: گەدەنگە چۇش-
كەن، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان
ئادەم ۋە نەرسىلەرنى «يۇدمەك»
دەپ ئاتايدۇ. م:

*ھاشىم باي دېگەن كونا يۇد-
مەكلەدىن، ئۇلارنىڭ جېنى كەنتىد-
دىكىلەرنىڭ بېشىغا چۇشۇگلۇك.*

**يۇزلۇك:** نەرسىلەرنىڭ
كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەرىپى.
ئابرۇيلۇق، يۇزلۇك ئادەملەر.
بۇغداي خامىنى ئەتكەن، قوناق
سوققان ئورۇننىڭ تويىسىدىن
يۇزلەپ ئايرىۋالغان بۇغدايىنى
«يۇزلۇك بۇغداي»، قوناقنى
بولسا «يۇزلۇك قوناق» دەپ ئا-
تايدۇ. م:

*ئۆزلىرى يۇزلۇك ئادەم، ئۇنداق
نامىخىل ئىشلارنى قىلمىسىلا.*

**يوشۇنماق:** مۆكۈنمەك،
يوشۇرۇنماق، «بۇكۇنۇش»،
«مۆكۈنۇش»، كىچىك بالىلار
ئاخشاملىرى ئوينايدىغان يوشۇ-
رۇنماق ئويۇنى، يەنى مۆكۈش-
مەك ئويۇنى. كېرىيە تەرەپلەردە
مۇنداق ئويۇننى «بۇكۇنتوق»
دەپ ئاتايدۇ. م:

*كىچىك بالىلارنىڭ يوشۇنمى-
قىدەك، سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يەر
قالمىدى.*

**يۇپتاق** (شۇپتاق): ئې-
گەر، توقۇم ئارتىلمىغان ئات -
ئۇلاغ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»

دا بۇ سۆز «ياپتاق» دەپ يېزىـ
لىپ، «ياپتاق ئات» دەپ ئىـ
ـزاھلانغان. كېرىيە شېۋىسىدە
ئومۇميۈزلۈك «شۈپتاق» دېيىـ
ـلىدۇ. مەجازدا: ئېغىرلىقى
يوق (يۈكى يوق) ئىشلارغا
ئوخشىتىلىدۇ. م:
*«غازال ئىشكىنىڭ دېمى يوق،*
*شۈپتاق ئېشەكنىڭ غېمى يوق».*

**يۈتما:** يەر ئاستى سۇ يو-
لى. نو ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلگەن
سۇ يولى. م:
*بۇ يولنىڭ ئاستىدا چوڭ يۈتما*
*بار. ئامبارنىڭ سۈيى شۇ يۈتما بىلەن*
*ئېتىزلىققا ئۆتكۈزۈلىدۇ.*

**يۇمۇلاندۇ:** خېمىر قاچىـ
سىنى قىرىپ يىغىلغان خېمىر
قالدۇقى، قولدىن ئادالىتىۋې-
تىلگەن خېمىر كاللەكچىسى.
كۆچمە مەنىدە مەۋقەسى يوق،
ئېتىبارى يوق ئادەم ۋە ئىشلار-
نى «يۇمۇلاندۇ» دەپ مەسخىرىـ
لەيدۇ.

**يۈناش:** پىچاقتا ياكى
ئەسۋابلاردا قىرىپ كېچىكلىـ
تىش، شىلىپ چىقىش. م:
*بۇ ياغاچنى ئەتىگەننىڭ ياقى*
*يۈناپ، قولۇم ئاغرىپ كەتتى.*
مەجازدا: غەيۋەتخورلۇققا
كىنايە قىلىنىدۇ. م:
*ئادەم بولمىدىيۇ كەيىندىن*
*يۈنايدىغان گەپكەن. ئۇ سىنى يۈناـ*
*ۋاتىدۇ.*

**يوبدان:** (يومدان):
ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ بىرى. قو-
ناق خېمىرىنى يېيىپ، چاپقۇدا
كېسىپ ئاندىن سۇغا سېلىپ
پىشۇرىدۇ. ئۇگرە ئاشقا ئوخـ
شاپ كەتكەچكە، «قوناق ئۈگـ
رىسى» دەپ ئاتايدۇ. كېرىيە
تەرەپلەردە ئومۇميۈزلۈك «سىقـ
ماق ئاش» دەپ ئاتايدۇ.

**يەكسەر:** پۈتۈنلەي،
ھەممىسى، شۇنداقلا. م:
*ئابدۇھىلىم ئاخۇننىڭ قوناقلىـ*
*رى يەكسەر ئىككىدىن باش ئاپتۇ.*
*بۇ باغنىڭ ئالمىلىرى يەكسەر*
*قىزىل.*

**يەل:** شامال، «ئوسۇ-
رۇق». بۇ سۆز ئېيتىلىشقا
ئەپسىز بولغاچقا، «يەل» سۆزى
بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. م:
*يەل يۈرۈشتى. يەل ماڭدى.*
*«كاناپچىدىن يەل كەتتى. ھارۋىـ*
*كەشتىن تىرت ۋوۋۇ».*
ئادەتتە ھارۋا - ۋېلىسىـ
پىتلارغا يەل ئۇرۇشنى «يەل
بېرىۋالاي» دەپ ئادەتلىنىشتۇ-
رىدۇ.

**يەدى** (يەدىم): زېرىكـ

تى، بىزار بولدى، رايى قايتـ-
تى. م:
*بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم يەدى.*
**يۇپۇرى:** ئۇدۇلى. م:
*ئۇ مىنىڭ يۇپۇرۇمدىن ئۆتتۈپ*
*كەتتى.*
**يەل قوقاق:** بىر خىل
قىزىتما كېسەل. بۇنى شامان
يوسۇنىدا ئوت ۋە سۇدا كۆچۈ-
رۇپ داۋالايدۇ.
**يەڭ:** كىيىمنىڭ يېڭى،
نان ياقىدىغان (زاغرا، توقاچ
ياقىدىغان) نەرسە. ئادەتتە زاغرا
ياقىدىغان يەڭ، كىيىمنىڭ يې-
ڭىنىڭ سىڭرى بولغاچقا،
«يەڭ» دېيىلىدۇ. يەڭ قول-
نىڭ تونۇر ئىچىدە كۆيۈپ،
قىزىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى
ئالىدۇ.
**يەر يېغى:** نېفىت تۇرد-
دىكى ماي. يەر ئاستىدىن قې-
زىلىدۇ. م:
*هارۋىڭىزنىڭ ئوقىنى،*
*يەر يېغىدا ياغلايلى.*
*مۇز تېپىپ كېلىڭ قۇناخۇن،*
*كۆيگەن يەرنى داغلايلى.*
**يەنجە** (يەنجى، يەنجۇ):
تۇۋرا، تىلەمچىنىڭ خۇرجۇنى.
م:
*خۇددى هابدالنىڭ يەنجىسد-*
*دەك، يوپكىڭىز دولىڭىزدىن چۈش-*
*مەيدىكەن توختاخۇن.*
يەنجە ئىگىسى بىلەن كې-
چە-كۈندۈز ئايرىلمايدۇ. شۇڭا
مەجازدا: «نەگە بارسىڭىز يەن-
جىڭىز بىللە» دەپ جىسەكچى
ئېلىپ ماڭىدىغانلارنى سۈرەت-
لەيدۇ.
**يەل تاپان:** شامالدەك تېز،
ئۇچقاندەك ماڭىدىغان ئادەم.
ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدە بىر يىللىق
مۇساپىنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچد-
لىك ۋاقىت ئىچىدە تاماملايدى-
غان يۇگۈرەكلەر بايان قىلىنى-
دۇ. كۆچمە مەنىدە: چاقلىرىغا
يەل بېرىپ ماڭىدىغان تۇرلۇك
ماشىنىلارنى «يەل تاپان»،
زەنجىر بىلەن ماڭىدىغانلارنى
«زەنجىر تاپان» دەپ ئاتايدۇ.
م:
*نېمانچىلا ئىلدام سىز،*
*يەل تاپانغا ئۇچرايسىز.*
**يانپاش:** پاچاق بىلەن
بەلنىڭ ئۇچراشقان جايىدا، ياذ-
پاش سۆڭەك دەيدىغان چوڭ
ئۇستىخان بار. بەزىلەر «ئىنـ-
چىكە بەل» دەپ ئاتايدۇ. م:
*يانپاشقا ئېلىپ بىر سالسام،*
*قوپالمىدى.*
مەجازدا: پەيت كۈتمەك،

ئۆچ ئالماقنى بۇ سۆز بىلەن ئىد-
پادىلەيدۇ. م:
*خەپ ئىگەكىم، ئالەم ئۈزۈن،*
*يانپىشىمغا بىر چىقار تىيخى!*
*«چىلىشقا تويىمغان، يانپاشقا*
*چىقار».*

**يامداش:** يېرىم قىد-
لىش، ھەجىلەپ ئوقۇش. م:
*ئۇنىڭ ساۋاتى ئاسان چىققۇ-*
*دەك، بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە «ئىلىپ-*
*بە»نى يامداپ ئوقۇيالىغۇدەك بوپ-*
*تۇ.*
قوناقنى مەدىكىدىن ئاي-
رىش، ياما تۇگمەندە يۇمشى-
تىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنىمۇ
«يامىداش» دەپ ئاتايدۇ.

**ياپا:** ھەمىشە، دائىم،
داۋاملىق، سۇۋارىسىغا. م:
*خاپىلىق كەلسە ياپا قوش كې-*
*لىدۇ.*
*ئوسمان خالۋاپىنىڭ قويلىرى*
*ياپىسىغا ئىككىدىن قوزىلاپتۇ.*

**يالاڭ:** بىر مەنىسى «يا-
پا» غا ئوخشاش بولۇپ، يەنە
بىر مەنىسى باش كىيىمى، ئا-
ياغ كىيىمى يوقلۇققا قارىتا مەنە
ئۇقتۇرىدۇ. م:
*يالاڭ باش (باشتاق)، يالاڭ*
*ئاياغ (سالاق).*
«يالاڭ» سۆزىدىكى «ئا»
تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلاشقاندا
يالاڭ سۆزى «يېلىڭ» غا ئۆز-
گىرىپ، كىيىمى نېپىز ئىكەن-
لىكىنى بىلدۈرىدۇ. م:
*كىيىمىڭ بەك يېلىڭكەن، قې-*
*لىنراق كىيىم ئېلىۋال.*

**ياپسا:** ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل،
بىر-بىرىگە دەل كېلىش،
شال-تاختايلارنىڭ بىر-بىرىگە
چاپلىشىپ كېلىشى. خارەتلەر-
نىڭ سىلىقلاش رەندىسى ياغاچ-
لارنى ياپسا كەلتۈرۈشكە ئىشلى-
تىلگەچكە، ئادەتتە يەنە «ياپسا»
دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدى-كى
كۆپلىگەن سۆزلەرگە ئوخشاش
بۇ سۆزنىڭمۇ كۆچمە مەنىلىرى
بار. پەيتى ئوبدان چىققان ئىش-
نى، «ساپ ياپساسى كەلدىيا»
دەپ خۇرسەن بولىدۇ. تويدىن
كېيىن ياخشى ئولتۇرۇپ قال-
غان ئەر-خوتۇنلارنى «ئاخۇنۇم
نىكاھىنى ئوقۇغاندا تازا ياپسا
كەلتۈرۈپ ئوقۇغان ئىكەن»
دەپ پەخىر تاپىدۇ. مۇۋاپىق
كەلمىگەن ئىشنى «ئانچە ياپسا-
سى كەلمەي» دەپ ئوخشىتىدۇ
ۋە باشقىلار.

**ياراغداش:** ئەرزىتىش،

تاللىنۋېلىش، كۆكلىگە ياقۇانىنى
ئالدىغا تارتىش. م:
*ياراغداپ تاللىۋېلىك، سىزدىن*
*ئاشقىنى بىزگە قالسۇن.*
بەزى تەلەپپۇزلاردا «ياراغ-
لاش» دەپمۇ ئاتايدۇ.
**ياندۇرقى:** كېيىن، كې-
يىنكى، كېلەركى (ۋاقىت).
م:
*يـانـدۇرقى يىلدىن باشلاپ،*
*كۇچادىكىلەر يىلدا بىر قېتىم كېلە-*
*دىغان بولدى.*
**يەسقاق:** تاغ - داۋانلار-
دىن چىقىدىغان كۆك رەڭلىك
بىلەي تاش. بۇ خىل تاش سې-
غىز قېتىش، ئادەتتىكى تاش-
تىن يۇمشاقراق كېلىدۇ. يو-
رۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى-
نىڭ بېشىدىكى تاغلار ياسقاق-
لىق بولغاچقا، بۇ تاشنى يالاپ
كەلگەن سۇ ياسقاق (كۆك)
رەڭلىك لاي بىلەن ئارىلاش ئا-
قىدۇ. كىشىلەر ئۇنى «بىلەي
سۇيى» دەيدۇ.
**ياقىلىق:** ئۇزۇم تاللىرى-
نى ئارتىپ قويۇش ئۇچۇن ئور-
نىتىلغان بادرا (ياغاچ). م:
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
*تال باراڭنىڭ ياقىلىقىدىن،*
*ئالا ئاتنىڭ تاقىلىقىدىن.*
*كۆكۈلنىڭ ئارامى يوق،*
*بۇۋاپانىڭ خاپىلىقىدىن.*
**ياما ئاش:** ياما قىلىنغان
قـونـاقـتـا پىشۇرۇلغان كۈجە
ئـاش. كېرىيـە تـەرەپلەردە
«قىيتماق ئاش» دەيدۇ. تولۇق
ئۇن بولماي، پارچىلانغان قو-
ناق ياكى بۇغداينى «ياما» دەپ
ئاتايدۇ. م:
*ماڭ، بۇ بىر خالتا قوناقنى يا-*
*مداپ كەلگىن.*
ئـەگەر «ياما» غا «سى»
قوشۇمچىسى ئۇلانسا، بىر نەر-
سىنىڭ «يېرىمى» بولىدۇ. م:
*قولۇڭدىكى ناننىڭ يامىسىنى*
*ئۇكاڭغا بەرگىن.*
**يـاغـچـاق:** ياغۇنچاق،
قول تۈگمىنى، تاغ ئاھالىلىرى-
دا ئاساسەن بۇ تۈگمەن بىلەن
تىرىكچىلىك بولىدۇ. م:
*ياغچاقنىڭ ئۈنىدا،*
*كۆمەچ كۆمدۇم يەپ باقسىلا.*
*ئاخشام دېگەن گەپىنى،*
*قىينانامغا دەپ باقسىلا.*
**يامان:** باتۇر، كۈچلۈك،
بـاشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان
ئـادەم. ئـىككىنچى مەنىسى:
ئـوبدان بولمايدۇ، ياخشى ئە-

مەس. م:

*چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق لەشـ-
كەرلىرى ھەممىدىن يامان. ئۇلارنىڭ
قارىسىنى كۆرگەنلەرمۇ قورقۇپ كېـ-
تىدىكەن.*

*ھاشىم ئەلگەكنىڭ يامان نامى
بار ئادەم، ئۇنىڭ ئىسمىنى كىشىلەر-
گە ئېيتقىلى بولمايدۇ.*

*«يامان يولۋاس يولدا ياتىپ
شىرغا يول بەرمەس».*

**يا:** قەدىمكى جەڭ قورالى
بولغان ئوقيانىڭ كىرىچى «يا»
دېيىلىدۇ. م:

*«ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ»*

«يا» — «ياكى، بولمىسا،
ئەمىسە»نىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. م:

*يا ئۆلەلمەي، يا تىرىلمەي يۈر-
گەننىڭ نېمە پايدىسى!؟*

**ياچاق:** ئوقيا ئاتىدىغان
يانىڭ كىچىكرەكى، كۆپىنچە
كىچىك باللار ئوينايدۇ. بالـ-
لار ئۇنى «روچاق» دەپ ئاتاي-
دۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆزد-
نىڭ ئوقيا بىلەن جەڭ قىلىش،
ئوۋ ئوۋلاش ئۇدۇمىنى باللارغا
ئەنە شۇ ياچاق بىلەن ئۆگىتەت-
دۇ. ياچاقنىڭ ھەرقايسى
كەنت - دائىرىلەردە: «رۇ-
چاق»، «رىچاق»، «يىچاق»
دەيدىغان تەلەپپۇزلىرى بار.

**ياچىق:** (كېرىيىدە «يىد-
چىق» دەيدۇ) ياغاچتىن قوپۇپ
قالغان قات، يېرىندا. م:

*بالام، بۇ ئوتۇننى يىچقلاپ
بېرىڭ، ئانىڭىز ئوت تۇتاشتۇرىدىغان
يىچىق قالماپتۇ.*

كۆچمە مەندە قىلىنۋاتقان
ئىشىدىن ئازراق قۇسۇر چىققاند-
ىدا، ياكى چىقارغاندا بۇ سۆز
ئىشلىتىلىدۇ. م:

*بۈگۈن بىر كۈنلۈك ئىشىمىز-
دىن يىچىق چىقتى، يەرنىڭ تېگى
ئوبدان چىڭدالماپتۇ.*

*سىز خەقنىڭ ئىشىدىن يىچىق
قوپارغىلى بەك ئۇستا.*

**يامپۇچۇق:** خارەتنىڭ
تۆشۈك ئاچىدىغان ئەسۋابلىرد-
نىڭ بىرى.

**ياپپاڭ:** تەخسىدەك تەكـ-
شى يەر. تۈپتۈز. م:

*بۇ قاچا بەك ياپپاڭكەن، بىر
نەرسە قويسا ئورنىشىدىغانلىق قاچا
ئەكىلەيلى.*

ئومۇمەن تەكشى كەڭلىكـ-
نى، ئابيۈمىنى ئىپادىلەيدىغان
مەنىلەرگە «ياپپاڭ» سۆزى
ئىشلىتىلىدۇ.

ئابدۇرېشات مۇساجان

# كېرىيە شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

## مۇقەددىمە

خوتەن دىئالېكتىنىڭ كېرىيە شېۋە رايونى چىرا، كېرىيە، نىيا ناھىيىلىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ۋە چاقىلىق ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېرىيە شېۋە رايونى (كېرىيە، چىرا، نىيا) خەلقلىرىنىڭ تىلى، تىلشۇناسلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان خوتەن دىئالېكتىنىڭ سوب (تارماق) شېۋە رايونى بولۇپ، كېرىيە شېۋىسى ئۆزىدە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، رايونلار بويىچە روشەن ئايرىملىققا ئىگە بولغانلىقى بىلەن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان زور تېمىدۇر.

بۇ ماقالىدە كېرىيە شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشى، خوتەن شېۋىسى بىلەن پەرقى ۋە كېرىيە شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر يۈزەكى بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېرىيە (شەرقىي ناھىيىلەر) شېۋىسىنىڭ خوتەن شېۋىسى بىلەن بولغان ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرىنى ئىمكانقەدەر روشەن كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئىككى شېۋە سېلىشتۇرۇلدى ھەمدە ئارىدا ئۇزۇن مۇساپە، چۆل - جەزىرە، نەچچىلىگەن چوڭ شەھەرلەر بار تۇرۇقلۇق شېۋە جەھەتتە ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان قەشقەر شېۋىسى بىلەن، شۇنداقلا باشقا دىئالېكت-شېۋىلەر بىلەن بولغان قىسمەن ئورتاقلىقلارمۇ سېلىشتۇرۇلدى. كېرىيە شېۋىسىنىڭ «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئاساس قىلىپ سېلىشتۇرۇلدى. كېرىيە شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ئىمكانقەدەر ئېنىق ۋە توغرا كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن فونېتىكىلىق، مورفولوگىـ

يىلىك ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىلدى.
مەلۇمكى، چىرا رايونىدا خوتەن شېۋىسىنىڭ تەسىرىمۇ، كېرىيە
شــېۋىسىنىڭ تەسىرىمۇ بار. نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى
شېۋىسىدە بولسا، ھەر خىل ئالاھىدىلىك، ئۆزگىچىلىكلەر ئارىلىشىپ
كەتكەن. ئەمما، كېرىيە ناھىيىسىدە ھەر خىل ئۆزگىچىلىك ۋە ئالاھى-
دىلىكلەر رايونلار بويىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قال-
ــغان. مەسىلەن، تاغلىق رايونلاردا (كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان
يېزىسى، ئويتوغراق يېزىسىنىڭ تومىيا كەنتى، چىرا ناھىيىسىنىڭ
نۇرى يېزىسى) لېكسىكا جەھەتتە ئۆزگىچىلىك بار. ئۇلار «يامغۇر
ياغدى» ، دېگەن سۆزنى «ھاۋا ياغدى» دەيدۇ. «چوڭ يول» نى «ھام
يــول» ، «نــاھىيە، ۋىلايەتلەر» نى «ئىچكىرى» ، «تاغ» نى «قى» ،
«دەريا» نى «ساي» دەيدۇ. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاراقىر يېزىسى ۋە
قــوشنا بولغان چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسىدىكىلەر تىلىنىڭ
فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە: ئۇلار «كېلىدۇ» دېگەن
سۆزنى «كىتۇ» ، «چۈشىدۇ» نى «چۈتۇ» ، «قىلىۋىدى، كېلىۋىدى»
گــە ئوخشاش سۆزلەرنى «قىلىۋىزگە، كىلىۋىزگە» ، «دەرھال» نى
«دەررۇ» ، «تۈيۈقسىز» نى «تۈيپو» دەيدۇ. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ
شىۋول، لايسۇ رايونىدا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىنى يۇقىرى ئىنتوناتسىيىدە
سوزۇپ سۆزلەيدىغان ئالاھىدىلىكتىن باشقا، گىراماتىكا جەھەتتە جۈم-
لىلەرنىڭ خەۋىرىنى باشتا سۆزلەيدىغان ئالاھىدىلىكمۇ بار. مەسىلەن:
ئۇلار «بازارغا بارامدىمىز؟» دېگەن جۈملىنى «بارامتىمىزا بازاغا؟»
دەيدۇ. «توختاخۇن كېلەمدىكەن؟» دېگەن جۈملىنى «كىلەمتىكىنا
توختاخۇن؟» دەيدۇ. «قاسىم بۇ يەرگە كەلسۇن» دېگەن جۈملىنى
«كەسۇنا قاسىم بۇ يەگە» دەيدۇ. كېرىيىنىڭ لەنگەر، ئارىش يېزىلى-
رىدىكىلەر تىلىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆتكەن
زامان سوزۇق تاۋۇش قوشۇمچىلىرى «دۇ، مۇ» لاردىكى «ئۇ» تاۋۇ-
شىنى بىردەك «ئو» تەلەپپۇز قىلىدۇ (ئــاشۇمــۇ — ئاشومو،
دېگەندۇ — دېگەنتو). ئۇلار سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى»
تاۋۇشىنى «ئې» غا يېقىنلاشتۇرۇپ، سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ (دەي-
ــسىز — دەيسېز، كەلدى — كەلدې، دېدى — دىدې).

كېرىيە ناھىيىسىدىكى قالۇقلۇقلار بىلەن قاچۇنلۇقلارنىڭ تىل
ئادىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئايرىم تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىشقا ئەرزىيدۇ. قالۇق ھازىر مۇغاللا بازىرى تەۋەسىدە بولۇپ،
قالۇق ئاياغ قالۇق، بەش قالۇق كەنت مەمۇرىيەتلىرىگە ئايرىلغان. ئۈچ
قالۇق ۋە باشقا مەھەللىلەر باشقا كەنت مەمۇرىيەتلىرىگە قوشۇۋېتىل-
گەن. لېكىن، قالۇقلۇقلار بىر قىسىم رايونلارغىمۇ جۇملىدىن چىرا،
نىيا ۋە چەرچەن ناھىيىلىرىگىمۇ خېلى كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلار
چارۋىچىلىقتا ماھىر بولۇپ، ھازىرمۇ قالۇقنىڭ قايماق، قېتىقلىرى
داڭلىق. تىل جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى — ئۇلار سۆز
ئارىسىدىكى «ۋ» تاۋۇشىنى «گ» غا ئالماشتۇرۇپ يېنىك تەلەپپۇز
قىلىدۇ. مەسىلەن، زەدىۋال — زەدىگال، ئايۋان — ئايگان،
پالۋان — پالگان، لاۋا — لاگا، ھاۋانچا — ھاگانچا قاتارلىقلار.
قاچۇنلۇقلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى «بورد-
چى مەھەللىسى» گە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار بورا توقۇپ سېتىش
كەسپىنى ئاساس قىلىدۇ، ئىنتايىن ئىجىل - ئىناق ئۆتىدۇ. تىل
جەھەتتە، ئادەتتە باشقا خەلقلەر بىلەن ئوخشاش سۆزلىشىدۇ. ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇقۇشىدىغان بىر خىل «قارا تىلى»
بار بولۇپ، باشقىلارغا زادى ئاشكارىلىمايدىكەن. 1950 - يىلىدىن
ئىلگىرى سېلىق يىغقۇچىلار ۋە ئالۋاڭ - سېيىسچىلەر بۇ مەھەللىگە
كەلگەندە، كىمكى ئەڭ بۇرۇن كۆرۈپ قالسا «تەنتەك كەلدى، ساياز-
قاچ!» دەپ ۋارقىراپ قويىدىكەن-دە، نەتىجىدە ھەممە كىشى قېچىپ
مۆكۈنۈپ، ئۇلارنى قۇرۇق قول يولغا سالىدىكەن. بىرەرىنىڭ ئۆچمەن-
لىكى بار بىرەر كىشى بۇ مەھەللىگە كېلىپ قالسا، ياكى باشقا يەردىن
كەلگەن كىشىلەر بۇ مەھەللىدىكى بىرەر كىشى بىلەن جېدەللىشىپ
قالسا، «ئولاش-چولاش!» دەپ ۋارقىرىسا، ھەممە كىشى قوراللىنىپ
چىقىپ، يات كىشىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويىدىكەن. ھازىرغا كەلگەندە
بۇ خىل ئادەتلەر ۋە بۇ خىل «قارا تىل» لار تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىشقا
يۈزلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئىراندىن كۆچۈپ كەلگەن تا-
جىكلار بولۇپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن، دېگەن قاراش بار.

قىسقىسى، كېرىيە شېۋىسىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىـ-

چىلىكلىرى روشەن رايون ئايرىمىلىقىغا ئىگە. باشقا ناھىيىلەردە بولسا بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلەر ئايرىلىشىپ كەتكەن. جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ئىنتىنىك مەنبە، ئۆرپ - ئادەت، ئىرقىي ئالاھىدىلىك ۋە باشقا جەھەتلەردىن بولسۇن، چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ بىرگەۋدە ئىكەنلىكى تارىخىي پاكىت. بۇ ناھىيىلەرنىڭ يېقىنقى زامان مەمۇرىي تەۋەلىك تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 1884 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى) ئۇنىڭ ھازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمىدىن تارتىپ، چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېرىيە ناھىيىسى ( 于阗县 ) تەسىس قىلىنغان. 1902 - يىلى لوپ ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، غەربى چىرا سايدىن شەرقى چەرچەنگىچە بولغان رايون كېرىيە ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. پەقەت 1914 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى، 1929 - يىلى چىرا ناھىيىسى، 1944 - يىلى نىيە ناھىيىسى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، كېرىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن.

چەرچەن، نىيا ناھىيىلىرىنىڭ ئىچىلىشى توغرىسىدا، خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت كەڭ تارقالغان: چەرچەن ئەسلىدە كېرىيە رايونىدىن گۇناھكارلارنى پالايدىغان يەر ئىكەن. كېرىيە بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدا قاتنايدىغان رەۋەندىلەر (ئاشلىق توشۇغۇچىلار) ئۇلۇغ ساي (نىيا دەرياسى) ئەتراپىدا بىر نەچچە كۈن توختاپ ئات - ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرۇپ ماڭىدىكەن. بىر يىلى باھاردا بۇ يەردىن ئۆتكەن رەۋەندىلەر كۆزدە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، چېچىلىپ قالغان بۇغداي، قوناقلار ئۈنۈپ، پىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، كېرىيە ئامبىلىغا بۇ جايدا دېھقانچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كېرىيىدىن نۇرغۇن تېرىقچى ۋە چارۋىچىلار بۇ جايغا كۆچۈرۈلۈپ، ماكانلاشتۇرۇلۇپتۇ - دە، بۇ جاي ئاۋات يېزىغا ئايلىنىپتۇ.

نىيا، چەرچەندىكى خەلقلەرنىڭ تىل ئادىتى، ئۆرپ - ئادەت، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا جەھەتلەردىن كېرىيە خەلقى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ياكى بىردەك بولۇشى، بۇ رىۋايەتنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندىمۇ،

مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ 3 ـ، 4 ـ ئەجدادلىرى كېرىيىلىك بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دېگەنلىك، چەرچەن، نىيا ئىلگىرى ئادەمزات يوق جاي ئىدى، كېيىن كېرىيە خەلقى ئاچقان، دېگەنلىك ئەمەس. مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا بۇ رايونلاردا كروران، پىشامشانغا ئوخشاش چوڭ شەھەر بەگلىكلىرى بارلىققا كېلىپ، قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى ۋە گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن رەھىمسىز قۇم بوران بۇ بەگلىكلەردىكى شەھەر ـ راباتلارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. رىۋايەتلەردە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ هازىرقى ئورنىمۇ يەتتىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن جاي دېيىلىدۇ. ئەمگەكچى خەلق تەبىئەت بىلەن ئىزچىل كۈرەش قىلىپ، بۇ رايونلارنى نەچچە رەت قايتا ئېچىپ گۈللەندۈرگەن. ئاۋرىل ستەيىن ئەندىرە خارابىسىنى قېزىش جەريانىدا 719 ـ يىلى بىر خەنزۇ ئەمەلدارنىڭ شۇ يەردىكى زىيارەتنى تەسۋىرلەنگەن بىر خەنزۇچە هۆججەتنى تېپىۋالغان. ئەمما، شۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى (649 ـ يىلى) مەشھۇر سەيياھ شۈەنزاڭ بۇ يەردىكى 10 كۇنلۇك پىيادە سەپىرىدە ئادەمزات بار يەرنى ئۇچراتمىغان. شۈەنزاڭ بۇ يەرنى تەرىپلەپ كېلىپ، «ئۇ يەردە خارابىلىككە ئايلانغان بىر كەنت بار.»①دېگەنىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ ئەمگەكچان خەلق قىلچە بوشاشماي، قۇم ـ بوران ۋە ئۇرۇش ئاپەتلىرى يۇتۇۋەتكەن رايونلارنى قايتا ئېچىپ گۈللەندۈرگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. چەرچەن، نىيا ھەققىدىكى يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئېيتىلغىنى ئۇ رايونلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايتا ئېچىلىشى بولسا كېرەك.

نىيا، ئەندىرە ۋە باشقا خارابىلەردىن تېپىلغان هۆججەت، ۋەسىقە ۋە يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئالىملار كەم دېگەندە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4-ئەسىرگىچە بولغان تەخمىنەن 700 يىل داۋامىدا، لوپنۇر كۆلى رايونىدىن خوتەنگىچە بولغان بىر چوڭ دائىرە ئىچىدە كارۇشتى يېزىقى قوللىنىلغان دەپ ھېسابلىماقتا. شۇ دەۋرلەر-

① پېتېر خوپكىرىك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 144-بەت.

دىكى كارۋىتى تىلىدىن «چالما» (تېرىم توپىسى، ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى «كاللەكلىشىپ قالغان توپا»)، «ئاشپىشتا» (مەنىسى بېدە، ھازىرقى تەلەپپۇزى «ئاشبېدە») ... دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەر ۋە ئاز بولمىغان يەر ناملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

كىرىيە ھەققىدىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىرىيە» نىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى «ئۈچ مىڭ كىرىيە» دۇر. «كىرىيە» — «كەليار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇرۇنقى زاماندا (ئىسلام ئىستېلاسى دەۋرىدە) قەشقەردىن نۇرغۇن ئاھالە كۆچۈرۈلۈپ، بۇ يۇرتقا ماكانلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇ يۇرتقىچە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگەنلەر توپتوغرا ئۈچ مىڭ ئائىلىلىك بولغاچقا، «ئۈچ مىڭ كەليار» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «ئۈچ مىڭ كىيا» بولۇپ قالغان. بۇ بىر رىۋايەت. لېكىن 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ رايونغا نۇرغۇن بوز يەر ئۆزلەشتۇر- گۈچىلەرنىڭ كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم. قەشقەر بىلەن كىرىيە يەر ناملىرىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلار بۇ رىۋايەتنى بەلگىلىك ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەسىلەن:

| قەشقەردە: | كىرىيىدە: |
|---|---|
| سىيەك | سىيەك |
| گۇزە | گۇزە |
| ياۋاغ | ياۋاغ |
| چاقا | چاقا |
| قارقا دەرۋازىسى | قارقى |
| مەكىت | مەكىت |
| بوغىرىقۇم | بوغىرىقۇم |
| سايۋاغ | سايۋاغ |

ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر بىلەن كىرىيىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل ئادىتى جەھەتتىمۇ مەلۇم ئورتاقلىقلار بار.

ئۈچ ناھىيە دائىرىسىدە يەنە قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ نامىدا ئاتىلىپ، ئەينەن ياكى بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان يەر ناملىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، «قالماق قۇدۇق» (نىيا ناھىيىسىدە، قالماق — موڭغۇل مەنىسىدە)، «قالماق جەن»، «تاجىك» (كىرىيە

ناھىيىسى دەريا بويى يېزىسىدىكى چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى)، قالۇق (قارلۇق)، قاچۇن (قاراچىن)، قارا تۇرۇن (قارا تۇرك)، مۇغاللا (موغۇل + لا) ... دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، تارىختا ھازىرقى شەرقىي ئۈچ ناھىيە تەۋەلىكىگە باشقا يۇرت ۋە باشقا قەبىلە خەلقلىرى كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇشى ۋە كېيىنچە تامامەن يەرلىكلە-شىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ مىللىي تەركىب، ئېتنىك مەنبە ۋە باشقا تىللارنىڭ تەسىرى، ئوخشاشلا مۇرەككەپ بىر خىل شېۋىنى شەكىللەندۇرگەن.

خۇلاسە شۇكى، كېرىيە خەلقىنىڭ تىل ئادىتى، تىل ئالاھىدىلى-كى ۋە تىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەر جەھەت-تىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولغان شەرقىي خوتەن شېۋىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئوخشاش.

## كېرىيە شېۋىسىنىڭ باشقا شېۋىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۇرلۇك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى-دىن ھەر خىل تىلدا، ھەر خىل شېۋىدە سۆزلىشىدىغان قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ بۇ رايونغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى، باشقا تىل-شېۋىلەرنىڭ بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ تىلىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆر-سىتىشى سەۋەبلىك كېرىيە شېۋىسى مۇرەككەپ بىر خىل شەكىلگە كىرىپ قالغان. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كېرىيە شېۋىسى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ تىل ئادىتى ۋە بىر قىسىم سۆزلۈكلەر ساقلىنىپ قالغان خوتەن، قەشقەر شېۋىلىرى بىلەنمۇ مەلۇم ئورتاقلىققا ۋە پەرقلەرگە ئىگە، قۇمۇل، لوپنۇر، تۇرپان دىئالېكت-شېۋىلىرى بىلەنمۇ مەلۇم ئورتاقلىققا ۋە پەرقلەرگە ئىگە. بىز ئالدى بىلەن كېرىيە شېۋىسىنى خوتەن شېۋىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1. خوتەن شېۋىسىدە قىسمەن ھاللاردا سۆز ئارىسىدا كەلگەن «ھ» تاۋۇشى «ي» غا ئالمىشىدۇ، سۆز بېشىدا كەلگەن «ھ» تاۋۇشىد-

نىڭ «ي» غا ئالمىشىش ئەھۋالىمۇ ئاز ساندا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كېرىيە شېۋىسىدىمۇ بار. مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| مېيمان | مېيمان | مېھمان |
| جايىل | جايىل | جاھىل |
| يېساپ | يېساپ | ھېساپ |
| پاششىيىم | پاششىيىم | پادىشاھىم |
| سايىل | سايىل | ساھىل |

2. خوتەن شېۋىسى ۋە كېرىيە شېۋىسىدە ئورتاق ھالدا ئاخىرى «ر» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇملاردىكى «ر» تاۋۇشى بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| بادىم | بادىم | باردىم |
| ئاقادى | ئاقادى | ئاقاردى |
| پاقىياق | پاقىراق | پارقىراق |
| ساغادى | ساغادى | سارغايدى |

قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارامۇچۇم چېچىلىپ كەتتى، سۈيەي دېسەم بۇيام پاكا،
تېرىشىپ بەسلە. ئېڭىشىپ بەسلە.

3. 1-شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچە «ئىمەن، ئىمىز» لار خوتەن شېۋىسى ۋە كېرىيە شېۋىسىدە ئوخشاشلا «ئىتمە، ئىتىمىز» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. 3 ـ شەخسنى بىلدۈرىدىغان «ئىدۇ» قوشۇمچىسىدىكى «د» تاۋۇشى «ت» غا ئالماشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا، خوتەن شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ كەينىدىكى بەزى تاۋۇش ھەتتا بوغۇملار قىسقىراپ كېتىدۇ، كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | خوتەن شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|
| كېلىمىز | كىتىمىز | كىلىشىمىز |
| كېلىمەن | كىتىمە | كىلىشىمە |
| كېلىدۇ | كىتۇ | كىلىتۇ |

| | | |
|---|---|---|
| سالىمىز | ساتىمىز | سالتىمىز |
| سالىدۇ | ساتۇ | سالتۇ |

4. خوتەن شېۋىسىدە «ر» تاۋۇشى «ي» غا ياكى «ل» غا ئالمىشىپ كېلىدۇ ياكى تىل ئۇچى ئارقىغا قايرىلىپ تاڭلايغا تەگكۈزۈلمەي، ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل ئەھۋال يوق. بۇ خوتەن شېۋىسى بىلەن كېرىيە شېۋىسىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك پەرقىدۇر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | خوتەن شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|
| دوراپ | دويۇپ | دورۇپ |
| رامزان | يامىزان | رامىزان |
| راۋۇرۇس | ياۋۇيۇس | رەۋۇرۇس |
| سېرىق | سېيىغ | سېرىغ |
| سەكرەپ | سەكلەپ | سەكرىپ |

5. خوتەن شېۋىسىدە بەزى سۆزلەرنىڭ بۇزۇلۇشى كېرىيە شېۋىسىگە قارىغاندا خېلىلا ئېغىر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | خوتەن شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|
| نەرسە-كېرەك | (بىرەر نەرسە) بەمە | بىرەمە |
| قويۇپ بەردى | قوببەدى | قۇياپ بەدى، قاپبەدى |
| چۇشۇرۇۋەتتى | چۇدۇرۋاتتى | چۇشۇرۋاتتى |
| ئاتلاپ | ئاخلاپ | ئاتلاپ |
| گۇرۇچ | گۇنجا | گۇرۇنجا |
| ئانامەي | ئونوم | ۋاي ئانام |

خوتەن خەلق قوشىقىدا مۇنداق كەلگەن:

ئۆستەڭ باشىدا كاتۇ، يوشەنخان دۇتا چاسا،
يوشەنخان دۇتا چاتۇ. ئەلنىڭ ئاغزى ھاڭ قاتۇ.

كېرىيە شېۋىسى ئىنتوناتسىيە ۋە ئۇرغۇ جەھەتلەردە قەشقەر شېۋىسى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، لېكىن مورفولوگىيە، فونېتىكا جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىقى نىسبەتەن زور، لېكسىكا جەھەتتىمۇ خېلى زور ئورتاقلىققا ئىگە، ئىدىئوم، ماقال - تەمسىل ۋە قوشاقلاردىمۇ خېلى كۆپ ئورتاقلىقلار بار. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەي-

لى:

| قەشقەر شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| پوستەكچى | پوستەكچى | تۈگمەنچى |
| جىڭمۇللەك | جىڭمۇللەك | قوناق ئۇن مومىسى |
| چارە | چارە | ئۇستۇن، ئىناۋەتلىك |
| چاكساقاپاق | چاكسقاپاق | سۇ، ماي كەمچىنى |
| دومبۇل | دومبۇل | خام |
| ساتما | ساتما | كەپە |
| چەپچەك | چەپچەك | چۆگۈننىڭ تەگ گىرۋىكى |

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكىنى ئال، خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكىنى (ئال).

كېرىيە شېۋىسى باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەر بىلەنمۇ مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. بۇ خىل ئوخشاشلىق ئاساسەن سۆز ـ ئاتالغۇلاردا گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| لوپنۇر دىئالېكتىدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئاۋلاق | ئاۋلاق | ئاق كېسەل |
| بۇرۇندۇق | بۇرۇندۇق | چۈلۈك |
| دۆمبەل | دۆمبەل | تۆپىلىك يەر، ئېگىز يەر |
| تات | تات | دات |
| جاۋا | جاۋا | پالاس |
| چىت | چىت | شاخ بىلەن ياسالغان توساق |
| دەرەپچە | دىرەپشە | بىگىز |
| بۆزچى | بۆچچى | توقۇمىچى |

| قۇمۇل شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| توپا تەرەت | توپا تەرەت | توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن |
| چاغۋا | چاغۋا | ئوخشايدۇ، ئېھتىمال |

| غۇلجا شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| دۇناي | دۇناي | ئەگرى |
| جىلە | جىلە | قىلتاق |
| پىنەك | پىنەك | قەغەز نەيچە |

| تۇرپان شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- | --- |
| چۆمەچ | چۆمەچ | چۆرگىلىمەچ |
| چۇكۇنەم | چۇكۇنەم | ۋىجىك، پارچە - پۇرات |
| داپشاق | داپشاق | يۇزى قېلىن |

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدىكى «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» غا ئالمىشىش ھادىسىسى كېرىيە شېۋىسىدىمۇ بار، لېكىن قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدىكىدەك كۆپ ئەمەس. كېرىيە شېۋىسىنىڭ باشقا شېۋىلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ، ئۆزگىچىلىكى ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

# كېرىيە شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

كېرىيە شېۋىسى بىلەن نىيا، چەرچەن، قاغىلىق شېۋىلىرى ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ. كېرىيە شېۋىسىنىڭ خوتەن شېۋىسى ۋە باشقا دىئالېكت - شېۋىلەردىن شۇنداقلا ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك تەرىپى فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك

«خاقانىيە تىلى» — قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى (ئىسسىق كۆلدىن كۇچاغىچە بولغان قەشقەرنى مەركەز قىلغان رايون) نىڭ تىلى، يەنى 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) دېگەن ئەسىرىنى «خاقانىيە تىلى» نى يېتەكچى، ئاساسىي شېۋە قىلىپ يازغان. چۈنكى، خاقانىيە تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ھەممە تۈركىي تىللارنىڭ فونېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايتتى.

بىز «دىۋان» دىكى خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كېرىيە شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە سېلىش-

تۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» نىڭ بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1. «ئە» تاۋۇشى. 11 - ئەسىردىكى خاقانىيە تىلىدا «ئە» تاۋۇشى ئاساسەن ئاجىزلاشمايتتى. كېرىيە شېۋىسىدىمۇ بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلاشماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: يېدى؛ كېلىن، كېلىنىڭ، كېلىنىم؛ كېرىلگەن؛ يانا؛ ياۋاش؛ يالۋۇردى

كېرىيە شېۋىسىدە: يېيىلدى؛ كەللى؛ كەرىلگەن؛ يەنە؛ يۇۋاش؛ يالۋۇردى

«دىۋان» دا: ئاش يەلدى؛ كەلىن؛ كەرىلگەن؛ يانا؛ ياۋاش؛ يالۋاردى

2. يىېنىك «گ» تاۋۇشى. بۇ تاۋۇش تىل ئۇستۇن تاڭلايغا تەگكۈزۈلمەي، يېنىك، جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يوق بىر تاۋۇش بولۇپ، «گ»، «ك» تاۋۇشلىرىدىغا يېقىن كېلىدۇ، لېكىن بۇ تاۋۇشلارغا ئوخشاش تىل تۈۋى ئۇستۇن تاڭلايغا تەگكۈزۈلۈپ، ھاۋا ئېقىمى پارتلاپ چىقماي، ئەكسىچە ھاۋا ئېقىمى تىلنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي بىۋاسىتە، جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ تاۋۇش «خاقانىيە تىلى» دىمۇ بار بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇنى «يۇمشاق ‹گ›» دەپ ئاتىغان، لېكىن ھەرپ ئارقىلىق ئىپادىلەنمىگەن. بىز بۇ تاۋۇشنى «گ» بىلەن ئىپادىلەپ تۇرايلى.

«خاقانىيە تىلى» دا تۈپ سۆزلەردە، كۆپىنچە تۈپ ئىسىملارنىڭ (پېئىلدىن ياسالغان بولسىمۇ، ئىسىم ھالىتىدە مۇقىملىشىپ كەتكەن بولسا) ئاخىرىغا كەلگەن «ك» تاۋۇشى «ك» پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەت ھالىتىدە كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەن «ك» تاۋۇشى «گ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە «تىرىلدى» پېئىلىدىن ياسالغان «تىرىك» سۆزىدە، «ئۆلدى» پېئىلىدىن ياسالغان «ئۆلۈك» سۆزىدە، «ك» يۇمشاق ئوقۇلۇپ «گ» تەلەپپۇز قىلىنىدى-

غانلىقىنى ئەسكەرتكەن. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| ئەتەك | ئىتەك |
| ئۆتۈگ | ئۈتەگ (ئىچى ئۆتۈش) |
| ئۆتۈك | ئۈتەك |
| ئۆلۈگ | ئۈلەگ (ئۆلۈك) |
| ئۈستەك | ئۈستەك |
| تىرگە | تىريگ (تىرىك) |

سۆز ئويۇنىدا مۇنداق كەلگەن: «ئۆيگە كېسەم، پىچاق بىلەگلىگ تۇرتۇ، دۇشە يۈلەگلىگ تۇرتۇ. ئاش ئەتكەنىمكى دېسەم، تۇرۇپ - چامغۇ كۈمەگلىگ تۇرتۇ ...»

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم تاۋۇشلار «گ» غا ئالمىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

(1) كېرىيە قالۇق ئاھالىسى تۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى «ۋ» تاۋۇشىنى «گ» غا ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن، كېرىيە شېۋىسىدە قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدىكىدەك كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| ئايۋان | ئايگان |
| لاۋا | لاگا |
| جۇۋا | جۇگا |
| دۇئا (دۇۋا) | دۇگا |
| ياۋاش | ياگاش |
| هاۋانچا | هاگانچا |

قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاقا تاققا ئوۋغا چىقتىم،　　ئۆمرۈم بىكا ئۆتەپ كەتتى،
مەتنىياز پالگان بىلەن،　　ئېرى با جۇگان بىلەن.

(2) بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى «گ» تاۋۇشى «گ» غا ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى «گ» تاۋۇشىنىڭ يۇم-

شاق، يېنىك تەلەپپۇز قىلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:
بۆگۆن — بۆگەن، لەگلەك — لەگلەك، ئىگەر — ئىگە
ئەلگەك — ئەگلەك، چىگىش — چىگىش، بېگىم - بىگىم
«بەگلىرىم بەگلىكتە قالدى، ئاخۇنۇم پەتىۋا قىلادۇ،
دوغىسى ئالۋاڭ بىلەن. راستى يوق يالغان بىلەن.»
(3) قىسمەن سۆزلەر تەركىبىدىكى باشقا تاۋۇشلارمۇ «گ» غا ئالمىشىپ كېلىدۇ:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يىڭنە | يىگنە |
| سوپۇن | سۆگۆن |
| يىلىك | يىلىگ |

بۇ تاۋۇشنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ يەنە مورفولوگىيە ۋە لېكسىكا جەھەتتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.
3. «ق»، «غ» تاۋۇشلىرى. ئەدەبىي تىلدىكى ئاخىرى «ق» بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ق» تاۋۇشى كېرىيە شېۋىسىدە «غ» غا ئالمىشىدۇ. بۇ خىل ھادىسە قانداقتۇ «سۆزلەرنى يېنىكلىتىش» ياكى «سىلىقلاشتۇرۇش» ئۈچۈن كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئەمەس، بەلكى «خاقانىيە تىلى» دىن ئەينەن ساقلىنىپ قالغان ھادىسىدۇر. بۇ جەھەتتە، ئەدەبىي تىلدا خاقانىيە تىلىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالى نىسبەتەن ئېغىر. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ساچلىغ | چاچلىغ | چاچلىق |
| سارسىغ | سېسىغ | سېسىق |
| سۇۋلاغ | سۇلاغ | سۇلاق |
| ئايىغ | ئېيىغ | ئېيىق |
| قىرغلىغ | قۇرۇغلۇغ يا | قۇرۇقلۇق يا |

ئەدەبىي تىلدىكى بۇ خىل بۇزۇلۇش بەزى سۆزلەرنى يېزىقتا پەرقلەندۇرۇش قىيىن بولۇشتەك ئەھۋالنى پەيدا قىلغان. مەسىلەن، «تاغدا ئۆسكەن كىشى» مەنىسىدىكى «تاغلىق» بىلەن «تاغ كۆپ

جاي» دېگەن مەنىدىكى «تاغلىق» ؛ «سامان ساقلايدىغان يەر» دېگەن مەنىدىكى «سامانلىق» بىلەن «سامان ئارىلاش» دېگەن مەنىدىكى «سا- مانلىق ...» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

كېرىيە شېۋىسىدە خاقانىيە تىلى نىسبەتەن ئەينەن ساقلىنىپ قالغاچقا، بۇ خىل پەرق ئېتىش قېيىن بولۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاياق (ياغاچ قاچا) ، ئاياغ (پۇت، تۆۋەن تەرەپ) ؛ قاماق (قا- ماقخانا) ، قاماغ (قامالغان چىنە) ؛ يا (ر) ماق (قەدىمىي پۇل) ، ياماغ (يىرتىلغان يەرگە چۈشكەن ياماق) ؛ ئېرىق (سۇ ئاقىدىغان ئېرىق) ، ئېرىغ (پاكىز) ... بۇ خىل ئەھۋال شەكىلداش سۆزلەردىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى باشقا سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| قۇياغ | قويۇق |
| بۇياغ | بۇياق |
| قانداغ | قانداق |
| تاقاغ | تاقاق |
| سىلىغ | سىلىق |
| تېرىغ | تېرىق |

«ئانداغ ئەتمەڭلا مېنى، ئاقىۋەت لازىم بولامىز،
مۇنداغ ئەتمەڭلا مېنى. تاشلىۋاتماڭلا مېنى.»

4 . «چ» ۋە «ج» تاۋۇشى. «خاقانىيە تىلى» دا تىل ئۇستى تاۋۇشى «چ» بىلەن «ج» پۇتۇنلەي ئايرىلىپ كەتمىگەن. ئەگەر، قەدىمكى تىلغا تارتىپ سۆزلەشكە توغرا كەلسە، «چ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن، «خاقانىيە تىلى» دا «ج» تاۋۇشى شەكىللەنمىگەن دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، «خاقانىيە تىلى» دىكى «چ» دىن ياكى باشقا شېۋىلەردىن كىرگەن «ژ» دىن «ج» ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە كېرىيە شېۋىسىدە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «چ» نىڭ «ج» بولۇپ ئايرىلىپ چىقىش تەرەققىياتى نىسبەتەن كۆپ بولغان. مەسىلەن:

«دىۋان» دا: ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:

| | | |
|---|---|---|
| قانچىق | قانجۇق | قانجىق |
| ئىنچىك | ئىنچىكە | يىنجىكە |
| مانچۇ | مانچا | مانجا |
| يانچۇق | يانچۇق | يانجۇق |
| مونچاق | مونچاق | مونجاق |

بۇ خىل ئەھۋال كۆپىنچە «ن» تاۋۇشىدىن كېيىن كەلگەن «چ» تاۋۇشىدا كۆرۈلىدۇ. يەنى، «ن» تاۋۇشىنىڭ كەينىگىلا «چ» تاۋۇشى ئۇلىنىپ كەلسە، كىرىيە شىۋىسىدە «ج» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (لېكىن مۇتلەق ئەمەس). مەسىلەن:

باغلانچا — باغلانجا، قونچا — قونجا

5. «پ»، «ك»، «ق» تاۋۇشلىرى. ئەدەبىي تىلدا بۇ تاۋۇشلارغا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەندە جاراڭلىقلاشتۇرۇلۇپ، باشقا تاۋۇشلارغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. كىرىيە شىۋىسىدە بولسا، خۇددى «خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاشلا جاراڭسىز ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| تۈپ سۆزلەر: | ئەدەبىي تىلدا: | كىرىيە شىۋىسىدە: |
|---|---|---|
| بۇلاق | بۇلىقى | بۇلىقى |
| قالپاق | قالپىقىڭ | قالپىقاڭ |
| تەشتەك | تەشتىكىڭ | تەشتىكەڭ |
| تەلەپ | تەلىپى | تەلىپى |
| قۇلاق | قۇلىقىم | قۇلىقام |
| يۈرەك | يۈرىكىم | يۈرىكەم |
| ئۆتۈك | ئۆتۈكى | ئۆتۈكى |
| مەكتەپ | مەكتىپىڭ | مەكتىپەڭ |

6. «ئا»، «ئە» تاۋۇشلىرى. بۇ تاۋۇشلار ئەدەبىي تىلدا سۆز ياساش، سۆز تۈرلەش داۋامىدا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. يەنى «ئا» تاۋۇشى «ئە»، «ئې» لەرگە، ھەتتا «ئى» غا؛ «ئە» تاۋۇشى «ئې»، «ئى» لارغا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. لېكىن، «خاقانىيە تىلى» دا ئاجىزلاشماي ئۆز پېتى كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاقىت — ئېقىت، ئەگەك — ئېگەك، ئاندان — ئاندىن،

سەمىز — سېمىز، دېگەندەك. كېرىيە شېۋىسىدە ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە (بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدا) بۇ تاۋۇشلار ئاجىزلاشماي ئەينەن كېلىدۇ. مەسىلەن، سوقا — سوقاچاق، كەر — كەرىپ، ئەگ — ئەگىلدى.

7. باشقا ئەھۋاللار: كېيىنكى تىل تەرەققىياتى داۋامىدا، ئەدەبىي تىلدا «خاقانىيە تىلى» دىكى سۆزلەرنىڭ بەزى سوزۇق تاۋۇشلىرى ئاجىزلاپ كەتكەن. كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكى بەزى سۆزلەر ئەسلىي پېتى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- | --- |
| بالدىر | بالدۇر | بالدى |
| ئانداغ | ئۇنداق | ئانداغ |
| سىندى | سۇندى | سىندى |
| يولسۇز | يولسىز | يولسۇز |
| يانا | يەنە | يانا |

## 2. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

كېرىيە شېۋىسىدە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆپ كۆرۈلىدۇ. بەزى ھاللاردا بىرلا تاۋۇش چۈشۈپ قالسا، بەزى ھاللاردا بىر قانچە تاۋۇش ياكى بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ھادىسە سۆزلەرنى يېنىكلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى. بۇ خىل ئەھۋال تۆپ سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ، ياسالما سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە تېخىمۇ ئېغىر. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن، سۆز تەركىبىدىكى بوغۇملار ئىخچاملىنىپ كېتىدۇ.

1) «ئى» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: سۆز تەركىبىدىكى يېنىك ئېيتىلىدىغان بوغۇملاردىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| پايتىما | پايتما |
| قارىغاي | قارغاي |

| | |
|---|---|
| پەزىلەت | پەزلەت |
| ياپىلاق | يايلاق |
| بالىلار | باللا |

2) «ئا» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: بۇ خىل ئەھۋال كۆپ هاللاردا سۆز بىرىكمىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تۈپ سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئۆگەي ئانا | ئۆگەينا |
| خان ئانا | خاننا |
| توختى ئاكا | توختىكا |
| شوتا | شوت |

2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى. بىرىككەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئەدەبىي تىلدىمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن كېرىيە شېۋىسىدە تۈپ سۆزلەردىمۇ، بىرىككەن سۆزلەردىمۇ، ياسالما سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزى تاۋۇشلار مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە چۈشۈپ قالسا، بەزى تاۋۇشلار قانۇنىيەتسىز هالدا سۆزلەرنى يېنىكلىتىش يۈزىسىدىنلا چۈشۈپ قالىدۇ.

1) «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: كېرىيە شېۋىسىدە «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا كۆرۈلىدۇ:

(1) تۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى «ر» بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇملاردىكى «ر» تاۋۇشى بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| زەنجىر | زەنجى |
| يىگىرمە بىر | يىگىمە بى |
| ئېغىر | ئېغى |
| قار | قا |
| سۈپۈرگە | سۈپۈگە |
| تاركوچا | تاكۇچا |

ئەگەر بۇ خىلدىكى بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق تۈرلىنىپ كەلسە، «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلماي، شۇ قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| يار ـ يارىم | يا ـ يارىم |
| چاكار ـ چاكىرىڭ | چاكا ـ چاكىرىڭ |
| بار ـ بارامسەن؟ | با ـ بارامسە؟ |
| سور ـ سوراپتۇ | سو ـ سۇراپتۇ |

چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە بۇ خىل بوغۇم بولسا، «ر» چۈشۈرۈپ قويۇلماي ئۆز پېتى كېلىدۇ. مەسىلەن: شارپا، مەرئا، چەرئا، مەردان، سەرگەندار (سەرگەردان) ... ۋاھاكازالار.

باشقا تاۋۇشلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن پەقەت «ر» ئارقىلىقلا پەرقلىنىدىغان سۆزلەر بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، «ر» چۈشۈرۈپ قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

شار (ھارۋىنىڭ شېرى)، شا (كارول، شاھ)؛ ئارقىلىق (خوتەن ئارقىلىق)، ئاقىلىق (چاپاننىڭ ئارقىلىقى)؛ تار (چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ تارى)، تا (كەڭنىڭ ئەكسى) ...

(2) ئاخىرىغا «ر» كېلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇشسىز ھالدا ئۈزۈك تاۋۇش قوشۇلۇپ كەلگەن بوغۇملاردىكى «ر» تاۋۇشى بىردەك چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| شەرت | شەت |
| سىرتماق | سىتماق |
| شارت ـ شۇرت | شات ـ شۇت |
| يۇرت | يۇت |
| ئارتماق | ئاتماق |
| ۋەرتىدە | ۋەتىدەي |
| «ئازنا بازانىڭ بومىسا، | سىز ئۈستايناپ تۇسىڭىز، |

شەنبازانىڭ نەقى با.          بەزمە قىزىشقا پەقى با.»

2) «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇملار تەركىبىدىكى «ي» چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك ئەمەس. تۈپ سۆزلەردە تېخىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| ئايرىل | ئارىل | قايرىلدى | قەرىلدى |
| ۋايجان | ۋاجان | بارايلى | بارىلى |
| دىنىي | دىنى | قايچا | قاچى |

3) «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: «ھ» بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇملار تەركىبىدىكى «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ياكى «خ»، «ي» تاۋۇشلىرىغا ئالمىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل بوغۇم ئارىلاشقان سۆزلەر ئەسلى يوق بولۇپ، ھازىر قوللىنىۋاتقان بۇ خىلدىكى بوغۇم ئارىلاشقان سۆزلەر ئاساسەن چەت ئەل تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردۇر. شۇڭىمۇ كېرىيە شېۋىسىدە «ھ» بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ يېپىق بوغۇم ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| دەستىگاھ | دەستىگا | رەھبەر | رەبەر |
| گاھ (گاھى) | گا (گايى) | ئاھ خۇدا | ئاخخۇدا |
| ناھىيە | نايە | ئىھتىمال | ئەتىمالىم |

4) «ل» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: ئاخىرى «ل» بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇملارنىڭ كەينىگە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم ئۇلىنىپ كەلگەندە، يېپىق بوغۇم تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك ئەمەس، پەقەت ئاز بىر قىسىم پېئىللاردىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئالغىن | ئاغىن |
| بولساڭچۇ | بوساڭچا |
| سالسۇن | ساسۇن |
| كەلگىن | كەگىن |
| قالمىدى | قامىدى |
| چالمىدى | چامىدى |

يۇقىرىقىلاردا، پېئىللار باشقا شەكىلدە كەلسە، بۇ خىل بوغۇملارنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇشلار ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلسە، «ل» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن، ئالدىم، بولدى، سالدۇق، كەلدىم، قالدى ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

5) «ت» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: يېپىق بوغۇملارنىڭ كەينىگە «ت» تاۋۇشى سوزۇق تاۋۇشسىز ئۇلىنىپ كېلىپ ياسالغان بوغۇملاردىكى «ت» بىردەك چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| قەست | قەس |
| دوست | دوس |
| راست | راس |
| مۇشت | مۇش |

بۇ خىل بوغۇملارنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇملار ئۇلىنىپ كەلسە، «ت» چۈشۈپ قالماي، ئۇلىنىپ كەلگەن بوغۇمنىڭ بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا خۇددى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

6) «ن» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: پېئىللارنىڭ كەينىگە 1-ۋە 2-شەخس ئالماشلىرى «مەن»، «سەن» لەر ئۇلىنىپ كېلىپ، شەخس كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلىگەندە ياكى بۇ ئالماشلارنىڭ كەينىگە سوراق ئالماش «مۇ» قوشۇلۇپ كېلىپ سوراقنى ئىپادىلىگەندە، بۇ ئالماشلاردىكى «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| بارىمەن | بارىتمە |
| كېلەرمەن | كەلەمە |
| كېلەرسەن | كېلەسە |
| چىقامسەن | چىقامسە |
| مەنمۇ؟ | مەما؟ |
| سەنمۇ | سەما |
| ئۆلەرمەنمۇ؟ | ئۆلەمىما؟ |
| بىلەرسەنمۇ؟ | بىلەسىما؟ |

7) «ۋ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: ئاز بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ۋ» بىلەن ئاخىرلاشقان يېپىق بوغۇمدىكى «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

پۈۋلە — پۈدە    قۇۋۇ — قۇ    شەۋكەت — شۆكەت

3. ئىككىدىن ئارتۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە بىرىككەن سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى تاۋۇشلاردىن بىراقلا بىر قانچىسى چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇملار ئىخچاملىنىپ كېتىدۇ. ھەتتا بەزى سۆزلەردە بوغۇملارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ-دە، سۆز زور دەرىجىدە يېنىكلەپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| دەرۋازا | داۋزا | كارىۋات | كات |
| پۇشايمان | پۇشمان | ھويلا | ھال |
| مەھەللە | مەللە | كېپىنەك | كىمەك |
| قوۋۇرغا | قۇغا | چۈشۈرگە | چۈگە |

«كېرىيە دېگەن شەدە،    چۈشۈمگە كىرىپ قېپلا،
مۇغاللا دېگەن يەدە.    چاشەنبە كۈنى سەدە.»

بىرىككەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە بىر قانچە تاۋۇش ياكى بوغۇملار چۈشۈپ قېلىپ، سۆزلەرنى تېخىمۇ زىچ بىرىكتۈرۈپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن:

دەيۇۋيى — دەريا بويى    قاپبەدى — قويۇپ بەردى
تاشقاقۆي — تاشقارقى ئۆي    ئىچكەكۆي — ئىچكەركى ئۆي
ئۇستايناپ — ئۇسسۇل ئويناپ    ناشقايتىپ — ناخشا ئېيتىپ

كۆرسىتىش ئالماشلار «يەر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ سۆز بىرىكمىسى ياسىغاندا، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ۋە ئالمىشىش ئەھۋالى بىراقلا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئاششە — ئاشۇ يەر    ئىشە — ئەشۇ يەر
مىششە — مۇشۇ يەر    ئايە — ئاۋۇ يەر
مىيە — ماۋۇ يەر

ئادەم ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە «دادا»، «دادام»، «ئانا»، «ئا-

نام» سۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلگەندە، بۇ سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «دا»، «ئا» لار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

سەيداخۇن دام — سەيدى ئاخۇن دادام قادىدام — قادىر دادام

هاۋانام — هاۋا ئانام ئايشىخنام — ئايشىخان ئانام

تاۋۇش ۋە بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىش هادىسىسى ئادەم ئىسىملىرىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ تەركىبىدە «مۇھەممەت» سۆزى بار ئىسىملاردا ئەڭ ئېغىر كۆرۈلىدۇ. «مۇھەممەت» سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ «مەممەت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ سۆزنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان يەنە بىر ئىسىم قوشۇلۇپ قوش ئىسىم ياسالغاندا، «مۇھەممەت» سۆزى «مەمت» قا قىسقىراپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

مۇھەممەت ئىمىن — مەمتىمىن؛ مۇھەممەت ئەيسا — مەمتەيسا؛ مۇھەممەت ئىبراھىم — مەمتۇرايىم؛ مۇھەممەت ئايۇپ — مەمتايۇپ؛ مۇھەممەت ئاخۇن — مەمتاخۇن؛ مۇھەممەت ئوبۇل — مەمتوبۇل

«مۇھەممەت» سۆزىنىڭ كەينىگە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان يەنە بىر ئىسىم قوشۇلۇپ قوش ئىسىم ياسالغاندا، «مۇھەممەت» سۆزى بىردەك «مەت» كە قىسقىراپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

مۇھەممەت قاسىم — مەتقاسىم؛ مۇھەممەت سەيدى — مەتسەيدى؛ مۇھەممەت توختى — مەتتوختى؛ مۇھەممەت تۇرسۇن — مەتتۇرسۇن

باشقا تۈردىكى ئىسىملارنىڭ قىسقىراپ كېتىش ئەھۋالىمۇ ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇراخمان — ئابدىرامان؛ ئابدۇل ئەھەد — ئابلەت؛ قادىر — قادى؛ ئابدۇل ئەزىز — ئاۋلىز

## 3. تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

كېرىيە شېۋىسىدىكى تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىش هادىسىسى، سۆزلەرنى ئېنىق، ئوقۇشلۇق قىلىپ ئېيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى. بەزى سۆزلەرگە

قىسمەن زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شۇ سۆز تەركىبىدىكى بوغۇملارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

1) «ئا» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان «سىز» قوشۇمچىسى ئۈلىنىپ كەلگەن سۆزلەر ئىچىدە سوراقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاخىرىغا سوئال قوشۇمچىلىرى ئۇلاشقا بولمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدىنلا سوراقنى بىلدۈرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئارىسىغا سوئال قوشۇمچىلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلەرگە سوئال قوشۇمچىسى ئۇلاشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل سۆزلەرگە سوئال قوشۇمچىسى قوشۇلماي كەلسە، جاۋابنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان سوئال بولىدۇ. بۇ چاغدا بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكىدەك، ئىنتوناتسىيە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي، بىر خىل رىتىمدا چىقىدۇ. مەسىلەن، «ئوينامسىز» سۆزى ئەدەبىي تىلدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا «ئوينا» سۆزى بىر خىل تۆۋەن ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىپ، «سىز» قوشۇمچىسى يۇقىرى ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ - دە، سوراقنى ئىپادىلەيدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە پۈتۈن سۆز بىر خىل ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىپ، «سىز» قوشۇمچىسى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ - دە، ئىككىنچى شەخسنىڭ «ئويناپ» زىيان تارتقانلىقىغا تاپا - تەنە قىلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى جاۋاب تەلەپ قىلىپ ئېيتقاندا، ئاخىرىغا «ئا» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، ئىنتوناتسىيە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ز» تاۋۇشى «س» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| نېمە بولدىڭىز؟ | نىمبولدىڭىز؟ | يېمەمسىز؟ | يىمەمسا؟ |
| بارمىدىڭىز؟ | بېيمىدىڭىز؟ | كېلەمسىز؟ | كىلەمسا؟ |
| كەلگەنمىدىڭىز؟ | كىممىڭىز!؟ | بارغانمىدىڭىز؟ | بېرىممىدىڭىز!؟ |

ئەدەبىي تىلدا كەلگۈسى زامان 1 - شەخس كۆپلۈك شەكلىدىكى سوراقنى ئىپادىلەشتە، 3 - شەخس كەلگۈسى زامان شەكلىدە تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «ق» قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە

مۇشۇ خىل شەكىلدە تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ كەينىگە «ئا» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، سوراقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى سوراق مەنىسىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرى ئوخشاشلا شۇ بويىچە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كىرىيە شېۋىسىدە: ئەدەبىي تىلدا: كىرىيە شېۋىسىدە:

ئوينامدۇق ئوينامتۇقا؟ كۆرمەمدۇق؟ كۆمەمتۇقا؟

نان يەمدۇق؟ نان يەمتۇقا؟ بارمامدۇق؟ بامامتۇقا؟

چىقامدۇق؟ چىقامتۇقا؟ قانداق؟ قاندىغا؟

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوراقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، مەيلى قانداق شەكىلدە تۈرلىنىپ كەلگەن بولسۇن، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا بىردەك «ئا» تاۋۇشى قوشۇلۇپ كېلىپ سوراقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كىرىيە شېۋىسىدە: ئەدەبىي تىلدا: كىرىيە شېۋىسىدە:

بارامدىكەن؟ بارامتىكىنا؟ بارامدىمىكەن؟ بارامتىمەنكىنا؟

بارغانمىدىڭ؟ بېرىمىدىڭا؟ بارغانمىدۇ؟ بېرىمىمدۇكا؟

كىم؟ كىما؟ بارمىكەن؟ بېيمىكىنا؟

ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تۈپ سۆزلەرگىمۇ «ئا» تاۋۇشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

پاكىز — پاكىزا، توپ — توپا، چاق — چاقا

2) باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: بۇ خىل ئەھۋال ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ. ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇشسىز ھالدا ئۆزۈك تاۋۇش ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، قەرز- قەزە، پەرز (پەرھىز) — پەرىز، ئەرز - ئەزە، رۇس - ئۇرۇس.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ھادىسىسى كۆپىنچە ياسالما سۆزلەردە، سۆز تۈرلەش جەريانىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىلدى. بەزى سۆزلەر تۈرلەنگەندە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى پەرق ئېتىش قىيىنراق، شۇڭا ئۇ خىلدىكى تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى ئۆز نۆۋىتىدە كۆرسىتىلىدۇ.

2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى. كېرىيە شېۋىسىدە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان بوغۇملارنىڭ ئالدىغا «ھ» تاۋۇشى، ئوچۇق بوغۇملارنىڭ كەينىگە «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ «خوتەن تىلى» دىن قالغان تىل ئادىتىدۇر. يەنە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلىدۇ.

1) «ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى:

ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە: ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلدام | ھالدام | ئابدال | ھابدال |
| ئەجەب | ھەجەپ | ئەقلى | ھاقلى |

«ئىشىكتىن چىقىرىپ باشىنى، ھاقلى يوق گۆيىنىڭ قىزى،
ئوينىتتى قەلەم قاشىنى. تاپالمىدى ئاداشىنى.»

بۇ خىل ئەھۋالنىڭ قەشقەر شېۋىسىدە كۆرۈلۈشى تېخىمۇ گەۋدىلىك. مەسىلەن:

ئوشۇق — ھوشۇق؛ ئۇكە — ھۇكە؛ ئەجەب — ھەجەپ؛ ئابدۇللا - ھابدۇللا؛ ئابلىز — ھابلىز

2) «ي» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: بۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇچرايدۇ:

(1) ئىملىق سۆزلەرنىڭ كەينىگە «دە» ئۇلىنىپ كېلىپ ئاۋازنى ئىپادىلىگەندە، بۇ قوشۇمچىنىڭ كەينىگە «ي» قوشۇلۇپ، «دەي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە: ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| پاژژىدە | پاژژىدەي | شارتتىدە | شارتتىدەي |
| پاراققىدە | پاراققىدەي | گومىمىدە | گومىمىدەي |

(2) ئاز بىر قىسىم تۈپ سۆزلەردىكى ئوچۇق بوغۇملارنىڭ كەينىگە ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇملارنىڭ ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە: ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەنە | ئەينا | ئىلمان | يىلمان |
| ئىنچىكە | يىنچىكە | | |

3) باشقا تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: ئوچۇق بوغۇمنىڭ كەينىگە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇملار قوشۇلۇپ كەلگەن بىر قىسىم سۆزلەردە، كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشتىن يەنە بىرى ياكى باشقا بىر تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىپ، ئالدىنقى بوغۇمنى يېپىق بوغۇم ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەدەبىي تىلدىمۇ بار. مەسىلەن:

| قەدىمىي تىلدا: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- |
| ئاچىغ | ئاچچىق |
| قاتىغ | قاتتىق |
| تاتىغ | تاتلىق |
| پىشىغ | پىششىق |
| ئىكى | ئىككى |

ئەمدى كېرىيە شېۋىسىدىكى مۇنۇ سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:
دۇتتا — دۇتار، پاششا — پاشا، دۇككەن — دۇكان،
ئىگگە - ئىگگە — ئىگە - ئىگە، ئاپپا — ئاپا،
تىككەن — تىكەن، ئۇچچى — ئۇچى، جەگرەن — جەرەن

3. بىرقانچە تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى. بۇ بىر خىل مۇرەككەپ شەكىلدىكى تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى بولۇپ، بەزىدە ئۇزۇك ۋە سوزۇق تاۋۇشلار بىرلا ۋاقىتتا قوشۇلۇپ كېلىپ، سۆز تەركىبىدىكى بوغۇملارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بەزىدە مۇكەممەل بولغان بىر ياكى بىرقانچە بوغۇم قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ھادىسە سۆز مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- | --- | --- |
| ھەممىسى | ھەنىۋاسى | پەقەت | پەقەتلىكەم |
| ئاست | ئاستىن | ۋايجان (ۋىيەي) | ۋاججىكىجان |
| قانداق بىر | قانداغىياۋى | ئەجەب | ھەجەپپىتا |

## 4. تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى

ئەدەبىي تىلدا تۈپ سۆزلەر تۈرلەنگەندە ياكى سۆز ياسىغاندا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش (نۆۋەتلىشىش) ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. لېكىن،

كېرىيە شېۋىسىدە تۇپ سۆزلەردىكى تاۋۇشلارمۇ ئالماشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆپ قىسمى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى

1) ئەدەبىي تىلدا سوزۇق تاۋۇشلار «ئۆ + ئۇ» شەكلىدە كېلىپ، كۆپ بوغۇملۇق سۆز ياسىلىدۇ. لېكىن كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل شەكىل بولمىغاچقا، ئالدىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، باشقا تاۋۇشقا ئالمىشىدۇ ياكى كەينىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى باشقا تاۋۇشقا ئالماشتۇرۇلىدۇ ۋە ياكى هەر ئىككىلا تاۋۇش ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| تۆمۈر | تۇمى | كۆڭۈل | كۇڭەل |
| كۆردۈم | كۆدەم | بۆشۈك | بۇشۇك |
| كۆپۈك | كۇپۇك | ئۆرۈم | ئۇرەم |

2) ئەدەبىي تىلدا سوزۇق تاۋۇشلار «ئو + ئۇ» شەكلىدە كېلىپ، كۆپ بوغۇملۇق سۆز ياسىيالايدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل شەكىل بولمىغاچقا، ياكى ئالدىدىكى تاۋۇش ياكى كەينىدىكى تاۋۇش ۋە ياكى هەر ئىككىلا تاۋۇش باشقا تاۋۇشلارغا ئالماشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. كۆپ هاللاردا «ئو» — «ئۇ» غا، «ئۇ» — «ئا» غا ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| قويدۇم | قۇيدام | قوڭغۇز | قوڭغاز |
| ئويۇن | ئۇيان | بويۇم | بۇيام |
| قويۇق | قۇياغ | توسۇن | تۇسان |

3) ئەدەبىي تىلدا سوزۇق تاۋۇشلار «ئې + ئى» شەكلىدە كېلىپ، كۆپ بوغۇملۇق سۆز ياسىيالايدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، ئالدىنقى بوغۇمنى هاسىل قىلغۇچى «ئې» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلاپ، «ئى + ئى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە: ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| سېمىز | سىمىز | كېلىن | كىلىن |
| كېلىشىم | كىلىشىم | تېرىكتى | تىرىكتى |

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەسلى «ئا» تاۋۇشىدىن تۈزۈلۈپ، كەينىگە «ئى» تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «ئې» غا ئاجىزلاپ كەتكەن بوغۇملاردىكى «ئې» بىردەك ئۆز پېتىچە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| سال+ ئىق= سېلىق | سېلىغ |
| گاز+ ئى= گېزى | گېزى |
| باس+ ئىق= بېسىق | بېسىخ |
| تېرىم (قەدىمكىسى: تارىم) | تېرىم |
| سېسىق (قەدىمكىسى: ساسىغ) | سېسىغ |
| قېرىن (قەدىمكىسى: قارىن) | قېرىن |

ئەدەبىي تىلدا ئەسلى «ئە» تاۋۇشىدىن تۈزۈلۈپ، كەينىگە «ئى» تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەردىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلايدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بىردەك «ئى» غا ئالماشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بەر+ ئىپ= بېرىپ | بىرىپ |
| كەل+ ئىپ= كېلىپ | كىلىپ |
| سەن+ نى= سېنى | سىنى |
| مەن+ نىڭ= مېنىڭ | مىنىڭ |

4) ئەدەبىي تىلدا سوزۇق تاۋۇشلار «ئې + ئە» شەكلىدە كېلىپ تۈزۈلگەن سۆزلەردىكى «ئې» تاۋۇشى كېرىيە شېۋىسىدە «ئى» غا ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئېشەك | ئىشەك |
| كېرەك | كىرەك |
| كېلەر | كىلەر |
| تېرەك | تىرەك |

زىرەك — زىرەك

كىپەك — كىپەك

5) ئەدەبىي تىلدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، «ئە» تاۋۇشى بىلەن «ئو» تاۋۇشى ماسلىشالمايدۇ. لېكىن كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش «ئە + ئو» شەكلىدە كېلىپ، كۆپ بوغۇملۇق سۆز ياسىيالايدۇ. مەسىلەن:

سەخو — دۆت　　　مەتو — تىلى مەلتۇك

زەشو — زەيكەش يەر　　　مەشو — مىشو (بىر خىل قۇش)

6) بىر قىسىم سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە يات هالدا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

يۇگۇرەش — يۇگۇرۇش　　　ئۆچۈرگۈچ — ئۇچەگۇچ

توخۇ — تۇخا　　　كۆڭۈل — كۇڭەل

2. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشىدەك كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. بەزى كۆپ مەنىلىك ۋە شەكىلداش سۆزلەردە، سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن تاۋۇش ئالماشتۇرۇلىدۇ. باشتا مەن يېنىك «گ» تاۋۇشىنىڭ باشقا تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. ئەسلى ئۇنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتسەممۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئالاھىدە ئەھۋال بولغاچقا ئايرىم توختالدىم. بۇ يەردە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ئەمدى باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1) «ي» تاۋۇشىنىڭ «ش» غا ئالمىشىشى: ئەدەبىي تىلدا «ي» تاۋۇشىنىڭ «ز» غا ئالمىشىش هادىسىسى كۆرۈلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، «ش» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئەدەبىي تىلدا «ي» تاۋۇشىنىڭ «ز» غا ئالمىشىش هادىسىسىگە قارىغاندا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدى بىلەن ئەدەبىي تىلدىكى بۇ هادىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

يۇرت — ژۇت　　　يىپ — ژىپ　　　يۇپقا — ژۇپقا

يىل — ژىل      يۇقىرى — ژۇقۇرى

ئەمدى كېرىيە شېۋىسىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ باقايلى:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بىر يۇتۇم | بىرشۇتۇم |
| يىپ | شىپ |
| يۇپقا | شۇپقا |
| پىيادە | پىشادە |
| يۇقىرى | شۇقىرى |
| كىيىم | كىشىم |
| يىتتى | شىتتى |
| يىقىلدى | شىقىلدى |

«ھېيىدەككا - ھېيىدەك،      تاۋا يەكتەك ئىچىدە،
كىشىپتۇ تاۋا يەكتەك،      لىغىلدايتۇ قوش ئەمچەك.»

2) «د» تاۋۇشىنىڭ «ت» غا ئالمىشىشى: ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن ئاخىرى «د» بىلەن توختايدىغان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د» تاۋۇشى «ت» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

مەرد — مەرت، مۇراد — مۇرات، مەھمۇد — مەھمۇت

3) «ھ» تاۋۇشىنىڭ «ي» غا ئالمىشىشى: بۇ خىل ئەھۋال «ھ» تاۋۇشىغا «ئې، ئى، ئۆ» تاۋۇشلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ ياسالغان بوغۇملاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| ھېلى | يېلى | ھېسىپ | يېسىپ |
| ھېكايە | يېكايا | مۇھىم | مۇيۇم |
| رەھىم | رېيىم | گاھى | گايى |
| ھېساب | يىساپ | ھۆسن | يۇسۇن |
| ھۇنەر | يۇنە | ھۆكۈم | يۇكۇم |

بۇ خىل ئەھۋال خوتەن شېۋىسىدىمۇ بار. خوتەن شېۋىسىدە يەنە، ئاز بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ھ» تاۋۇشى «خ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنى: رەيھان — يەيخان، مۇھەببەت — مۇخاببەت، رەھىم — رەخىم دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل ئەھۋال كېرىيە شېۋى-

ـسىدە كۆرۈلمەيدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كېرىيە شېۋىـسىدە خوتەن شېۋىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ھ» تاۋۇشىمۇ «ي» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ھالاڭ (دائىم) — يالاڭ، ھىم (ئىم، ئىچكەپ) — يىم، ھېجىقىز (ھەزىلەك) — يېجىقىز

4) «چ» تاۋۇشىنىڭ «ش» غا ئالمىشىشى: «چ» تاۋۇشىنىڭ «ش» غا ئالمىشىشىنى باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. كېرىيە شېۋىسىدە يەنە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن «چ» تاۋۇشى «ش» غا ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ياكى «ش» غا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

غۇلاچ — غۇلاش، قاچتى — قاشتى، كەچكە قالدىم — كەشكە قالدىم، قورساق ئاچتى — قوساق ئاشتى، سائەت ئۈچتە — سائەت ئۈشتە

«ئۆيدە مېيمان بومىسا، ياش يىگىتكە كەگەندە،
ئۈماش ئەتكەن سادەتخان. كۈمەش ئەتكەن سادەتخان.»

5) باشقا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى:

باشقا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشىنى ئاساسەن ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى، «خاقانىيە تىلى» دىن ئەينەن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر. بۇ سۆزلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، خۇددى تاۋۇش ئالماشقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ «خاقانىيە تىلى» نىڭ ئەدەبىي تىلدىكى بۇزۇلۇشىدۇر. تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

| ئەدەبىي تىلدا: | «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|
| پۇراق | بۇراغ | بۇراغ |
| ئۇيات | ئۇۋۇت | ئۇۋات |
| تىرىك | تىرىگ | تىرىگ |
| قاتتىق | قاتىغ | قاتتىغ |
| سۇ ئۆركەشلىدى | سۇۋ ئەركەكلەندى | سۇ ئەكەشلەندى |
| ئىزدە | ئىستە | ئىستە |

يەنە بىرى، سۆزلەرنى يېنىكلىتىش يۈزىسىدىن كۆرۈلىدىغان تا-

ۋۇش ئالمىشىشتۇر. بۇ خىل ئەھۋال قانۇنىيەتلىكمۇ ئەمەس، ئومۇمـ-يۈزلۈكمۇ ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇرۇلمىسى ئوخشاش سۆزـ-لەرنىڭ بىرىدە تاۋۇش ئالماشسا، يەنە بىرىدە ئالماشمايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېقىندىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. مەسىـ-لەن:

| | |
|---|---|
| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| غىدىق | قىتىق |
| خىزمەت | غىزمەت |
| پوقاق | پۇخاق |
| خوراز | غۇراز |
| مەكتەپ | ماختاۋ |
| بانكا | باڭكا |
| «لەنگەدە بۇران چىقتى، | قاتياقتىن ھابدال چىقتى، |
| سايۋاغدا جۇدۇن. | ئۆشنىدە غۇجۇن.» |

3. تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئورۇن ئالمىشىشى

بىر قىسىم سۆزلەردىكى تاۋۇشلار ئۆزئارا ئورۇن ئالمىشىپ، سۆزلەرنى غەيرىي تۇسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەدەبىي تىلدىمۇ بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەسلىسى: | ھازىرقىسى: |
| ياغمۇر | يامغۇر |
| تەترۇ | تەتۈر |
| چاغمۇر | چامغۇر |
| يۇلۇنۇشى | يۆنىلىشى |
| بۇيۇردى | بۇيرۇدى |

بۇ خىل ئەھۋال باشقا شېۋىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: قەشـ-قەردە «تەكشۈرۈش» سۆزىنى «تەشكۈرۈش»، «رەخت» سۆزىنى «خەرت» دېگىنىگە ئوخشاش. ئەمدى كېرىيە شېۋىسىدىكى مۇنۇ سۆزـ-لەرنى كۆرۈپ باقايلى:

| | |
|---|---|
| تونۇر — تورۇن | ئەلگەك — ئەگلەك |
| سىلەر — ئىسلە | ناخشا — ناشقا |

«ئىشىك بېشىدا قۇلپا، ياش يىگىتلە ناشقايتسا،
ئاچالمىغان سادەتخان. ياتالمىغان سادەتخان.»

# كېرىيە شېۋىسىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى

كېرىيە شېۋىسىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئاساسەن سۆز تۇرلىگۈچى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا گەۋدىلىنىدۇ. يەنى، بەزى قوشۇمچىلار ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلاردىن ئۆزگىچە بولۇپلا قالماستىن، بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئۆتەيدىغان رولى جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىك بار. سۆز ياساش ۋە سۆز تۇرلەش داۋامىدا كۆرۈلىدىغان ئاسسىمىلياتسىيىلىك، دىسسىمىلياتسىيىلىك ھادىسىلەر ۋە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ.

## 1. «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان ئالاھىدىلىكلەر

«خاقانىيە تىلى» دىن ئەينەن، ياكى قىسمەن ئۆزگىرىپ ساقلىنىپ قالغان بەزى مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر كېرىيە شېۋىسىنى مورفولوگىيە جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان.

1. ئىسىم، سۈپەت كاتېگورىيىسى جەھەتتە:

كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» نىڭ ئىسىم، سۈپەت كاتېگورىيىلىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى نىسبەتەن گەۋدىلىك ساقلىنىپ قالغان.

1) «لىك، لۇك» قوشۇمچىلىرى. كېرىيە شېۋىسىدە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىسى «لىك، لۇك» لەر بەزىدە ئەينەن كەلسە، يەنە بەزىدە بۇ قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدىكى «ك» تاۋۇشى يۇمشاق «گ» غا ئالمىشىپ، «لىگ، لۇگ» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ بىر تاۋۇشنىڭ

ئالىمنىشى بىلەن بۇ قوشۇمچىنىڭ ئۆتەيدىغان رولى، ئاڭلىتىدىغان مەنىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇرسا بولىدۇ. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا بويىچە كۆرسىتىلىدۇ:

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىغان قاتتىق «ك» بەزىدە ئورۇن ئىسمىنى، بەزىدە نەرسە ـ كېرەك قويۇلغان يەرنى بىلدۈرىدۇ، بەزىدە مەستەر بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدىن بىرى بولۇپ كەلمەي، نەرسىنىڭ ئىگىسى دېگەن مەنىدە كەلسە، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا يۇمشاق «گ» قوشۇلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان قاتتىق «ك» تۈپ سۆزدىكى تاۋۇش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «لىك، لۇك» قوشۇمچىلىرىدىكى «ك» نىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ خىل قوشۇمچىلار تۇرلەپ كەلگەن سۆزلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرگەن: بۇ بابتىكى سۆزلەر (مەنە جەھەتتىن) بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، بىر نەرسىنىڭ ئۈنگەن، ئۆسكەن جايىنى ياكى بىر نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «سۆگەتلىك — سۆگەت ئۆسكەن يەر»، «كېپەكلىك — كېپەك قويۇلغان يەر». ئىككىنچى، باشقا نەرسە ياساشقا تەييارلاپ قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «تۆشەكلىك تاۋار — يوتقان ـ كۆرپە تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان يىپەك رەخت»، «بۇ قوۋۇقتا تىرەك قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۈچىنچى، كىشىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلدۈرىدىغان مەستەر مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «كۆرەڭلىك»، «يىگىتلىك، ياشلىق» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىسىملار يۇقىرىقىدەك ئۈچ مەنىدە كەلسە، ھەممە تۈركىي تىللاردا ئوخشاشلا قاتتىق «ك» قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ئېيتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «بىلەكلىك ئادەم — بىلىكىدە كۈچى بار ئادەم، (قولىدا)

خېتى بار ئادەم» دېگەنگە ئوخشاش ... بەشىنچى، مەفئۇل مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «ئەقىل كىشىلەر ئارا ئۆلەشتۈرۈلگەندۇر»، «سېلىنقلىق تۆشەك» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسىملار كېيىنكى ئىككى مەنىدە كەلسە، يۇمشاق «ك» قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى كۆرسەتكەن بۇ خىل ئەھۋال كېرىيە شېۋىسىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. يەنى، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىك، لۈك» بولۇپ، قاتتىق «ك» بىلەن كەلسە، شۇ نەرسە ئۆنگەن، ئۆسكەن جاينى ياكى شۇ نەرسە جايلاشقان، قويۇلغان يەرنى، باشقا نەرسە ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىنى ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يۇمشاق «گ» بىلەن «لىگ، لۈگ» بولۇپ كەلسە، شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى، تەركىبىدە شۇ نەرسە بار بولغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۆرۈكلۈك (ئۆرۈك كۆپ يەر)، ئۆرۈكلۈگ (ئۆرۈكى بار ئادەم)، ئۈزۈملۈك (تەك)، ئۈزۈملۈگ (ئۈزۈمى بار ئادەم)، ئۆيلەك (ئۆي كۆپ جاي ياكى ئۆي سېلىشقا تەييارلاپ قويۇلغان يەر)، ئۆيلەگ (ئۆيى بار ئادەم)، كەندىرلىك (كەندىر تېرىغان ياكى تېرىشقا تەييارلاپ قويۇلغان يەر)، كەندىيلىگ (كەندىرى بار ئادەم)، كۆڭنەكلىك (كۆڭلەك تىكىدىغان رەخت)، كۆڭنەكلىگ (كۆڭلىكى بار ئادەم)، شەپكىلىك (شەپكە تىكىدىغان رەخت)، شەپكىلىگ (شەپكىسى بار ئادەم)، يەلىك (گۆر)، يەلىگ (يېرى بار ئادەم). ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل پەرق يوق.

(2) ئەدەبىي تىلدا شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىك، لۈك» لار قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدىكى قوشۇمچە كېرىيە شېۋىسىدە بىردەك «لىگ، لۈگ» دەپ ئېيتىلىدۇ. تەركىبىدە شۇ نەرسە بار دېگەن مەنىدە كەلسىمۇ يۇمشاق «گ» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يۇرەكلىك بالا | يۇرەكلىگ بالا |

| | |
|---|---|
| مېۋىلىك دەرەخ | مېۋىلىگ دەرەخ |
| مەززىلىك تاماق | مىزىلىگ تاماق |
| پەملىك كىشى | پەملىگ كىشى |
| رەڭلىك قەغەز | رەڭلىگ قەغەز |
| شېكەرلىك نان | شىكەلىگ نان |

«گۈلنى چۆگىلەپ كېتەلمەس، مېنى چۆگىلەپ كېتەلمەس،
ئالىچىپار كېپىنەك، ئانار يۈزلۈگ سېكىلەك.»

(3) پېئىللارنىڭ كەينىگە «لىك، لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆپەت ياسىغاندا، «ك» تاۋۇشى بىردەك «گ» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. بۇمۇ «خاقانىيە تىلى» دىن قالغان تىل ئادىتىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مۇنۇ مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

كىرىلىگ — ئېتىكلىك، قۇلۇپلاقلىق؛ كۆزەتلىگ نەڭ — كۆزىتىلگەن نەرسە؛ بەزىزلىگ ئەۋ — بېزەكلىك ئۆي؛ تىكىكلىگ تون — تىكىكلىك تون؛ تۆكۈكلۈگ تارىغ — تۆكۈكلۈك بۇغداي

ئەمدى كېرىيە شېۋىسىدىكى مۇنۇ مىساللارنى كۆرەيلى:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| چىشلەكلىك | چىشلەگلىگ |
| كىيىكلىك | كىشىگلىگ |
| يۇدۇكلۈك | يۇدۇگلۈگ |
| كۈلۈكلۈك | كۈلۈگلۈگ |
| ئىشلەكلىك | ئىشلەگلىگ |
| ئېتىكلىك | ئىتىگلىگ |

«لىگ، لۈگ» قوشۇمچىلىرى ئىسىملاردىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغاندا، مەنە جەھەتتىن «لىك، لۈك» لەر ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملاردىن پەرقلىنىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلسە، «لىك، لۈك» لەر بىلەن ئوخشاش رول ئۆتەيدۇ.

(4) ئەدەبىي تىلدا ئورۇن، جايناملىرىنىڭ كەينىگە «لىك» ئۇلىنىپ كېلىپ، «شۇ يەرلىك كىشى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندە، كېرىيە شېۋىسىدە «لىگ» ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئۇرۇمچىلىك | ئۇرۇمچىلىگ |
| فرانسىيىلىك | فرانسىيىلىگ |
| شاڭخەيلىك | شاڭخەيلىگ |
| خوتەنلىك | خوتەنلىگ |
| چەت ئەللىك | چەت ئەللىگ |
| تەيۋەنلىك | تەيۋەنلىگ |

«ئوتۇن ئالسام چەلىگدىن[1]، بازارغا سالاي سېلىپ،
خوتۇن ئالسام شەلىگدىن. ئېشىپ كەتسەم زەلىگدىن[2].»

2) «لىق، لۇق» قوشۇمچىلىرى. سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىك، لۇك» لارنىڭ ۋارىيانتى بولغان «لىق، لۇق» قوشۇمچىلىرىمۇ كېرىيە شېۋىسىدە بەزى ھاللاردا «لىغ، لۇغ» شەكلىدە كېلىپ، «لىگ، لۇگ» لار بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدۇ. بۇمۇ «خاقانىيە تىلى» دىن قالغان تىل ئادىتىدۇر.

(1) ئىسىملارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىپ «شۇ نەرسە كۆپ يەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، «لىق، لۇق» شەكلىدە كېلىدۇ. «شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، «لىغ، لۇغ» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

چارۇقلۇق — چورۇقلۇق، چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان تېرە؛ چارۇقلۇغ ئەر — چورىقى بار ئادەم؛ قاشىقلىق مۆكۈز — قوشۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان مۆڭگۈز؛ قاشۇقلۇق ئاياق — قوشۇقى بار ئاياق؛ قونۇقلۇق ئەۋ — قوناقلىق، مېھمانخانا؛ قونۇقلۇغ ئەۋ — مېھمىنى بار ئۆي.

«خاقانىيە تىلى» دىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت كېرىيە شېۋىسىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

بۇغدايلىق — بۇغداي تېرىغان ياكى تېرىيدىغان يەر؛ بۇغداي-

① چەلىگ — لەقەم

② زەلىگ — زەرلىك، ئالتۇنى بار ئادەم.

لىغ — بۇغدىيى بار ئادەم؛ شاپتۇللۇق — شاپتۇل دەرىخى كۆپ جاي؛ شاپتۇللۇغ — شاپتۇلى بار ئادەم؛ باغلىق — باغ بىنا قىلىنىدىغان يەر؛ باغلىغ — بېغى بار ئادەم، بېغى بار نەرسە؛ چاپانلىق — چاپان تىكىلىدىغان رەخت؛ چاپانلىغ — چاپىنى بار ئادەم

(2) ئەدەبىي تىلدا ئىسىملارنىڭ كەينىگە «لىق، لۇق» قوشۇلۇپ كېلىپ، «شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى» ياكى «تەركىبىدە شۇ نەرسە بار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندە، كېرىيە شېۋىسىدە «لىغ، لۇغ» قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| هېسسىياتلىق | هېسسىياتلىغ |
| قاشلىق كىشى | قاشلىغ كىشى |
| ئەقىللىق | ئەقىللىغ |
| سەمەت ئاتلىق كىشى | سەمەت ئاتلىغ كىشى |
| سۇلۇق | سۇلۇغ |
| جاپالىق | جاپالىغ |
| تۇزلۇق | تۇزلۇغ |
| يوللۇق | يوللۇغ |

(3) ئەدەبىي تىلدا ئورۇن - جاي نامىرىنىڭ كەينىگە «لىق، لۇق» لار ئۇلىنىپ كېلىپ، «شۇ يەرلىك ئادەم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندە، كېرىيە شېۋىسىدە «لىغ، لۇغ» لار ئۇلىنىپ كېلىپ شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| قاراقاشلىق | قاراقاشلىغ |
| غۇلجىلىق | غولجۇلۇغ |
| تاغلىق | تاغلىغ |
| كورلىلىق | كورلۇلۇغ |
| قۇمۇللۇق | قۇمۇللۇغ |
| سەھرالىق | سەرالىغ |

«ئويتوغراقلىغ بىر يارىم با، قارلىغاچىنىڭ قاناتىدەي،

ئون سەككىز ياشلىغ. ئۆلىما قاشلىغ».

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار شەكىل جەھەتتە ئوخشاش ياكى ئاساسەن ئوخشاش، ئۆتەيدىغان رولى جەھەتتىنمۇ ئاساسەن ئوخشاش ياكى قىسمەن ئۆزگىرىپ ساقلىنىپ قالغان.

2. پېئىل كاتېگورىيىسى جەھەتتە: پېئىل كاتېگورىيىسى جەھەتتە كېرىيە شېۋىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، «خاقانىيە تىلى» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

1) «خاقانىيە تىلى» دا پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئىككى زامان، يەنى ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھەمزىلىك پېئىللار بۆلۈمىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلگىنكى، ھەر بىر بۆلۈمدە پېئىللارغا توختالغاندا، ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بېرىمەن. ئەسلىدە كەلگۈسى زامان پېئىلىنى ۋە مەستەرلەرنى بەرمىسەممۇ بولاتتى، ئەمما تەلەپپۇز قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ قانداق ياسىلىشىنى ۋە ھەرىكەتلىنىشىنى بىلگىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنى بېرىشكە توغرا كەلدى». دېمەك، بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسى ئېنىق ئەمەس. كېرىيە شېۋىسىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش پېئىللار ئىككى كاتېگورىيىگە يەنى سۆزلەپ تۇرغانغا قەدەر ئۆتكەن زامان؛ سۆزلىگەندىن ئارتىپ كەلگۈسى زامانغا تەۋە بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زاماننى ئىپادىلىمەكچى بولسا، رەۋىشداشتىن كېيىن كەلگۈسى زاماننى ئاڭلىتىدىغان ياردەمچى پېئىل كېلىپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلدا ھازىرقى زاماننى ئىپادىلەش ئۈچۈن رەۋىشداشلارنىڭ كەينىگە «يات» ئۇلىنىپ، ئاندىن «دۇ، ئىدۇ» لار قوشۇپ ياسىلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە رەۋىشداشلارنىڭ كەينىگە «تۇر» ياردەمچى پېئىلى ئۇلىنىپ، ئاندىن «تۇ» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدا: كېلىپ + يات + ئادۇ = كېلىۋاتىدۇ؛ يەپ + يات + ئادۇ = يەۋاتىدۇ؛ كۆرۈپ + يات + ئادۇ =

كۆرۈۋاتىدۇ.

كېرىيە شېۋىسىدە: كېلىپ + تۇر + تۇ = كېلىپتۇرتۇ؛ يەپ + تۇر + تۇ = يەپتۇرتۇ؛ كۆرۈپ + تۇر + تۇ = كۆرۈپتۇرتۇ.

2) كېرىيە شېۋىسىدە كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلى «تقان» قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ «دىغان» دېگەن جاراڭلىق جۈپلۈك شەكلى يوق. بۇ «خاقانىيە تىلى» نىڭ «تىغان» شەكلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت «غ» جاراڭلىق تاۋۇش «ت» جاراڭسىز تاۋۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، جاراڭسىز تاۋۇش «ق» غا ئالمىشىپ كەتكەن. مەسىلەن:

دەي + تقان = دەيتقان (دەيدىغان)؛ كۈل + تقان = كۈلتقان (كۈلىدىغان)؛ ياز + تقان = يازتقان (يازىدىغان)

3) پېئىلنىڭ شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرىمۇ «خاقانىيە تىلى» دىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. 1-شەخسنىڭ بىرلىكى، «تىم» (تەكىتلەش ياكى تەئەددى قىلىش شەكلى «دام، دۇم») كۆپلىكى «دۇك، دۇق» (تەكىتلەش ياكى تەئەددى قىلىش شەكلى «داق»). مەسىلەن:

ئولتۇرۇپتۇم، ئولتۇدۇم، قويدام، كۈلدۇم
ئولتۇرۇپتۇك، ئولتۇدۇق، قويداق، كۈلدۇك
يېزىپتىم، يازدىم، يازدۇق، يېزىپتۇك

شۇنىڭدەك ئۆتكەن زامان سۈپەتداشنىڭ مۇكەممەل پۈتكەن تۈرى «غلىغ، ئىغلىغ، گلىگ، گىلىگ، غلۇغ، ئوغلۇغ، گىلۇگ، ئۇگلۇگ» لار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىلدىكى ئۆتكەن زامان سۈپەتداش شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلاردىكى «ق» نىڭ ئورنىغا «غ»، «ك» نىڭ ئورنىغا «گ» ئالمىشىپ كېلىدۇ. بۇمۇ «خاقانىيە تىلى» نىڭ تىل ئادىتى بىلەن ئوخشاش. مۇنۇ مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

بالا يىغلىغىلى تۇرۇغلۇغ، ئانىسى كۈلگىلى تۇرۇغلۇغ.
مەتتوختى بى تېپىپ جوزىنى ئۆرۈۋېتىگلىگ.
مەتسەيدى هاي دېسە ئۇنىماي، ئۇرۇشقىلى چىقىغلىغ.
ماشىنىگە بۇزۇلۇپ خاپا قىغلىغ.

قاسىما زاڭلىق قىلىپ كۈلۈگلۈگ، ئان جىدەل چىقىغلىغ .
«ئوچاق بېشى ئوياغلىغ چوڭ گەپ قىلماڭ رەسۋالار
موندەك چاگۈن قوياغلىغ. بىزما سىزدىن توياغلىغ».

4) بۈيرۇق پېئىلىغا «غىلى، قىلى، گىلى، كىلى» لار قوشۇ-
لۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەقسەت پېئىلى كېرىيە شېۋىسىدە خۇددى
«خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاشلا ھەم ئۆتكەن زامانىنى، ھەم كەلگۈ-
سى زامانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئومىنى ئوراپ بوغىلى تۇدۇق؛ يامغۇ ياققىلى تۇدى؛ مەن ئىشلى-
گىلى كېپتىم؛ بالا ئۇخلىغىلى قوپتى؛ ئابدۇغېنىغا قالاپ قۇلاقنى
شۇنداغ تۇتۇپ قويسا، ئاچىغلىغىلى تۇرتتى.

5) كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكىدەك سۈپەتداشنىڭ
ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈرى بار. مەھمۇد قەشقەرى «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى» دا: خەۋەر قىلىنماقچى بولغان مەلۇم بىر ئىش-
ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىل-
دۈرىدىغان سۈپەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش- ھەرى-
كەتنى قىلىشقا جەزىم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەنىمۇ بولىدۇ.
بۇنداق سۈپەت پېئىلنىڭ بۈيرۇق شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. يەنى،
بۈيرۇق شەكلىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساكىنلىق قالىدۇ. تەركىبىدە
«ق» كەلگەن ياكى قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «غ، ل، ق»
قوشۇلىدۇ، يۇمشاق سۆزلەردە بۇ قوشۇمچىدىكى «غ» ھەرپىنىڭ ئور-
نىغا «ك» (گ)، «ق» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ك» كېلىدۇ. مەسىلەن:
«بار» دېگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەن-
لىكىنى بىلدۈرمەكچى بولساق، «ئول بارغۇلۇق ئەردى» دەيمىز. بۇ
«ئۇنىڭ بېرىشى كېرەك ئىدى»، ياكى «ئۇ بارماقچى بولدى» دېگەن
بولىدۇ. شۇنىڭدەك «ئۇ مۇندا تۇرغۇلۇق ئىدى» دېسەك، بۇ «ئۇ بۇ
يەردە تۇرۇشى كېرەك ئىدى»، ياكى «ئۇ بۇ يەردە تۇرماقچى بولدى»
دېگەن بولىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىل شەكىل
ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. بۈيرۇق
پېئىللارنىڭ كەينىگە بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ كەلگەندە، «خاقانىيە
تىلى» دا بىلدۈرىدىغان ئىككى مەنىنىڭ ئالدىنقىسى يەنى، خەۋەر

قىلىنماقچى بولغان مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان مەنىسى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. كېيىنكىسى يەنى، ئىشلىگۈچىنىڭ ئۇ ئىش - ھەرىكەتنى قىلىشقا جەزىم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئۆزگىرىپ، شۇ ئىش - ھەرىكەتنى مەلۇم شەرت ئاستىدا ئورۇنداشقا مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىلغۇلۇقنى قىپ بولاپ، يىنا نىم دەيسىسا؟ ؛ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دېگۈلۈكمەستى؛ قىچىغانىدىكىن، كەگۈلۈك؛ سۆرىلەپ يۈمەي، ۋاقتىدا باغۇلۇق؛ بايا ئاشتىن جىقراق يىۋاغۇلۇقتى؛ قىچىسا باغۇلۇق؛ نىمىش قىلىنىڭ دېسە قىلغۇلۇق؛ بىرەمە ئىپ بەمىسە يىغلىغۇلۇق.

«نايىنى - ناي - ناي دېگۈلۈك، نانىنى چايناپ يېمىسە،
نانىنى چايناپ يېگۈلۈك. گالغا تۇرۇپ ئۆلگۈلۈك.»

كېرىيە شېۋىسىدە يۇقىرىقىدەك شەكىلدە تۈزۈلگەن سۈپەتداشلار ئىسىم ھالىتىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كەگۈلۈك (كەلگۈلۈك) — كەگۈلۈكىنىڭ بېرى ماڭاغىنىدەك كەلدى؛ كۆگۈلۈك (كۆرگۈلۈك) — ۋاقتى كەگەندە كۆگۈلۈكۈمنى كۆرەمە؛ ساغۇلۇق (سالغۇلۇق) — ئاشنىڭ ساغۇلۇقى (ئوت - يېشى) ئاز بولاپ قېپتۇ؛ ئاغۇلۇق (ئالغۇلۇق) — ئاغۇلۇقلىرىنى بېرىپ بولدامىيا، ئەينە؟ ؛ تاتقۇلۇق (تارتقۇلۇق) — نىمە تاتقۇلۇقۇم بېيدىكى، پېشانەمدە.

بۇ خىل شەكىلدە تۈزۈلگەن ئىسىملار «خاقانىيە تىلى» دىمۇ ئۇچرايدۇ.

## 2. ئىسىم تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

كېرىيە شېۋىسىدە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن ئىسىم تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمىدا خېلى زور پەرقلەر بار. مەن بۇ يەردە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى تۈرلەيدىغان بارلىق قوشۇمچىلار ئۈستىدە توختالمايمەن، پەقەت ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلاردىن پەرقلىنىدىغان قوشۇمچىلارنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1. كۆپلۈك قوشۇمچىسى: ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ نەرسىنىڭ بىردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «لار، لەر» قوشۇمچىلىرى كېرىيە شېۋىسىدە يەرلىك تىل ئادىتى بويىچە بۇ قوشۇمچىلاردىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ، «لا، لە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئۇلار | ئۇلا |
| قويلار | قويلا |
| ئادەملەر | ئەدەملە |
| سىلەر | ئىسلە |
| ئېشەكلەر | ئىشەكلە |
| خەقلەر | خەقلە |

كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار يەنە كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە باشقا قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەندە، كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىردەك «ئى» غا ئالمىشىپ «لى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئۇلارنى | ئۇلىنى |
| قويلاردىن | قويلىدىن |
| ئادەملەردە | ئەدەملىدە |
| سىلەرنىڭ | ئىسلىنىڭ |
| ئېشەكلەرگە | ئىشەكلىگە |
| خەقلەر ئىدى | خەخلىدى |

«هەي خېنىم كۆدەڭلىمۇ، ئۆلمىسەك بىزما كۆرەمىز،
سەگۇ تېرەك بوستاڭلىنى. داڭلىغان دوستاڭلىنى.»

كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلار تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ، ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

2. تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى: ئەدەبىي تىلدا 1 ـ شەخس بىرلىك ئۈچۈن ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا «ئىم، ئۇم،

ئۇم» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

1) كېرىيە شېۋىسىدە ئاخىرقى بوغۇمى «ئا» دىن تۈزۈلگەن بولسا، تۈرلەنگەندە «ئا» تاۋۇشى ئۆزگەرسە ياكى تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشى «ئى» غا ئۆزگىرىپ كەتسە، بۇ خىل ئىسىملار «ئىم» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. ئەگەر، تۈرلەنگەندە «ئا» تاۋۇشى «ئى» غا ئۆزگىرىپ كەتسە، بۇ خىل ئىسىملار «ئام» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| ھال — ھالىم | ھالىم |
| ئىمان — ئىمانىم | ئىمانىم |
| جان — جېنىم | جېنىم |
| چاپان — چاپىنىم | چاپىنام |
| سامساق — سامسىقىم | سامسىقام |
| قالپاق — قالپىقىم | قالپىقام |

2) كېرىيە شېۋىسىدە ئاخىرقى بوغۇمى «ئو» بىلەن تۈزۈلگەن ئىسىملار تۈرلەنگەندە، «ئام» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئو» تاۋۇشى «ئۇ» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| قول — قولۇم | قۇلام |
| پوق — پوقۇم | پۇقام |
| ئوت — ئوتۇم | ئۇتام |

3) ئەدەبىي تىلدا ئاخىرقى بوغۇمى «ئە» دىن تۈزۈلگەن ئىسىملار 1 - شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى، «ئىم، ئۇم» بىلەن تۈرلىنىدۇ. «ئىم» بىلەن تۈرلەنگەندە، ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. «ئۇم» بىلەن تۈرلەنگەندە، «ئۇ» گە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، «ئىم»، «ئەم» لەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. «ئىم» بىلەن تۈرلەنگەندىكى ئەھۋال ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. «ئەم» بىلەن تۈرلەنگەندە، ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يۈرەك — يۈرىكىم | يۈرىكەم |
| بەل — بېلىم | بىلىم |
| سەي — سېيىم | سىيىم |
| ئېشەك — ئېشىكىم | ئىشىكەم |

تەمسىلدە مۇنداق كەلگەن: ئىشىكەم نەدىن بىلە، كۈنجۈر - ناۋاتنىڭ قەدىنى.

4) ئەدەبىي تىلدا ئاخىرقى بوغۇمى «ئۆ» دىن تۈزۈلگەن ئىسىملار «ئۈم» قوشۇمچىسى ئارقىلىق تۈرلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، «ئەم» ئارقىلىق تۈرلىنىدۇ. بۇ چاغدا تۈپ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئۈ» گە ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كۆز — كۆزۈم | كۈزەم |
| ئۆز — ئۆزۈم | ئۈزەم |
| سۆز — سۆزۈم | سۈزەم |
| كۆل — كۆلۈم | كۈلەم |

تەمسىلدە مۇنداق كەلگەن: ئۈلەككە يىغلىغان ئىسىت كۈزەم، نادانغا سۆزلىگەن ئىسىت سۈزەم.

يۇقىرىقى تۆت خىل ئەھۋالنى كېرىيە شېۋىسىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا چىقىشالماسلىقى، بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كونكرېت ئېيتقاندا، كېرىيە شېۋىسىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار «ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ» لەردىن ئارىلاشتۇرۇپ سۆز تۈزۈلمەيدۇ. ئەدەبىي تىلدا بۇ خىل ئەھۋالغا يول قويۇلىدۇ. يەنى ئەدەبىي تىلدا: «ئو + ئۇ»، «ئۆ + ئۈ» شەكلىدە تۈزۈلگەن سۆزلەر بار. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ خىلدىكى سۆزلەر تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ: بىرى، ئالدىنقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلار كېيىنكى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئوخشاشلاشتۇرۇلۇپ، «ئۇ + ئۇ، ئۈ + ئۈ» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| بۆشۈك | بۈشۈك | قومۇش | قۇمۇش |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۆشۆك | تۇشۇك | قوشۇق | قۇشۇق |
| ئۆسۆم | ئۇسۇم | بوغۇم | بۇغۇم |
| سۆرۆن | سۇرۇن | ئومۇم | ئۇمۇم |

بۇ خىلدىكى سۆزلەر تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش تۇرلىنىدۇ.

يەنە بىرى، «ئۆ + ئۇ» شەكلىدە تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئۇ» گە، كېيىنكى بوغۇمىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى «ئە» گە ئالمىشىپ كېتىدۇ. «ئو + ئۇ» شەكلىدە تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئو» تاۋۇشى «ئۇ» غا، كېيىنكى بوغۇمىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى «ئا» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شىۋىسىدە: |
|---|---|
| كۆكۈل | كۇكەل |
| ئۆلۈك | ئۇلەگ |
| كۆمۈك | كۇمەگ |
| كۆمۈر | كۇمە |
| ئوغۇل | ئۇغال |
| ئورۇن | ئۇران |
| بوغۇز | بۇغاز |
| ئويۇن | ئۇيان |

بۇ خىلدىكى سۆزلەر تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە، ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئە، ئا» لار بىردەك «ئى» غا ئالمىشىپ، 1 ـ ، 2 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى «ئەم، ئەڭ، ئام، ئاڭ» شەكلىدە ئۇلىنىدۇ. يەنى، «ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە «ئەم»، «ئا» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە «ئام» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۇكەل ـ كۆكلەم؛ ئۇغال ـ ئوغلام؛ ئۇلەگ ـ ئۇلگەم؛ ئۇران ـ ئونام (ئۇرنام)؛ كۇمەك ـ كۇمكەڭ؛ بۇغاز ـ بۇغزاڭ؛ كۇمە ـ كۇمرەڭ؛ ئۇيان ـ ئۇينىڭ

بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، «ئۆ، ئو» لاردىن تۈزۈلگەن تاق بوغۇملۇق سۆزلەر تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە، ئوخشاشلا

«ئۆ» تاۋۇشى «ئۈ» تاۋۇشىغا، «ئو» تاۋۇشى «ئۇ» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ، 1 - شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ئەم، ئام» شەكلىدە، 2 - شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ئەڭ، ئاڭ» شەكلىدە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۆز — كۈزەم، كۈزەڭ؛ ئوك — ئۇكام، ئۇكاڭ؛ ئۆز — ئۈزەم، ئۈزەڭ؛ قول — قۇلام، قۇلاڭ؛ تۆش — تۈشەم، تۈشەڭ؛ گۆش — گۈشام، گۈشاڭ؛ ئۆچ — ئۈچەم، ئۈچەڭ؛ چوك — چۇكام، چۇكاڭ؛ ئۆي — ئۈيەم، ئۈيەڭ؛ ئوت — ئۇتام، ئۇتاڭ.

بۇ خىل شەكىل پېئىللاردا كەلگەندە، تۈپ سۆزدىكى «ئۆ، ئو» تاۋۇشلىرى ئالماشمايدۇ، لېكىن تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى يۇقىرىقى شەكىلدە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆس — ئۆستەم، ئۆستەڭ؛ بول — بولدام، بولداڭ؛ بۆس — بۆستەم، بۆستەڭ؛ تول — تولدام، تولداڭ؛ ئۆچ — ئۆچتەم، ئۆچتەڭ؛ توك — توكدام، توكداڭ.

«ئابدىرامان دام - دام، سەن جۇۋاڭنى بەرمىسەڭ،
مەن تېرەككە قوندام. مەن سۇغاقتا توكدام.»

ئەدەبىي تىلدا 2 - شەخس كۆپلۈك ئۈچۈن «ڭلا، ىڭلار، ئۇڭ-لار، ئۈڭلار» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى بىردەك چۈشۈپ قالغاننىڭ سىرتىدا، ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار 1 - شەخس بىرلىك قوشۇمچىلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بىلەن ئوخشاش ھالدا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| قول — قولۇڭلار | قۇلاڭلا |
| چاپان — چاپىنىڭلار | چاپىناڭلا |
| قەلەم — قەلىمىڭلار | قەلىمەڭلا |
| سۆز — سۆزۈڭلار | سۈزەڭلا |

## 3. پېئىل تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

كېرىيە شېۋىسىدە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە پېئىللاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئەدەبىي تىلدىكىدىن

ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ. پېئىللارنى تۈرلەپ كېلىدىغان بىر قىسىم قوشۇمچىلار ئەدەبىي تىلدىكىدىن قىسمەن ۋە ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدىغان بىر قىسىم قوشۇمچىلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. زامان قوشۇمچىلىرى

زامان قوشۇمچىلىرىدىكى ئالاھىدە پەرق ئاساسەن ھەم زامان قوشۇمچىسى ھەم شەخس قوشۇمچىسى بولۇپ كېلىدىغان بىر قىسىم قوشۇمچىلاردا گەۋدىلىنىدۇ.

1) ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرى: ئەدەبىي تىلدا 1 ـ ، 2 ـ شەخس ئۆتكەن زامان شەكلى بىرلىك ئۈچۈن «دىم، تىم، دىڭ، تىڭ، دۇم، تۇم، دۇڭ، تۇڭ، دۈم، تۈم، دۈڭ، تۈڭ» قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىلاردىن باشقا يەنە «دام، تام، داڭ، تاڭ، دەم، تەم، دەڭ، تەڭ» قوشۇمچىلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىلدا ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا بىردەك «دىم، تىم، دىڭ، تىڭ» قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدىمۇ ھەم شۇنداق. ئەدەبىي تىلدا ئاخىرقى بوغۇمى «ئو، ئۇ» لاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دۇم، تۇم، دۇڭ، تۇڭ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، ئاخىرقى بوغۇمى «ئو» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دام، تام، داڭ، تاڭ» لار، ئاخىرقى بوغۇمى «ئۇ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دۇم، تۇم، دۇڭ، تۇڭ» لار ئۇلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلدا ئاخىرقى بوغۇمى « ئۆ، ئۈ» لەردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دۈم، تۈم، دۈڭ، تۈڭ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە ئاخىرقى بوغۇمى «ئۆ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دەم، تەم، دەڭ، تەڭ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ، ئاخىرقى بوغۇمى «ئۈ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دۈم، تۈم، دۈڭ، تۈڭ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. دېمەك، ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا ئۆتكەن زامان شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | 1 ـ شەخس | تۈپ پېئىل |

| | | |
|---|---|---|
| سوي | سويدۇم | سويدام |
| توي | تويدۇم | تويدام |
| سوق | سوقتۇم | سوقتام |
| كۆي | كۆيدۈم | كۆيدەم |
| ئۆت | ئۆتتۈم | ئۆتتەم |
| بۆس | بۆستۈم | بۆستەم |
| | 2-شەخس : | 2-شەخس : |
| | سويدۇڭ | سويداڭ |
| | تويدۇڭ | تويداڭ |
| | سوقتۇڭ | سوقتاڭ |
| | كۆيدۈڭ | كۆيدەڭ |
| | ئۆتتۈڭ | ئۆتتەڭ |
| | بۆستۈڭ | بۆستەڭ |

«جان سەيدەم، جىنىم سەيدەم، مەيدەمگە شىپا ئىستەپ،
ئاغىنىۋ مىنىڭ مەيدەم. مىڭ تاللاپ سىنى سۆيدەم.»

ئەدەبىي تىلدا 2 - شەخس ئۆتكەن زامان كۆپلۈك شەكلى 2 - شەخس بىرلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ كەينىگە «لار» نى ئۇلاش ئارقىلىق تۈرلىنىدۇ. كىرىيە شىۋىسىدىمۇ شۇ بويىچە تۈرلىنىدۇ. لېكىن، «لار» قوشۇمچىسىدىكى «ر» تاۋۇشى بىردەك چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىكى پەرق پەقەت بىر «ر» تاۋۇشىدىلا كۆرۈلىدۇ.

ئەدەبىي تىلدا 1 - شەخس ئۆتكەن زامان شەكلى كۆپلۈك ئۈچۈن «دۇق، تۇق» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. كىرىيە شىۋىسىدە بۇنىڭدىن سىرت يەنە «دۈك، تۈك، دەك، تەك، داق، تاق» قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، كىرىيە شىۋىسىدە پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى «ئا، ئى» تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئەدەبىي تىلدىكىدەك «دۇق، تۇق» لار ئۇلىنىدۇ؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئە، ئۇ» لەردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دۈك، تۈك» قوشۇمچىلىرى؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئۆ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «دەك، تەك» قوشۇمچىلىرى؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئو» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «داق، تاق» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كەل — كەلدۇق | كەلدۇك |
| ئەز — ئەزدۇق | ئەزدۇك |
| ئۆل — ئۆلدۇق | ئۆلدەك |
| كۆي — كۆيدۇق | كۆيدەك |
| قوي — قويدۇق | قويداق |
| ئوي — ئويدۇق | ئويداق |
| كەس — كەستۇق | كەستۇك |
| يەش — يەشتۇق | شەشتۇك |
| ئۆس — ئۆستۇق | ئۆستەك |
| ئۆت — ئۆتتۇق | ئۆتتەك |
| سوق — سوقتۇق | سوقتاق |
| توي — تويدۇق | تويداق |

«ۋاكىنىكى شۇ، بۇلتۇ گۆش يەپتۇك،
ۋاققىلى - ۋاقۋالداق. بۇ يىل نىم بولداق؟»

2) هازىرقى زامان قوشۇمچىلىرى: ئەدەبىي تىلدا تۇپ پېئىللار (ياكى بۇيرۇق پېئىللار) نىڭ كەينىگە «ۋاتى، ئىۋاتى» ئۇلىنىپ، ئاندىن «مەن، سەن، سىز، دۇ، مىز، سىلەر» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، پېئىللارنىڭ هازىرقى زامان شەكلى تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: يات + ئىۋاتى + دۇ = يېتىۋاتىدۇ + مەن، سەن = يېتىۋاتىمەن، يېتىۋاتىسەن. كېرىيە شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ هازىرقى زامان شەكلىنى تۇرلەش، ئەدەبىي تىلغا تۇپتىن ئوخشىمايدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە رەۋىشداش پېئىللارنىڭ كەينىگە «تۇر» قوشۇلۇپ («ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «تۇ» شەكلىدە قوشۇلىدۇ)، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يېزىۋاتىمەن | يازغىلتۇدۇم |
| يېزىۋاتىمىز | يازغىلتۇدۇق |
| يېزىۋاتىسىلەر | يازغىلتۇدۇڭ |
| يېزىۋاتىسەن | يازغىلتۇدۇڭلا |

| | |
|---|---|
| يېزىۋاتىدۇ | يازغىلىتۇدى |
| كېلىۋاتىمەن | كەگىلتۇدۇم |
| كېلىۋاتىمىز | كەگىلتۇدۇق |
| كېلىۋاتىسەن | كەگىلتۇدۇڭ |
| كېلىۋاتىسىلەر | كەگىلتۇدۇڭلا |
| كېلىۋاتىدۇ | كەگىلتۇدى |

3) كەلگۈسى زامان قوشۇمچىلىرى: ئەدەبىي تىلدا كەلگۈسى زاماننى ئىپادىلەشتە بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «ئىمەن، ئىسەن، ئىدۇ، يمەن، يسەن، يدۇ، ئىمىز، ئىسلەر، يمىز، يسلەر» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىلاردىكى بىرلىك قوشۇمچىلىرى «مەن، سەن» لەردىكى «ن»، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى «لار، لەر» دىكى «ر» تاۋۇشلىرى بىردەك چۈشۈپ قالغاننىڭ سىرتىدا، 1 ـ شەخس قوشۇمچىلىرىغا «ت» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، «ئىتمە، يتمە، ئىتمىز، يتمىز» شەكلىدە، 3 ـ شەخس قوشۇمچىسىدىكى «ر» تاۋۇشى «ت» غا ئالمىشىپ، «تۇ» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. 2 ـ شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ئىسلەر، يسلەر» دىكى «س» تاۋۇشىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلگەن «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «ئسلە، يسلە» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تۈپ پېئىل: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|
| | بىرلىك: | بىرلىك: |
| ئوقۇ | ئوقۇيمەن | ئوقۇيتمە |
| ياز | ئوقۇيسەن | ئوقۇيسە |
| | ئوقۇيدۇ | ئوقۇيتۇ |
| | يازىمەن | يازىتمە |
| | يازىسەن | يازىسە |
| | يازىدۇ | يازىتۇ |
| | كۆپلۈك: | كۆپلۈك: |
| | ئوقۇيسىلەر | ئوقۇيسىلە |
| | ئوقۇيمىز | ئوقۇيتمىز |
| | يازىسىلەر | يازىسىلە |

ئەدەبىي تىلدا يېقىن كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، رە-ۋىشداش پېئىللارنىڭ كەينىگە «ۋاتى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىدىن «مەن، سەن، دۇ، مىز، سىلەر، سىز» لار ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بىراق، كېرىيە شېۋىسىدە رەۋىشداش پېئىللارنىڭ كەينىگە «قوپ» ئۇلىنىپ كېلىپ، ئاندىن 1 - شەخس بىرلىك ئۈچۈن «تام»، 1 - شەخس كۆپلۈك ئۈچۈن «تاق»، 2 - شەخس بىرلىك ئۈچۈن «تاڭ»، كۆپلۈك ئۈچۈن «تاڭلا» قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| ماڭغىلى قوپتام | ماڭغىلىۋاتىمەن |
| ماڭغىلى قوپتاڭ | ماڭغىلىۋاتىسەن |
| ماڭغىلى قوپتى | ماڭغىلىۋاتىدۇ |
| ماڭغىلى قوپتاق | ماڭغىلىۋاتىمىز |
| ماڭغىلى قوپتاڭلا | ماڭغىلىۋاتىسىلەر |

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىللىرىمۇ يۇقىرىقى قانۇنىيەت بويىچە تۈرلىنىدۇ. شەخس، سان كاتېگورىيىلىرىنى ئىپادىلەش شەكلىمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەش شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش.

2. راي قوشۇمچىلىرى

پېئىللارنىڭ راي شەكلىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش، ئاز بىر قىسىم قوشۇمچىلار ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

1) 2 - شەخس بىرلىك بولۇشلۇق شەكلىدىكى بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ھۆرمەت شەكلى، ئەدەبىي تىلدا ئاخىرى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «ئىڭ، ئۇڭ، ئۈڭ» لارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا بىردەك «ئىڭ»، ئاخىرقى بوغۇمى «ئو، ئۇ» تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئۇڭ»، ئاخىرى «ئۆ، ئۈ» تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئۈڭ» قوشۇپ تۈرلىنىدۇ. ئەمما، كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، ئاخىر-

قى بوغۇمى «ئو» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ كەيىنگە «ئاڭ» ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ پېئىلنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئو» تاۋۇشى «ئۇ» غا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمى «ئۆ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئەڭ» ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ پېئىلنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئۈ» گە ئاجىزلاپ كېتىدۇ. باشقا شەكىللىرى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| توس — توسۇڭ | تۇساڭ |
| ئۆس — ئۆسۈڭ | ئۈسەڭ |
| سوق — سوقۇڭ | سۇقاڭ |
| توي — تويۇڭ | تۇياڭ |
| تۆك — تۆكۈڭ | تۈكەڭ |
| ئۆت — ئۆتۈڭ | ئۈتەڭ |

2) ئەدەبىي تىلدا ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلىنى ياساش ئۈچۈن، ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا «ئاتتىم، ئەتتىم» لەر ئۇلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى ۋە تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئەتتىم» ، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئاتتىم» ئۇلىنىدۇ. پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى «ئە» دىن تۈزۈلگەن بولسا، بۇ تاۋۇش «ئې» غا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئەمما، كېرىيە شېۋىسىدە ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوغۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا بىردەك «ئىتتىم» ئۇلىنىدۇ؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئو» دىن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا «ئۇتتىم» ئۇلىنىپ كېلىپ، پېئىلنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئو» تاۋۇشى «ئۇ» غا ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئۆ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئۈتتىم» ئۇلىنىپ، پېئىلنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئۈ» گە ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئۇ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئۇتتىم» ئۇلىنىپ كېلىدۇ؛ ئاخىرقى بوغۇمى «ئۈ» دىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا «ئۈتتىم» ئۇلىنىپ كېلىدۇ (بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئاخىرقى بوغۇمى يېپىق بوغۇم بولغان پېئىللاردۇر). مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ماڭ — ماڭاتتىم | ماڭىتتىم |
| يەش — يېشەتتىم | يىشتىتتىم |
| قىس — قىساتتىم | قىستىتتىم |
| توس — توساتتىم | تۇسۇتتىم |
| تۆك — تۆكەتتىم | تۇكۇتتىم |
| ئۇر — ئۇراتتىم | ئۇرۇتتىم |
| ئۇز — ئۇزەتتىم | ئۇزۇتتىم |
| سال — سالاتتىم | سالىتتىم |
| ئەز — ئېزەتتىم | ئىزىتتىم |
| تىق — تىقاتتىم | تىقىتتىم |
| توي — توياتتىم | تۇيۇتتىم |
| تۇر — تۇراتتىم | تۇرۇتتىم |
| ئۇلگۇر — ئۇلگۇرەتتىم | ئۇلگۇرۇتتىم |

بۇ خىلدىكى پېئىللارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۇچۇن ئەدەبىي تىلدا «تىم» نىڭ ئورنىغا «تۇق» ئالمىشىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بىردەك «تۇك» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ماڭاتتۇق | ماڭىتتۇك |
| چىقاتتۇق | چىقىتتۇك |
| بوغاتتۇق | بۇغۇتتۇك |
| تۇرەتتۇق | تۇرۇتتۇك |
| كېلەتتۇق | كىلىتتۇك |
| كۆرەتتۇق | كۆرۈتتۇك |
| بۇزاتتۇق | بۇزۇتتۇك |
| تېرىيتتۇق | تېرىيتتۇك |

بۇ خىل ئەھۋال مەيلى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار بولسۇن، ياكى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار بولسۇن ھەممىسىدە ئوخشاش كېلىۋېرىدۇ. بۇ خىل پېئىللارنىڭ 2 - شەخس ۋە 3 - شەخس شەكلىدە قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار-

نىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسى يۇقىرىقىلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاخىرقى بوغۇم ياكى تاۋۇشلار ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ.

3) خەۋەر رايىدىكى ئۆتكەن زامان سۈپەت خەۋەر پېئىللىرى ئەدەبىي تىلدا «پ، ىپ، ئۇپ، ئۈپ» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداش پېئىللارغا ئاۋۋال «يات» قوشۇمچە پېئىلى، ئاندىن «ئات» قوشۇمچە پېئىلى قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. «يات» قوشۇمچە پېئىلى جانلىق تىلدا «ۋات» بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە ئاشۇ خىلدىكى رەۋىشداش پېئىللارغا ئالدى بىلەن «تۇر» قوشۇمچە پېئىلى، ئاندىن «ئات» قوشۇمچە پېئىلى، ئاخىرىدا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئەلۋەتتە، شەخس قوشۇمچىلىرى كېرىيە شېۋىسىدىكى قائىدە بويىچە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئىسىپ — ئىسىۋاتاتتىم | ئىسىپ تۇرتتىم |
| ئويلاپ — ئويلاۋاتىدۇ | ئويلاپ تۇرىتۇ |
| مېڭىپ — مېڭىۋاتاتتىڭ | مېڭىپ تۇرۇتتىڭ |
| كۆرۈپ — كۆرۈۋاتاتتۇق | كۆرۈپ تۇرۇتتۇك |
| يېزىپ — يېزىۋاتاتتىڭلار | يېزىپ تۇرۇتتىڭلا |
| ئىشلەپ — ئىشلەۋاتاتتىم | ئىشلەپ تۇرۇتتىم |

بۇ خىلدىكى پېئىللارنىڭ ھەر قايسى شەخس، بىرلىك ۋە كۆپلۈك تۈرلىرى، بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ.

4) ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلىنى ياساشتا، ئەدەبىي تىلدا «غان، قان، گەن، كەن» لەر ئارقىلىق تۈرلەنگەن سۈپەتداش پېئىللارنىڭ كەينىگە ياردەمچى پېئىل «ئىكەن» ئۇلىنىپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ياكى، «پ، ىپ، ئۇپ» لەر ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداش پېئىللارغا ئالدى بىلەن 3 - شەخس ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «تۇ» ئۇلىنىپ، ئاندىن ياردەمچى پېئىل «ئىكەن» قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بىراق، كېرىيە شېۋىسىدە بولسا،

«پ، ىپ، ئۇپ، ئۈپ» لەر بىلەن ياسالغان رەۋىشداش پېئىللارغا 3 - شەخس ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «تۇ» ئۇلىنىپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، ئاخىرىدا ياردەمچى پېئىل «ئىكەن» ئۇلىنىش ئارقىلىق 1 - شەخس شەكلى ياسىلىدۇ. 2 - شەخس شەكلى ئۇچۇن «تۇ» قوشۇلمايدۇ. بۇ خىل تۇرلەش شەكلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى مۇنداق:

| | |
|---|---|
| رەۋىشداش + تۇ + ئىكەن + شەخس قوشۇمچىلىرى<br>سۇپەتداش + ئىكەن + شەخس قوشۇمچىلىرى | ئەدەبىي تىلدا |

رەۋىشداش + تۇ + شەخس قوشۇمچىلىرى + ئىكەن} كېرىيە شېۋىسىدە

بۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىش شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

تىكەنمەن، تىكەنمىز (1 - شەخس)، تىكەنسەن، تىكەنسىلەر (2 - شەخس)، تىكەن (3 - شەخس)

تىمەنكەن، تىمىكەن، تىمىزكەن (1 - شەخس)، سىكەن، سىلىكەن (2 - شەخس)، تىكەن (3 - شەخس)

بۇ خىل پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى رەۋىشداش پېئىللارنى بولۇشسىز شەكىلگە كىرگۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن يۇقىرىقى قوشۇمچىلار ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە سۇپەتداش پېئىللاردىن بۇ خىل شەكىل ياسالمايدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كۆرۈپتىكەنمەن | كۇرەپتىمەنكەن |
| ئوقۇغان ئىكەنسەن | ئوقۇپسىكەن |
| يېزىپتىكەنمىز | يېزىپتىمىزكەن |
| يىغلاپتىكەنمەن | يىغلاپتىمىكەن |
| بارغان ئىكەنسىلەر | بېرىپسىلىكەن |
| يېزىپتىكەنمىز | يېزىپتىمىزكەن |
| بارغان ئىكەنسىلەر | بېرىپسىلىكەن |
| مېڭىپتىكەنسەن | مېڭىپسىكەن |

5) ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر پېئىلىنى ياساشتا، ئەدەبىي تىلدا «پ، ىپ، ئۇپ، ئۈپ» لەر ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداش پېئىللارنىڭ كەينىگە ياردەمچى پېئىل «ئىدى» ئۇلىنىپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ چاغدا رەۋىشداش پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە ياساش شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، رەۋىشداش پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى ئۆز پېتى كېلىپ، ياردەمچى پېئىل «ئىدى» نىڭ بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە «د» تاۋۇشى «ت» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كېلىۋىدىم | كېپتىم |
| بېرىۋىدىڭ | بېرىپتىڭ |
| بېسىۋىدى | بېسىپتى |
| چىقىۋىدۇق | چىقىپتۇق |
| يېزىۋىدىڭلار | يېزىپتىڭلا |
| كۈلۈۋىدىم | كۈلۈپتىم |

«ئەھە - ئەھە دەپتىم، ئاش ئەتمىگەن خوتۇننىڭ
قەنت زاۋۇتتىن كەپتىم. سۆزىنى بېرەر دەپتىم».

3. بىر قىسىم قوشما پېئىللار

ئەدەبىي تىلدا پېئىل بىلەن پېئىلدىن تۈزۈلگەن قوشما پېئىللار ئادەتتە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدىمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر كېيىنكى پېئىللار سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بولسا، ئەدەبىي تىلدا رەۋىشداش قوشۇمچىسىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدىكى كۆپ ساندىكى قوشما پېئىللارمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ. لېكىن، كېرىيە شېۋىسىدە شۇنداق بىر قىسىم قوشما پېئىللارمۇ باركى، ئۇلار ئالدىنقى پېئىلدىن بىر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تاۋۇش ياكى بوغۇملىرى چۈشۈپ قېلىپ، كېيىنكى پېئىل بىلەن زىچ بىرىكىپ كېتىدۇ. بۇ خىل قوشما پېئىللار ئاڭلىتىشتا خۇددى بىرلا تۈپ پېئىلدەكلا بىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| كىرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- |
| قاپقوي | قويۇپ قوي |
| ئەكەت | ئېلىپ كەت |
| تاشىۋات | تاشلىۋەت |
| چىكەت | چىقىپ كەت |
| ئېۋال | ئېلىۋال |
| سېتىۋات | سېتىۋەت |

تاشىۋاتماڭلا ياش باللا قېرىلىنى، ئېۋاغىلى بومايتكەن بىلىكىنى، بېقىۋاغىلى بومايتكەن ئۆلگىنىنى. كۈرۋاغىلى بومايتكەن كۆيگىنىنى.

4. باشقا ئەھۋاللار

تۈپ پېئىللارنىڭ كەينىگە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان «سىلا، سىلە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، تۈرلۈك كاتېگورىيىلەرنى ئىپادىلىگەندە، كېرىيە شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىدىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «سلا» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەگەر تۈپ پېئىل سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، «س» تاۋۇشى شۇ سوزۇق تاۋۇشقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، ھېچقانداق سوزۇق تاۋۇش قوشۇلمايدۇ. بۇ چاغدا تۈپ پېئىللاردا تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش، تاۋۇش ئالمىشىش ئەھۋالى نىسبەتەن كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| كىرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- |
| كەسلە | كەلسىلە |
| بەسلە | بەرسىلە |
| يۇگۇسلا | يۇگۇرسىلە |
| چىقسلا | چىقسىلا |
| تەسىرلەسلە | تەسىرلەنسىلە |
| ئەسلە | ئەتسىلە |
| قىزامسلا | قىزارمىسىلا |
| باقىسلا | باقسىلا |

5. ياردەمچى پېئىللار

ياردەمچى پېئىللار «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» لار كېرىيە شېۋۇ-

سىدە بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «دى، كەن، مىش» شەكلىدە سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| شۇ ئىمىش | شۇمىش | ئاق ئىمىش | ئاقمىش |
| بالا ئىكەن | بالىكەن | قىزىل ئىكەن | قىزىلكەن |
| قاسىم ئىدى | قاسىمدى | يوغان ئىدى | يوغاندى |

ئەدەبىي تىلدا «ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىلى پېئىللارغا ياندىشىپ كەلگەندە، چوقۇم سوپەتداش پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، 3 - شەخس ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بارغان ئىكەن | بېرىپتىكەن |
| بارغان ئىمىش | بېرىپتىمىش |
| چىققان ئىكەن | چىقىپتىكەن |
| چىققان ئىمىش | چىقىپتىمىش |

«ئىدى» ياردەمچى پېئىلىمۇ ئەدەبىي تىلدا سوپەتداش پېئىللارنىڭ كەينىگە ياندىشىپ كېلىدۇ. لېكىن، كېرىيە شېۋىسىدە رەۋىشداش پېئىللارنىڭ كەينىگە ياندىشىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ياردەمچى پېئىلدىكى «د» تاۋۇشى «ت» غا ئالمىشىپ «تى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| كەلگەن ئىدى | كېپتى | چىققان ئىدى | چىقىپتى |
| بىلگەن ئىدى | بىلىپتى | يېمىگەن ئىدى | يىمەپتى |

بۇ خىل شەكىلدە كەلگەن پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندىمۇ ئۆزگىچە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەلگەن ئىدۇق — كېپتۇق؛ چىققان ئىدىڭلار — چىقىپتىڭلا؛ بىلگەن ئىدىم — بىلىپتىم؛ يېمىگەن ئىدىڭ — يىمەپتىڭ؛ كۆرگەن ئىدۇق — كۆرەپتۇق؛ بارغان ئىدۇق — بېرىپتۇق

ئەدەبىي تىلدا «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلىنىڭ كەينىگە «ئىمىش» ياردەمچى پېئىلى ياندىشىپ كېلىپ «ئىكەنمىش» شەكلىدە كېلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە ئەكسىچە «ئىمىش» نىڭ كەينىگە «ئىكەن» ياندى-

شىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
شۇ ئىكەنمىش — شۇمىشكەن؛ خوتەنلىك ئىكەنمىش — خوتەنلىگمىشكەن؛ بارغان ئىكەنمىش — بېرىپتىمىشكەن؛ ئوقۇغان ئىكەنمىش — ئوقۇپتىمىشكەن

## 4. سۆپەت قوشۇمچىلىرى

باشتا مەن سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار «لىق، لۇق، لىك، لۈك» لەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. تۆۋەندە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم سۆپەت ياسىغۇچى ۋە سۆپەت تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1) «دەك، تەك» قوشۇمچىلىرى: ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرۈش مەنىسىدە كېلىدىغان «دەك، تەك» قوشۇمچىلىرى كېرىيە شېۋىسىدە ئاخىرىدىكى «ك» تاۋۇشى «ي» غا ئالمىشىپ، «دەي، تەي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ئومۇمىيۈزلۈك شۇنداق. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| مۇشتۇمدەك | مۇشتۇمدەي |
| تاغدەك | تاغدەي |
| سەمەتتەك | سەمەتتەي |
| مەندەك | مەندەي |
| ناۋاتتەك | ناۋاتتەي |
| ئۇرغاندەك | ئۇغاندەي |

«تامچى بولساڭ ئۇستا بول، يارنى سۆيسەڭ تەيلىگ سۆي،
سايۋاغلىغىنىڭ تامچىسىدەي، هارۋىكەشنىڭ قامچىسىدەي».

2) 3 - شەخس كەلگۈسى زامان شەكلى ھەر خىل دەرىجىدىكى پېئىللاردىن سۆپەت ياسىغاندا، ئەدەبىي تىلدا «غان» قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە 3 - شەخس كەلگۈسى زامان شەكلى يەرلىك شېۋە بويىچە تۈزۈلۈپ، ئاخىرىغا «قان» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. بۇ يەردە «غان» قوشۇمچىسىنىڭ «قان» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىشىغا، ئەدەبىي تىلدىكى 3 - شەخس كەلگۈسى زامان قوشۇمچە-

ـسى «دۇ، ئىدۇ» لارنىڭ كىرىيە شېۋىسىدە «تۇ، ئىتۇ» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كىرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يۇرگۈزىدىغان | يۇگۈزۈتقان |
| ئۇخلايدىغان | ئۇخلايتقان |
| چىقىرىدىغان | چىقىرىتقان |
| كېلىدىغان | كىلىتقان |
| يەۋېرىدىغان | يەيۋېرىتقان |

3) چەكلەش، تەڭلەشتۇرۇش مەنىسىدىكى سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «چىلىك» كىرىيە شېۋىسىدە «چىلەك» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قانچىلىك — قانچىلەك؛ مۇشتۇمچىلىك — مۇشتۇمچىلەك؛ دادامچىلىك — دادامچىلەك؛ مۇشۇنچىلىك — مۇشۇنچىلەك

«ئىشق ئوتى ئالدىدا، مېنى شۇنداغ كۆل قىلغان،
دوزاخ ئوتى قانچىلەك؟ قېشى قارا موندىلەك[1]» .

2. سۇپەت دەرىجە قوشۇمچىلىرى

سۇپەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمـ چىلار كىرىيە شېۋىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

قىزىل، قىزىلرەك، قىپقىزىل، قىزغۇچ، قىزىلغىنا ـ قىزىل، قىزىلراق، قەپقىزىل، قىزىلىش، قىزىلغىنەم؛ سېرىق، سېرىقراق، ساپ ـ سېرىق، ساغۇچ، سېرىققىنا ـ سېرىغ، سېرىغراق، سوپسېرىغ، ساغۇنجى، سېرىققىنەم؛ كىچىك، كىچىكرەك، ئىنتايىن كىچىك، كىچىكلا، كىچىككىنا ـ كىچىگ، كىچىگراق، كىچىكنەك، كىچىگـ ـلام، كىچىككىنەم؛ پاكار، پاكارراق، ناھايىتى پاكار، پاكارلا، پاكارـ غىنا ـ پاكا، پاكاراق، پاكاغىنەك، پاكالام، پاكاغىنەم

«تاغىنەم كۆڭلەك كىشپلا، ھەممە ئادەم غۇنچە بويكەن
زەپ ياراشىپتۇ خېنىم. دەپ قاراشىپتۇ خېنىم.»

[1] موندىلەك — ئەركىلەتمە سۆز، «ئوماق» مەنىسىدە.

## 5. ئۆلانمىلار

كېرىيە شېۋىسىدىكى ئۆلانمىلار سان جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكىدىن ئاز بولۇپ، شەكىل جەھەتتىمۇ بەزى پەرقلەرگە ئىگە. ئۆلانمىلاردىكى شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىمۇ يەرلىك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ.

1. سوراق ئۆلانمىلىرى

1) سۆزلەرنىڭ كەينىگە كېلىپ سوراقنى بىلدۈرىدىغان «مۇ» ئۆلانمىسى كېرىيە شېۋىسىدە «ما» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|---|---|
| كەلدىمۇ؟ | كەلدىما؟ | ياغاچمۇ؟ | ياغاچما؟ |
| ئاشۇمۇ؟ | ئاشۇما؟ | قىزىلمۇ؟ | قىزىلما؟ |
| بەشنىمۇ؟ | بەشنىما؟ | يازدىڭمۇ؟ | يازدىڭما؟ |

2) ئىسىم ۋە ئالماشلارنىڭ كەينىگە كېلىپ سوراقنى بىلدۈرىدىغان «چۇ» ئۆلانمىسى كېرىيە شېۋىسىدە «چا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دەپتەرچۇ — دەپتەرچا؛ دىلبەرچۇ؟ — دىلبەرچا؟؛ ئۇچۇ؟ — ئۇچا؟؛ مەنچۇ؟ — مەنچا؟

3) پېئىللارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ كەلگۈسى زامان سوراق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مدۇ، ئامدۇ، ئەمدۇ» ئۆلانمىلىرى كېرىيە شېۋىسىدە «متۇ، ئامتا، ئەمتا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئوينامدۇ؟ | ئوينامتا؟ |
| يىغلامدۇ؟ | يىغلامتا؟ |
| سۆزلەمدۇ؟ | سۆزلەمتا؟ |
| بېرەمدۇ؟ | بىرەمتا؟ |

4) پېئىللارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ سوراقنى بىلدۈرىدىغان «دۇ» پېئىللار مەيلى قانداق شەكىلدە تۈرلىنىپ كەلگەن بولسۇن، كېرىيە شېۋىسىدە بىردەك «تا» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| كىلەمتىغانتا؟ | كېلەمدىغاندۇ؟ |
| كۆمەمتىقانتا؟ | كۆرمەمدىغاندۇ؟ |
| كۆرەممىتا؟ | كۆرۈپمىدۇ؟ |
| كېلىتقانمىتا؟ | كېلىدىغانمىدۇ؟ |
| كۆگەنمىتا؟ | كۆرگەنمىدۇ؟ |

5) ئەدەبىي تىلدا 3 - شەخس سوراق مەنىسىدىكى پېئىللارنىڭ كەينىگە «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلۇپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق سوراق ئىپادىلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە 3 - شەخس سوراق مەنىسىدىكى پېئىللارنىڭ كەينىگە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، ئاندىن «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلى ئۇلىنىش ئارقىلىق سوراق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ چاغدا «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلىغا «ئا» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلاپ «ئىكىنا» شەكلىدە كېلىدۇ. يەنى:

ئەدەبىي تىلدا: بارامدۇ؟ + ئىكەن= بارامدىكەن+ مىز= بارامدىكەنمىز؟

كېرىيە شېۋىسىدە: بارامتۇ؟ + مىز= بارامتىمىز+ ئىكىنا= بارامتىمىزكىنا؟

مەسىلەن:

| كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| بارامتىمەنكىنا؟ | بارامدىكەنمەن؟ |
| بارامسىلىكىنا؟ | بارامدىكەنسىلەر؟ |
| بارامسىكىنا؟ | بارامدىكەنسەن؟ |
| بارامتىمىزكىنا؟ | بارامدىكەنمىز؟ |

6) ئىسپاتلاش مەنىسىدە ۋە گۇمان مەنىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوراقنى ئىپادىلەشتە، ئەدەبىي تىلدا ھەر خىل شەكىلدە تۈرلەنگەن پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «دۇ» نى ئۇلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىدىكى «د» تاۋۇشى «ت» غا ئالمىشىپ «تۇ» شەكلىدە كېلىدۇ ھەم سۆز ئاخىرى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| سىنىڭدۇ؟ | سىنىڭتۇ؟ |
| شۇنداقتۇ؟ | شۇنداغتۇ |
| بەرگەندۇ؟ | بەگەنتۇ؟ |
| كەلگەنمىدۇ؟ | كەلگەنمىتۇ؟ |
| بارغاندۇ؟! | باغانتۇ؟! |
| شۇمىدۇ؟ | شۇمىتۇ؟ |

ئايۋانىڭنىڭ ۋاسىسى، مېنى كۆيدەگەن جۇگان،
ئاتمىشمىتۇ؟ يەتمىشمىتۇ؟ ئاشۇمىتۇ؟ يەڭگۈشمىتۇ؟

7) ئەدەبىي تىلدا سۈپەتداش پېئىللارنىڭ كەينىگە «مىدى» قوشۇلۇپ كېلىپ سوراق ئىپادىلىنىدۇ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق تۈرلىنىپ، ھەر خىل شەخستىكى سوراق مەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە بولسا، پېئىللارنىڭ كەينىگە «مىدى» قوشۇلۇپ كېلىپ سوراق ئىپادىلىنىدۇ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىلنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، رەۋىشداش پېئىللارنىڭ كەينىگە ئەدەبىي تىلدىكىدەك «مىدى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل تۈرلىنىشتە تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش، تاۋۇش ئالمىشىش ھادىسىسى ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈلگەچكە، بۇ خىل تۈرلىنىش شەكلىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، يەنى ئەدەبىي تىلدا: «(پېئىل) گەن + مىدى = (پېئىل) گەنمىدى» شەكلىدە تۈرلەنسە، كېرىيە شېۋىسىدە: «(پېئىل) ئىپ + مىدى = (پېئىل) ئىپمىدى» شەكلىدە تۈرلىنىدۇ ۋە «پ» تاۋۇشى «م» غا ئالمىشىپ «ئىممىدى» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا تۈپ پېئىللاردا تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ۋە ئالمىشىش ھادىسىسى ئېغىر بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| كەلگەنمىدى؟ | كىممىدى؟ |
| چىققانمىدىڭلار؟ | چىقممىدىڭلا؟ |
| كۈلگەنمىدىم؟ | كۈلۈممىدىما؟ |

ئۇرغانمىدۇق؟ ئۇرۇممىدۇكا؟
بارغانمىدىڭ؟ بېرىمىدىڭا؟
سالغانمىدىڭىز؟ سېممىدىڭىز!؟

8) ھەم سوراق، ھەم جاۋاب مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «غۇ، قۇ» ئۇلانمىلىرى كېرىيە شېۋىسىدە ئىشلىتىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا «يا» ئىشلىتىلىپ، شۇ خىل رولىنى ئارتقۇزىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:
قىزىلغۇ؟! قىزىليا؟!
بەشقۇ؟! بەشيا؟!
ئاشۇغۇ؟! ئاشۇيا
ئەنىغۇ؟! ئەينىيا؟!
كەلدىمغۇ؟! كەلدىميا؟!
يوققۇ؟! يوقيا؟!
دۇتارىڭنىڭ تارىسى، مېنى كۆيدەگەن قىزچاق،
پەي - پەيگە ئوخشايتۇيا؟! تەيتەيگە ئوخشايتۇيا؟!

9) كۈچەيتىش رولىنى ئۆتەيدىغان ئۇلانما «لا» كېرىيە شېۋىسىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «غىنە، غىنەم، غىنەك، قىنە، قىنەم، قىنەك» قاتارلىق قوشۇمچىلار (سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە ۋە كېمەيتمە دەرىجىلىرىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار) ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: كېرىيە شېۋىسىدە:
مەنلا مەنغىنەم
سېنىلا سىنىغىنەم
يۈگۈرۈپلا يۈگۈرۈپقىنەك
كېلىپلا كىلىپقىنەم
ئونىلا ئونىنىغىنەك
خوتەنگىلا خوتەنگىغىنەم

## 6. قوشۇمچىلارنىڭ تاۋۇش ئالماشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى

تىلىمىزدىكى تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، سۆز

تۇرلىنگۇچى قوشۇمچىلار ۋە ئۆلانمىلار قوشۇلۇپ كەلگەندە، تۈپ سۆز- لەرنىڭ كېيىنكى بوغۇمىدا تاۋۇش ئالمىشىش ۋە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىرلا- پ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال سوزۇق تاۋۇشلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىرلاپ ياكى ئالمىشىپ كېتىشىگە ئاساسەن قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلار سەۋەب بولىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدىكى بىر قىسىم قوشۇمچە ۋە ئۆلانمىلار ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلەنگەچكە، بولۇپمۇ قوشۇمچە ۋە ئۆلانمىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمىغاچقا، تاۋۇش ئالمىشىش ئەھۋالىمۇ ئوخ- شاشمايدۇ. بىر قىسىم ئوخشاش قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن سۆز- لەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەدەبىي تىلدا تاۋۇش ئالماشمايدىغان سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە تۇرلەنگەندە تاۋۇش ئالمىشىپ كېتىدۇ.

1) بىر قىسىم قوشۇمچىلار سۆز تۇرلىگەندە، ئەدەبىي تىلدىمۇ، كېرىيە شېۋىسىدىمۇ تۈپ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تا- ۋۇشلار ئوخشىمىغان شەكىلدە ئالمىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كەل — كېلىپ | كىلىپ |
| ئەگ — ئېگىشى | ئىگىيشى |
| ئەت — ئېتىكلىك | ئىتىگلىگ |
| مەن — مېنىڭ | مىنىڭ |

2) بىر قىسىم قوشۇمچىلار سۆز تۇرلىگەندە ئەدەبىي تىلدا تۈپ سۆزلەر ئۆز پېتى كېلىدۇ، كېرىيە شېۋىسىدە تاۋۇش ئالمىشىپ كېتى- دۇ. مەسىلەن:

كۆرۈشكىن — كۆرەشكىن؛ سۆزۈم — سۇزەم؛ ئۆچۈر — ئۇچە؛ گۆرۈم — گۇرام؛ بويۇم — بۇيام؛ توسۇن — تۇسان

3) كېرىيە شېۋىسىدىكى بىر قىسىم قوشۇمچىلار سۆز تۇرلىگەندە تۈپ سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتمەي، قوشۇمچە تەركىبىدىكى سو- زۇق تاۋۇش ئالمىشىپ، يەرلىك تىل ئادىتى بويىچە تۈپ سۆزگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

خۇشلۇق — خوشلاق؛ توملۇق — توملاق؛ بەش مولۇق — بەش

مولاق؛ ئۆچلۈك — ئۆچلەك؛ قويدۇم — قويدام؛ ئوڭلۇق — ئوڭلاغ
ماقالدا مۇنداق كەلگەن: دۇنيا كىتە بوشلاقتىن، ئىمان كىتە
شوخلاقتىن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كېرىيە شېۋىسىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى — قوشۇمچىلار ۋە ئۇلانمىلاردىكى ئۆزگىچىلىك، ئاشۇ ئۆزگىچە قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكتە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىچە ئەھۋاللارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ، يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار، قانۇنىيەتلىك تەرەپلىرىمۇ، قانۇنىيەتسىز تەرەپلىرىمۇ بار.

# كېرىيە شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى

كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەرمۇ، «خوتەن تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەرمۇ، باشقا قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەر تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، ئەينەن ساقلىنىپ قېلىش، كۆپ ساقلىنىپ قېلىش جەھەتلەردە ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. كېرىيە شېۋىسىدە يەنە «خوتەن تىلى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان «خاقانىيە تىلى» دىكى سۆزلەرمۇ؛ ھازىرقى خوتەن دىئالېكتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سۆزلەرمۇ؛ خوتەن، قەشقەر، لوپنۇر، قۇمۇل، تۇرپان، غۇلجا ... دىئالېكت ـ شېۋىلىرى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە سۆزلەرمۇ؛ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان، كېرىيە شېۋىسىگە خاس سۆزلەرمۇ بار. بۇ خىل ئەھۋال كېرىيە شېۋىسىنى لېكسىكا جەھەتتىن مۇرەككەپ تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغان.

## 1. «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر

كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» نىڭ بەزى مورفولوگىيىلىك ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپلا قالماستىن، يەنە «خاقانىيە تىلى» دىكى سۆزلەرمۇ نىسبەتەن كۆپ ساقلىنىپ قالغان. بۇ

سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بولسا، بەزىلىرى بۇزۇلۇپ (شەكىل ئۆزگەرتىپ) ساقلىنىپ قالغان، يەنە بەزىلىرى مەنە ئۆزگەرتىپ ساقلىنىپ قالغان.

1. ئەينەن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر

كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئەينەن ۋە توغرا ساقلىنىپ قالغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تىكەن» سۆزى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: تىكەن، بۇ سۆزنىڭ يېنىك ۋە قىسقا شەكلى شۇنداق قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇ سۆز ئىككى «ك» بىلەن «تىككەن» بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى بۇ سۆز «تىكمەك، قادىماق، سانجىلماق» مەنىلىرىدىكى «تىكدى» سۆزىدىن ئېلىنغان. «تىككەن» سۆزىدىكى بىرىنچى «ك» سۆزدنىڭ ئەسلىي تومۇرى «ك» بولۇپ، ئىككىنچى «ك» سۈپەت ياساشقا لازىم بولغىنى ئۈچۈن كېيىن قويۇلغان.① كېرىيە شېۋىسىدە بۇ سۆز دەل مەھمۇد قەشقەرى تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، ئىككى «ك» بىلەن «تىككەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە «ئاستىن» دېگەن سۆزنى: ئاستىن، بۇ سۆز توغرا ئەمەس، توغرىسى «ئالتىن» دەپ ئىزاھلىغان. كېرىيە شېۋىسىدە بۇ سۆز دەل «توغرىسى» بويىچە «ئالتىن» دەپ ئېيتىلىدۇ.

كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىن ئەينەن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر خېلىلا كۆپ. مەن بۇ يەردە پەقەت بىر قىسمىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان، ئەدەبىي تىلدا بولسا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئاغ | ئاغ | چاتارا، چات |
| ئۇچا | ئۇچا | دۈمبە |
| قورۇش | قورۇش | ساقلاش، قوغداش |

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىلى نەشرى. 1-توم، 54-بەت.

| | | |
|---|---|---|
| ئۆلدىماق | ئۆلدىماق | قاپارماق (پۆت) |
| بۆگدى | بۆگدى | توستى، باغلىدى (سۆنى) |
| تۆگەل | تۆگەل | پەقەت، زادى، پۈتۈنلەي |

2) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان، ئەدەبىي تىلدا بولسا خېلىلا بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئىتتى | ئىتتى | ئىتتەردى |
| چوزدى | چوژدى | سوزدى |
| قۇتۇردى | قۇتۇردى | قۇترىدى |
| بەلگۈلۈگ | بەلگۈلۈگ | بەلگىلىك (بەلگىسى بار) |
| ئانداغ | ئانداغ | ئۇنداق |

3) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان، ئەدەبىي تىلدا بولسا بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش ئالمىشىپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئۇرۇغ | ئۇرۇغ | ئۇرۇق (دان) |
| ئۇلاغ | ئۇلاغ | ئۇلاق (كىيىمگەسېلىنغان ئۇلاق) |
| يىلدىز | يىلدىز | يىلتىز |
| قۇرۇغ | قۇرۇغ | قۇرۇق («ھۆل» نىڭ ئەكسى) |
| يۈزلۈگ | يۈزلۈگ | يۈزلۈك (ئابرۇيلۇق) |

4) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. ئەدەبىي تىلدا بولسا، بىرلا سوزۇق تاۋۇش ئالمىشىپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| سىندى | سىندى | سۇندى |
| يولسۇز | يولسوز | يولسىز |
| يانا | يانا | يەنە |

2. بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر

كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىن ئازراقلا بۇزۇلۇپ ساقلىـ

ـنىپ قالغان سۆزلەرمۇ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇش دەرىجىسى ۋە بۇزۇلۇش شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

1) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئازراقلا بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان، لېكىن، بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- | --- |
| ئارىغ | ئېرىغ | پاكىز |
| ئاغىل | ئېغىل | قوتان |
| ئۆزۈت | ئۆزات | سۇنۇۋەت |
| ئەشلىدى | ئىشتىلدى | ئاڭلاندى |
| قىر | قى | تۆپىلىك، دۆڭ |
| بۆرك | بۆك | دوپپا |

2) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئازراقلا بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان، ئەدەبىي تىلدا بولسا، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- | --- |
| شەشدى | شەشتى | يەشتى |
| سەشدى | سىرىشتى | شىرىشتى |
| مۇش | مىش | مۇشۇك |
| تۇغ | تۇغ | تۇغان |
| تەرى | تىرە | تېرە |

3) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان، ئەدەبىي تىلدا بولسا، ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
| --- | --- | --- |
| ئەۋزەدى | ئەۋزەيلىدى | تەگدى، سۆزلەپلا كەتتى |
| قوغۇش | قوغداش | ئۇستى ئوچۇق نو |
| بارىغ | بۇراغ | سېسىق |

| | | |
|---|---|---|
| مانچۇ | مانجا | سىمكار، ئىش ھەققى |
| شوغلۇ | شوخلا | ئىت ئۈزۈمى |
| باشناق | باشتاق | يالاڭۋاش |

4 ) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىمۇ، كېرىيە شېۋىسىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئۈترۈ | ئوتتۇ | ئۇتتۇر |
| يىنچۈ | يىنجى | ئۈنچە |
| بەنەك | پىنەك، پىنە | پىچەك |
| بۇردى | بۇرۇدى | پۇرىدى |
| كۆترۈم | كۆتۈرەم | كۆتۈرمە |

5 ) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا بەكرەك بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| يۇقتۇردى | شۇقتۇردى | يۇقتۇردى |
| يىتتى | شىتتى | يىتتى (يوقالدى) |
| قىرق | قىخ | قىرىق |
| يالۋاردى | يالۋەدى | يالۋۇردى |
| ياپتاق | شۇپتاق | ياۋداق |

3 . مەنە ئۆزگەرتىپ ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر

«خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە مەنە ئۆزگەرتىپ ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ئەدەبىي تىلدا ئەسلىي مەنىسىدە ياكى مەنە ئۆزگەرتىپ ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان. كېرىيە شېۋىسىدىكى بۇ خىل سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى شەكىل جەھەتتىن ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بولسا، يەنە بەزىلىرى بۇزۇلۇپ (شەكىل ئۆزگەر- تىپ) ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

«دىۋان» دا: كېرىيە شېۋىسىدە:

| | |
|---|---|
| مەردەك — ئېيىق كۈچۈكى | مەدەك — چوشقا كۈچۈكى |
| ئەركەك ئىشلەر — بوزۇق خوتۇن | ئەكەك چىشى(ئەرگە مايىل ئايال) |
| باغنا — شوتا بالدىقى | باغنا — ۋادەك |
| كۇرك — جوۋا | كۇررەك جوۋا — تاشلانمىغان جوۋا |
| ئۇلاغ — پوچتا ئېتى | ئۇلاغ — ئات ـ ئېشەك |

4 . باشقا ئەھۋاللار

1 ) كېرىيە شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىن ساقلىنىپ قالغان، ئەمما بارغانچە ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن، «ئەم» سۆزى باشقىلارنى تىللاشتا «ئانىڭىزنىڭ ئېمى» شەكلىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. «ئۇلداڭ» (ئۇلتاڭ) سۆزى، «گېلىنى يىغقان سۇلتان بولۇر، گېلىنى يىغمىغان ئۇلتاڭ بولۇر» ، «سەگكە ئۇۋات كىسە ئۇلتاڭ يېمەس» دېگەن ماقالللاردىلا ئىشلىتىلىدۇ. «قار-دى» (قادى) سۆزى قوي مېيى بىلەن سۇ مېيىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان ئەبجەش مايغىلا قارىتىلىدۇ. بۇ خىل ماي «قادى ياغ» دەپ ئاتىلىدۇ. «بۇل» سۆزى بۇزۇلغان بۇغداي ۋە ئۇنغىلا قارىتىلىدۇ. «كۆكلەتتى» سۆزى يوتقان - كۆرپىلەرنى قول بىلەن تىكىشكىلا قارىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار خېلى كۆپ. بۇ يەردە ھەممىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن.

2 ) «خاقانىيە تىلى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە خەلقى ئارىسىدا لەقەم بولۇپ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل لەقەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەتتا لەقەم ئىگىلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ. بەزى لەقەملەرنى «خاقانىيە تىلى» دىكى شۇ سۆزنىڭ دەل ئۆزى دېيىش كىشىدە بىر ئاز گۇمان تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى سۆز مەنىسى لەقەم بولۇشقا تازا ماس كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

بۇلغىما — بۇلماق (ياغسىز، تۇزسىز تاماق) ، مەتتوختى بولغىما؛ بۇرك — قاتلاق (پۇرۇلگەن بوغقۇچ) ، ئىمىن بۇرك؛ دەكچەك — ئۇچ پۇتلۇق كىچىك قازان، مەتتۇرسۇن دەكچەك؛ باراق — يۇڭى پاخپايغان ئوۋئىتى، مەستىق باراق؛ چەلپەك — چاپاق (كۆز چاپىقى) ، قاسىم چەلپەك.

3 ) «خاقانىيە تىلى» تىل ئادىتىنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى كېرىيە

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، كېرىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تىل جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بۇ خىل سۆز ۋە تىل ئادەتلىرىنى ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولىدۇ. چۆچەك، رىۋايەتلەرنىڭ تېكىستلىرىدىلا ئەمەس، ماۋزۇلىرىدىمۇ بۇ خىل سۆزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «بەك تۇ باي بىلەن چىلك تۇ باي»، «ھەر ئىشى ھەدلىستە»، «تاڭتا پۇچۇق»، «كېپشىدوزنىڭ داغىل كوۋلاسى» ... قاتارلىقلار. ماقال ـ تەمسىللەردە:

قىزىم يەپ قىغا چىقتى، ئوغلام يەپ ئوۋغا.
ئۇستەككە پۇستەك، مانجىغا توقماق.
يەپ تۇ، بەك تۇ.

قوشاقلاردا «خاقانىيە تىلى» دىكى سۆزلەرلا ئەمەس، بەلكى «خاقانىيە تىلى» نىڭ تىل ئادىتىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

«قارا كۆزۈڭ قايناشۇ، ئون بەش كۈندە بى كەسەم.
ساچىڭ بەلگە چىرماشۇ. داڭلىغ يانىڭ ھالى شۇ».

باللار قوشاقلىرىدا:

«يىنجى ـ ماجان چېچىلدى،
تېرىپ بولالماي كەچ بولدى».

## 2. قەشقەر شېۋىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر

كېرىيە شېۋىسىدە قەشقەر شېۋىسى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە سۆزلەر خوتەن شېۋىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كۆپ. بۇنداق بولۇشى كېرىيە رايونىنىڭ تىل جەھەتتىن خوتەن رايونىغا سېلىشتۇرغاندا «خاقانىيە تىلى» نىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ، خوتەن رايونىدىن بۇرۇن تۈركچىلىشىپ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

1) بۇ ئىككى شېۋىدە شەكىل جەھەتتىمۇ، ئىستېمال مەنىسى جەھەتتىمۇ ئوخشاش سۆزلەر خېلىلا كۆپ. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى خوتەن شېۋىسىدىمۇ بار، بەزىلىرى ھېچقايسى شېۋىدە يوق، پەقەت مۇشۇ ئىككى شېۋىگىلا خاس. مەسىلەن:

(1) خوتەن، قەشقەر، كېرىيە شېۋىلىرىگە ئورتاق سۆزلەر:

چالا — چوتا — چالا — بۇلا؛ خالا — ھاجەتخانا؛ قاشلىماق — قاش سالماق؛ پوملىماق — يۇملاقلىماق؛ پىسپوق — ئېزىلەڭگۈ؛ چام — ئورۇنداشقا تېگىشلىك ھەسسە، ۋەزىپە.

(2) قەشقەر، كېرىيە شېۋىلىرىگە خاس سۆزلەر:

پاخما — پاخپايغان، چۇۋۇلغان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئالتۇن باش داداڭدىن، پاخماباش ئاناڭ ياخشى؛ پوستەك — تۇگمەندە ئۇن سۇپۇرىدىغان تېرە سۇپۇرگە؛ توز — توزۇندا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: توزغا كۆنگەن سەگ (ئىت) قوپاغا ئالتىندا ئۆلەر؛ مەتو — دۆت، كالۋا، غەرەز ئۇقمايدىغان؛ بۇغدىيەك — كېكىردەك؛ ھاڭگا تېرەك — تېرەكنىڭ بىر تۈرى

2) يەنە بىر قىسىم سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن ئازراقلا پەرقلىق، ئىستېمال مەنىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش. مەسىلەن:

| قەشقەر شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| پاخشە | پەخشە | چېقىق تۇخۇم |
| مىتكوت | مىتكوت | پۈتى قايرىلىپ كەتمەك |
| مىنەپتەكۈن | بىنەپتە كۈن | يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلەر |
| نوگاي | نۇگاي | قاپاق چۆمۈچ |
| ئىلىكى قۇرىماق | يىلىگى قۇرىماق | دۇنياسىدىن ئايرىلماق |

3) يەنە بىر قىسىم سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن خېلىلا پەرقلىق، لېكىن ئىستېمال مەنىسى ئوخشاش. مەسىلەن:

| قەشقەر شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| چاقاڭدى | چاقوڭدا | ئوڭدىسىغا |
| ئالىغەلەپ | ئالاغالاپ | ئالىجوقا |
| پىشكە | پىتكە | ئازراق، بىرە، بىر ئاز |
| تۇكۇچە | تۇكۇچ | نان چەككۈچ |
| پەتەك | پىستەك | پاكار |

4) بۇ ئىككى شېۋىدە يەنە شەكىل جەھەتتە ئوخشاش، ئىستېمال مەنىسى ئوخشاشمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

قەشقەر شېۋىسىدە: كېرىيە شېۋىسىدە:

بۇداق: قىياس، مۆلچەر، پەرەز قىممىتىنى، مىقدارىنى مۆلچەرلەپ بېكىتمەك

چۆگەن: توپۇق توپنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ،
ئوينايدىغان ئويۇن قوشاق ئېيتىپ ھاردۇق چىقىرىدىغان ئويۇن
باغجال: سولامچى
بۇجغۇر: بۇدرە

يەنە بەزى سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن ئازراقلا پەرقلەنسىمۇ، ئىستېمال مەنىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن:

| قەشقەر شېۋىسىدە: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| رودا | گاداي، نامرات |
| شىرىشاپ | كىرلىك |
| سىلدىشاپ | شىدىشاپ |
| ۋادەك | شادا سالاسۇن، ۋەدىك |
| رشاتكا | ياغاچ بالداق |
| قۇۋ | ئىشتان بېغى |

كېرىيە شېۋىسىنىڭ باشقا شېۋە ـ دىئالېكتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى باشتا سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يەردە قايتا توختالمايمەن.

## 3. كېرىيە شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق تەرەپلىرى

كېرىيە شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان پەرقلىق تەرىپى خېلى كۆپ، ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىبىگە كىرگۈزۈپ قوللىنىشقا بولىدىغان ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىمۇ بار، بەزى يېتەرسىز تەرەپلىرىمۇ بار.

1) كېرىيە شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدا مەخسۇس ئاتالغۇسى يوق ياكى يىغىنچاق سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر تۈركۈم سۆزلەر بار. مەسىلەن، «خىلىڭ» سۆزىنى ئالساق، بۇ كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۈپەت سۆزى بولۇپ، ئىچ سىرىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدىغان، قولىغا كىرگەن نەرسىنى ئاسانلىقچە قولدىن چىقارمايدىغان مىجەزدىكى كىشىلەر «خىلىڭ ئادەم»

دېيىلىدۇ. بۇ خىل مىجەزدىكى كىشىلەرنى ئەدەبىي تىلدا يىغىنچاق سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. «لاپقۇت» سۆزى بىر - بىرىگە ياردەملىشىش دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئىش - ئەمگەكتە بىر قانچە كىشى بىرلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئىشىغا ئۆپچە ياردەملىشىشكە قارىتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ پېئىل شەكلى «لاپقۇتلاشماق» شەكلىدە كېلىدۇ. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاجالاپ — ئاشلىق ئېلىپ ساتقۇچى؛ گۇلدۇمە — ئېگىز جايدىن سۇ چۇشۇرۇشتە يار تارتىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ياسالغان كىچىك شارقىراتما.

«باش تۈگمەنگە نو قويدۇم، ھەقانچە يامان بوساڭ،
ئاياغ تۈگمەنگە گۇلدۇمە. دۇشمىنىڭگە بولدۇمە.»

كالەكو — غەرەز ئۇقمايدىغان، ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەم؛ ئۇرا تۇۋى — ئۇزۇن مۇددەت ساقلانغان ئاشلىق ۋە نانغا كىرىپ قالىدىغان غەلىتە تەم؛ سالتاڭ — ھېچ نەرسىسى يوق (ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئورتاق)، بويتاقلارمۇ مازاق قىلىنىپ «سالتاڭ» دېيىلىدۇ؛ كۆجۇم — ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان جاي؛ قاپچىمال — ھەر خىل مايلىق دانلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ تارتىلغان سۇماي.

بۇ خىلدىكى سۆزلەر خېلىلا كۆپ، بۇلاردىن باشقا ئەدەبىي تىلدا ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

ئاپقۇت — ئاياغنىڭ سوڭى، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئۆتۈككە ئاپقۇت، ئۆتنىگە لاپقۇت؛ داپشاق — يۇزى قېلىن؛ كالامپاي — قوپال، سۆرەلمە ئادەم؛ چىتىن — ئاچچىقى يامان؛ غىژمال — سارىڭ قېتىش ئادەم؛ مىس — لىقمۇ لىق، دەل؛ چاخانا — ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىي تىلدا مۇستەقىل، خاس ئىسمى يوق نەرسىلەرنىڭ كېرىيە شېۋىسىدە ئىسمى بار. مەسىلەن:

موندەك — قوناق داڭگىلى. شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ، كىچىك چۆگۈنمۇ «موندەك چۆگۈن» دېيىلىدۇ.

كاپ — ئۇستىرا سۇرتۇلىدىغان مەخسۇس لاتا. قوشاقتا مۇنداق

كەلگەن:

«ئۇستىرا كاپ بىلەن، ئىشنى جۆندەيمىز،
باھالاش لاپ بىلەن. گۆش - كاۋاپ بىلەن».

ئەگۈن — شادلىق ئىشىك؛ پاسا — قوناق شېخى؛ تىۋەزىن — كىچىك پالتا؛ زەيدان — زەي چىقىرىش ئۆستىڭى؛ لەڭ — باشقا يۇرتقا توشۇلىدىغان يۈك، كۆپىنچە ئاشلىققا قارىتىلىدۇ، بەزىدە يۈك كارۋانلىرىغىمۇ قارىتىلىدۇ، يۈك توشۇيدىغان تۆگە توپىمۇ «تۆگەلەڭ» دېيىلىدۇ. «لەڭگەر» سۆزىمۇ مۇشۇ سۆزدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قەدىمكى دەۋرلەردە، كارۋانلار ۋە يۈك توشۇغۇچىلار يول ئۇستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان جايلار «لەڭگەر» دېيىلەتتى. ھازىرمۇ شۇ نامدا ئاتىلىدىغان يەرلەر خېلى كۆپ.

يۇقىرىقىدەك سۆزلەر ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرىدىن تېپىلىدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل سۆزلەرنى ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىبىگە كىرگۈزۈپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

2) كېرىيە شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقا شەكىلدىكى سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكى شۇ مەنىدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداش سۆزلەر بولالايدۇ. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

| كېرىيە شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| مۇرا | تۈرخۇن |
| ئەللە | خەقلەر |
| ئوللالەم | ئېھتىمال |
| تۈپىپو | تۈيۇقسىز |
| شىداق | ئورۇق، ئاۋاق |
| مىرىڭ | يىغلاڭغۇ |
| قاقپو | تاڭ سەھەر |
| ئاگيا | كېسەلچان، ئاۋاق |
| بۇنا | بىردەمدە |

3) ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىرلا مەنىنى ئىپادىلە-

سە، كېرىيە شېۋىسىدە بىر قانچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «پۇتمەك» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «تاماملانماق» دېگەن بىرلا مەنىنى ئىپادىلىسە، كېرىيە شېۋىسىدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىشەنمەك»، «ئېتىلمەك» (تۆشۈك لاي بىلەن پۇتۇپ قالدى)، «بوغۇلۇپ قالماق» (ئۇنۇم پۇتۇپ قالدى) دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

يەنە: چاغ — ۋاقىت، مۆلچەر (چاغلا، مۆلچەرلە).

ئوماقنى ئوراپ قويدام، باچە گەپنى دەپ قويدام،
ئەنجەكنى ئۆزەڭ باغلا. قاغاننى ئۆزەڭ چاغلا.

چا — ئالماچ، دېنى تولۇق ئايرىلىپ بولالمىغان بۇغداي.

چا بۇغداينى سورىسا، بۇ ئالەممۇ ھەقاچان،
چەش بولادۇ، كالايلاي. كەچ بولادۇ، كالايلاي.

ئارىلاش چامبىغىز — ئۇزۇم بىلەن مېغىزنىڭ ئارىلاشمىسى.

جەت - جەت پاساخان، يانجۇقۇمدا چامبىغىز،
ئوساغاچ كەتسىلە. چايىنغاچ كەتسىلە.

يا — دەريا (تومىيا — سوغۇق دەريا).

نەگە بارسەن قاغا ئەجەپ كۆڭلەم قانمىدى،
ئەكەشلەپ ئاقار ياغا. تولۇن ئايدەي شۇ ياغا.

سۇ ئېقىتىپ ئويۇلۇپ كەتكەن يەر. ھاڭ، سۇ ئېلىپ كەتمەك (ئۆستەڭ يا كەتتى)؛ ئوقيا.

ساي — ھازىر، «تۇنۇك بېشىغا ئاي كەلدى، دادىڭىز قۇتا ساي كەلدى.»؛ دەريا (ئۇلۇغ ساي — ئۇلۇغ دەريا). تاشلىق چۆل.

سوقماق — يانجىپ ئەزمەك (دورا سوقماق — دورىنى ھاۋانچا بىلەن يانجىماق)؛ ئاتماق (قۇشقاچ سوقماق — قۇشقاچنى رەگەتكە بىلەن ئاتماق)؛ ئۇرماق (قوناق سوقماق — باش قوناقنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، دېنىنى ئايرىماق)؛

ئانىكا سوقماڭ مېنى، ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
بەش - ئالتە كۇن مېيمانىڭىز، ياندۇرغىلى چىراغىڭىز.

قۇرۇق ئۇزۇم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ تەييارلانغان يېمەكلىك؛ ئالداپ ئېلىۋالماق (مەتتوختى 10 كويامنى قالاپ تۇرۇپ سوقاپ كەتتى).

قــى — «قىر» سۆزىنىڭ بۇيرۇق شەكلى. ئېتىز، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ قىرى. رەختلەرنىڭ گىرۋىكى. پەسرەك تاغ.

ئــال — «ئېلىش» سۆزىنىڭ بۇيرۇق شەكلى. قىزىل رەڭ. چاقماق، چېقىن.

قىق — «قىرقىش» سۆزىنىڭ بۇيرۇق شەكلى. قىرىق ئەرزى. بوۋاقنىڭ قىرىق سۇيى. قولى ئەگرى، ئوغرى.

4) ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە باشقا ئۇقۇم-نى بىلدۈرىدۇ، ئەدەبىي تىلدىكى شۇ خىل ئۇقۇم كېرىيە شېۋىسىدە باشقا سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاپا ( ئاپپا) — ئاچا، ئاچا — ئاكىسىنىڭ ئايالى؛ يەڭگە — توي كېچىسى قىزغا ھەمراھ بولىدىغان ئايال؛ پاقا — ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى؛ قۇمچاق — پاقا، قارا قۇمچاق — پاقا بالىلىرى؛ خاپا بولماق — ئىزا تارتماق؛ ئۇستىخان — بەدەن؛ خانىم — ئايال ئوقۇتقۇچى؛ گاداي — توختــالما ئــەر؛ ئــۆرۈك — ئــۆرۈك دەرىخى؛ غورا — ئۆرۈك مېۋىسى؛ لەيكىن (لېكىن) — ئېھتىمال، بەلكى.

5) كېرىيە شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئىشلىتىلمەي، ئورنىغا شۇ مەنىدىكى ياكى شۇ سۆزگە مەنىسى يېقىن كېلىدىغان باشقا سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، كېرىيە خەلقى بۇ سۆزلەرنى بىلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ سۆزلەرنى چۈشىنىدۇ، ئەمما جانلىق تىلدا قوللانمايدۇ، بۇ خىلدىكى سۆزلەر خېلىلا كۆپ. بۇ يەردە مىسال ئۈچۈن بىر قانچىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

ئىنــتايــن — يــامان، بــەك؛ نــاھايــتى — يــامان، بەك؛ ئىپادىلەش — بىلدۈرۈش؛ بۇرۇن — بالدى؛ ئاخىرى — ئاقىسى؛ كــەينــى — ئــاقىسى؛ يــاخشــى — ئــوبــدان؛ كــۆپ — جــىق؛ تــېز — ئىشتىك؛ ھېس قىلماق — تۇيماق؛ لەۋ — كامشۇك؛ قايتماق — يانماق.

6) كېرىيە شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئىشلىتىلمەي، ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى تىزلەپ ياكى بىر قانچە سۆزنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر كۆپىنچە نام ـ ئاتالغۇلاردا كۆرۈلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆرۈق ـ تۇغقانچىلىق نام ـ ئاتالغۇلىرىدا بەك

ئېغىز. مانا بۇ كېرىيە شېۋىسىنىڭ ئەڭ يېتەرسىز تەرەپلىرى. كېرىيە شېۋىسىدە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ناملىرىدىن پەقەت «دادا، ئانا، ئاپپا، ئاچا - سىڭىل، ئاكا - ئۇكا، بالا، نەۋرە» قاتارلىق سۆزلەرلا بار بولۇپ، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ناملىرى مۇشۇ سۆزلەر ئاساسىدا سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بوۋا — چوڭ دادا؛ تاغا — باي دادا، ئانامنىڭ (دادىسىنىڭ) ئاكىسى، ئۇكىسى؛ موما — چوڭ ئانا؛ هاما — خان ئانا، ئانامنىڭ (دادىسىنىڭ) ئاچىسى، سىڭلىسى؛ يەزنە — ئاپپامنىڭ ئېرى؛ قېيىنىنىم — خوتۇنۇمنىڭ ئۇكىسى.

بۇنىڭدىن باشقا كېرىيە شېۋىسىدە «چۈنكى، ئۈچۈن، بىراق، لېكىن، ئەمما، بەلكى» قاتارلىق بىر قىسىم باغلىغۇچىلار قوللىنىلمايدۇ.

7) كېرىيە شېۋىسىدىكى بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بىرىككەن سۆزلەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكىدىن باشقىچىرەك بولىدۇ، بەزى سۆز بىرىكمىلىرىدە قوللىنىلغان سۆزلەر تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| ياتلىق بولماق | ئەگە تەگمەك |
| تۇشمۇ تۇشتىن | تۆت تەرەپتىن |
| يىت سالماق | ياغ بۇراتماق |
| توي قىلماق | ئۆي تۇتماق |
| باش ئەگمەك | بويان بەمەك |
| ئاڭلىماسقا سالماق | قۇلاق شۇپۇماق |

يەنە بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ بىرى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش، يەنە بىرى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| كۆز قارىچۇقى | كۆز گۆھىرى |
| خام ئەشيا | خام مال |
| تىلتۇمار | كۆز تۇما |

| | |
|---|---|
| توختام سۇ | تۇغۇن سۇ |
| ئېزىق چىش | ئېغىز چىش |
| ئىسرىق سالماق | بوي ساماق |

كېرىيە شېۋىسىدە يەنە كۆچمە مەنىدە بىرىككەن بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرىمۇ بار، لېكىن بۇ خىل بىرىكمىلەر ئەدەبىي تىلدا يوق. مەسىلەن:

ئالاغالاپ (ئالا — ھەر خىل رەڭدىكى، غالاپ — غىلاپ) — يالغانچى؛ ئالاجوقا — قالايمىقان، ئېگىز - پەس سۆزلەيدىغان ئادەم؛ لاتاكۇس — قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بوشاڭ ئادەم؛ مازپەيـنەك — تايىنى يوق ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۇلكىسىگە قالىدىغان ئادەم؛ نىزاۋى ئۇستۇن — كىچىك ئىشلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئوقۇرى ئېگىز ئادەم؛ تۇدى بويناق — ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ يۇرىدىغان ئادەم.

## 4. باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر

كېرىيە شېۋىسىدە چەت تىللاردىن كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى شەكىل جەھەتتىن بۇزۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان.

1) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: ئەدەبىي تىلغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئىشلىتىلمەي، ئورنىغا يەنە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن باشقا مەنىداش سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| پەن | ئىلىم |
| ۋاپات | قازا |
| ئايال | مەزلىم |
| دەۋر | زامان |
| ھاقارەت | ئاھانەت |

ئەدەبىي تىلغا باشقا چەت ئەل تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم

سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە ئىشلىتىلمەي، ئورنىغا ئەرەب تىلىدىن كىر-
گەن سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| دوكات | مىغرازى |
| ماگىزىن | دوككان |
| بەخت | تەلەي |
| ئارتىس | سەنئەتچى |

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئورنىغا كېرىيە شېۋىسىدە
ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| قۇدا | قېيىم — بۇيان |
| كەنت | مەللە |
| پۇتنىڭ دۇمبىسى | پۇتنىڭ پەنجىسى |

2) پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: ئەدەبىي تىلغا پارسچىدىن
كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە قوللىنىلماي، ئورنىغا
پارسچىدىن كىرگەن باشقا مەنىداش سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

يار — ئاشنا پىيالە — سىنچاپچىن

ئەدەبىي تىلدىكى باشقا چەت ئەل تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر
كېرىيە شېۋىسىدە ئىشلىتىلمەي، ئورنىغا پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر
قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مازاق قىلماق (ئەرەبچە: مىزاق) — زاغۇ تۇتماق (زاغ)؛ رەمە-
مال (مال) — چىراغچى (چىراغ).

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئورنىغا كېرىيە شېۋىسىدە
پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بارلىق | ھەنىمۋا |
| پۇرچاق | لوۋى |
| ئالا | گۇللۇغ |
| ئىت | سەگ |
| پارچە | تىكە |

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم پارسچە سۆزلەر كېرىيە شېۋىسىدە قوللىنىلماي، ئورنىغا باشقا سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئاپىرىن | بارىكاللا |
| ئاۋاز | ئۈن |
| ئىجارە | كىرا |
| مۇلايىم | ياۋاش |
| مەمنۇن | رازى |

3) خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم چەت ئەل تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا كېرىيە شېۋىسىدە خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئاشتاختا (پارسچە) | ئەنبەن |
| كۇرۇشكا (رۇسچە) | گاڭزا |
| ئۇستەل (رۇسچە) | جوزا |
| چوكا (رۇسچە) | كويزا |
| يوپكا (رۇسچە) | چۇڭزا |
| پوپايكا (رۇسچە) | مويى |

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئورنىغا كېرىيە شېۋىسىدە خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | كېرىيە شېۋىسىدە: |
|---|---|
| شەپكە | موزا |
| دېرىزە | چاڭخو |
| ئىشىك پەردىسى | مىلەڭزە |
| كىرلىك | دەنزە |

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كېرىيە شېۋىسىگە خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆزلەر بىر قەدەر كەڭ ئۆزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزى سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلدىكى بويىچە ئېيتقاندا، دېھقانلار چۈشىنەلمەي قالىدۇ. بۇگۈنكى دەۋردە تىلىمىزغا يېقىندىن كىرگەن بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا ئاتالغۇ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، كېرىيە

شىېۋىسىدە يەنىلا خەنزۇچە ئاتالغۇسى قوللىنىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، لويېاڭ (ئۇن ئالغۇ)، لۇشاڭ (سىن ئالغۇ)، شىيىجى (كىر ئالغۇ)، دىيەنشى (تېلېۋىزور)، دەي (لېنتا) ... ۋاھاكازا.

يەنە بىرى، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ كېرىيە خەلق قوشاقلىرىدا خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تەمسىلدە مۇنداق كەلگەن:

تۇگە كۆدەڭمۇ جەللەمويۇ.
«سەللەبا» سى بومىسا، «بۇخەيپا» سى ئادەم ئۆلتۇرە.
«ئۇچاڭدىكى كاياڭنى دالو ئالدىدا تۇساڭ،
دىكامىكى دەپتىمە. بىكامىكى دەپتىمە».

ئەبجەش تىلدا توقۇلغان ناخشا ـ قوشاقلارمۇ خېلى بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەلنەغمىچىلەر تەرىپىدىن ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەر كېرىيە شىېۋىسىدە قوللىنىلماي، باشقا سۆز ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

جۇسەي — كۇدە؛ چەيزە — پېتىڭگان؛ ياڭيۇ — مەككە چامغۇ؛ سۇلياۋ — يالتاراق؛ خاجاۋ — كاۋاۋچىن؛ موگۇ — ئېشەك مەرىسى

4) ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم رۇسچە سۆزلەر كېرىيە شىېۋىسىدە قوللىنىلمايدۇ، ئورنىغا باشقا سۆزلەر ياكى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

بوتۇلكا — شىشە؛ سەرەڭگە — گۇگۇت (ئۇرۇس گۇگۇت)؛ لامپۇچكا — پوزا؛ كۇرۇشكا — مىڭگەن، كۇرا

## خاتىمە

كېرىيە شىېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان رايونلار بىلەن خوتەن شىېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان رايونلار جۇغراپىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن بىر گەۋدە بولۇپ، بىر لىنىيە ئۈستىگە جايلاشقان. يەنە كېلىپ خوتەن شەھىرى بۇ رايونلارنىڭ مەركىزى. شۇنداق تۇرۇپ كېرىيە شىېۋىسى بىلەن خوتەن

شېۋىسى ئوتتۇرىسىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور پەرق بولىدۇ؟ بۇنىڭدا، ئېتنىك مەنبە، تىل - يېزىق قاتارلىق تارىخىي سەۋەبلەردىن باشقا، خوتەن شېۋىسىنىڭ كېرىيە شېۋىسىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكىدە يەنە مۇنداق سەۋەبلەر بار:

1) جۇغراپىيىلىك شارائىت. كېرىيە شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەر جايلاشقان رايونلارنىڭ جەنۇبىنى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى، شىمال تەرىپىنى تەكلىماكان قۇملۇقى قورشاپ تۇرىدۇ. بۇ رايوننىڭ سىرتقى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى غەرب تەرەپتىن خوتەن يولى ئارقىلىق قەشقەر بىلەن، شەرق تەرەپتىن چەرچەن - چىڭخەي - دۇڭخۇاڭ يولى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. يېقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر سودا - تىجارەت ئىشلىرى شەرقىي يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى، يەنى كېرىيىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق، قاشتېشى، تېرە - ئۈچەي قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى شەرقىي يول ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ يىپەك توقۇلماماللىرى، چىنە - قاچا، چاي قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى بۇ رايونغا ئېلىپ كېلىنەتتى. چەرچەن - كورلا يولى ئارقىلىقمۇ باشقا رايونلار بىلەن ئالاقە ئېلىپ بېرىلاتتى. گەرچە بۇ رايون خوتەن رايونىغا يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدا قۇملۇق چۆل بولغاچقا، «ئەجدىها قۇم» دەپ ئاتىلىدىغان زور كۆچمە قۇملار دائىم بۇ يولنى قامال قىلىپ، بەزىدە پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا كېرىيە دىيارىدىن خوتەنگە بارىدىغانلار كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسىگە چىقىپ، ياكى چەرچەن ئارقىلىق كورلىغا چىقىپ، ئاندىن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ياكى مارالبېشى ئارقىلىق خوتەنگە كېلەتتى. بۇ خىل ئەھۋال بەزىدە خېلى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلاتتى - دە، خوتەن بىلەن كېرىيىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. دېمەك، بۇ خىل ناچار شارائىت كېرىيە بىلەن خوتەن رايونىنىڭ مەدەنىيەت، تىل، سودا ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە زور توسقۇنلۇق قىلغان.

2) تۈركچىلىشىش جەريانىدىكى پەرق. خوتەن رايونى ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، لەشكەرلەر، ھاكىمىيەت مەمۇرلىرى

ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر خوتەن رايونىغا جۈملىدىن كېرىيە ۋادىسىغىمۇ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىكلىشىپ كەتكەن. كېرىيە بوستانلىقلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر سان جەھەتتىن نىسبەتەن كۆپ، يەنە كېلىپ ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولغاچقا، كۆچمەنلەرنىڭ تىلى (خاقانىيە تىلى) لېكسىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بارا - بارا ئاساسىي تىلغا ئايلانغان. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تىلى بولسا تەدرىجىي ھالدا قوشۇمچە تىلغا ئايلىنىپ، ئاخىر مەلۇم دەرىجىدە لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ يوقالغان. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەسلىدىنلا سان جەھەتتە ئاز بولغانلىقى سەۋەب بولغان. خوتەن رايونىدا بولسا، ئاھالە ۋە شەھەر - راباتلار كۆپ بولغاچقا، كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تىلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلمەي، يەرلىك تىل يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋەرگەن. «خاقانىيە تىلى» پەقەت «خوتەن تىلى» نىڭ تۈركچىلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. «چاغاتاي تىلى» ۋە «قەشقەر تۈركچىسى» مۇ پەقەت تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. دېمەك، «خوتەن تىلى» نىڭ تۈركچىلىشىش دەۋرى خوتەندە ئىنتايىن ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان. لېكىن كېرىيە ۋادىسىدا بولسا، تېز تاماملانغان.

3) چەت ئەل تىللىرىنىڭ تەسىرى. كېرىيە بوستانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ سىرتقى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى گەرچە شەرقىي لىنىيە ۋە غەربىي لىنىيە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى قۇم - بوران ۋە باشقا ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، بۇ يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر تەدرىجىي ئازلاپ كەتكەن، بەزىدە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت توختاپ قالغان. كېرىيە رايونىنىڭ سىرتقى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەن. شۇ سەۋەبلىك غەيرىي تىلدا سۆزلىشىدىغان چەت ئەللىكلەر بىلەن بولغان ئالاقە يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا چەت ئەل تىللىرى كېرىيە ۋادىسىدىكى خەلقنىڭ تىلىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قارىغاندىمۇ، پەقەت باشقا رايونلار، يەنى خوتەن، قەشقەر رايونلىرى ئارقىلىق ئاندىن تەسىر كۆرسەتكەن. مورفولو-

گىيە ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتمۇ ناھايىتى ئاستا بولغان. شۇڭا «خاقانىيە تىلى» دىكى فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ھازىرغا قەدەر نىسبەتەن كۆپ ساقلىنىپ قالغان. بۇ جەھەتتە، ھەتتا قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەرنىڭ ھازىرقى زامان شېۋىسىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ يەنىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ.

دېمەك، چەت ئەللەرنىڭ ۋە باشقا رايونلارنىڭ بۇ رايون خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنە ۋە تىللىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن ئاجىز بولغان.

مەن 1986 - يىل 9 - ئاي مەزگىلىدە ئۇرۇمچىدە خەنزۇ تىلىنى خېلىلا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بىر ياۋروپالىق بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. ئۇ مەندىن «خوتەندە مۇزېي بارمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا: «خوتەننىڭ ئۆزى بىر مۇزېي، پەقەت تۆت ئەتراپىغا تام سېلىنمىغان ھەم ئۈستى يېپىلمىغان» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ مېنىڭ جاۋابىمدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم قانائەت ھاسىل قىلدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە شۋېتسىيىلىك سىۋېن ھېدىن، ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەيىن، گېرمانىيىلىك ئالبېرت فون لىكوك، فرانسىيىلىك پول. پېللىئوت، ئامېرىكىلىق لاڭدون ۋارنېر، ياپونىيىلىك گراف ئوتانى قاتارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىدىن (شىنجاڭ ۋە گەنسۇلاردىن) ھەددى - ھېسابسىز ئاسار ئەتىقىلەرنى ئۆز ئەللىرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك بۇ گۆھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى ۋە ۋەيران بولدى. «2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان يەتتە كېچە ئېچىدىلا بېرلىندا ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىگە دائىر ئېسىل ئەسەرلەر، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيانقى قەبرە ئوغرىلىرى، دېھقانلار، سوغىرىش سىستېمىلىرى ياكى يەر تەۋرەش قاتارلىق سەۋەبلەرنى قوشقاندا زىيانغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان

ئەسەرلەرگە قارىغاندا تولىمۇ كۆپ ئىدى»[1]. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن خوتەن رايونىدىكى دەندان ئۆيـ-لۇك، نىيە خارابىسى، ئەندىر خارابىسى، قارادۆڭ، ئاقسىپىل، را-ۋاق، يوتقان خارابىسى قاتارلىق قەدىمىي شەھەر-قورغانلار ھەددى-ھې-سابسىز قېزىلىپ، بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن مەدەنىيەت يادى-كارلىقلىرى، خوتەن خەلقىنىڭ سان - ساناقسىز بىباھا گۆھەرلىرى ئوغرىلانغان ھەم ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا يارانقان تىل ئەنئەنىسى، خاسلىقى ساقلىنىپ قېلىۋەردى. بۇ ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت، تىل ئادىتى ۋە دىئالېكت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىك ۋە ئالاھىدىلىك يەنىلا قىممەتلىك مەدەنى-يەت يادىكارلىقى، تەتقىقات قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىباھا گۆھەر. شۇڭا، تەتقىقات نۇقتىسىدىن خوتەن رايونىنى «ئۇستى ئوچۇق مــۇزېي» دېسەكمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن چەت ئەل ئالىملىرى ئالدىنقى ئەسىردىلا خوتەننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن قىزىققان. ئۇلار خوتەن رايونىنى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئېچىشتىكى «دەر-ۋازا» دەپ قارىماقتا.

مەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ جۇملىدىن ھەر بىر ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى بولۇپمۇ خوتەن دىئالېكتى ۋە ئۇنىڭ شېۋى-لىرى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مەنىۋى بايلىقىمىز ئىچىدىن بىباھا گۆھەرلەرنى قېزىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## پايدىلانمىلار

1. پېتېر خوپكېرىك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاس-تىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيـ-غۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

[1] پېتېر خوپكېرىك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 144-بەت.

3. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ~ 3 - توم.
4. يۇ تيەنخېڭ (ياپونىيە) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.
5. ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.
6. سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.
7. قـۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.
8. ماركوپولو (ئىتالىيە) : «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.
9. شـاھ مـەھمۇد جـوراس: «سـەئىدىيــە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىـيال» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
10. غۇلام غوپۇر: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى،» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.
11. ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.
12. موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
13. چيەنداۋ شىنسى (ياپونىيە) : «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە) .

ئابدۇقادىر سادىر

# گۇما شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

گۇما ئاھالىسىنىڭ 96% نى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىل شېۋىسى چوڭ جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن، ئايرىم تەرەپلەردە بىر يېزا بىلەن يەنە بىر يېزا كىشىلىرىنىڭ شېۋىسىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىكلەرمۇ مەۋجۇت. شۇڭا، شېۋىلەردىكى ئاشۇ پەرقلەر بويىچە گۇما شېۋىسىنى «بازار يۇقىرىسى» (تاغلىق رايونلار) نىڭ شېۋىسى ۋە «بازار تۆۋىنى» (تۈزلەڭ رايونلار) نىڭ شېۋىسى دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. «بازار يۇقىرىسى» بولغان تاغلىق رايون شېۋىلىرىنى «قوشتاغ شېۋىسى» (ئىسمىسىلا، كىلىياڭ يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، «سانجۇ شېۋىسى» دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. «بازار تۆۋىنى» بولغان تۈزلەڭ رايونلاردىن گۇما بازىرى، كۆكتېرەك، موكۇيلا، پىشنا، موجى، چودالارنى بىر گۇرۇپپا؛ زاڭگۇي، دۇۋا، پىيالمىلارنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، تاغلىق رايونلار ئومۇمىي جەھەتتىن ئەدەبىي تىلغا يېقىنراق سۆزلەيدۇ، كىچىك جەھەتتىن قوشتاغ رايونى تۈزلەڭدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش «ر» تاۋۇشىنى «ي» تەلەپپۇز قىلىدۇ. سانجۇ رايونى «ر» تاۋۇشىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلسىمۇ، قوشتاغدىكىدەك «د - دو» نى ئەينەن تەلەپپۇز قىلماي، «ت - تو» تەلەپپۇز قىلىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، تۈزلەڭ رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زاڭگۇي، پىيالما، دۇۋا يېزىلىرىنىڭ ئايرىم شېۋىسى خوتەن شېۋىسىگە مايىل كېلىدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، گۇما خەلقلىرى شېۋىسىنىڭ چوڭ جەھەتتىكى ئورتاقلىقى بىر پۈتۈن «گۇما شېۋىسى» نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى

خەلقىنىڭ تىل ئالاقىسىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

دېمەك، جاھان تۈركولوگلىرىنىڭ تەتقىقات دىققىتىگە سازاۋەر بولغان گۇما شېۋىسى ئۆزىنى تەشكىل قىلغان نۇرغۇن ئۆزگىچىلىك- لىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇ- رۇشتا مۇئەييەن مەنبەلىك رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا. مەن بۇ ھەقتە 80 - يىللاردا بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولساممۇ («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىغا قارالسۇن)، ئەينى ۋاقىتتى- كى تىلشۇناسلىق بىلىمىمنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن گۇما شېۋىسىنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى نەزەرىمدىن چۈ- شۈپ قالغان. بۇ قېتىم، يىللاردىن بۇيان توپلاپ كەلگەن ماتېرىيال- لىرىمنى قايتا پىششىقلاش ئاساسىدا بۇ ماقالىنى يازدىم. ماقالىدە گۇما شېۋىسىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا ۋە سېمانتىكا (ئاساسلىقى فرازېئولوگىيىسى) قاتارلىق تۆت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئەدەبىي تىلغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بايان قىلىن- دى.

## گۇما شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

گۇما شېۋىسىنىڭ فونېما سىستېمىسى ئەدەبىي تىلنىڭ فونېما سىستېمىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئايرىم تا- ۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى، بولۇپمۇ بەزى تاۋۇشلارنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى، ئاجىزلىنىش قانۇنىيىتىگە بويسۇنماسلىقى، بىرىنىڭ ئورنى- غا يەنە بىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، بىر - بىرىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى جەھەتلەردە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىل- لەندۈرگەن:

1. سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە

1) بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا» تاۋۇشى «ئى» بىلەن باشلى- نىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئەدەبىي تىلدا «ئې» غا ئاجىزلىنىدى- غان بولسىمۇ، گۇما شېۋىسىدە ئاجىزلاشماي، ئەسلىدىكى «ئا» ھالى- تىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ھال 10 -، 11 - ئەسىرلەردىكى «خاقانىيە

تىلى» نىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى «چاغاتاي تىلى» نىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| چاغاتاي تىلىدا: | گۇما شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئاتىم | ئاتىم | ئات +ىم= ئېتىم |
| باشى | باشى | باش + ى= بېشى |
| يازىپ | يازىپ | ياز + ىپ = يېزىپ |
| ئاچىل | ئاچىل | ئاچ + ىل = ئېچىل |
| ئاقى | ئاقى | ئاق +ى = ئېقى |
| قانىم | قانىم | قان + ىم = قېنىم |
| يانىپ | يانىپ | يان +ىپ = يېنىپ |
| چاچىل | چاچىل | چاچ+ىل=چېچىل |
| تاپىلماس | تاپىلماس | تـاپ + ـىـل + ـمـاس= تېپىلماس |

گۇما شېۋىسىگە مىسال:

«چوكانىنىڭ قاراقاشى، كەينىمچە يانىپ،
ئەجەپ تولاكەن ئاداشى. خوجۇنغا سالىپ،
دەپ قوياڭلار چوكانغا، ئۆيەمگە كېلىپ،
ئۆلەمگە كېتىدۇ باشى. يارىم قاشىغا كەلسەم،
ئالدىمچە ماڭىپ، ساندۇقنى ئاچىپ،
داچەننى ئالىپ، كېلىڭ مەشۇقۇم دېيتۇ.»

2) «ئە» تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «ئې» غا ئاجىز-لاشماي، «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| گۇما شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| تىنى | تەن+ى = تېنى |
| نىيىم | نەي + ئىم = نېيىم |
| مىشىڭ | مەش + ىڭ = مېشىڭ |
| بىلىم | بەل + ىم = بېلىم |
| گىپىم | گەپ + ئىم= گېپىم |

3) تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشى «ئې» گۇما شېۋىسىدە ئاساسەن

ئىشلىتىلمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئى» تاۋۇشى ئىشلىتىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك 2) تارماقتىكى «ئە» نىڭ «ئې» غا ئەمەس، «ئى» غا ئاجىزلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئېگىز، يېزا، كېيىن، | ئىگىز، يىزا، كىيىن، |
| قېلىن، ئېگەر | قىلىن، ئىگەر |

4) ئالدىنقى بوغۇمى «ئە» تاۋۇشىدا ئاياغلاشقان ھەمدە كېيىنكى بوغۇمى تەركىبىدىمۇ «ئە» تاۋۇشى بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئەلەم، قەلەم، قەلەندەر، ئەنە | ئىلەم، قىلەم، قىلەندە، ئىنا، |
| ھەلەپ، ئەدەپ، ئەمەل، | ھىلەپ، ئىدەپ، ئىمەل، |
| ھەسەل، غەنىيمەت، سەدەپ | ھىسەل، غىنىمەت، سىدەپ |

5) ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئو، ئۆ» دىن تۈزۈلگەن ھەم كېيىنكى بوغۇمى تەركىبىدە «ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى بولغان سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇمىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى «ئا» غا؛ «ئۈ» تاۋۇشى «ئە» گە ئۆزگەرتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بويۇن، قويۇن، ئويۇن، | بويان، قويان، ئويان، |
| قوڭغۇز، ئوغۇل، قولۇم، | قوڭغاز، ئوغال، قولام، |
| كۆچۈپ، ئۆلۈك، ئۆسۈپ، | كۆچەپ، ئۆلەگ، ئۆسەپ، |
| بۆسۈپ، ئوتۇن، پولۇ، | بۆسەپ، ئوتان، پولا، |
| كۆڭۈل، ئۆتۈك، بۆگۈن | كۆڭەل، ئۆتەك، بۆگەن |
| «سۇغا باردىم كۆلەڭگە، | ئەپلەشتۈرۈپ گىپىمنى، |
| كۆيەپ قالدىم كۆزەڭگە. | دىيەممىدىم ئۆزەڭگە». |

6) ئاخىرقى بوغۇمىدا «ئۈ»، «ئى» تاۋۇشلىرى كېلىدىغان بەزى سۆزلەردىكى بۇ تاۋۇشلار جانلىق تىلدا چۈشۈرۈپ قويۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: گۇما شېۋىسىدە:

توخۇ، چوقۇ، ئوقۇ، توقۇ      توخ، چوق، ئوق، توق

7) كەلگۈسى زامان مەقسەت پېئىلىنىڭ بولۇشسىز فورمىسىنى ئۇقتۇرىدىغان «ئەمەس ئىدى (ئەمەس ئىدىم، ئەمەس ئىدۇق، ئەمەس ئىدىڭ، ئەمەس ئىدىڭلار)» دېگەن سۆزلەر گۇما شېۋىسىدە «ئەمەس» تىكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن «ئىدى» دىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغاندىن سىرت، «ئىدى» دىكى «د» تاۋۇشى «ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئالماقچى ئەمەسىدىم | ئاماقچىمەستىم |
| ئالماقچى ئەمەسىدۇق | ئاماقچىمەستۇك |
| ئالماقچى ئەمەسىدىڭ | ئاماقچىمەستىڭ |
| ئالماقچى ئەمەسىدىڭىز | ئاماقچىمەستىڭىز |
| ئالماقچى ئەمەسىدىلە | ئاماقچىمەسلە |
| ئالماقچى ئەمەسىدىڭلار | ئاماقچىمەستىڭلە |
| ئالماقچى ئەمەسىدى | ئاماقچىمەستى |

شۇنىڭغا ئوخشاشلا «ئەمەسسەن»، «ئەمەسمەن» لەردىمۇ «ئەمەس» تىكى «ئە» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئالماقچى ئەمەسمەن | ئاماقچىمەسمەن |
| ئالماقچى ئەمەسمىز | ئاماقچىمەسمىز |
| ئالماقچى ئەمەسسىلەر | ئاماقچىمەسلە |
| ئالماقچى ئەمەسسەن | ئاماقچىمەسسەن |
| ئالماقچى ئەمەس | ئاماقچىمەس |

8) كەلگۈسى زامان ئىمكان پېئىلىنىڭ «-مەيدۇ، -مەيمەن، -مەيمىز، -مەيسەن» فورمىلىرىدا «مەي» بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كېلەلمەيمەن، كېلەلمەيمىز | كىلەممىيمە (ن)، كىلەممىيمىز |
| كېلەلمەيسەن، كېلەلمەيسىز | كىلەممىيسەن، كىلەممىيسىز |
| كېلەلمەيسىلەر، كېلەلمەيلا | كىلەممىسىلە، كىلەممىيلا |

كېلەلمەيدۇ كىلەممىتو

9) ئەدەبىي تىلدا «ئىدى» ياردەمچى پېئىلى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى، تەلەپ رايى قوشۇمچىلىرى «-قاي، - غاي، كەي، - گەي» (بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز) لەر بىلەن تۇرلەنگەندە، «ئىدى» دىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، قوشۇمچىلىرى «-قاي ... - كەي...» دىكى «ئا» تاۋۇشي «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. ئەمما گۇما شىۋىسىدە بۇ خىل ئاجىزلىشىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شىۋىسىدە: |
|---|---|
| سات+ قاي+ ئىدى= ساتقىيدى | ساتقايدى |
| بول+ غاي+ ئىدى= بولغىيدى | بوغايدى |
| كەل+ گەي+ ئىدى= كەلگىيدى | كەگەيدى |
| كەل+ مە+ گەي+ ئىدى = كەلمىگىيدى | كەمىگەيدى |
| سات+ ما+ غاي + ئىدى= ساتمىغىيدى | ساتمىغايدى |
| بار+ غاي+ ئىدى= بارغىيدى | باغايدى |
| ئۆت+ كەي+ ئىدى= ئۆتكىيدى | ئۆتكەيدى |
| يىغلا+ ما+ غاي+ ئىدى= يىغلىمىغىيدى | ژىغلىمىغايدى |
| كۈل+ گەي+ ئىدى= كۈلگىيدى | كۈلگەيدى |

مىسال:

«ئاق كۆينەك مېنىڭ بوسا، «كېتەدە خوش دېگەن بوساڭ،
ئەتىگەندە كىيەدىم. پېشىڭگە ئاسىلۋاماستىم.
مېھرىبان يارىم بوسا، يارىم با دېگەن بوساڭ،
سېغىنغاندا سۆيەدىم». سىنى تەڭلىككە ساماستىم.»

«ئاپتاپ - ئاپتاپ چىققايدى،
(چاچچاپ - چاچچاپ چىققايدى.») (باللار قوشىقى)

2. ئۇزۇك تاۋۇشلار جەھەتتە

1) گۇما شىۋىسىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىكى گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك، سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى-نىڭ «ي» تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر، شۇنداقلا يەنە، بەزى سۆزلەر تەر-كىبىدىكى «ر» نىڭ چۈشۈپ قېلىش ئومۇمىيلىقىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىك گۇمىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىن باشقا ھەممە رايونلارغا ئورتاق ئادەتتۇر.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| ئارامى، بىرەي، كۆرۈپ | ئايامى، بىيىي، كۆيەپ |
| قۇرۇق، چورۇق، راست، قارىم | قۇيۇغ، چويۇق، ياس، قايىم |
| تارى، ساراڭ، ئالدىراش | تايى، سایاڭ، ئالدىياش |
| بارىمەن، بارغان، كۆرگەن، ئارغامچا | بايمە، باغان، كۆگەن، ئاغامچى |

2) ئەدەبىي تىلدا «ي» تاۋۇشى بىلەن باشلىنىدىغان خېلى كۆپ سۆزلەر گۇما شېۋىسىدە «ژ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| يۈرەك، يىڭنە، يىل، يىگىت | ژۈيەك، ژىڭنە، ژىل، ژىگىت |
| يىرتىش، يىغلا، يىلىك، يۇندى | ژىتىش، ژىغلا، ژىلىگ، ژۇندا |
| يىگىرمە، يېتىم، يىلىم، يىلان | ژىگىرمە، ژىتىم، ژىلىم، ژىلان |
| يىقىلىپ، يېقىن، پىياز | ژىقىلىپ، ژىقىن، پىژاز |

3) گۇما شېۋىسىدە يەنە «ئى» سوزۇق تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى «ژ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| بىر، كىر، كىرىپ، گىردە | بىژ، كىژ، كىژىپ، گىژدە |
| قىر، قىرىپ، كىرا، كىرپە | قىژ، قىژىپ، كىژا، كىژپە |

4) گۇما شېۋىسىدە بىرىنچى بوغۇمدا «ئى» تاۋۇشى كەلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئى» ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، شۇ «ئى» دىن كېيىن بىر «ژ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| پىلە، پىكاپ، پىلىك | پىژلە، پىژكاپ، پىژلىك |
| كىم، كىنو، ئېگىرىش | كىژىم، كىژنو، ئىژگىيىش |

5) گۇما شېۋىسىدە خېلى كۆپ سۆزلەر تەركىبىدىكى (ئاساسەن بوغۇم بېشىدىكى) «ھ» تاۋۇشى «ي» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
| --- | --- |
| جاھىل، گاھى، شېھىت | جايىل، گايى، شېيىت |

| | |
|---|---|
| ھىمىت، ئالاھىدە، ئالاھازەل | يىمىت، ئالايىدە، ئالايىزەل |
| ھېكايە، ھېساب، بېھىش | يىكايە، يىساپ، بىيىش |

6) گۇما شېۋىسىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئاسسىمىلياتسىيىلىنىش ھادىسىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، بەزىدە بىر تاۋۇش بىر قانچە تاۋۇشقا تەڭلا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن شۇ تاۋۇشنى تولىمۇ «تۇراقسىز» ياكى «ماسلىشىشچانلىقى» كۈچلۈك دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بەزى تاۋۇشلار ھېلى بىرسى ئىككىنچىسىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولسا، يەنە بىر سۆزدە ئىككىنچىسى بىرىنچىسىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئوڭ، تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەزىسى بىر - بىرىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

1 - مىسال: «ن» تاۋۇشىنىڭ «ڭ، ل، م» غا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| نان+ غا= نانغا، جان+ غا= | نان+ غا= ناڭغا، جان+ غا= |
| جانغا، ئالتۇن+ غا= ئالتۇنغا، | جاڭغا، ئالتۇن+ غا= ئالتۇڭغا، |
| چولپان+ دىن= چولپاندىن، | چولپان+ دىن= چولپاڭدىن، |
| ئامان+ لىق= ئامانلىق، سامان+ | ئامان+ لىق= ئامالّلىق، سامان+ |
| لىق= سامانلىق، يامان+ لاپ= | لىق= سامالّلىق، يامان+ لاپ= |
| يامانلاپ، جان+ لىق= جانلىق، | يامالّلاپ، جان+ لىق= جالّلىق، |
| سەن+ مۇ= سەنمۇ، مەن+ مۇ= | سەن+ مۇ= سەممۇ، مەن+ مۇ= |
| مەنمۇ، شەنبە، يەكشەنبە، | مەممۇ، شەمبە، يەكشەمبە، |
| ئون+ بىر= ئونبىر، جان+ بەر+ مەك | ئون+ بىر= ئونبىژ، جان+ بەر+ مەك |
| = جان بەرمەك | = جامبەمەك |

2 - مىسال: «چ» تاۋۇشىنىڭ «س، ش» تاۋۇشلىرىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ھادىسىسى:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كەچ+ سە= كەچسە، كۈچ+ سىز | كەچ+ سە= كەسسە، كۈچ+ سىز |
| = كۈچسىز، ئۆچ+ ساڭ= | = كۈسسىز، ئۆچ+ ساڭ= |
| ئۆچساڭ، ئاچ+ ساق= ئاچساق، | ئۆسساڭ، ئاچ+ ساق= ئاسساق، |

| | |
|---|---|
| ئاچ+تىم=ئاچتىم، قاچ+تى= | ئاچ+تىم=ئاشتىم، قاچ+تى= |
| قاچتى، ئۆچ+تۇق=ئۆچتۇق، | قاشتى، ئۆچ+تۇق=ئۆشتۇق، |
| چاچ+تى=چاچتى | چاچ+تى=چاشتى |

3 - مىسال: «ش» تاۋۇشىنىڭ «س» تاۋۇشىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى:

| ئەدەبىي تىلدا: | گوما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| تاش+سا=تاشسا، ئاش+سام | تاش+سا=تاسسا، ئاش+سام |
| =ئاشسام، يەش+سەك= | =ئاسسام، يەش+سەك= |
| يەشسەك، تەش+سە=تەشسە | يەسسەك، تەش+سە=تەسسە |

4 - مىسال: «ت» تاۋۇشىنىڭ «س، چ» تاۋۇشلىرىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى: «ت» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «چ، س» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى قوشۇمچە بېشىدىكى «چ، س» لارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گوما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| سەنئەت+چى=سەنئەتچى، سا- | سەنئەت+چى=سەننەتچى، |
| ئەت+چى=سائەتچى، كاسات+ | سائەت +چى=سائەچچى، كاسات+ |
| چىلىق=كاساتچىلىق، ھۆرد- | چىلىق=كاساچچىلىق، ھۆرد- |
| يەت+چىلەر=ھۆرىيەتچىلەر، | يەت+چىلەر=ھۆرىيەچچىلە، |
| كۆت+سەڭ=كۆتسەڭ، يات+سا | كۆت+سەڭ=كۆسسەڭ، يات+ |
| =ياتسا، ساۋات+سىز=ساۋات- | سا=ياسسا، ساۋات+سىز=ساۋاس- |
| سىز، كەت+سەم=كەتسەم، ئو- | سىز، كەت+سەم=كەسسەم، |
| قۇت+سا=ئوقۇتسا | ئوقۇت+سا=ئوقۇسسا |

5 - مىسال: «ل» تاۋۇشىنىڭ «ن» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىشى: «ل» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بەزى سۆزلەرگە شەخسلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ل» تاۋۇشى «ن» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گوما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كۆڭۈل+ۈم=كۆڭلۈم | كۆڭۈل+ۈم=كۆڭنۈم (كۆڭنەم) |
| سىڭىل+ىڭ=سىڭلىڭ | سىڭىل+ىڭ=سىڭنىڭ |

كۆڭلەك+ى=كۆڭلىكى　　كۆڭلەك+ى= كۆڭنىكى

6 - مىسال: «ب» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» غا ئۆزگىرىپ كېتىشى: گۇما شېۋىسىدە بەزى سۆز بىرىكمىلىرى ياكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ب» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا «ۋ» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: باغ، باش، بىلەن، بەر، بول

گۇما شېۋىسىدە: بەشۋاغ پىچان، تۆتۋاش قوناق، «گايى داپ ۋىلە ئۇسسۇل، گايى خۇدا ۋىلە رۇسۇل»، قولۇڭدىكىنى ماڭاۋەمەمسەن؟ سەن تەيياغا شىيىخ ۋولاپ ئۆتەمسەن؟

7 - مىسال: «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تەلەپپۇز قىلىنىشى: ئاخىرى «ق» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان نۇرغۇن سۆزلەردە «ق» تاۋۇشى «غ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تىل ئادىتى گۇما شېۋىسىدە چاغاتاي تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئەينەن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، ھېلىھەم ئىستېمالدا شۇنداق قوللىنىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: | چاغاتاي تىلىدا: |
|---|---|---|
| ئاياغ، ئۇلاق، يايلاق | ئاياغ، ئۇلاغ، يايلاغ | ئاياغ، ئۇلاغ، يايلاغ (يايلاۋ) |
| ئىسسىق، پىششىق، سېرىق | ئىسسىغ، پىششىغ، سىرىغ | ئىسسىغ، پىششىغ، سارىغ |
| قۇرۇق، ئۇنداق، ئارتۇق | قۇيۇغ، ئانداغ، ئارتىغ | قۇرۇغ، ئانداغ. ئارتىغ |
| ئۇرۇق، ئاچچىق، ياساق | ئۇيۇغ، ئاچچىغ، ياساغ | ئۇرۇغ، ئاچچىغ، ياساغ |
| سۇلۇق، تۇزلۇق | سۇلۇغ، تۇزلۇغ | سۇلۇغ، تۇزلۇغ |

8 - مىسال: «ق» تاۋۇشىنىڭ «ك» تەلەپپۇز قىلىنىشى: بۇيرۇق شەكلىدىكى بەزى تۈپ پېئىللارغا شەخسلەرنىڭ كۆپلۈكىدىكى «دۇق»، «تۇق» دېگەنگە ئوخشاش قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قوشۇمچە ئاخىرىدىكى «ق» تاۋۇشى «ك» گە ئۆزگەرتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ چاغاتاي تىلىنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: | چاغاتاي تىلىدا: |
|---|---|---|
| كەل+دۇق=كەلدۇق | كەلدۇك | كەلدۇك |
| بەر+دۇق=بەردۇق | بەدۇك | بەردۇك |

| | | |
|---|---|---|
| كۆرۈش+ تۇق= كۆرۈشتۇق | كۆرەشتۇك | كۆرۈشتۇك |
| چۈش+ تۇق= چۈشتۇق | چۈشتۇك | چۈشتۇك |
| سۈز+ دۇق= سۈزدۇق | سۈزدۇك | سۈزدۇك |
| ئۈز+ دۇق= ئۈزدۇق | ئۈزدۇك | ئۈزدۇك |

9 - مىسال: «ل» تاۋۇشىنىڭ «م» تاۋۇشىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى: ئۆتكەن زامان ئىمكان پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلىنى ياسايدىغان «ـالمىدى (المىدىم، المىدۇق، المىدىڭ، المىدىڭلار)» قوشۇمچىلىرىدىكى «ل» تاۋۇشى گۇما شېۋىسىدە ئۆزىدىن كېيىنكى «م» تاۋۇشىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئالالمىدىم، ئالالمىدۇق | ئالاممىدىم، ئالاممىدۇق |
| ئالالمىدىڭىز، ئالالمىدىلا | ئالاممىدىڭىز، ئالاممىللا |
| ئالالمىدىڭلا | ئالاممىدىڭلا |
| ئالالمىدى، ئالالمىدىڭ | ئالاممىدى، ئالاممىدىڭ |

شۇنىڭغا ئوخشاش «كېلەلمىدى، بولالمىدى، قىلالمىدى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇ خىل «ل» نىڭ «م» غا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش ھادىسىسى داۋاملىشىدۇ.

7) گۇما شېۋىسىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى (خۇسۇسەن «ر»، «ي»، «ھ»، «چ»، «ل» لەرنىڭ) خېلىلا كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەتتا پۈتۈن - پۈتۈن بوغۇملارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بار، تارت، ئايغىر، قايچا | با، تات، ئاغىي، قاچا |
| قايسى، مەھسۇلات، شېھىت | قاسى، مەسۇلات، شىيىت |
| ئىمتىھان، چايقا، ئاچقۇچ | ئىمتان، چاقا، ئاچقۇ |
| ھېچقەيەر، ئالماق، مۇسۇلمان | ھېچيە، ئاماق، مۇسمان |

8) گۇما شېۋىسىدە «ئى» تاۋۇشى بىلەن ياكى تەركىبىدە «ئى» تاۋۇشى بولغان بوغۇملاردىن باشلانغان بەزى سۆزلەردە، بىرىنچى بوغۇمدىكى «ئى» دىن كېيىن بىر «ش» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گوما شىۋىسىدە: |
|---|---|
| ئىككى، ئىت | ئىشككى، ئىشت |
| كىتاب، پىت | كىشتاپ، پىشىت |
| ئىكرام، ئىپار | ئىشكرام، ئىشپا |
| پىكىر، ئىپادە | پىشكىر، ئىشپادە |

9) گوما شىۋىسىدە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق، جاراڭسىزلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە يېقىنراق بولغان بىر تاۋۇشنىڭ ئورنىغا، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تاۋۇشنىڭ ئىشلىتىلىشى خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گوما شىۋىسىدە: |
|---|---|
| چىۋىق، تىل، تىللاش | شىۋىق، كىل، كىللاش |
| تىلەش، تىرناق(پۇت-قولنىڭ) | كىلەش، تىيماق |
| تۈگلۈك، چەللە | تۈنۈك، چەلگە |
| قۇلۇپ، سونچاق | قۇلپا، سونجاق |
| ئۇشۇق(پۇتنىڭ)، يۇلتۇز | ھوشۇق، ژۇلدۇز |
| ماقۇلمۇ؟ يىلتىز | ماقما، ژىلدىز |

10) گومىنىڭ ئايرىم جايلىرىدىكى شىۋىلەردە «پ، ىپ، ئۇپ» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئۆتكەن زاماننىڭ 1 -، 2 - شەخس بىرلىكى بىلەن تۈرلەنگەندە، رەۋىشداش ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى «ب» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گوما شىۋىسىدە: |
|---|---|
| دەپ+ ئىدى= دەۋىدى | دەبدى |
| كېتىپ+ ئىدى= كېتىۋىدى | كىتىبدى |
| قىلىپ+ ئىدىم= قىلىۋىدىم | قىيدىم |
| كىيىپ+ ئىدىڭ= كىيىۋىدىڭ | كىيىبدىڭ(كىيىپتىڭ) |
| ئوقۇپ+ ئىدىم= ئوقۇۋىدىم | ئوقۇبدىم |
| ئويناپ+ ئىدىڭ= ئويناۋىدىڭ | ئوينابدىم |

11) يەنە، كېلىدىغان زامان تۈرىدىكى رەۋىشداشلاردىن بولغان

«باردۇ، كېلىدۇ، قىلىدۇ، ئېتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «دۇ» ئۇلانمىسىدىكى «د» تاۋۇشى تاغلىق رايونلاردىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە «ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| گۇما شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| بايتۇ (بايىت)، كىتۇ(كىلت) | باردۇ، كېلىدۇ |
| قىت، دىتۇ(دىيىت) | قىلىدۇ، دەيدۇ |
| يىتۇ (يىت)، بومايتۇ | يەيدۇ، بولمايدۇ |
| كەمىيتۇ، ساتمايتۇ | كەلمەيدۇ، ساتمايدۇ |
| كېستۇ، ئاستۇ، چاپتۇ | كېسىدۇ، ئاسىدۇ، چاپىدۇ |

12) تەركىبىدە «گ، ك» تاۋۇشلىرى كەلگەن بىر قىسىم سۆز-لەرنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىرىكىشى ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە بويسۇنماي، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| گۇما شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| گۇل، گوش، گور | گۈل، گۆش، گۆر |
| چوگۇن، لۇڭگا | چۆگۈن، لۆڭگە |
| كۇچ، قۇغۇن | كۈچ، قوغۇن |

13) ئەدەبىي تىلدا سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ياسايدىغان (تەقلىدىي - تەسۋىرىي سۆزلەرگە ئۇلىنىپ) «-ئىدە» قوشۇمچىسى گۇما شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى «-دەك، - تەك» قوشۇمچىسىغا ئوخشاش «گ» تاۋۇشىنى قوشۇۋالىدۇ. مەسىلەن:

| گۇما شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| تاققىدەگ، دىككىدەگ | تاققىدە، دىككىدە |
| پوككىدەگ، شاققىدەگ | پوككىدە، شاققىدە |
| چاڭگىدەگ، ۋاققىدەگ | چاڭگىدە، ۋاققىدە |
| چوككىدەگ، دىرىڭگىدەگ | چوككىدە، دىرىڭگىدە |
| جىممىدەگ | جىممىدە |

[ئەسلەتمە] بۇ ھال سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى بولغان «دەك، تەك» ئوخشىتىش قوشۇمچىلىرىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، بۇ تۈردە «دەك، تەك» تىكى «ك» تاۋۇشى ئورنىغا «گ» تاۋۇشى قوللى-

نىلىدۇ.

14) ئەدەبىي تىلدا ئىسىملاردىن سۈپەت ياسايدىغان «لىق، لىك، لۇق، لۈك» قوشۇمچىلىرى گۇما شېۋىسىدە تاۋۇش ئۆزگەرتىپ («ق» نى «غ» غا، «ك» نى «گ» گە ئالماشتۇرۇپ) قوللىنىلىدۇ.
مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| سۇ+لۇق=سۇلۇق | سۇلۇغ |
| تۇز+لۇق=تۇزلۇق | تۇزلۇغ |
| چىراي+لىق=چىرايلىق | چايلىغ |
| گۇمان+لىق=گۇمانلىق | گۇمانلىغ |
| مۇسىبەت+لىك=مۇسىبەتلىك | مۇسىبەتلىگ |
| ئەت+لىك=ئەتلىك | ئەتلىگ |
| كۈچ+لۈك=كۈچلۈك | كۈشلۈغ |
| مېۋە+لىك=مېۋىلىك | مېۋىلىگ |
| گۈل+لۈك=گۈللۈك | گۈللۈغ |
| چىدام+لىق=چىداملىق | چىداملىغ |

## گۇما شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى

گۇما شېۋىسى لېكسىكا جەھەتتىمۇ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت تەركىبىدە گۇمىنىڭ ئۆزگە خاس يەرلىك سۆزلىرى؛ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئەينەن ياكى قىسمەن فونېتىك ئۆزگىرىش ھالىتىدە ساقلىنىپ، ھازىرغا قەدەر ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆزلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداقلا، گۇما شېۋىسىنىڭ ئۆزگە خاس بولغان فرازېئولوگىيىلىك سۆز بىرىكمىلىرى، ئىدىئوم، ماقال - تەمسىللىرىمۇ بىر قەدەر باي بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىي تىلىمىزغىمۇ كىرىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا گۇما شېۋىسى سېمانتىكا جەھەتتىمۇ مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. تۆۋەندە بۇ تۈرلەرگە مەنسۇپ بولغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ لۇغەت مەنىسى (ئىستېمال مەنىسى) نى ئايرىم - ئايرىم

ئىزاھلاپ كۆرسىتىمىز.

1. گۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس شېۋە سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستېمال مەنىسى

[ئەسلەتمە] بۇ قىسىمدىكى سۆزلەر تەرتىپ جەھەتتىن ئالدىدىكىسى گۇما شېۋىسىگە خاس سۆزنى، كەينىدىكىسى ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى تەڭدىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆپ مەنىلىك سۆز بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنىلىرى «①②» دېگەندەك رەقەم بىلەن پەرقلەندۈرۈلدى، مەنە جەھەتتىن سەل يېقىنلىرى پەش «،» بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى.

ئاتىلا —— بۇغداي ئۇنى بىلەن سوقۇلغان قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بىر خىل ئۇماچ

ئازىنىڭۇز —— ھەپتىدىن بۇيان

ئاياق —— ياغاچ تاۋاق

ئاژناپ —— ئاچ كۆز

ئامىنامىاي —— دائىم، دەم ئالماي

ئاۋۇي ① —— تۇزۇت قىلماي ② ئابرۇي

ئادا —— ① پاكىز ② پەقەت

ئازغاش —— ① ئالماش ② ئېزىپ كەتمەك

ئاقنا —— بۇغداي نېنى

بادىرا —— خادا

بىجىق —— ئەمچەك

باسماق —— چاشقان تۇتىدىغان قاپقان

بوخىناق —— چاڭ، تۇمان

بويتاسما —— غىلاپىنىڭ چۆچىلىق تاسمىسى

پىسخىماق —— سېسىپ، كۆكىرىپ قالماق

پوپاڭ —— يۇمشاق

پاتاڭگۇ ئۇچماق —— قاڭقىپ ئۇچماق

ئەتتىكەن —— تىرناق تۇۋىنىڭ يارىسى

ئەگۇنە —— چىتەنگە ئوخشاش ئېتىلگەن ئاددىي ھويلا ئىشىكى

ئەختىمالەم —— ئېھتىمال

ئەيۋىلەك، سەيۋىلەك — قالايمىقان، ئوڭ ـ تەتۈر تاشلانغان
ئەكچىش — چالا قۇرۇش
ئەن — ① بەلگە ② تېز، راۋان ③ كەڭلىك
بالداق — كالتەك (ياغاچ كۆتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ)
بەلدەش — كېسىش، توغراش (ياغاچنى)
بوغجىما — بوغچا، بوپا
بازىمان — كەچ، كەچتە
بىلەك — باشقا، قايتا
بوبا — بوۋا، چوڭ دادا
پاگى — خېمىرتۇرۇچ
پەلتەڭ — ئورۇندۇق
پورەك — پوچى
پوسما — بالىلارنىڭ پاختىلىق باش كىيىمى
پۇتمەك — ئىشەنمەك
پېچەك — يىپ تۇگىدىغان غالتەك
پالكۇچ — پەلكۇچ، پەرلىگۇچ
پەرەڭ — بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆمۈرچەك
پەنچە — ئالىقان، تاپان بارماقلىرى
چاپتىكەش — چېقىلغاق، جىم تۇرمايدىغان
ياۋان — ئوۋچى
پاتىش — لىقمۇلىق
پىلتاش — لىقمۇلىق
پەللەش — ئالدىراش
پەللەم — ئالدام، يالغان
پىشىكى — بىر ئاز
پۇقۇسلاش — قېيىداش
پات — تېز، ئىتتىك
تاراڭگۇ — كالتەك
تاق — تېز، چاقماق
تالجىماق — ھېرىپ قالماق، مادارىدىن كەتمەك

تامغاق — تاڭلاي
تانا — ① ئەنە ② ئىنچىكە ئارغامچا
تاۋان تاشلىماق — ئارىيەت ئېلىپ بۇزۇلغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېلىشنى رەت قىلىشى
تەۋاز — تېرىككەك
تە بولۇش — تېرىكىپ قېلىش
تەڭلە — ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان داس ئورنىدىكى قاچا
تەلپەك — تېرە تۇماق
توسان — كۆندۈرۈلمىگەن ئات - ئۇلاغ
توسانجا — نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرسىغا سېلىنغان توسۇق
تومنان — توقاچ
تۇغ — ① تۇغان ② مازارلىقنىڭ شەددىسى
دالتەك — گەپ توشۇغۇچى
داملىماق — ماختىماق
دوقاسلاتماق — نوقۇماق
دۈگجىمەك — ئالغا مۈدۈرمەك
دۆش — ① گۆش چانايدىغان كۆتەك ② كۆتەكنىڭ ئېگىز - پەس يېرى
دىكەل — بېرى كەل
پاڭقاي — پاڭ، گاس
پاڭقۇش — پاڭ، گاس
پوزنەك — «پومزەك» كە يېقىن سۆز
پوكان — گال، بوغۇز
پۇسكايماق — پۇلتايماق
پۇسكاق — پۇلتىيىپ قالغان
پۈتەي — ئىچى پۈتۈك، تۆشۈكسىز
پىژغىرىم — قاتتىق ئىسسىق
پىسىي پوق — رەھىمسىز؛ مىس - مىس
تاتقۇ — ① تاماقتا ئوخشايدىغان، ئەمما چىشى يوق كۈرىگۈچ ② ئۈستىدە ئەلگەك قويۇپ ئۇن تاسقايدىغان سايمان

تالىغا تەگمەك — زىتىغا تەگمەك، گەپ ـ سۆزدە ئېغىر تەگمەك
تىۋەززۇن — كىچىك پالتا
تاتما — ئىنچىكە، ئۇزۇن لىم
تات — دات (داتلاپ قالماق)
تاكوچا — تاپسا، پەگا
تىتما كاتاڭ — تىتما ـ تىتما
تاختا مۇشۇك — چاشقان قىسمىقى (قاپقان)
جودا — ئۇرۇش ـ جېدەل، غوۋغا
جوپپاڭ — مۇز نوكچىسى
جوجاي — مۇز نوكچىسى
چاقۇندا — ئوڭدىسىغا
چىلپاق — پارچە
چىلپي — پارچە
چاپقۇلداش — ئات، ئېشەكنىڭ چېپىشى
چەتىش — چامداش، قەدەم ئېلىش
چەتى — قەدىمى، چات ئارىلىقى
چاپي — شادلىق كارىۋات
چاغۋا —...غا ئوخشايدۇ، ئېھتىمال
چەپپە — ① سول ② تەتۈر
چوخچا — دۆۋە
چۇل ـ چۇل — كۇكۇم ـ تالقان
چەتمەك — قۇش تۇتىدىغان سىرتماق
چىتە — كىشەن
چىلەك — ① «+» بەلگىسى ② يىپ ئېگىرىدىغان ئەسۋاب
خامپا — تۈگمەننىڭ ئۇن چۈشىدىغان جايى
خوردا بولۇپ كەتمەك — ئادەتلىنىپ كەتمەك، پىشىپ كەتمەك
داردايماق — كېرىلمەك، ئۆزىنى كۆرسەتمەك
جوڭقۇرماق — باشقۇرماق
جوڭشىماق — باشقۇرماق
چوندەك — يىرتىق، جۇل ـ جۇل

جىندەگ — كىچىككىنە، بىردەم، بىر ئاز
چۆكىنەم — ۋىجىك، كۆرۈمسىز
چىۋىقىغا ئالماسلىق — نەزەرىگە ئىلماسلىق
چىڭگىز — بېخىل، بىر ئىشنى بەك ئىنچىكىلەش
دىيەپشە — بىگىز
دەپتە — پىيما
دەپكۈ — پىيما
دوناي — ئەگرى
دوقماز — ئۈچى يوق
زاڭ — قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان، ئۇماچتىن قويۇق بىر خىل تاماق، ئۈستىگە قورۇما ئېلىپ يەيدۇ
زەگۈندا — ئىشىك بوسۇغىسى
شالتاق — كىر، قاسماق
شىۋاق — سازلىقتىكى چىملىق
غاجۇپ قالماق — ئېچىرقاپ قالماق
غاشا — يىرىك، قاتتىق
غۇدۇلاش — غودۇڭشىماق
غورا قاپاق — توڭ، قوپال مىجەزلىك كىشى
غوراپ — پىشمىغان ئۈزۈم
غول — ① كۆپ، نۇرغۇن ② چوڭ، مەركىزىي (كوچا، ئۆس-تەڭ)
غۇلدا — ① قوناق ۋە باشقا نەرسىلەرنى سوقىدىغان كالتەك ② سۇپا - كاڭلارنىڭ لېۋىگە قويىدىغان ياغاچ
مىكە — بېرى كەل، مەيەرگە كەل
راخاپ — مۇز سۈيى، دۇغ
دوغاپ — مۇز سۈيى، دۇغ
دۇمبال — دۇمبا، كالتەك
دۇمبە — ① قوينىڭ قۇيرۇق مېيى ② ئۇچا (ئادەمنىڭ)
دۇمبەل — ئوتتۇرىسى ئېگىز نەرسە
داپقۇ — قېتىم (بىر قېتىم، بىر يول)

ساي — ھېلى، بايا
سۈز سالماق—ئەلچى قويۇپ توي تەلىپى قويماق(تويغا كېلىشمەك)
سۈل — خام قالغان، چالا پىشقان نان
سىپتە — سىلىق
سىيپىماق — سىلىماق، سۇۋىماق
سىنچاي چىنە — پىيالە
شاپ — ① تېز، چاققان ② چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك
شاپالتاق — چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان پالاق
شاخىنا — ئىچى سۈرۈپ شاتراقلاش
شوخا — تىكەن
شوپۇ — مېۋە شۆپۈكى
شېتىلە — قىزىقچى
سىيەك — سەرخىل
سېلىكەش — پەسىيىش
سۇپەك — باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان كىشى
سوغۇتقۇ — ئاشنى بۆلۈپ سوۋۇتۇپ ئىچىدىغان ئايرىم قاچا
قىسماق — قۇش ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۇتىدىغان تۇزاق
كاج — جاھىل
كاج تالاشماق — گەپ تالاشماق
كۆچكۆل — مۇز ئۇستىدىن سۇ ئېلىشقا ئاچقان تۆشۈك (كاچكۇل)
كامالەك — رەگەتكە
كەپشە — كېپىش، كەش
كاكىلىماق — تۇخۇم تۇغماق (قۇشلار)
كاكىلىماق — ياڭاقنى كۆك پوستىدىن ئايرىماق
كالتىساق — قونچىسىز ئاياغ
كالتاخساقال (كالتە ئاقساقال) — كىچىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرگۈچى

كۆنەلگۈ — قېتىقنىڭ ئېچىتقۇسى
كىلتان ① — ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ ئىلگۈچى ② بىلەرمەنلىك قىلماق
شىراق — پاچاق، تېقىم
قاڭ — توپا چىڭدايدىغان كۆتەك
قاڭدىماق — چىڭدىماق
قوشام — چىت، قاشا (يۇلغۇندا قورشالغان تام)
قوشىماق — ئىككى ئۆكۈز قېتىلىدىغان بوقۇسا (ساپان)
قولدىماچ — نەرسە يۇدۇگەندە ئارغامچىنى قولتۇقى بىلەن يەلكە-سىدىن ئۆتكۈزۈپ تېڭىشتۈرۈش
قويغاش — پولۇ
قۇز — تەسكەي، كۈن چۈشمەيدىغان جاي
قۇلاق قاقىشماق — ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ كېلىشتۈرالماق
قومچاق يوتقىنى — پاقا يوپۇرمىقى
قۇيرۇق چۆرۈگۈچ — ئىش - ھەرىكەتنىڭ كەينىدە قالماق
قۇچ — پولات
قېيىم (قېتىم) — كىچىك ئېرىق، چۆنەك
سەندەل — ئۈستى تاسمىلىق كەش
سايىقى — بايىقى، ھېلىقى
سايىتىكى — بايىقى، ھېلىقى
سۇۋاي — ھايۋانلارنىڭ بوغاز بولماي قېلىشى
سۆيۈن — سايە، سالقىن
شىۋەلىك — سازلىق
شىنە — ① پانا، مىق ② شىرنە
شەپشەك — چېۋەر، چەبدەس
غۇيەك — پىرقىرىغۇچ
غارا — پۇتۇنلەي، ساپلا
قوۋالتاق — ئاياغنى پايپاقسىز كىيىش
قىسىي قالماق — قۇرۇق قالماق
كەپشەك — ئۈچى كەشكە ئوخشاش تىلغان پىتەك

كۇۋۇك — كەپتەر ئۇۋىسى
گۇنۇس — تۇتۇق (ئاچ)
كۇنۇس — پىخسىق
كاڭكا — باغسىز سىۋەت
شىيداق — ئورۇق، ئاۋاق
شىدىشاپ — ئۇجمە ئىرغىتىپ يەيدىغان نەرسە (رەخت)
شىلتىڭ ئاتماق — چوڭچىلىق قىلماق
غوم — قورساق كۆپۈكى، ئاداۋەت
قاپچىغاي — بىر - بىرىگە ئۇدۇل كەلمەيدىغان يول
قاپچىمال — ئارىلاش، ئارىلاشما
قاراق — قارىچۇق
قاشاڭ — يۇزى قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان
قاق — ① شاپتۇل قېقى ② تاغلاردا تاش ئارىلىقىدا سۇ تۇرۇپ قالىدىغان كۆلچەك
قۇسۇمەت — ئۆچ - ئاداۋەت
قاقىرام — قاتتىق ئىسسىق
قىزىلاڭ — ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى
لايلامپاتاق — پاتقاق
لابدۇ — كىيىم - كېچىكى سۆرەلمە، ماس كەلمەسلىك
لەت — يامان گەپ، دەشنەم
لەتخۇ — دەشنەم يېيىشكە ئامراق
مالتىلاش — ئاختۇرۇش
لەڭگۇك — ئەپكەش
مالغۇشلاش — ئارىلاشتۇرۇش
مومما — موما، چوڭ ئانا
مو — ماۋۇ
مىيان — بۇيان
مىيە — بۇيەر
موۋۇ — ماۋۇ
مىشىت — مەسچىت

مىت قىلماسلىق — قىمىرلىماسلىق
مىشمىيىق — پۈرلىشىپ كەتكەن
مۇنۇكۇم — ياۋاش، بىچارە بولۇۋېلىش
مىنەپتە (كۈن) — بازار بولىدىغان كۈندىن باشقا كۈنلەر
نىياق — يىراق
نوكەش — ئىچى كاۋاك، نەيچە
نىمكەش — بىر ئاز كونىرىغان
نىمشەك — قەدىمىي ئېغىرلىق بىرلىكى (ئىككى جىڭغا تەڭ)
داخشالماق — ئانچە - مۇنچە يىرتىلماق، كونىرىماق
هاللاڭ — ئوچۇق
هوقىيتماق — توۋلاپ چاقىرماق
هىلەڭ — دائىم، ھەمىشە
تاقلاش — مايسىنى توپ قالدۇرۇش (ئىككىسىدىن بىرىنى ئېلىۋېتىش)
ئۇۋات — ① ئۇيات ② جىنسىي ئەزا
ئوڭدا قويماق — ئالداپ زىيان سالماق
ئولپاق — بوۋاقلارنىڭ پاختىلىق باش كىيىمى
گىجىڭ — ھەمىشە ئىشقا چاتاق چىقىرىپ ئارىلىشىۋالماق، ئۆزىنىڭ گېپىدە تۇرۇۋالماق
گىچچاڭلىتىش — كۆز - كۆز قىلىش
گىنە — ئاداۋەت
گالىزاڭ — دۆت، گومۇش
گەزنە — توقاچ نان ياقىدىغان نەرسە
گۆلەڭ — سۇنىڭ ئاقماي تۇرۇۋالغان جايى
ھىمات — يۆلەنچۈك، ئارقا تىرەك
ھىلبەڭ — دائىم، ھەمىشە
ھورداق — مۇتتەھەم، ئۆكتەم
ھولاق — ياغاچنى ئويۇپ ياسىغان ئوقۇر
ھونناق — ① ناھايىتى ئاچچىق ② يامان سۆپەتلىك يارا

چىپپىي — ھىم كەلمەك، لىق كەلمەك
مولاس - مولاس — بوش، يۇمشاق
مۇنايماق — شۇمشەيمەك
موتايماق — ئىچىگە پۇكۇلۇپ كەتمەك
مۇندىلەك — قوناق شېخىنىڭ كۆتىكى
مەتۇ — تىلى كەمتۇك، گەپنى كەمتۇك قىلىدىغان
مەلتۇك — تىلى كەمتۇك
مانەت — پاسكىنا
مەيزاپ — ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتىپ ئەتكەن ئىچىملىك
مۇسەللەس — (يۇقىرىقىغا ئوخشاش)
مۇنەك — شاپتۇلنى پۈتۈن قۇرۇتقان گۆلە
ئېغىرمان — دۈمبە، ئۇچا، ئارقا تەرىپى
ئىلەس — ئالىغاي
ئىينا — ئەنە
ئىيان — ئۇيان، ئۇ تەرەپ
ئىيۋۇ — ئاۋۇ
يوپۇڭ — يېلىڭ، يۇپقا (كىيىنىش)
يوبدان — قوناق خېمىرىنى سىققۇچتا سىقىپ ئېتىلىدىغان بىر خىل ئاش
قىس — كەم تېپىلىدىغان
قىناق — ياغاچنىڭ يونۇپ بەلگە سېلىپ قويغان يېرى
كەسلەش — كېسىش
مومۇن — موما ياغاچ
مەڭزىتىش — ئوخشىتىش، قىياس قىلىش
چالا - پالچاق — كەم - كۇتە
قوچۇش — سۈيۈق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش
قورۇش — توسۇش، قوغلاش، ئۈركۈتۈش
غولجا — قوۋۇز
قىچىق — غىدىق
قىچىقلاش — غىدىقلاش

شاخنەك — يىڭنە ئىشى قىلغانلار بارمىقىغا سېلىۋالىدىغان مېتال ئۈزۈك
كوچا — دانلىق ئاشلىقنى يىرىك پېتى قاينىتىپ ئېتىدىغان تاماق
ئوڭاي — ئاسان
ئويماق — يىڭنە ئىشى قىلىدىغانلار بارمىقىغا سېلىۋالىدىغان تېرە ئۈزۈك
بۈكۈم-بۈكۈچ — ئاغرىقنىڭ قايتا قوزغىلىپ ئېغىرلىشىشى
ئۆيۋاقا — ئۆي - جاي
ئىشكايلا — ئۆي، هويلا
يەكسۈن — ئوخشاشلا، پۈتۈنلەي
يامىداش — چالا - بۇلا بىلىش (ئوقۇش)
ياپا — پۈتۈنلەي
ئولغام — تېڭىلغان نەرسىلەرنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭىتىدىغان ياغاچ
ئولىماق — تولغىماق
ئولغىماچ — تولغاپ چىڭىتىش هەرىكىتى
ئۇدۇم — ئادەت، ئەنئەنە، ئۇسلۇب
ئۇۋاتقۇ — خىجىل بولماق
يىدىغ — سېسىق، بۇزۇلغان تۇخۇم
يوپىناق — ياۋىداق، توقۇمسىز ئۇلاغ
يالاق — ئىتنىڭ قاچىسى
خەتى — ئېسى، يادى
شوت — شوتا
سىيتىما — سىرتماق
سۆيۈن — سالقىن
سەگىدەش — سايىداش، سالقىنداش
زىياتلىق — زاراتگاهلىق، مازارلىق
تىيماق — تىرناق
قونغاق — قونداق
چولتا — ① بىر ئىشقا تېخى خام ② چالا ③ قىسقا

ھۆددەس — پەقەت، ئەسلا، پۈتۈنلەي
مىس — لىق، لىقمۇلىق
مەسسە — مەسە
ئۇششۇق — كۆكەرمە (بىراۋدىن)
ئۆمىلاقمان — ئالدىراش - تېنەش، دائىم، ھەمىشە
ئۇلگىيچە — پۈتۈن، توپ بىلەن
ۋاتۋارەك — قەغەز لەگلەك
ئىيىغ — ئادا، پاكىز
ئىيىغداش — پاكىزلاش، ئادالاش
ئىچى پۇشماق — تىت - تىت بولماق
ئىچىكىش — ئىجىل - ئامراق بولۇپ قېلىش
ئىشەك — قەدىمىي ئېغىرلىق بىرلىكى (تۆت جىڭغا تەڭ)
يامچاق — تەشتەك

2. گۇما شىۋىسى تەركىبىدىكى قەدىمكى تۈركىي- ئۇيغۇر تىللىرى ئېلېمېنتلىرى

گۇما شىۋىسى تەركىبىدە قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىرىغا خاس بولغان نۇرغۇن سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ سۆزلەر ھازىرقى ئىستېمالدا بەزىلىرى ئەينەن، بەزىلىرى قىسمەن تاۋۇش ئۆز- گىرىشى ئاساسىدا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە بۇ سۆزلەرنىڭ لۇغەتى ئۆز ئارا سېلىشتۇرما تەرتىپسىدە ئىزاھلىنىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئالدىنقىسى گۇما شىۋىسىدە ساقلانغان تۈرىنى، ئوتتۇرىسىدىكىسى قە- دىمكى مەنىسىنى، كېيىنكىسى ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئۈچ تۈردىكى سۆز بىر سىزىقچە «-» ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.

يالۋادى - يالۋاردى - يالۋۇردى. كۈپ - كۈپ - ئىدىش، كوزا. قۇز - قۇز - تەسكەي. بۇس - بۇس - ھور، تۇمان. تۇغ - تۇغ - ① تـۇغان ② تـۇغ - شـەددە. سـۆل - سـۆل - چاپلاشقان نان. سىن - سىن - بوي، ئۇزۇنىسى. قاق - قاق - ① شاپتۇل قېقى ② چۆل - جەزىرىدە سۇ توختـاپ قـالغـان كـۆلچـەك. كۆندى - كۆندى - ئۆگەندى. گەپ تونۇش - گەپ تانۇش - سۆز ئېيتىپ بېرىش، جېكىلەش. تىتىلمەك - تەتلىمەك - تېتىكلەشمەك. پىچىش -

پىچىش - تىلىش. كەڭۈيتمەك - كەڭۈتمەك - كېڭەيتمەك.
مەڭرەش - مۆڭرەش - مەرەش. مەڭزىتمەك - مەڭزىتمەك - ئوخشات-
ماق، قىياسلىماق. ئوك - ئوڭ - رەڭگى، چىرايى. ئىمىك -
ئىرىك - پىچۇۋېتىلگەن ئەركەك قوي. ئۇۋا - ئۇۋۇ - ئۇيات.
ئاتىز - ئاتىز - ئېغىز (يەر، ئۆي). ئاغىز - ئاغىز - ئېغىز.
ئۆچەش - ئۆچەش - ئۆچەكىشىش. ئالىش - ئالىش - ئېلىش. قاتى-
لىش - قاتىلىش - قېتىلىش، قوشۇلۇش. ئۆڭر - ئۆڭۈر - ئۆڭكۈر،
غار. ئاتىغ - ئارتىغ - ئارتىق (ئۇلاغقا ئارتىلىدىغان يۈك).
ئارغۇن - ئارقۇن - شالغۇت. ئالتىن - ئالتىن - تۆۋەن، پەس،
تېگى. ئاستىن - ئاستىن، ئاستى - تۆۋەن، تېگى، پەس.
تامغاق - تامغاق - تاڭلاي، تاماق. يايلاغ - يايلاغ - يايلاق.
يوپتاق - ياپتاق - ياۋداق (توقۇمسىز ئۇلاغ). ياپىغلىق -
ياپىخلىغ - يېپىقلىق. ياماغلىغ - ياماغلىغ - ياماقلىق. زۇيەك-
لىگ - يۇرەكلىگ - يۇرەكلىك. يۇمۇرمەك - يەمۇرمەك - قومۇرماق.
ژۇتۇرمەك - يىتۇرمەك - يوقاتماق، يىتتۇرمەك. سوقا - سوقۇ - شال
ئاخلايدىغان نەرسە. تىكە - تەكە - ئۆچكىنىڭ ئەركىكى. مۇلغۇي -
مىنغۇي - موزدۇزلار ئىشلىتىدىغان شىلىم. ئاچىدى - ئاچىدى -
ئېچىندى. سوغۇش - سوغۇش - سوۋۇش. تۈلەش - تۈلەش - تۈك
تاشلاش. مۆڭۈز - مۈڭۈز - مۈڭگۈز. تۈنۈك - تۈڭلۈك-تۈڭلۈك.
ياسقاق - يارسقاق- تېيىلغاق تاش. يالدىيلاش - يالدىراش - يالتىراش.
شەشتى - سەشتى - يەشتى. پاتتى - باتتى - سىغدى. بۇكتى -
بۇكدى - مۆكتى. زىن - يىن - قوي - ئۆچكىنىڭ قېرىنىدىكى قىغ.
يايلۇق - يارۇق - يېرىق. ژىتتىگ - يىتتىگ - ئىتتىك، تېز.
ژۇنجى - يىنجۇ - ئۈنچە. يۇپقا - يۇپقا - نېپىز، شالاڭ.
ژۇلدۇز - يۇلدۇز - يۇلتۇز. ژىلدىز - يىلدىز - يىلتىز. ياپىشتى -
ياپشىدى - يېپىشتى. ياپىندى - ياپىندى - يېپىندى. يايىلدى -
يارىلدى - يېرىلدى. ژۈكۈندى - يۈكۈندى - يۈكۈندى. جۇغلاش -
جۇغلاش - يىغىش، توپلاش. تەسىندى - تەرسىندى - ئاغرىق قايتىلان-
دى. تەزمەك - تەزمەك - تاراپ كەتمەك، قاچماق. كەسكۈ -
كەسگۈ - ئىتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان كالتەك. پۈتمەك -

پۇتمەك - ئىشەنمەك. قاتماق - قاتماق - قوشماق. ئايپاڭ - ئايپاڭ - ئايپاڭۋاش. ئەچكۇ - ئەچكۇ - ئۆچكە. هاللاڭ - ئالاڭ - ئوچۇق. ئىيىغ - ئارىغ - تازا، پاكىز. ئىتتى - ئىتدى - ئىتتىردى. شاپ - شاپ - تېز، چاققان. پات - پات - تېز، چاققان. كۈيگىدنەك - كۈزكۈنەك - كۆكنەك قۇش. ئايتماق - ئارتماق - سۇرتمەك. قۇچ - قۇرۇچ - پولات. سىيىغ - سارىغ - سېرىق. قاياق - قاراق - قارىچۇق. تىيىگ - تىرىگ - تىرىك. تۇگەل - تۇگەل - پۇتۇن، تولۇق. توقلا - توقلى - يېشىغا توشمىغان قوزا. شوخلا - شوخلۇ - ئىت ئۈزۈمى. قاتلىما - قاتما - ياغدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان (قوتۇرماچ). باغنا - باغنا - چىت قاشالىغاندا قويىدىغان ۋاختا. ساغلىق - ساغلىق - چىشى قوي. قىسماق - قىسماق - تۇزاق، قاپقان. قانجىق - قانجىق - قانجۇق (چىشى ئىت). سۆنەگ - سۇگىنەگۇ - تىرناق يارىسى. قوياغ - قوياغ - قويۇق. چەيدەم - چەيدەم - ئەسكى پايتىما. بۇيىدى - بۇرىدى - پۇرىدى. تاندى - تاندى - ئىقرار قىلمىدى. پىچىم - پىچىم - تىلىم (بىر تىلىم). سوغالماق - سوغالماق - ئازايماق، پەيسەيمەك. كەيىلەش - كەرىلىش - كېرىلىش. تاپچۇماق - تاپچۇرماق - تاپشۇرماق. قامغا - قامغا - قىيسىيىش، قېيىش. دىغىراش - تىغراش - كۈچلۈكلىكىدىن بىر يەردە جىم تۇرالماسلىق. تاتىش - تارتىش - ئۆلچەش، جىڭلاش. ئاڭقاماق - ئاڭقارماق - سەزمەك، چۈشەنمەك. ئاقىن - ئاقىن - ئېقىن (سۇ). پالدۇ - بالدۇ - پالتا. بۆربۇقا - بۆربۇق - سۇ بۆگىدىغان تاقاق تاغاچ. مۇكلەش - بۇكلەش - بەلۋاغ. چومۇرماق - چوقۇرماق - چۆكۈرمەك، پاتۇرماق (سۇغا). چىت - چىت - قاشا، قوشام تام. ساقىنماق - ساقىنماق - سېغىنماق. سىيدام - سىيدام - تۇز، ساددا. شۇك - شۇك - جىم. تۇم - تۇم - توق رەڭ...

## گۇما شېۋىسىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

گۇما شېۋىسىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ئەدەبىي تىلنىڭ گىراماتىكىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. لېكىن، گۇما شېۋىسىدە

بەزى تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىكى پەرقلەر ئۇنىڭ گىراممانىكى-سىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، مەلۇم دەرىجىدە پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقار-غان. بۇ هال ئاساسلىقى هەر قايسى سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلىدىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئىسىم. (1) ئىسىملارنىڭ 1-، 2- شەخس بىرلىك هەم كۆپلۈكى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن سىرت، يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ 1- شەخس بىرلىكى ئۈچۈن «ام، ەم» (كۆپلۈ-كى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش)، 2- شەخس بىرلىكى ئۈچۈن «اڭ، ەڭ»، كۆپلۈكى ئۈچۈن «اڭلا، ەڭلا» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنى-دۇ. مەسىلەن:

1- شەخس بىرلىك:

بويۇن+ ئام= بوينام؛ قول+ ئام =قولام؛ پىچاق+ ئام= پىچىقام؛ ئۆي+ ئەم= ئۆيەم؛ كۆز+ ئەم= كۆزەم؛ قەلەم+ ئەم= قەلىمەم

2- شەخس بىرلىك:

قول + ئاڭ= قولاڭ؛ بويان+ ئاڭ= بويناڭ؛ پىچاق+ ئاڭ= پىچىقاڭ؛ ئۆي+ ئەڭ= ئۆيەڭ؛ كۆز+ ئەڭ= كۆزەڭ

3- شەخس كۆپلۈك:

قول+ ئاڭلا= قولاڭلا؛ بويان+ ئاڭلا= بويناڭلا؛ پىچاق+ ئاڭلا= پىچىقاڭلا؛ ئۆي+ ئەڭلە= ئۆيەڭلە؛ كۆز+ ئەڭلە= كۆزەڭلە

(2) ئىسىملارنىڭ 3- شەخس بىرلىكى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدىكى «ئى، سى» (ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «ئى»؛ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «سى») قوشۇمچىلىرى ئۆي+ى+سى= ئۆيىسى — ئۇنىڭ ئۆيىسى؛ ياغلىق+ى+سى= ياغلىقىسى — ئاۋۇ كىشىنىڭ ياغلىقىسى؛ قوي+ى+سى= قويىسى — بۇ ئاكامنىڭ قويىسى؛ پۇل +ى + سى = پۇلىسى — نانىنىڭ پۇلىسىنى بەردىم.

2) سۈپەت. (1) سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن گۇما شېۋىسىدە «ئوپ، قوپ، سوپ، ئەپ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
| ئاپ+ ئاق= ئاپئاق | ئوپئاق |

ساپ+سېرىق= ساپسېرىق　　سوبسېرىغ
قاپ+قارا= قاپقارا　　قوپقايا
سۆپ+سۆزۈك= سۆپسۆزۈك　　سۆپسۆزۈك
ياپ+يېشىل= ياپيېشىل　　يوپيېشىل
تۇپ+تۇز= تۇپتۇز　　تەپتۇز
قىپ+قىزىل= قىپقىزىل　　قەپقىزىل

(2) گۇما شېۋىسىدە «ر» تاۋۇشى «ي» تەلەپپۇز قىلىنغانلىقتىن، سۆپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «راق، رەك» قوشۇمچىلىرى بىردەك «ياق» ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا:　　گۇما شېۋىسىدە:
پەس+رەك= پەسرەك　　پەسياق
قېلىن+راق = قېلىنراق　　قېلىنياق
ئورۇق+راق = ئورۇقراق　　ئويۇقياق
قىزىل+راق = قىزىلراق　　قىزىلياق
تۇز+رەك = تۇزرەك　　تۇزياق
ئاز+راق = ئازراق　　ئازياق
سېمىز+رەك = سېمىزرەك　　سېمىزياق

(3) سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدىكى ئاشۇرما رەۋىشلىرى قوللىنىلغاندىن تاشقىرى يەنە، ئەسلىي سۆپەتلەرنىڭ ئالدىغا «ساپ» (ئەڭ، بەك، ناھايىتى) دېگەن مەنىدىكى رەۋىش قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا:

ئۆيۈڭلارنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق ئىكەن. بۇ قىز ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئەمەت بۇ يىل جىق ئۆسۈپتۇ. يۈزۈڭ ناھايىتى قېلىن ئىكەن.

گۇما شېۋىسىدە:

ئۆيەڭلىنىڭ ئايلىقى ساپ نىياقكەن. بۇ قىز ساپ چايلىغكەن. ئەمەت بۇ ژىل ساپ ئۆسۈپتۇ. يۈزۈڭ ساپ قېلىنكەن.

(4) سۆپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسىنى ياسايدىغان «قىنە،

غىنە، كىنە، گىنە» قاتارلىق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدىغان سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە گۇما شېۋىسىدە «قىنا، غىنا» دىن ئىبارەت ئىككىلا قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئاققىنا، قىزىلغىنا، كۆكقىنا، ئېگىزغىنا، تۇزغىنا، چوڭغىنا
3) پېئىل. (1) گۇما شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق، مەيل، شەرت، خەۋەر رايلىرى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن (ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلاردىن كېيىن) يەنە، «ئا، ئاي» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ چوقۇم شۇنداق بولغانلىقى، بولۇشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن:
ياز+ ئاي+ ئاي= يازاي — يازايياي؛ ياز+ دۇق+ ئاي= يازدۇقاي؛ ياز+ ئايلى+ ئاي= يازىلاي؛ كۆچە+ ئەڭلا + ئاي= كۆچەڭلاي؛ ياز+ ىڭ+ ئاي= يازىڭاي — يازىڭاي؛ كۆلمە+ ڭ+ ئاي= كۆلمەڭاي؛ يە+ ڭ+ ئاي= يەڭاي؛ چاپ+ ئايلى+ ئاي= چاپىلاي؛ ئۇخلا+ ي+ مەن+ ئاي= ئۇخلايمەناي؛ يە+ ڭلا+ ئاي= يەڭلاي
(2) مەيل رايىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىشىدا ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلار قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە 1 - شەخسنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن «يا»، 2 - شەخسنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن «ئا» ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ، «ئۆتۈنۈش، تىلەك» مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ (بۇ يەردىكى «ئا، يا» لار ئەدەبىي تىلدىكى «چۇ» ئۇلانمىسىغا تەڭداش) مەسىلەن:

ئىشلەي +يا= ئىشلىييا
ئىشلەڭ+ ئا= ئىشلەڭا
كولاي+ يا= كولايىيا
كولاڭ+ ئا= كولاڭا
بۇزماي+ يا= بۇزمايىيا
بۇزماڭ+ ئا= بۇزماڭا
تاپاي+ يا= تاپايىيا
كېلەي+ يا= كېلەيىيا

جۈملە مىساللىرى: ① بۇگەن مەن ئىشلىييا؛ ② بولدى، سىز

ئىشلىگە؛ ③ بۇ يەرنى مەن كولاييا؛ ④ بۇ ئويۇننى بۇزماييا؛ ⑤بولاپتۇ، كامىنى مەن تاپاييا؛ ⑥ ئەتە بىراقلا كېلىپيا.

(3) گۇما شىۋىسىدە بۇيرۇق ھەم ئۆتۈنۈش رايىدىكى پېئىللار-نىڭ 1 ـ شەخس كۆپلۈكىگە ئەدەبىي تىلدىكى «ئايلى، ئەيلى» ئەمەس، «يىلى، ىلى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شىۋىسىدە: |
|---|---|
| ماڭ+ ئايلى = ماڭايلى | ماڭ+ ىلى = ماڭىلى |
| ئىشلە+ يلى = ئىشلەيلى | ئىشلە+ يلى = ئىشلىيلى |
| كەت+ ئەيلى = كېتەيلى | كەت+ ىلى = كىتىلى |
| سۆزلە+ يلى = سۆزلەيلى | سۆزلە+ يلى = سۆزلىيلى |
| ئەت+ ئەيلى = ئېتەيلى | ئەت+ ئىلى = ئىتىلى |
| تاپ+ ئايلى = تاپايلى | تاپ+ ىلى = تاپىلى |
| تۇر+ ئايلى = تۇرايلى | تۇر+ ىلى = تۇيلى |

(4) پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان خەۋەر رايى ئۈچۈن گۇما شىۋىسىدە «ۋاتىت، ۋاتۇ، ىۋاتىت، ئىۋاتىتۇ» دېگەندەك قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ (ئەدەبىي تىلدىكى «ۋاتىدۇ، ىۋاتىدۇ» نىڭ ئورنىدا). مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شىۋىسىدە: |
|---|---|
| ئوقۇ+ ۋاتىدۇ= | ئوقۇ+ ۋاتىت (ۋاتىتۇ) = |
| ئوقۇۋاتىدۇ | ئوقۇۋاتىت (ئوقۇۋاتىتۇ) |
| ئىشلە+ ۋاتىدۇ= | ئىشلە+ ۋاتىت (ۋاتىتۇ) = |
| ئىشلەۋاتىدۇ | ئىشلەۋاتىت (ئىشلەۋاتىتۇ) |
| كەل+ىۋاتىدۇ= | كەل+ ۋاتىت (ۋاتىتۇ) = |
| كېلىۋاتىدۇ | كىلىۋاتىت (كىلىۋاتىتۇ) |
| ياز+ىۋاتىدۇ= | ياز+ ۋاتىت (ىۋاتىتۇ) = |
| يېزىۋاتىدۇ | يازىۋاتىت (يازىۋاتىتۇ) |

(5) كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ 3 ـ شەخس بىرلىكى ئۈچۈن گۇما شىۋىسىدە «ىت»، «ىتۇ»، «تۇ»، «يىت»، «يتو» قوشۇمچى-لىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا: گۇما شىۋىسىدە:

بار+ىدۇ= بارىدۇ          بايىت، بايتۇ
كەل+ىدۇ= كېلىدۇ          كىلت، كىتۇ، كىلىتۇ
ئۇخلا+يدۇ= ئۇخلايدۇ          ئۇخلايىت، ئۇخلايتۇ
ئۆگەن+ىدۇ= ئۆگىنىدۇ          ئۇگىنىت، ئۆگىنىتۇ
قىل+ىدۇ= قىلىدۇ          قىت، قىتۇ
دە+يدۇ= دەيدۇ          دىيىت، دىيتۇ

(6) ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى ئۇچۇن گۇما شېۋىسىدە «پ، ىپ، ئۇپ، ئۈپ» رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن «دۇر، تۇر» قوشۇلماستىنلا، بىۋاستە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يېزىپ+تۇر+مەن+ =يېزىپتىمەن(يېزىپتىمىز، يېزىپسىلەر) | يازىپ+مە= يازىپمە (يازىپمىز، يازىپسلە) |
| ئېلىپ+تۇر+مەن= ئېلىپتىمەن(ئېلىپتىمىز، ئېلىپسىلەر) | ئالىپ+مەن= ئاپمە (ئاپمىز، ئاپسلە) |
| سۆيۈپ+تۇر+مەن= سۆيۈپتىمەن(سۆيۈپتىمىز، سۆيۈپسىلەر) | سۆيەپ+مە= سۆيەپمە(سۆيەپمىز، سۆيەپسلە) |
| قويۇپ+تۇر+مەن=قويۇپتىمەن(قويۇپتىمىز، قويۇپسىلەر) | قوياپ+مە=قوياپمە(قوياپمىز، قوياپسلە) |

(7) ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز تۈرلىرىنى ياسايدىغان «ئىدى (ئىدىم، ئىدىڭ، ئىدىڭىز، ئىدىڭلار)، ئىكەن، ئىمىش» دېگەن قوشۇمچىلىرى گۇما شېۋىسىدە شۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىدىكى «ئى» تاۋۇشىنى قىسقارتقان ھالدا «دى، تى، (دىم، تىم، دىڭ، تىڭ، دىڭلار، تىڭلار، دىڭىز، تىڭىز) كەن، مىش» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا بولۇشلۇق شەكلى:

يېزىپ+ئىدى= يېزىۋىدى (يېزىۋىدىم، يېزىۋىدىڭ، يېزىۋىدىڭلار، يېزىۋىدىڭىز)؛ دەپ+ئىدى= دېۋىدى (دېۋىدىم، دېۋىدىڭ، دېۋىدىڭىز، دېۋىدىڭلار)؛ ئىشلەپ+ئىدى= ئىشلەۋىدى (ئىشلەۋىدىم، ئىشلەۋىدىڭ، ئىشلەۋىدىڭىز، ئىشلەۋىدىڭلار)؛ كېلەر+ئىكەن= كېلەر ئىكەن؛ كېلەر+ئىمىش= كېلەر ئىمىش؛ كېلىدۇ+ئىكەن= كېلىدىكەن؛ قىلار+ئىكەن= قىلارئىكەن؛ دەر+ئىمىش= دەرئىمىش؛ دەيدۇ+ئىكەن= دەيدىكەن

ئەدەبىي تىلدا بولۇشسىز شەكلى:

يازماس+ئىدى=يازماسىدى (يازماسىدىم، يازماسىدىڭ، يازماسىدىڭ-
لار، يازماسىكەن، يازماس ئىمىش)
گۇما شېۋىسىدە:
يازىپ+تى=يازىپتى (يازىپتىم، يازىپتىڭ، يازىپتىڭىز، يازىپتىڭلە)؛
دەپ+تى= دەپتى (دەپتىم، دەپتىڭ، دەپتىڭىز، دەپتىڭلە)؛ ئىش-
لەپ+تى=ئىشلەپتى (ئىشلەپتىم، ئىشلەپتىڭ، ئىشلەپتىڭىز، ئىش-
لەپتىڭلە)؛ كېلەر+كەن= كىلەكەن؛ كىلە+مىش= كىلىمىش؛
كىلىت+كەن=كىلىتكەن (كىيىيكە)؛ قىلىت (قىت)+كەن=
قىلىتكەن (قىتكەن)؛ قىلا+مىش= قىلمىش (قىتمىش)؛ دەي+
مىش=دېيمىش؛ دېيتو+ كەن= دېيتكەن؛ دېمەس+تى= دىمەستى
(دىمەستىم، دىمەستىڭ، دىمەستىڭىز، دىمەستىڭلا، دىمەسكەن، دى-
مەسمىش)؛ كەمەس+تى=كەمەستى (كەمەستىم، كەمەستىڭ، كە-
مەستىڭىز، كەمەستىڭلا، كەمەسكەن، كەمەسمىش، كەمەسكەنسەن،
كەمەسكەنمىز)؛ دىمەت+تىم= دىمىيتتىم (دىمىيتتىڭ، دىمىيتتى-
ڭىز، دىمىيتتىڭلا، دىمىيتكەن، دىمىيتكەنمە، دىمىيتكەنمىز)؛ قى-
ماس+تى= قىماستى (قىماستىڭ، قىماستىم، قىماسكەن، قىماس-
كەنمىز، قىماسمىش)؛ يازماس+تى = يازماستى (يازماستىم، ياز-
ماستىڭ، يازماستىڭلا، يازماسكەن، يازماسمىش)

(8) بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ 2 - شەخستىكى بولۇشلۇق
ھەم بولۇشسىز شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى «-غىن، - قىن، -
گىن، - كىن» قوشۇمچىلىرىدىن باشقا «غۇلۇق، - قۇ-
لۇق، -گۇلۇك، - كۇلۇك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىقمۇ
ياسىلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، تېگىشلىك ئىكەن-
لىكىنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
بار+غۇلۇق= بارغۇلۇق — (ئالدىياش ئىشقا ئۆزى باغۇلۇق)
كەت — كۇلۇك = كەتكۇلۇك — (ماشىنا بومىسا، ماڭىپ بوسىمۇ كەتكۇلۇك)
سات+قۇلۇق= ساتقۇلۇق — (ئەزان بوسىمۇ، نەخ ساتقۇلۇق)
كەي+گۇلۇك= كەيگۇلۇك — (يازدا يىلىڭياق كەيگۇلۇك)
چاپ+قۇلۇق= چاپقۇلۇق — (ئىيىقنى چوقۇ چاپقۇلۇق)
ئۈز+گۇلۇك= ئۈزگۇلۇك — (گۇلنىڭ چايلىغىنى ئۈزگۇلۇك)

تەش+ كۈلۈك= تەشكۈلۈك — (تۆشۈكنى كىچىگىياق تەشكۈلۈك)

(9) ئەدەبىي تىلدا بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ تومۇرىغا ئۇلىنىدىغان (2 - شەخس) «ۋەت، ىۋەت» قوشۇمچىسى گۇما شېۋىسىدە «ۋات، ىۋات» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| گۇما شېۋىسىدە: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|
| ژىتۋات | يىرت + ىۋەت= يىرتىۋەت |
| قويۋات | قوي+ ىۋەت= قويىۋەت |
| ئەتۋات | ئەت + ىۋەت= ئېتىۋەت |
| كەسۋات | كەس+ ىۋەت= كېسىۋەت |
| ياقۋات | ياق+ ىۋەت= يېقىۋەت |
| تاتۋات | تارت+ ىۋەت= تارتىۋەت |
| ساتۋات | سات+ ىۋەت= سېتىۋەت |
| تەپۋات | تەپ+ ىۋەت= تېپىۋەت |
| قىۋات | قىل+ ىۋەت= قىلىۋەت |
| ياپپات | ياپ+ ىۋەت= يېپىۋەت |

مىسال:

ئېرىق سۈيى غول كەسە، ۋاپا قىمىغان يانى،
چوڭ ئۆستەڭگە باشلىۋات. باشىڭدىن ئۆيۈپ تاشلىۋات.

(10) پېئىللارنىڭ مەيل رايىنى (سۇبيېكتنىڭ نىيىتى، ئارزۇسى ۋە خاھىشىنى) بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلاردىن «قاي، غاي، گەي، كەي» لەردىن كېيىن شەخس قوشۇمچىلىرىدىن «ئىدى، ئىدىم، ئىدىڭ» لار ئۇلانغاندا، ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئالدىنقى قوشۇمچىلاردىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» لارغا ئاجىزلاشماي، ئەسلىي پېتىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قالغاي (قاغاي) — قاغايدى، قاغايدىم، قاغايدىڭ، قاغايدۇك

قالمىغاي (قامىغاي) — قامىغايدى، قامىغايدىم، قامىغايدىڭ، قامىغايدۇك

ياتقاي — ياتقايدى، ياتقايدىم، ياتقايدىڭ، ياتقايدۇك

ياتمىغاي — ياتمىغايدى، ياتمىغايدىم، ياتمىغايدىڭ، ياتمىغايدۇك

كەتكەي — كەتكەيدىم، كەتكەيدى، كەتكەيدىڭ، كەتكەيدۇك

كەتمىگەي — كەتمىگەيدى، كەتمىگەيدىم، كەتمىگەيدىڭ، كەتمىگەيدۇق

[ئەسلەتمە] يۇقىرىقىلار ئەدەبىي تىلدا «قالغىيدى، قالمىغىيدى، قالغىيدىم، قالمىغىيدىم، قالغىيدىڭ، قالمىغىيدىڭ» بويىچە تۈرلىنىدۇ.

(11) ھال پېئىللىرىنى ياسىغۇچى «-غىچە، -گىچە، -قىچە، -كىچە» قوشۇمچىلىرى گۇما شېۋىسىدە «-غۇچە، -قۇچە، -گۇچە، -كۇچە» بولۇپ («ئى» تاۋۇشى «ئۇ» تاۋۇشىغا ئالماشقان ھالدا) ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| كەلگۈچە | كەگۈچە |
| بارغۇچە | باغۇچە |
| تاپقۇچە | تاپقۇچە |
| كۈتكۈچە | كۈتكۈچە |
| چىققۇچە | چىققۇچە |
| چۈشكۈچە | چۈشكۈچە |
| ئۆلگۈچە | ئۆلگۈچە |
| ئالغۇچە | ئاغۇچە |
| بەرگۈچە | بەگۈچە |

(12) شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان مەيلىنى ياسايدىغان «-غىسى، -قىسى، -گىسى، -كىسى» دېگەن قوشۇمچىلاردىمۇ گۇما شېۋىسىدە «ئى» نى «ئۇ» غا ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| يازغۇسى | يازغۇسى |
| ئالغۇسى | ئاغۇسى |
| كۆرگۈسى | كۆگۈسى |
| چىققۇسى | چىققۇسى |
| چۈشكۈسى | چۈشكۈسى |
| كەلگۈسى | كەگۈسى |

| | |
|---|---|
| بارغۇسى | باغۇسى |

(13) ئەدەبىي تىلدىكى «ئال، سال، قال، چال، كەل، بول، قىل، تاپ، چۈش» دېگەندەك پېئىل تومۇرىغا «ىپ، ۇپ» قوشۇمچىد-ىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدىغان هال پېئىللىرى گۇما شېۋىسىد-ە تۈپ پېئىلنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىن كېيىنكى بىر تاۋۇشنى ياكى بىر بوغۇمنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، «پ» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىنلا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئال+ىپ= ئېلىپ | ئاپ (ئاپ كەلدىم، ئاپتۇ) |
| سال+ىپ= سېلىپ | ساپ (ساپ بەدىم، ساپتۇ) |
| چال+ىپ=چېلىپ | چاپ(سازنى چاپ بولدى) |
| قال+ىپ= قېلىپ | قاپ (قاپقالدى، قاپتۇ) |
| كەل+ىپ= كېلىپ | كەپ (كەپ قالدى، كەپتۇ) |
| بول+ۇپ= بولۇپ | بولاپ (كېسەل بولاپ قاپتۇ) |
| تول+ۇپ= تولۇپ | تولاپ (ئادەم تولاپ كەتتى) |
| تاپ+ىپ= تېپىپ | تاپ (ئاپكەتكەن نەسىنى تاپپە) |
| چۈش+ۈپ=چۈشۈپ | چۈپ (ئىشتىن چۈپ كەتتۇق) |

(14) ئـاددىي ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ 2 - شەخس سىپايە تۈرىنى ياسايدىغان «-دىلە، دىلا، تىلە، - سىلە، - سىلا» قوشۇمچىلىد-ىرىدا، گۇمـا شېـۋىسـىـدە «دى، تى، سى» بـوغۇمـلىرى قىسقـارتىد-ىلىپ، «-لا، لە، -سا، - سە» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ماڭ+دىلا= ماڭدىلا | ماڭ+لا= ماڭلا |
| كەل+دىلە= كەلدىلە | كەل+لە= كەللە |
| ئال+دىلا= ئالدىلا | ئال+لا= ئاللا |
| سال+دىلا= سالدىلا | سال+لا=ساللا |
| ئات+تىلا= ئاتتىلا | ئات+لا= ئاتلا |
| ئۆنۈت+تىلا= ئۆنۈتتىلا | ئۆنۈت+لا= ئۆنۈتلا |
| قوش+تىلا= قوشتىلا | قوش+لا= قوشلا |
| تاشلا+سىلا= تاشلىسىلا | تاشلا+سا= تاشلىسا |

| | |
|---|---|
| كۇل+ سىلە= كۇلسىلە | كۇل+ سە= كۇلسە |
| تۇر+ سىلا= تۇرسىلا | تۇ+ سا= تۇسا |
| يەت+ سىلە= يەتسىلە | يەت+ سە= يەتسە |
| تاماكاڭنى چەكمەيمەن | بىز سۆيەپ قوياڭ دىسەم، |
| تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا، | ئۇرۇشقىلى تاس قاللا. |

(15) گۇما شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق، ئىلتىماس رايىدا كەلگەن تەكلىپ مەنىسىدىكى بەزى سۆزلەرگە (خۇسۇسەن «ئال، سال، قال، كەل، چال» غا ئوخشاش تۈپ پېئىللارغا) كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ىڭلار، ىڭلەر» ئۇلانغاندا، سۆز تەركىبىدىكى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، سۆز قىسقارتىپ ئېيتىلىدۇ ھەم «ئى» غا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئال+ ىڭلار= ئېلىڭلار | ئاڭلا (ئىككىنى ئاڭلا) |
| سال+ ىڭلار= سېلىڭلار | ساڭلا (قاپقا ساڭلا) |
| قال+ ىڭلار= قېلىڭلار | قاڭلا (سىلە قاپقاڭلا) |
| چال+ ىڭلار= چېلىڭلار | چاڭلا (سازنى ئاستا چاڭلا) |
| كەل+ ىڭلار= كېلىڭلار | كەڭلە (سىلە ئەتە كەڭلە) |

4) سان. سانلارنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئەدەبىي تىلدىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، پەقەت قىسمەن جەھەتتە ئايرىمچە ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

(1) گۇما شېۋىسىدە دەرىجە سانلار، ساناق سانلار كەينىگە «ۇنجى» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ ھەم شۇ ساننىڭ ئاخىرىدىكى لەۋلەشمىگەن تاۋۇشنى لەۋلەشكەن تاۋۇشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بىرىنچى ئاي | بۇرۇنجى ئاي |
| يەتتىنچى ئائىلە | يەتتۇنجى ئائىلە |
| ئون ئىككىنچى ماددا | ئون ئىككۇنجى ماددا |
| بەشىنچى سىنىپ | بەشۇنجى سىنىپ |

(2) گۇما شېۋىسىدىكى كۆپلۈك سانلار، ساناق سانلار ئاخىرىغا

«ۋيله، ۇيله» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسى-
لەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| بەشەيلەن | بەشۋيله |
| ئىككىيلەن | ئىككۇيله |
| ئۈچەيلەن | ئۈچۈيله |
| ئونەيلەن | ئۆنۇيله |

(3) ئۇنىڭدىن باشقا كەسىر سان، ئۇلۇش سان، پىرسەنتلەر جانلىق تىل داۋامىدا ئاددىي جۈملە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | گۇما شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ئوندىن بىر | ئوننىڭ بىرسى |
| يۈزدىن بىر | يۈزدىن بىرسى، ياتۇسى |
| ئىككىدىن بىر (يېرىم) | تەڭياتۇسى، تېگى |

(4) ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەزىبىر قەدىمىي ئاتالغۇلار هازىرمۇ ئىستېمالدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر چارەك (كونىچە 16 جىڭ)، ئىششەك (چارەكنىڭ يېرىمى — 8 جىڭ)، نىمشەك (ئىششەكنىڭ يېرىمى — 4 جىڭ)

قوشۇمچە: گۇما شېۋىسىگە خاس ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆزلەر

① گۇما شېۋىسىدە خەلقنىڭ كۈندىلىك تىل - ئالاقە ئىشلىرى داۋامىدا ئىشلىتىلىدىغان مىقدار سۆزلەرنىڭ تۈرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ گېپى بولۇۋاتقان هەر بىر شەيئىگە قاراپ خىلمۇ خىل نامدا ئاتىلىدۇ. ئاز- كۆپلۈكى شۇ نامنىڭ ئالدىدا كەلگەن سانىغا ئاساسەن پەرق ئېتىلىدۇ. مەسىلەن، چىمدىم، چاڭگال، سىقىم، ئۇچ، قولتۇق، قۇچاق، يۇدە، باغ، ئېتەك، يانچۇق، خالتا، تاغار، دۆۋە، باش، باغ، ئۇلاغ، تېمىتىم، قوشۇق، قاچا، چۆمۈچ، قازان، چېلەك، قاپاق، چۆگۈن، چەينەك، قۇتا، پىيالە، شېشە، تەخسە، لېگەن، تاسقام...

② ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ئىلىك، غېرىچ، گاز، غۇلاچ، قەدەم، چامدام، كۆز يېتىم، ئۈن يېتىم، پوتەي،

چاقىرىم، كۇنلۇك، ئايلىق...
③ ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: چاي قايىنىمى، ئاش پىشىم، ئاشۋاقتى، قاقپو، كۇن قىزىلى، تاڭ يورۇقى، كۇن (ئاي) ئارغامچا بويى، نەيزە بويى چۇش، زو ۋاقتى، ئەزان ۋاقتى، ناماز ۋاقتى، پېشىن، نامازدىگەر، شام، خۇپتەن ...
④ ئېغىرلىق ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: فۇڭ، مىسقال، سەر، جىڭ، نىمشەك، ئىششەك، چارەك، پاتمان...

## گۇما شېۋىسىنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

گۇما شېۋىسىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىئالېكت - شېۋىلەردىن فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىلا مەلۇم پەرقلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالماستىن، بەلكى سېمانتىكا جەھەتتىنمۇ ئۆز شېۋىسىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان. بۇ ئالاھىدىلىك گۇما شېۋىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى، شۇنداقلا، ئاشۇ شېۋە سۆزلىرىدىكى مەنىداش، شەكىلداش ۋە قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر؛ ماقال - تەمسىل، ئىدىئوم قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرگەنلىك تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

1) مەنىداش سۆزلەر. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. گۇما شېۋىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر تەركىبىدىمۇ ئەنە شۇنداق مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن تۇرىدىغان سۆزلەردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، «سىلىي - سايىتىن، ئاۋۇي - ئاۋىيا - ئاۋۇتتىن، مۇشتۇرقى» دېگەن سۆزلەر مەنە جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، «ھېلى، بايا» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. «مىش، پاتىش، پىلتاش، دۆۋە، لىپ، چوخچا» دېگەن سۆزلەر «لىپمۇلىق» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. «ئېغىزمان، دۇمبە» دېگەن سۆزلەر «ئۇچا» — بەدەننىڭ ئارقىسىنى بىلدۈردۇ. «كاللىماشاڭ، غول، ... پاتمان» دېگەن سۆزلەر «كۆپ، نۇرغۇن» مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. «غارا، ياپا، يەكسۇن، ھۆددەس، ئادا»

دېگەن سۆزلەر «پۇتۇنلەي، پەقەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «جوپپاڭ، جوجاي» دېگەن سۆزلەر «مۇز نوكچىسى» نى كۆرسىتىدۇ. «شاپ، پات، تاق» سۆزلىرى «تېز، چاپسان» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. «پوسما، ئولپاق» دېگەن سۆزلەر بوۋاقلارنىڭ پاختىلىق باش كىيىمىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەڭلىياغ، ئىگىن - ئاياغ» دېگەن سۆزلەر «كىيىم - كېچەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

2) شەكىلداش سۆزلەر. ئەدەبىي تىلدا يېزىلىشى ئوخشاش ياكى ئاتاش جەھەتتىكى شەكلى ئوخشاش، ئەمما، ئاڭلىتىدىغان مەنىسى باشقا - باشقا بولغان سۆزلەر گۇما شېۋىسى تەركىبىدىكى سۆزلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «چېلەك» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆز گۇما شېۋىسىدە «+» (كرېست) شەكلىنى، پادىچىلار مال باققاچ يۇڭدىن يىپ ئېگىرىدىغان پىرقىرىما ئېگىرىش ئەسۋابىنى، ئۈچ تال ياغاچنى «△» (ئۈچ بۇلۇڭ) شەكلىدە چېتىپ، ئۈچ بۇلۇڭدىن يىپ باغلاپ، تورۇسقا ئېسىپ، ئۈستىگە نەرسە - كېرەك (تاماق، گۆش، قېتىق) لەرنى ئېلىپ قويىدىغان «ئاسقۇ» نى بىلدۈرىدۇ. مىسال:

— بۇ يىپنى چاقىدا ئىگىرگەنمۇ، يا چېلەكتىمۇ؟

— قاچىدىكى قېتىقنى نەگە قويداڭ؟

— چېلەككە ئاپ قويدام.

«بىلەك» دېگەن سۆز «باشقا، «قايتا»، «ئايرىم» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مىسال:

ئوتاننى بىلەك يەدە، شاخنى بىلەك يەدە قويدام.

سېنىڭ ئوناڭغا (ئورنىڭغا) بىلەك ئىدەم كەسۇن.

«ئاۋۇي» دېگەن سۆز «نام - ئابرۇي» نى ۋە «تۇزۇت قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مىسال:

ئاۋۇي قىماي جىق - جىق يەڭ.

ئىززەت - ئاۋۇيىمىزنى ساقلايلى.

«ئەن» سۆزى «كەڭلىك»، «تېز»، «راۋان» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مىسال:

سودام ئەن كەتسۇنما؟؛ بۇ رەختنىڭ ئىنى بىز مېتىردىن ئاشىدۇ؛ بۇ ئۆستەڭنىڭ سۇيى ساپ ئەن ئاقىتىكەن؛ بىزنىڭ مالدىكى

قويلارنىڭ قولىقىغا ئەن ساغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە «سىيرىما» دېگەن سۆز جوزا ـ ئۇستەللەرنىڭ تارتمىسى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سىيرتمىسى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

«باقماق» — مال ياكى بالا باقماقنى؛ ئاختۇرماقنى بىلدۈرىدۇ.

«شىنە» — شىرنە ـ مېۋە سۆيىنى؛ پانا مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

3) قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر. گۇما شېۋىسىدە مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە تۈپتىن زىت بولغان سۆزلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

«ئۇشىشا ـ گالدۇڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقىسى زېھنى ئۆتكۈر ـ هوشيارلىقنى؛ كېيىنكىسى «دۆت» لۈكنى؛ «دۆڭ ـ چۇقۇ» سۆزى «تېرەن ـ چوڭقۇر» لۇقنى؛ «ژىتتىڭ ـ گال» سۆزى تىغلىق سايمانلارنىڭ «ئىتتىك ـ گال» لىقىنى؛ «سىپتا ـ غاشا» سۆزى «نېپىز، ساددا ۋە يىرىك ـ قوپال» لىقنى؛ «ئىيان ـ بىيان» بولسا «ئۇيان ـ بۇيان» نى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، گۇما شېۋىسىگە خاس بولغان ماقال ـ تەمسىل، ئىدىئوم ۋە باشقا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر تېخى ئەدەبىي تىلغا كىرمىگەن ياكى باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەردە بولمىغان بىرىكمىلەر بولۇپ، گۇمىنىڭ يەرلىك تىل شېۋىسىدە دائىم ئىستېمال قىلىنىدۇ. تۆۋەندىكىلەر بۇ سۆزلەرنىڭ لۇغىتى ۋە مىساللىرىدۇر:

ئىدىئوملارنىڭ مەنىسى ۋە مىساللار: ئادەم سەرلىمەك — بىراۋنىڭ مىجەزى ياكى پوزىتسىيىسىنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقىنى سىناپ باقماق (سەلبىي جەھەتتە). مەسىلەن، سەن ئىدەم سەلىمە جۇما!؟

ئاردىكى ئېشەكنىڭ ئۆلۈكى سايدا: ئېنىق مەسئۇلىيىتى بولمىغان ئىشنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى، نەتىجىسى چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاتلىمچۇق ئوينىماق: (1) ئۆز ئارا ئېزدىشىپ چىققان ئىككى كىشىنىڭ يولدا ئۆتۈشۈپ كېتىپ تېپىشالمىغانلىقى؛ (2) بىرەر ئىش

ئۈستىدە بىراۋنىڭ تاققا - تۇققا سۆزلەپ گەپ يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يولدا دىققەت قىلىپ ماڭ، ئاكاڭ بىلەن ئاتلىمچۇق ئويناپ يۈرمەڭلار، يەنە؛ ئاتلىمچۇق ئوينىماي، گەپنى بىڭ باشتىن دېمەمسەن؟

ئالدىرىساڭ ماڭا باق: بىراۋ بىر ئىشقا ئالدىراپ تۇرغاندا، باشقا بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئالدىرىساڭ ماڭا باق دېگەندەك ئاتىز ئىشىنى تۈگىتەلمەي قالسام، نېمانچە تولا مەيلىس بۇ؟

ئاياقتىكى ئاشتەك: نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، باشقىچە يول تۇتۇپ، كېيىن نەسىھەتتە دېيىلگەن ئاقىۋەتنىڭ ئەينەن ئالدىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، باشتا، دادامنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىماپتىمەن. مانا ئەمدى، ھەممىسى ئاياقتىكى ئاشتەك ئالدىمغا كەلدى.

ئاغزى باققالنىڭ يانچۇقىدەك قالماق: بۇ بىراۋنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزىنى يۇمالماي قالغانلىقىنى ھەجۋىي قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قاراڭلار، ئاۋۇنىڭ ئاغزى باققالنىڭ يانچۇقىدەك قالدى.

ئاسما قوزۇقتا قالماق: بىر ئىشنىڭ يا ئۇيانلىق، يا بۇيانلىق بولماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مەمتاخۇن، ئىشىڭلار قانداق بولاپ كەتتى؟

— ھەي... يانا ئاسما قوزۇقتا قالدى.

ئالدى پەشلىك قىلماق: گەپ - سۆز ۋە بەزى ئىشلاردا يېنىكلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئالدى پەشلىك قىلماي جىم تۇرساڭچۇ.

ئانىسىنىڭ بىجىقىنى كېسىدىغان: بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ھارامزادە، يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان كەپسىز باللارنى سۈرەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەمەت دېگەن ئانىسىنىڭ بىجىقىنى كېسىدىغان نېمە بولاپتۇ.

ئارغامچىغا ئۇن باسماق: بۇ بىراۋنىڭ قۇرۇق ھېساب بىلەن ئىشنى تۈگىتىپ، ئەجرىنى بەرىمگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، بۇ قېتىم ئارغامچىغا ئۇن باسىپ بېرىپ، بىڭمۇنچە ئىش ھەققىنى

ئاپ قاپتىيا؟

ئارغامچىنىڭ پۇلى تۇرۇقلۇق، كۆلىنىڭ پۇلىنى تۇتماق: بۇ، بىراۋغا بېرىدىغان خېلى كۆپ قەرزى تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئازراق بىر نەرسىسىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئاغامچىنىڭ پۇلى تۇرۇپ كۆلىنىڭ پۇلىنى تۇتقاندەك، گەدىنىڭدە ئىككى مىڭ كويام تۇسا، بىر چىچقاق باقاڭنىڭ پۇلىنى دەمسەن؟

ئاقسا دۆڭنى ئالغاندەك: بۇ پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشماي، تەۋەككۇلچىلىك قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئال دېسە، ئۆز يولىدا ئالماي، ئاقسا دۆڭنى ئالغاندەك ئالساڭ، بىزگە قانچىلىك پايدىسى چىقىدۇ؟

ئازمىدىن سۇ چۈشكەندەك: بۇ ئاغزى ئىتتىك، توختىماي سۆزلەيدىغان، جاۋىلداق ئادەملەرنى سۈرەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ياپىرىم، بۇ بالا كىچىك بولغىنى بىلەن ئازمىدىن سۇ چۈشكەندەك سۆزلەيدىكىنا؟

ئالدىرىغان خوتۇن ئېرىگە سالام قىلار: ئالدىراپ - تېنەپ ئىش قىلىپ كۈلكىگە قېلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئالدىرىغان خوتۇن ئېرىغا سالام قىلغاندەك، نېمە قىلىپ يۈرگىنىڭ بۇ؟

ئەل كىرگەن كېچىككە كىرمەك: بۇ كۆپچىلىك بىلەن بىر پەكىردە بولۇشنى، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەل كىرگەن كېچىككە كىرمىسەڭ، زىيان تاتىسەن، بالام.

ئەسكىنى ياراتماي، ئوبدىنىنى تاپالماي، داغدا قالغان باراتۋاي: بۇ بىر نەرسىنى ياراتماي، پۇرسىتى كېتىپ قالغاندا پۇشايماندا قالغانلارنى مەسخىرە قىلىشتا قوللىنىلىدۇ.

ئەمچەكنى تاپالماي، قورساقتا ئۇسىمەك: بۇ، ھەقىقىي جاۋابكارنى ياكى مەسىلىنىڭ ئىگىسىنى تۇتماي، مۇناسىۋەتسىز كىشىگە ئېسىلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇرنىدا پىننە سورىماق: دىمىغىنى قاقماق (ياراتمىغانلىق).

بېشىدىن زىغىر قۇيسا، ئايىغىغا چۈشمەيدىغان: بۇ تولىمۇ نامرات، كىيىم - كېچەكى ناھايىتى يىرتىق كىشىلەرنى سۈرەتلەيدىغان سۆز بولۇپ، كىيىمىنىڭ يىرتىقلىقىدىن، بېشىدىن زىغىر قۇيسا ھەم-

ـمىسى يىرتىقلار ئارىسىدا قېلىپ، يەرگە چۈشمەيدۇ دېگەنلىكنى بىلدۈ-
رىدۇ.
بىر قولىنى ئۇن قىلماق: بىر ئىشنى تېز ھەم چاققان قىلىشنى
كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىشنىڭ تولىلىقىدىن بىڭ قولامنى ئۇن قىـ-
لىپ ئىشلەۋاتىمە. بىڭ قولامنى ئۇن قىلالماي تۇرسام، يەنە قىچقىرىپ
كەپتۇ.
بىر تال قوۋۇرغىسى ئارتۇق: ھاكاۋۇر، ئۆكتەم كىشىلەرنىڭ
سۈپىتى.
بازار نەرقى: ئىش قىلغاندا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، قولـ-
نىڭ ئۇچىدا ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىـ-
لەن، نېمانچە ژىنجىگلەپ كېتىسەن؟ بازا نەرقى ئىشلەۋە؛ بازا نەرقى
ئىش قىلساق بولمايدۇ.
بېشىمدىن (بېشىڭدىن) ئۆنۈپ چىقمىغان: بۇ، كەچكىلى بولـ-
مايدىغان نەرسە ئەمەس، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، شۇنچە قىـ-
لىپ كەتمىسەڭمۇ، بىڭ تال ئالما باشىڭدىن ئۆنۈپ چىققانمۇ؟ بۇنچە
قىلمىسامىمۇ، باشىمدىن ئۆنۈپ چىققان نەرسە ئىمەس - بۇ.
بىر نوگاي تۈز بولۇپ تېتىماق: بۇ ئەلگە تىنچلىق بەرمەيدىغان،
جېدەلخور كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەيدىغان سۆز. مەسىلەن،
بۇ كوچىغا بىڭ نوگاي تۈز بولۇپ تېتىمىسام...
بىر تۆشۈكنى تۆت كۆرسەتمەك: بۇ، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىـ-
لىقتا ئۇچىغا چىققان ئادەملەرنىڭ قۇۋلۇقىنى سۈرەتلەيدۇ.
بۇرنىنى پوردا تەشمەك: بۇ، بىراۋنىڭ بىراۋنى ئاسانلا ئالداپ
كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
بەرمىسە كۆڭلى ئاغرىيدۇ، بەرسە ئۆزى (ئاغرىيدۇ): بۇ، تەڭـ-
قىسلىقتا قېلىشنى، يەنە بىراۋ بىر نەرسە سورىسا، بەرمىسە ئۇنىڭ
كۆڭلى ئاغرىيدىغانلىقىنى، بەرسە، ئۆزىگە زىيان بولىدىغانلىقىنى بىلـ-
دۈرىدۇ.
يېپىكىنى قىرلىماق: ھە دېسىلا ئۇرۇش - جېدەلگە تەييار تۇر-
ماق، ھۇرپىيىپ كەلمەك.
پىل ئوسۇردى: ئۆزىنى چوڭ چاغلىغان بىراۋنىڭ (مەسىلەن،

داڭلىق چىلىشچىنىڭ) ئادەتتىكى بىر ئادەمگە يىڭىلىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پېرىجىسى ئۈشىنىسىگە چىقماق: ماختاپ قويسا كۆرەڭلىمەك.

پېرىجە پىچماق: بىلەرمەنلىك قىلماق، ئۆزىنى بىلمەي ئالدىدا شاپاشلىماق.

توكۇرغا ئۇسسۇلنىڭ نىمە ئىشى، پۇچۇققا ناسۋالنىڭ (نىمە ئىشى): بىرەر ئىشنى قىلىش ئىقتىدارى يوق كىشىلەرنىڭ بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ قىلالماي كۈلكىگە قېلىشى، ئىقتىدارى يوق ئىشقا زورۇققانلىق.

تاپىنىدا قۇرت ئۈمىلەيدىغان: لۆم - لۆم، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان؛ ھېچكىمگە ئازار بەرمەيدىغان، ياۋاش.

تاراقلىغۇچى بولماق: باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزى، ئىشلىرىنى ئورۇنسىز مەسخىرە قىلىدىغان سۆز.

تازنى ئاپتاپتا قىستىماق: بىر ئىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، ئىلاجىسىز بىر كىشىنى شۇ ئىشقا مەجبۇرلاش.

تارتسا بىر غۇلاچ، قويۇپ بەرسە بىر غېرىچ بولۇۋالماق: بىر ئىشتا چىڭ تۇتسا جىنىنىڭ بىرىچە يورغىلاش، ھەيدەكچىلىك قىلمىسا جىم تۇرۇۋېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

تۇز يەپ تۇزلۇققا، نان يەپ ساندۇققا چىچماق: ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش.

تۇكىنى تارتماق: چېكىپ كۆرمەك، سىناپ باقماق (سەلبىي جەھەتتە).

چومچاققا ئۇسمەك: چاتاققا يولۇقماق، ئويلىمىغان يەردىن ئىش تېرىپ قويماق.

چىشىنى - چىشىغا قويماق: ئاخىرىغىچە سەۋر - تاقەت قىلىپ بەرداشلىق بەرمەك.

چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك: تەلەتىنى سەت قىلىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراش؛ ھودۇقۇپ ھاڭ - تاڭ قېلىش.

چاپىنىنىڭ چىۋىقىغا كەلمەسلىك: بىرەر يامان تەرىپىنى ئەيىبلىسىمۇ ئۆزىگە (پىسەنتىگە) ئالماي، بەخىرامان يۈرۈش.

چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيتۇ: بۇ يۈز بېرىپ بولغان ئوڭۇشسىزلىق ياكى زىياننىڭ ئورنىغا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

چۈجە باققان توخۇنىڭ مەيدىسىنىڭ تۈكى يوق: بۇ، بالا - چاقىسىنى دەپ ئۆزى ئاچ - يالىڭاچ قالغان ئاتا - ئانىلارنى سۈرەتلەيدىغان سۆز.

خامباپنىڭ قوڭىدا ئىشتان يوق: بۇ، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا ئىشلىتىشكە تېپىلمىغانلىقىنى (ئۆزىدە يوقلۇقىنى) بىلدۈرىدۇ.

دۇكانغا تارتماق: ئەدىپىنى بېرىپ قويماق.

داردىن قاچقان ياردىن ئۇچقان: كىشىلەر نەزەرىدىن چۈشكەن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، شالاڭپىتىلگەن.

دىمىغىدا پوقى بار: جازىسى ئۈستۈن، ھاكاۋۇر، باشقىلارنى ياراتمايدىغان.

دۆڭ، كىچىك ئىزدىمەك: ئىشىنىڭ ئاسىنىنى ئىزدىمەك.

دۇمبىسىدە زىغىرتماق: بىراۋنى تازا دۇمبالاش، بولۇشىغا ئۇرغانلىقنى (ئەدەپلەپ قويغانلىقىنى) بىلدۈرىدۇ.

زاكىسىدا قوماچ يەپ قالغان: ئۆزى كىچىك، ئەمما يېشىغا باقماي چېچەن، ھوشيار باللارغا مەسلىكى كېلىش.

زەمبىلگە كىرمەك: ئۇششۇقلۇق قىلىپ يېتىۋالماق.

زوڭ ئولتۇرۇپ قالماق: بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولۇپ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالماق.

زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالماق: بىرەر ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىغا سەۋەب كۆرسىتەلمەي، مات بولۇپ قالماق، يېڭىلىپ قالماق.

زاڭدىن سۆڭەك چىققاندەك: ئويلىمىغان يەردىن كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان چاتاق كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سەرلەپ يەپ، مىسقاللاپ چىچماق: بۇ، تولىمۇ پىخسىق ئادەملەرنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ ئېيتىلىدىغان سۆز.

سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي، تاز دېگۈچە بەز (دەۋالاي): بۇ، گۇناھ (مەسئۇلىيەت) ئۆزىدە تۇرۇپ، باشقىلار ئۈستۈرىغا قوياي دېگۈچە، ئىشنى شۇ كىشىگە دۆڭگەپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

سەندە بار ئاق ئىشەك مەندە يوقمۇ؟: بۇ، سەندە بار نەرسە مەندە يوقمىكەن دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

سەگبالانىڭ قانجىقىدەك سەكىلدەپ... : بۇ، بىر يەردە تۇرالمايدىغان، ھېلى ئۇ يەردە بولسا، بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر يەردە يۈرىدىغان ئالىقاناتلارنى سۈرەتلەيدىغان سۆز.

سالىشىۋالماق: كەينىگە كىرىۋالماق، ئەگىشىۋالماق.

ساۋاپنىڭ قوڭغا ئۇي مۈڭگۈزى (تەڭلىمەك): بۇ، ياخشىلىققا يامانلىق قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

سۆگەتتىن ئامۇت تەمە قىلماق: بىراۋدىن يوق نەرسىنى تەمە قىلماق، بىراۋدىن يوق بولغان ئىقتىدارنى تەلەپ قىلماق.

سىكىنىڭ قوڭىغا ئۇشكە قويماق: ئەھمىيىتى يوق كىچىك ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالماق.

شىپاڭ يوغان بىز نان يوق، سەللە يوغان ئىمان يوق: نام - ئاتىقىغا يارىشا بىلىمى (ساپاسى) يوق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

شەيتىنى پۈۋدىمەك: بۇ، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، خۇدىنى يوقىتىپ يامان ئىشقا تەۋەككۈل قىلماقنى، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك (كۆزىنى يۇمماق): بۇ ھەق - ناھەقنى بىلىپ تۇرسىمۇ ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىقنى، قولاق يوپۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

قاپىقىنى ئۇشۇرماق: باشقىلارغا كۆز ئالايتماق، چوڭلارغا بويۇنتاۋلىق قىلماق، ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرماق.

قاپىقى ئۇششۇق: ئۆكتەم، ئۇرۇشقاق.

قورسىقىغا كىرىپ چىقماق: بىراۋنىڭ ئىچىدىكى سىرنى قىياس قىلماق، ئالدىن پەملىمەك.

قالىسا با، ھومايسا يوق: بۇ بىر نەرسىنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى، يەنى بىرەر ئىشنى ئانچىكى كۈچ بىلەنمۇ قىلىپ كېتىدىغانلىقنى، بىراۋنىڭ بىراۋغا شەرتسىز تەڭ كېلىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

قورسىقىدا يانچۇقى بار: بۇ تىلى بىلەن دىلى باشقا، سۇيىقەستچى كىشىلەرنىڭ سۈرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

قارابىس: قارا نىيەت، يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدىغان خەتەرلىك ئادەم دېگەن مەنىدە.

قاپاق نوچى: قىش كۈنلىرىمۇ يالاڭ كىيىم بىلەن ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان، ئەمما، تىترىكى بېسىلمايدىغان ئادەملەرنى ھەجۋىي قىلىپ ئېيتىلغان سۆز.

قان ئىچكەن ئىتتەك: تەلەتى يامان، يامان نىيەت بىلەن ئالىيىپ يۈرگەن كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

قىغدەك ياتماق: بىرەر نەرسىنىڭ ھەددى - ھېسابىسىز كۆپ بولۇپ، بۇزۇلۇپ، چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قانتىغا قان تۈكۈرمەيدىغان: ئۆزىنى «مەن» دەپ يۈرىدىغان.

قوڭىدىن قان كەتمەك: بۇ چىدىماس ھەسەتخورلارنىڭ باشقىلارغا ھەسەت قىلغان ھالىتىنى سۈرەتلەيدىغان سۆز.

قوڭغا قالاپ كىشتاپ ئاچماق: يوق يەردىن گەپ قىلىپ ئىغۋا توقۇماق.

كىژمىگەن گورى قالمىدى: بىراۋنىڭ تۇرمۇش جەريانىدا تارتمىغان قىيىنچىلىقىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كالا قورساق: تاماقنىڭ ياخشى-يامىنىنى تاللىماي، ئالدىغا كەلگەننى يەۋېرىدىغان، تويماس.

كالا گۆشىدەك تۇرماق: بۇ، گەپ كار قىلمايدىغان، ياخشى گەپ ئالدىدىمۇ، يامان گەپ ئالدىدىمۇ گۆشىيىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈرىتى.

كىگىز - بورىنى سۆرىمەك: بۇ، ئۆز ئارا چېتىشلىقى بولغان ئىشتىن بىرنى تۇتسا، ئۇنىڭ يەنە بىرىنى سۆرەپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كەپتەرخانىغا مۈشۈك كىرگەندەك: بۇ بىرەر سورۇننىڭ مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆككەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كوزا سۇنامدۇ - قاپاقمۇ؟: ئىشلارنى ئالدىن كۆرگىلى بولمايدى-

غانلىقىنى؛ ئۆلۈم - يېتىم ياشقا كېلىشى ياكى قېرىغا كېلىشى نامەلۇملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كوشۇكقا سۇ ئۇسىماق: نەتىجىسىز ئىش قىلماق، قۇرۇق گەپ بىلەن ئىشنى تۈگەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

گەدىنىنىڭ پاتىڭىنى چىقارماق: ئىلاجىسىز ھالدا ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ كۆچىنىپ ئىشلىمەك.

لاتا قىسماقتا چۈشمەك: ئوچۇقتىن - ئوچۇق زىيانغا يولۇقماق، ئالدام خالتىغا چۈشمەك.

ماقۇلغا ھۆججەت يوق: بۇ، ۋەدىسى يالغان، ئېغىزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولمىغان كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

ماڭمىغان يەردە ئىزى، چىچمىغان يەردە پوقى بولماق: بۇ بىراۋغا ناھەق قارا چاپلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ماڭقىسى ماش قۇرۇلماق: بۇ، بىر ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئارام ئالغۇدەك ۋاقىتقا ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك: بۇ ياۋاشلىقتىن تېنەپ - تەمتىرەپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

نان قېتىققا، قېتىق نانغا ئۆلگۈرەلمەسلىك: بۇ تۇرمۇشتا بىرنى تاپسا بىرنى تاپالمىغانلىقىنى؛ ئىككىنچى بىر لازىملىقنى تېپىپ بولغىچە ئالدىدا بارىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

«ھەششىرە» دېسە ئىشتانغا چىقارماق: ماختاپ قويسا، كۆرەڭلەپ ئۆزىنى بىلمەي قالماق، ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويسا، يامان ئىشقا ئۆزىنى ئۇرماق.

ھالۋىنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ: بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتسە لەززەت، ئېتىبارى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوسۇرۇقى ئەنجانغا ئىشتىلمەك: بۇ بىرەر ئىشنى قىلىمەن دەپ ئەپلەشتۈرەلمەي، ئوسال بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئورۇق ئېشەككە يوغان تاغار ئارتماق: بىراۋنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدا- رىغا، كۈچ - مادارىغا باقماي، ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەپ قويۇشنى كۆرسىد- تىدۇ.

ئوسمىسىغا قاندۇرماق: بىراۋنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىگە ماقۇل بو- لۇپ، كېيىن ئۆزىنى پۇشايمانغا قويماق ياكى ئورۇنسىزلىقىنى بىلدۈ- رۈپ قويماق.

ئوسمىسى ئىچمەسلىك: بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ قاملاشتۇرال- ماسلىق.

ئوچۇق قىسماقنى چوقۇماق: بىلىپ تۇرۇپ، ئىلاجىسىزلىقتىن زىيانغا ئۆزىنى ئۇرماق.

ئۇز بولىمەن دەپ دۇز بولۇپتۇ: ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ، ياخشىلىق بەدىلىگە يامانلىق كۆرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك، تۇۋىدە كەلسە ئىششەك: بۇ نېمە بولسا بولار دەپ قارامىلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان تەۋەككۇلچىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلۈكى قاۋان: ئۇششۇق، كۆكەرمە كىشىلەرنىڭ خىسلىتىنى مەسخىرە قىلىدىغان سۆز.

ئۆلگەن موزاينىڭ بوينى يوق: بولۇپ بولغان زىياننىڭ ئورنىغا كەلمەيدىغانلىقىنى، سەۋر قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆتمەس ماتا: ئەھمىيىتى يوق، كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە ئىلىنماي- دىغان ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلەر.

ئۇزۇمنى يە، سېپىنى سورىما: بۇ، بىرەر نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىنى (نەدىن كەلگىنىنى) سۈرۈشتۈرمەي، نەپ ئېلىۋەر دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئۇششۇك تەگكەن ھېرىدەك (ھەرىدەك): يوقىلىش ئالدىدا تۇر- غان دۇشمەننىڭ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يامانلىق قىلىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

ئىتنىڭ بېشىغا «توك» سالسا ... چىچىدۇ: بۇ بىر نەرسىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، نەگە بارسا دەرھال تېپىلىدىغانلىقىنى قوپاللاش-

تۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز. مەسىلەن، بۇگۇنكى كۇندە ئىتنىڭ بېشىغا «توك» سالسا، يالغان مال چىچىدىغان بولۇپ كەتتى، دېگەندەك.

ئىشىت ئۆگزىگە چىقسىمۇ، ئىگىسىدىن چوڭ ئىمەس: چاكار ھەر قانچە بولۇپ كەتسىمۇ، خوجايىنىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ؛ پەرۋىش قىلىنغۇچى ھەر قانچە مەرتىۋىلىك بولۇپ كەتسىمۇ، ئىلگىرى بېشىنى سىلىغان كىشىدىن يۇقىرى بولالمايدۇ.

ئىزى ئۆچۈپ كەتمەك: نام - نىشانى، تۆھپە - ئاتىقى يوقىلىپ كەتمەك.

ئىككى نان تاپسا، بىردە داپ چالماق: بۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى رەتلىك باشقۇرالماي، بەتخەجلىك بىلەن بۇزۇپ - چاچىدىغان كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىزا قاپى: يۈزى قېلىن، لەتخور.

ئاغزى بىلەن كۆتىنىڭ پەرقى يوق: تۇتۇرۇقسىز، گېپىدىن يېنىۋالىدىغان، گېپىگە ئىگە بولالمايدىغان.

ئېغىلدىكى توپاق ئۇي بولماپتۇ: بۇ، يېنىدىكى ئادەم ۋە نەرسىنى ياراتماي، رولىنى جارى قىلدۇرماسلىقنى تەنقىد قىلىدۇ.

ئاشىمدا يوق پۇرچاق پوقۇمدا نېمىش قىلسۇن؟ : بىر كىشىگە ئالاقىسى يوق بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ.

ياغلىما چۆپ: ئېغىزى يۇمشاق، ھىيلىگەر، ئالداپ - سىلاشقا ماھىر.

يۇزلىمە تەلپەك: يۈزى توك، يۈزسىز، ئىككى يۇزلىمە.

يەلپەغەز: ماختانچاق، گېپى چوڭ، ئەمەلىيىتى يوق.

يىپ ئەشمەك: خۇشامەتگۇيلۇق قىلماق، بىراۋنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولماق.

يونىمغان توغراقتەك: كېلەڭسىز، يوغان.

يەتتە يەردىن بوغۇزلىماق: تۆگە ئۆلتۇرگەندە قېنى ئېقىپ بولالمايدۇ، دەپ كۆپ يەردىن بوغۇزلايمىش، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەمگە نەرەپ - تەرەپتىن بىر تالاي ۋەزىپىنى ئارتىش.

يوناغ - يوناغقا كەلمەسلىك: پىلان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەس-لىك، بىرەر ئىشنىڭ ئويلىغاندەك بولۇپ چىقماسلىقى.

ژۇرىكى ئات كالىلىسىدەك: قارام، قورقمايدىغان، جەسۇر، پال-ۋان كىشىلەرنىڭ سۈپىتى.

نىياقتىكى دا موللام، ياندىكى با موللام: بۇ ئۆز كىشىلىرىنىڭ قەدرىنى بىلمەي، قىلغان ئىشىنى ياراتماي، باشقىلارنىڭكىنى ئۇستۈن چاغلايدىغان خاھىشنى كۆرسىتىدۇ.

يالغۇز دەرەخكە جىن ئولاشقاندەك: بۇ، بىر كىشىگە نۇرغۇن ئادەمنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.



**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田.卷2.中,和田方言/阿布都拉苏莱满编著.—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2006.4

ISBN 7—5631—2040—8

Ⅰ.天…　Ⅱ.阿…　Ⅲ.①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言)②维吾尔族((中国少数民族语言)—方言—概况—和田地区　Ⅳ.① K924.52　② H215.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第033421号

责任编辑:**阿不里米提·卡德尔**

责任校对:**克尤木·吐尔逊**

封面设计:**艾克拜尔·萨里**

**天下只有一个和田**

**——和田方言**

**阿布都拉·苏莱满**　编著

---

新疆大学出版社出版

(乌鲁木齐市胜利路14号　邮编:830046)

新华书店经销

乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷

开本:880×1230毫米　1/32　13印张　插页2

2006年4月第1版　2006年5月第1次印刷

印数:0001—3050册

---

ISBN 7—5631—2040—8

定价:27.30 元